ئەركىن سىدىق يازمىلىرى (7- قىسىم)

# تۇرمۇشنىڭ مۇھىم ساۋاتلىرى ۋە ساۋاقلىرى

# ئەركىن سىدىق يازمىلىرى

## (7 ـ قىسىم)

## تۇرمۇشنىڭ مۇھىم ساۋاتلىرى ۋە ساۋاقلىرى

# ئەركىن سىدىق يازمىلىرى 7 ـ قىسىم

# تۇرمۇشنىڭ مۇھىم ساۋاتلىرى ۋە ساۋاقلىرى

يازغۇچى: ئەركىن سىدىق ( ئامېرىكا )
ئېلخەت: erkinsidiq@gmail.com

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابدۇلئەزىز بەشتوغراق
مەسئۇل كوررېكتورى ۋە بەت لاھىيەلىگۈچى: پىداكار
مۇقاۋىسىنى لاھىيەلىگۈچى: MottoProject
ئالاقىلاشقۇچى : ئابدۇلئەزىز بەشتوغراق
(whatsapp 05378112235)
تەدبىر شىركىتى www.tedbirltd.com

نەشرىيات: تەدبىر نەشرىياتى
تەدبىر تاشقى سودا مەسلىھەتچىلىك تەرجىمانلىق
مائارىپ خىزمەتلىرى ۋە ساياھەتچىلىك چەكلىك ھەسسىدارلىق شىركىتى
**Tedbir Dış Ticaret Danışmanlık Tercüme**
**Eğitim Hizmetleri ve Turizm Limited Şirketi**

نەشرىياتچىلىق رۇخسەت نومۇرى: **Yayıncı Sertifika No: 34532**

Yenidoğan Mahallesi, Numunebağı Caddesi
Fatih İş Merkezi, 74/84, Kat5, Bayrampaşa, İstanbul
Tel/Fax: +90 212 347 5039 GSM: +90 537 811 2235
www.tedbirltd.com Email: tedbirltd@gmail.com

مەتبەئە ۋە تۈپلىگۈچى:
خان باسمىچىلىق نەشرىيات مەتبەئە سانائەت ۋە تىجارەت ھەسسىدارلىق شىركىتى
Han Basım Yayın Matbaacılık San. Ve Tic. A.Ş
Atatürk Caddes No: 42 Küçükçekmece/İstanbul

**ISBN: 978 ـ 605 ـ 82940 ـ 2 ـ 8**
تۇنجى نەشرى: 2017 ـ يىلى فېۋرال
تۇنجى باسما 1000 تال
* ئەسەرنىڭ بارلىق ھەق ـ ھوقۇقى يازغۇچىغا ئائىتتۇر.
ئاپتورنىڭ رۇخسىتىسىز كۆچۈرۈپ تارقىتىشقا بولمايدۇ.
مەنبە ئەسكەرتىلگەن ھالدا پايدىلىنىشقا بولىدۇ.



ئاپتور: دوكتور ئەركىن سىدىق

# بېغىشلىما

مەن بۇ كىتابنى تۇخان ئاپپاي، مەمەت سىدىق، ئەھەت ئامان ۋە ھامۇد مەخسۇد مۇئەللىم، ھەمدە رەھمەتلىك رەخمان ۋايىت ئاكا قاتارلىق ئاقسۇدىكى پېشقەدەم مائارىپچى ئۇستازلارغا بېغىشلايمەن.

ئەركىن سىدىق

ئامېرىكا كالىفورنىيە شىتاتى لوس ئانژېلىس شەھىرى

2017-يىلى 25-يانۋار

# مۇندەرىجە


ئاپتورنىڭ كىرىش سۆزى.......................... 1
ۋەتەندىن كەلگەن بىر قانچە خەت .......... 7
ئەرلەر بىلىشكە تېگىشلىك ئاياللارغا ئائىت مۇھىم ئىشلار.......... 11
ئاياللار بىلىشكە تېگىشلىك ئەرلەرگە ئائىت مۇھىم ئىشلار.......... 30
پەرزەنتلەر بىلىشكە تېگىشلىك مۇھىم ئىشلار .............. 54
ئاتا ـ ئانىلار بىلىشكە تېگىشلىك مۇھىم ئىشلار ........... 61
دادىلار بىلىشكە تېگىشلىك مۇھىم ئىشلار .............. 81
بۇيرۇلغان ياردەم ۋە تىرىشچانلىق.................. 90
تىرىشچانلىق ۋە ئىبادەت .................... 113
دىن ۋە مىللەت........................... 146
نېمىشقا يامانلىقلار يۈز بېرىدۇ؟..................... 157
نام ـ ئاتاق، كىشىلىك تۇرمۇش ۋە مەجبۇرىيەت.............. 175
دوست تاللاشتا بىلىشكە تېگىشلىك مۇھىم ئىشلار ................ 191
بىز نېمىشقا دوستلارغا موھتاج؟.................... 201
ھۇرۇنلۇقنىڭ ئىلمىي چۈشەندۈرۈلۈشى.................. 214
ھۇرۇنلۇقنى ياخشى ئىشقا ئايلاندۇرۇشنىڭ 10 خىل ئۇسۇلى ........ 226
تارتىنچاقلىق ۋە ئۇنى يېڭىش ئۇسۇللىرى ................ 232
قەلب خەرىتىسى ئارقىلىق مېڭىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ھەققىدە..... 238

روهي جەھەتتە كۆچلۈك كىشلەر ساقلىنىدىغان 13 ئىش .......... 250
روھي جەھەتتە كۆچلۈك بولۇش ئۇسۇللىرى .................... 255
ئالدىغا قاراپ مەغلۇپ بولۇش........................... 260
ياشاۋاتقان تۆھپىكارلارنى خاتىرىلەش ...................... 266
قەغەزگە يېزىلغان نىشان ...................... 272
چۈشكەن ئىنكاسلاردىن تاللانمىلار........................ 275
سەلكىن تورى بىلەن ئۆتكۆزگەن سۆھبەتكە چۈشكەن ئىنكاسلاردىن
تاللانمىلار ......................................... 332

# بىلىم بىزنى كەسىپ ۋە شەخسىي تۇرمۇشنىڭ ھەر ئىككىسىدە مۇۋەپپەقىيەتكە يېتەكلەيدۇ

—ئاپتورنىڭ كىرىش سۆزى—

مائارىپ ياكى مەكتەپ تەربىيىسى ئىنتايىن مۇھىم. سەۋەبى، ئۇ، كىشىلەرگە بىر جەمئىيەتتە نورمال ياشاپ مېڭىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان قورال، ماھارەت ۋە بىلىملەرنى ئاتا قىلىدۇ. مەكتەپ تەربىيىسى كۆرمىگەن كىشىلەر خەت يېزىشنى، خەت ئوقۇشنى، باشقىلار بىلەن ئۈنۈملۈك ئالاقىلىشىشنى ياكى ھېسابلاشنى بىلمەيدۇ. ئۇنداق كىشىلەر يەنە بىر خىزمەتنى بىخەتەر، توغرا ياكى لاياقەتلىك قىلىشنىمۇ بىلمەيدۇ. كىشىلەر مەكتەپ تەربىيىسى ئارقىلىق جەمئىيەت ۋە دۇنيا، شۇنداقلا ئۇلاردا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان مەدەنىيەت، پەلسەپە ۋە تارىخ ھەققىدىكى بىلىملەرگىمۇ ئېرىشىدۇ. جەمئىيەتتە بىر ياخشىراق خىزمەتنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۇ خىزمەت ئورنىدا پۇت تىرەپ تۇرۇش، ياكى ئۇنىڭدا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش ئۈچۈن چوقۇم شۇنىڭغا چۇشلۇق بىلىم، مەكتەپ ئۇنۋانى ياكى كەسپىي ماھارەتلەر بولۇشى كېرەك.

مەكتەپ تەربىيىسى بىر خىل تەشكىللەنگەن ئۆگىنىش جەريانىغا كىرىدۇ. بەزى پەنلەردە كىشىلىك ھايات مۇنداق 3 تەركىبىي قىسىمغا بۆلۈنگەن: ماددىي ھايات، مەنىۋى ھايات، ۋە ئىجادىيەت ھاياتى. ئەگەر مۇشۇنداق ئۇقۇم بويىچە قارىساق، بىر ئادەم شۇغۇللىنىدىغان مەكتەپتىكى ئوقۇش ۋە بىر ئورۇندىكى خىزمەتلەرنىڭ ھەممىسى «ئىجادىيەت ھاياتى» غا كىرىدۇ.

مېنىڭ چۈشىنىشىمچە، يۇرتىمىزنىڭ ئۇيغۇر مائارىپى 1960 ـ يىللاردىلا بىرقەدەر يۇقىرى سەۋىيىدە تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئۇ پۈتۈن جۇڭگو بويىچە خېلىلا ئۈستۈن ئورۇندا تۇرغان. جۇڭگودىكى باشقا يەرلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپىنىڭمۇ ئەڭ ئالدىدا تۇرغان. ھەممە بۇ خىل ھالەت تاكى 1980 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن. بىز ئۇنىڭدىن

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مائارىپ ۋە مەكتەپ تەربىيىسىنى ناھايىتى مۇھىم ئورۇنغا قويىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭغا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى، يۇقىرىدىكى مائارىپ ۋە مەكتەپ تەربىيىسى ھەققىدىكى چۈشەنچىلەرنى ئۇيغۇر دىيارى ۋە چەت ئەللەردىكى ئوقۇغان كىشىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ياخشى بىلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

ئەمما، مېنىڭ چۈشىنىشىمچە، ئۇيغۇرلار تېخى خۇسۇسىي تۇرمۇشقا ئائىت ئىشلارنى، ياكى ماددىي تۇرمۇش ۋە مەنىۋى تۇرمۇشقا ئائىت ئىشلارنى بىر خىل پەن دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ تۇرۇپ تەتقىق قىلىشقا، بىر خىل پەن دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ تۇرۇپ مۇكەممەل چۈشىنىپ بولۇشقا، ھەمدە بۇ ھەقتە ئىلمىي نەزەرىيە خاراكتېرىدىكى كىتابلارنى يېزىپ، شۇ ئارقىلىق ئومۇمىي خەلقنى تەربىيىلەشكە ئۈلگۈرۈپ بولالمىدى (يۇقىرىدا مەن «خۇسۇسىي تۇرمۇش» دېگەندە كىشىلىك تۇرمۇش، ئائىلە تۇرمۇشى، ئەر-خوتۇنلۇق تۇرمۇشى ۋە دىنىي ئىبادەت تۇرمۇشى قاتارلىقلارنى كۆزدە تۇتتۇم). بۇ ساھەدە بىر قىسىم ئىشلار ئىشلەنگەن بولسىمۇ، تەرەققىي قىلغان ئەللەردىكى خەلقلەرنىڭ ئەھۋالى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بىزنىڭ ئەھۋالىمىز ھازىرمۇ كۆپ ناچار، ۋە بىزنىڭ تەرەققىياتىمىز ھازىرمۇ كۆپ ئارقىدا. ھەمدە بۇ خىل ھالەت پۈتۈن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ماددىي ھاياتى، مەنىۋى ھاياتى ۋە ئىجادىيەت ھاياتىنىڭ ھەممىسىگە سەلبىي تەسىر كۆرسىتىۋاتىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ زامانىۋىلىققا ۋە ئەڭ تەرەققىي قىلغان مىللەتلەرنىڭ سەۋىيىسىگە يېتىشىۋېلىش سۈرئىتىنى ئېغىر دەرىجىدە ئاستىلاشتۇرۇۋاتىدۇ. مەسىلەن، مەن ئۆزۈمنىڭ مەزكۇر كىتابقا كىرگۈزۈلگەن «ئەرلەر بىلىشكە تېگىشلىك ئاياللارغا ئائىت مۇھىم ئىشلار» دېگەن ماقالىنىڭ كىرىش سۆزىدە مۇنداق دېيىلگەن: «*مېنىڭ بىلىشىمچە يېقىنقى 10 - 20 يىلنىڭ مابەينىدە ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئەر-ئاياللارنىڭ ئاجرىشىشى بىر تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان پەللىگە يەتتى. ھەمدە ئۇنىڭدىن ناھايىتى ئېغىر دەرىجىدىكى بىر قىسىم ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي مەسىلىلەر كۆرۈلۈشكە باشلىدى. ئەر-ئاياللار ئاجراشقاندا ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى، جەمئىيەت ۋە پۈتۈن خەلق زىيان تارتىدۇ. ئۇلاردىنمۇ بەكرەك ئاجراشقان ئائىلىدىكى باللار زىيانغا ئۇچرايدىغان بولۇپ، ئۇنداق زىيانلارنى باشقا ئۇسۇللار بىلەن ئاسانلىقچە تولدۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ. ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە ئەر-ئاياللارنىڭ ئاجرىشىشىنىڭ ئېغىرلىشىپ كېتىشىدە سەۋەبلەر خېلى كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن غەيرىي*

*مەدەنىيەتلەرنىڭ تەسىرى، ئىقتىسادنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشى، دىنىي ئاڭنىڭ ئاجىزلىششى، ھەمدە پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا پۇلغا چوقۇنىدىغان بىر خىل بىنورمال ۋە ناچار ئىنسان روھىيىتىنىڭ باش كۆتۈرۈشى قاتارلىقلارنى تىلغا ئېلىش مۇمكىن. ئۇلاردىن باشقا ناھايىتى مۇھىم سەۋەبلەردىن يەنە بىرى بار. ئۇ بولسىمۇ ئەرلەرنىڭ ئاياللار ھەققىدە توغرا ۋە ئىلمىي چۈشەنچىگە ئىگە بولماسلىقى. شۇنداقلا ئاياللارنىڭمۇ ئەرلەر توغرىسىدا توغرا ۋە ئىلمىي چۈشەنچىگە ئىگە بولماسلىقى.* »

مەن ھازىرغىچە ۋەتەندىكى ياشلارنى ئۇلاردا بىر ئاز كەمچىل بولغان بىلىملەر بىلەن تەمىنلەش يولىدا بىر قىسىم تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ كەلدىم. يەنى، تور ماقالىلىرىنى تەييارلاپ، ئۇلارنى ۋەتەندىكى ئۇيغۇرچە تورلاردا ئېلان قىلىپ كەلدىم. ئۇ ماقالىلەرگە كىرگۈزگەن بىر قىسىم بىلىملەرنى ئۆزۈم توپلىدىم. يەنە بىر قىسمىنى بولسا خەلقئارادا تونۇلغان بىلىم ئەھلىلىرىنىڭ ئىنگلىز تىلىدىكى ماقالىلىرى، ئالىي مەكتەپ لېكسىيىلىرى ياكى ھەر خىل يىغىنلاردىكى ئىلمىي دوكلاتلىرىدىن ئالدىم. مەزكۇر كىتابقا كىرگۈزۈلگىنى ئەنە شۇنداق ماقالىلەرنىڭ ئىچىدىكى خۇسۇسىي تۇرمۇشقا ئائىت ۋە خۇسۇسىي تۇرمۇش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر قىسىم ماقالىلەر. مەن مەزكۇر كىتابتىكى مەزمۇنلار ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدىكى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بوشلۇقلارنى تولدۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىيالايدۇ، دەپ ئويلايمەن.

مەن 2016-يىلى 3-ئايلاردىن بۇرۇن تەييارلىغان، باشقىلارنىڭ ماقالىسى، لېكسىيىسى ياكى دوكلاتىنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان ماقالىلەردە «ئىلاۋە» شەكلىنى قوللىنىپ، ئۆزۈمنىڭ سۆزلىرى بىلەن ئەسلى مەنبەدىكى مەزمۇنلارنى ئىنتايىن ئېنىق ئايرىپ بايان قىلغان ئىدىم. ئەمما ۋەتەندىكى ئۇيغۇرچە تورلارنىڭ ئېھتىياجى بىلەن، 2016-يىلى 3-ئايلاردىن كېيىن ئۇنداق قىلالماي قالدىم. شۇڭلاشقا مەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇ ئەھۋالنى توغرا چۈشىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. مەن بىر ئوپتىكا ئىنژېنېرى. ئالدىنقى ئون نەچچە يىلدىن بۇيان ئوخشىمىغان ئىجتىمائىي-پەن ساھەلىرىگە تەۋە بولغان ھەر خىل تېمىلاردا ماقالە تەييارلىغاندا، مەن پەقەت ئۆزۈمدىكى بوش ۋاقىت، زېھىن، ئۇنىۋېرسال بىلىم ئاساسى، ئۇيغۇر تىلى، ئىنگلىز تىلى ۋە خەنزۇ تىلى ئىقتىدارلىرى، ۋە كىتاب نەشر قىلدۇرۇشتا ئۆزۈمنىڭ پۇلى قاتارلىقلارنى ئىشلىتىپ، ماقالىلەردىكى ئاساسىي مەزمۇنلارنى بولسا باشقا مەنبەلەردىن ئالدىم. ئۆزىگە تەۋە بولمىغان نەرسىنىڭ ئىگىسى

بولۇۋېلىش، ۋە ئۆزى ياراتمىغان تۆھپىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش مېنىڭ كىشىلىك خاراكتېرىمگە ماس كەلمەيدۇ. مەن بۇ ئەمەلىيەتتىن بارلىق ئوقۇرمەنلەرنىڭ تولۇق خەۋەردار بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

تۈركىيەدىكى ئۇكىلار ماڭا يېقىندا بۇ كىتابنى 2017-يىللىق «خەلقئارا ئانا تىل بايرام كۈنى» (2017-يىلى 21-فېۋرال) گە ئۈلگۈرتۈپ نەشر قىلدۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئالدىنقى بىر ھەپتە ئىچىدە ئۆزۈمنىڭ ئانا تىلنى قانداق ئۆگەنگەنلىكىمگە ئائىت بۇرۇنقى ئىشلارنى بىر ئاز ئەسلەپ چىقتىم. مەن باشلانغۇچ 1-سىنىپتىن تارتىپ تاكى 1983-يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگۈچە ئۇيغۇرچە مەكتەپتە ئوقۇغان. تولۇق ئوتتۇرىنى 1976-يىلى پۈتتۈرگەن بولۇپ، مەن شۇنىڭدىن كېيىن بىرەر ئۇيغۇر تىلى دەرسى ئېلىپ باقماپتىمەن. يەنى، مەندە ھازىر بار بولغان ئۇيغۇر تىلى ئاساسىنى مەن 1976-يىلدىن بۇرۇنقى 10 يىللىق قالايمىقانچىلىق مەزگىلىدە ئاقسۇ 4-باشلانغۇچ ۋە ئاقسۇ 1-ئوتتۇرىدا سالغان ئىدىم. شۇ چاغدىكى ئوقۇتقۇچىلىرىم مېنى ئانا تىلدا ناھايىتى ياخشى ئوقۇتۇپتىكەن. مەن بۇ قېتىم باشلانغۇچتىكى سىنىپ مۇدىرىمىز تۇخان خانىم، ۋە ئوتتۇرا مەكتەپتىكى تىل-ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرىم مەمەت سىدىق (بىزگە سىنىپ مۇدىرى بولغان)، ئەھەت ئامان ۋە ھامۇد مەخسۇت قاتارلىق پېشقەدەم ئۇستازلىرىمنى ئەسلىدىم. مەن ئۇلاردىن مەڭگۈ مىننەتدارمەن.



1-رەسىم: ئاقسۇ 1-ئوتتۇرىدىكى پېشقەدەم ئۇستازلار ۋە 2006-يىلدىكى ياش ئوقۇتقۇچى تونۇشلار بىلەن بىللە. سولدىن ئوڭغا: تۇرسۇنجان ھېزىم، مەمەت سىدىق، ئاپتور، رەخمان ۋايىت، ئەھەت ئامان ۋە ئابباس مونىياز. 2006-20-90.




2 ـ رەسىم: ئاقسۇ 1 ـ ئوتتۇرىدىكى خاتىرە. ئوڭدىن 2 ـ كىشى هامۇد مەخسۇت مۇئەللىم بولىدۇ. 2007 ـ 8 ـ 2.

بۇ يىللىق خەلقئارا ئانا تىل بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن، مەن بۇ يەرگە ئۆزۈمنىڭ 2012 ـ يىللىق ئانا تىل بايرىمىغا بېغىشلاپ يازغان، ئۇيغۇر ئاكادېمىيىسىنىڭ شۇ يىلى ئىستانبۇلدا ئۆتكۈزگەن ئانا تىل بايرىمى ئىلمىي دوكلات يىغىنىدا ئوقۇلغان تەبرىكنامىسىنىڭ بىر قىسمىنى قىستۇرۇپ قويىمەن:

ئامېرىكىلىق مەشهۇر كىشىلىك هوقۇق پائالىيەتچىسى مارتىن لۇسېر كىڭ (Martin Luther King) مۇنداق دەيدۇ: «*مەلۇم بىر ئىش ئۈچۈن ئۆلۈشنى خالىمايدىغان ئادەم ياشاشقا لاياقەتلىك ئەمەس.*» مېنىڭچە هەر بىر ۋىجدان ئىگىسى ۋە هەر بىر غۇرۇر ئىگىسى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئانا تىلى ۋە مىللىي مەدەنىيىتى مارتىن لۇسېر كىڭ كۆزدە تۇتقان هېلىقىدەك «بىر ئىش» بولالايدۇ. چۈنكى خۇددى ۋېنگىرىيەلىك يازغۇچى ئاندراس سۈتو (Andras Süto) ئېيتقىنىدەك، «*ئۆز ئانا تىلىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇرى بولغان ئىنسان ئۆز هاياتىنىڭ مەنىسىدىنمۇ ئايرىلىدۇ.*» ئىلهام توختى ئەپەندى مۇنداق دېگەن: «*ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم كىشىلەر نۆۋەتتە ئۆزلىرىنىڭ هوقۇق ـ مەنپەئەتلىرىنى سۈكۈت ئىچىدە قولدىن بېرىپ قويماقتا! مەن ئېيتىمەنكى، هەر بىر كىشى، هەر بىر مىللەت ئىززەت ـ ئابرۇيى ساهىبىدۇر. جۇڭگونىڭ قانۇنى جۇڭگو پۇقرالىرى مىللەت، جىنس، دىن ئايرىماستىن، بارلىق هوقۇقلاردا باپباراۋەر، دەپ ئېنىق*

*بەلگىلىگەن. بىراق، رېئال تۇرمۇشتا، ئۇيغۇرلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق-مەنپەئەتلىرى ئۈزلۈكسىز دەخل-تەرىزگە ئۇچرىماقتا، ھەتتا بەزى ھۆكۈمەت ئورگانلىرىمۇ ھاماقەتلەرچە بەلگىلىمىلەرنى چىقىرىپ، ئۇيغۇرلارنى كەمسىتمەكتە!! ھەي، ئۇيغۇرلار! سىلەرنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتلىرىڭلار دەخل-تەرىزگە ئۇچرىغاندا، كانىيىڭلارنى قويۇۋېتىپ ئۆز ئاۋازىڭلارنىڭ ئاڭلىتىڭلار! ئاۋامنىڭ نادانلىقى ھاكىمىيەتنىڭ ئۇياتسىزلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ھاكىمىيەتنىڭ ئۇياتسىزلىقى ئاۋامنى نادان ھالەتتە قالدۇرىدۇ.»*

بۇرۇنقى كىتابلار بىلەن ئوخشاش، مەزكۇر كىتابقا كىرگۈزۈلگەن ماقالىلەرنى قەدىرلىك ئىنىم «پىداكار» تورغا چىقىرىشتىن بۇرۇن تەھرىرلەپ بەردى. بۇ قېتىم ئۇلارنى قايتا بىر قېتىم كۆزدىن كەچۈرۈپ، كىتاب ئۈچۈن تەييار قىلدى، ۋە كىتابنىڭ كومپيۇتېر ھۆججىتىنى بىر قوللۇق تەييارلاپ چىقتى. يەنە بىر قەدىرلىك ئىنىم ئابدۇلئەزىز بەشتوغراق بولسا مېنىڭ كىتابلىرىمنىڭ مۇقاۋىسىنى تەييار قىلىش، كىتابلارنى باستۇرۇش، ۋە ئۇلارنى تارقىتىش ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى داۋاملىق ھالدا بىر قوللۇق قىلىپ بېرىۋاتىدۇ. مەن بۇ ئىككى ئۇكىمىزغا قانچىلىك رەھمەت ئېيتساممۇ ئازلىق قىلىدۇ. مەزكۇر كىتابقا كىرگۈزۈلگەن ماقالىلەرنىڭ بىر قانچىسىنى تۇرسۇن ئەرتۇنا ئىنىمىز تەھرىرلەپ بەردى. 2016-يىلىدىن باشلاپ ئابدۇرەھىم غېنى (گوللاندىيە) باشچىلىقىدىكى ئوسمان مەمەت (گېرمانىيە)، ئابدۇسالام ھەبىبۇللاھ (گېرمانىيە)، ئىمران جان (سەئۇدى ئەرەبىستان)، ۋە پەرھات قېيۇم (ياپونىيە) ئۇكىلار مېنىڭ كىتابلىرىمنى ياۋروپا ۋە ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان باشقا ئەللەردىكى قېرىنداشلارغا يەتكۈزۈپ بېرىش ئىشىدا ئابدۇلئەزىز ئىنىمىزغا ياردەملىشىشكە باشلىدى. مەزكۇر كىتابقا ئىسىم تاللاش ئىشىدا ئابدۇۋەلى ئايۇپ ۋە تۇرسۇن ئەرتۇنا ئىنىلىرىمىز ماڭا ناھايىتى ياخشى تەكلىپلەرنى بەردى. مەن يۇقىرىدا ئىسمى تىلغا ئېلىنغان ئىنىلەرگىمۇ چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

ئاخىرىدا مەن بۇ كىتابنى تۇخان ئاپپاي، مەمەت سىدىق، ئەھەت ئامان ۋە ھامۇد مەخسۇد مۇئەللىم، ھەمدە رەھمەتلىك رەخمان ۋايىت ئاكا قاتارلىق ئاقسۇدىكى پېشقەدەم مائارىپچى ئۇستازلارغا بېغىشلايمەن.

**ئەركىن سىدىق**

ئامېرىكا كالىفورنىيە شتاتى لوس ئانژېلىس شەھىرى

2017-يىلى 25-يانۋار

# ۋەتەندىن كەلگەن بىر قانچە خەت

(1)

ئەركىن سىدىق ئەپەندىم، دىيارىمىز ۋە چەتئەلدىكى نۇرغۇن تەبىئىي-پەن ئالىملىرىمىزنىڭ ھەقىقىي ئۈگىنىش ئۈلگىسى. ئۇنىڭغا مىڭلارچە تەشەككۇر!!! قايسى تەبىئىي-پەن ئالىمى ئۇنىڭدەك مىللىتىمىزنىڭ كەلگۈسى توغرىسىدا ئويلىنىۋاتىدۇ!؟ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇنۋانى ئۈچۈن ئاۋارە.

(2)

سالام ئەركىن ئاكا، سىز بىلەن تۇنجى كېتىم E-mail ئارقىلىق خەت-ئالاقە قىلغىنىم ئۈچۈن ناھايىتى خۇشالمەن. مەن سىز توغرۇلۇق 1986-1991 يىللىرى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان چېغىمدىلا كۆپ ئاڭلىغان. «ئويلىنىش ئۈچىدە ئىلگىرىلەش» تېمىسىدىكى ماقالە شۇ چاغلاردىكى ستۇدېنتلار قاتارىدا ماڭىمۇ شۇنداق چوڭقۇر تەسىر قىلغان ئىدى. قانداقلا بولمىسۇن، يېشىم 35 كە بارغاندا بولسىمۇ ئارزۇيۇمغا، يەنى چەتئەلگە چىقىپ بىلىم ئېلىش غايىسگە يەتتىم. ھازىر ياپونىيەدىكى بىر ئۇنىۋېرسىتېتتا PhD ئۇنۋانى ئېلىش ئۈچۈن ئوقۇۋاتىمەن. پات ئارىدا ئوقۇشۇم پۈتىدۇ ... بۇمۇ سىزنىڭ ئۆگىنىش روھىڭىزنىڭ خېلى كۈچلۈك تەسىرىدىن ئېرىشكەن نەتىجە دەپ قارايمەن. كوكبىلگە جەلىل

(3)

بولسا بۇنداق ماقالىلەرنى كۆپرەك يازغان بولسا نەقەدەر ياخشى بولغان بولاتتى-ھە! 100 مېكىياننىڭ قىچقارغىنىدىن بىر خورازنىڭ چىللىغىنى ئەۋزەلدە.

(4)

ماقالىنى بەك ياخشى يېزىپسىز، ئۇلۇغ ئالالاھتىن سىزگە سالامەتلىك تىلەيمەن. قالدى گەپ بىزنىڭ ئۆزىمىزنى قانداق ئۆزگەرتىشىمىزدە ...

مۇمكىن بولسا پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئۆزىنى ئۇيغۇر ھېسابلايدىغان كىشىلىرىمىزنىڭ بۇ ماقالىنى بىر بىر كۆرۈپ بېقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

(5)

نېمە دېگەن ياخشى يېزىلغان ماقالە. قولىڭىزغا دەرد بەرمىسۇن خۇدايىم! بۇندىن كېيىنمۇ مۇشۇنداق تېمىلارنى كۆپرەك يوللانسىكەن دەيمەن. بىز دەل مۇشۇنداق ماقالىلەرگە ئېھتىياجلىق. مەن چوقۇم باشقىلارغا تەۋسىيە قىلىمەن!!

(6)

ئەركىن سىدىق ئاكىنىڭ مىللىتىمىز ياشلىرى ئۈچۈن ئالتۇندەك ۋاقتىنى ئاجرىتىپ، ماياكلىق رولىدىكى بۇنداق ماقالىلەرنى يوللىغىنىغا كۆپ رەھمەت. ياشلىرىمىز سىزدەك يول باشچىلارغا تولىمۇ ئېھتىياجلىق. ھارمىغايسىز.

(7)

سالام سىزگە ئەركىن ئاكا. سالامەت تۇرۇۋاتامسىز؟ ھەممە ئىشلىرىڭىزغا ئۇتۇق يار بولسۇن. سىزنىڭ «ۋاقىتنى مۇۋاپىق باشقۇرۇش» ناملىق ماقالىڭىزنى ئوقۇشقا مۇيەسسەر بولدۇم.
سىزگە ئەسىرىڭىزنى ئوقۇغان ۋە ئوقۇش ئالدىدا تۇرغان بارلىق دوستلار نامىدىن يەنە بىر قېتىم چوڭقۇر تەشەككۈر ئېيتىمەن. قەلىمىڭىز تالمىسۇن. سىز گەرچە بىزدىن يىراقتا بولسىڭىزمۇ ئەمما يۈرىكىڭىز، قېرىنداشلار ئۈچۈن ئاققۇزۇۋاتقان قان-تەرلىرىڭىز بۇنى ھېس قىلالايدىغان ۋە ھېس قىلىۋاتقان ھەر بىر ئەقىل ئىگىسىنىڭ قەلبىگە، ئوتلۇق يۈرىكىگە تولىمۇ يېقىن. ھەربىر ماقالىڭىز مېنى ھەقىقەتەنمۇ تېخىمۇ مۇكەممەللىششى ۋە ئۆزىنى تونۇشقا يېتەكچى بولۇۋاتىدۇ. سىزگە يەنە بىر قېتىم رەھمەت. سىزدەك ئاكام بولغىنىدىن سۆيۈنۈپ سىڭلىڭىز زۇلپىيە.

(8)

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! ئۆز ۋەتىنىمىزنىڭ پەخرى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئويغىنىش ۋە ئىلگىرىلىشىدىكى نۇرلۇق ماياكى، قەلبىمىدىكى يۈكسەك ھۆرمەتكە سازاۋەر، تىرىشچان، قامەتلىك ھەم سالاپەتلىك، ئۆزىدىن ئۆزگىنى كۆپرەك ئويلايدىغان سۆيۈملۈك ئۇستاز يەرشارىدىكى نوپۇزلۇق

ئالىملار مەركەزلەشكەن ئىلىم-پەن يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان دەرىجىدىن تاشقىرى دۆلەت دەپ نام ئالغان ئامېرىكىدەك شۇنداق بىر جاھانگىر دۆلەتتىمۇ پۇت دەسسەپ تۇرالىغان، شۇنداقلا پۈتكۈل دۇنيا ئېتىراپ قىلغان (جۇڭگو ئېتىراپ قىلامدۇ يوق بۇنى بىلمەيمەن) ھۆرمەتىنى قىلغان ئالىم ئەركىن سىدىق ئەپەندىم!! مەن بۇندىن 2~3 ئاي بۇرۇن خوتەنگە خىزمەت بىلەن بېرىپ، شۇ قەدىمى يۇرتتا تەرىپىڭىزنى ئاڭلىغان ئىدىم. قايتىپ كېلىپ توردىن ھەر قانچە ئىزدەپمۇ تور بېتىڭىزنى تاپالمىغان ئىدىم (توردىن تازا خەۋىرىم يوق). تەلىيىمگە تۈنۈگۈن سىزنى كۆڭلىدە مەندەك ھۆرمەتلەيدىغان بىر ناتونۇش دوستۇم گېپىڭىزنى قىلغان ئىدى. يالۋۇرۇپ سىزگە ئائىت تور بەتلەرنى كۆرۈۋالدىم. بۈگۈن ئىشتىن چۈشۈپلا تورنى ئېچىپ تەرجىمىھالىڭىزنى ئوقۇپ (ئازراق بىر قىسمىنى)، ماررىسىل ۋە لوندوندا چۈشكەن سۈرەتلىرىڭىزنى (ھەقىقىي جامالىڭىزنى كۆرۈشكە ئۈمىدىم بار) كۆرۈپ، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي، بوغۇلۇپ ئولتۇرۇپ بۇ خەتلەرنى يېزىۋاتىمەن. سىزگە ئېيتىدىغان نۇرغۇن، نۇرغۇن، ناھايىتىمۇ نۇرغۇن گەپ-سۆزلىرىم، ھەسرەتلىرىم، دەردلىرىم، پىغانلىرىم بار ئىدى. (گەپ-سۆزلىرىم ئۆزۈمنىڭ باشقىلىرى ئورتاق). ئەپسۇسكى مەندەك بىر كۆڭلىدە نۇرغۇن ئۇلۇغۋار غايىسى بار، لېكىن بىرىنىمۇ ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان ئىرادىسىز ئەرزىمەس بىر ئادەم بىلەن پاراڭلىششىنى خالامسىزكىن؟ ئۆزۈمنى سىزدەك ھەر جەھەتتىن يېتىشكەن ئالىم ھەم ئۇستازغا خەت يازالىغىنىمدىن تولىمۇ بەختلىك ھېس قىلىمەن. ئاخىرىدا سىزنىڭ، شۇنداقلا ئائىلىڭىزنىڭ ھەم چەتئەلدىكى بارلىق ئەزىز قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىغا ئاللاھتىن تىلەيمەن.

(9)

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئەركىن ئاكا. ئاللاھ سىزگە يەنىمۇ زور ئۇتۇقلارنى ئاتا قىلغاي، رەھمەت. خېتىڭىزنى تاپشۇرۇۋېلىپ چەكسىز خۇشال بولدۇم. سىزنىڭ شۇنچە ئالدىراش تۇرۇپمۇ ماڭا جاۋاب قايتۇرغانلىقىڭىزدىن ئۆزۈمنى چەكسىز بەختىيار ھېس قىلدىم. ئاللانىڭ سىزدەك بىر ئۇلۇغ ئىنسانىنى بىز ئۇيغۇرلارغا بەرگىنىدىن بىسيار ھەمدۇلار ئېيتتىم. ئۇلۇغ ئاللاھتىن سىزگە سالامەتلىك، خاتىرجەملىك، بەخت ۋە يەنىمۇ زور ئۇتۇقلارنى تىلىدىم. سىزگە كۆپ رەھمەت . نۇردۇن999

(10)

ھۆرمەتلىك ئەركىن ئەپەندىم، تېنىڭىزگە سالامەتلىك تىلەيمەن، ھەمدە روزا ھېيتىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن! ئاۋۋال سىز بىلەن تونۇشقانلىقىمدىن خۇرسەنمەن. يېقىندىن بۇيان سىزنىڭكى خەلقىمىز ئۈچۈن ھارماي ئىزدىنىپ يازغان ئەسەرلىرىڭىزنى كۆرۈپ، تولىمۇ خۇش بولدۇم، سىزدەك ئوغلانلىرىمىزنىڭمۇ يېتىلىپ چىققانلىقىدىن ھەم خەلقىمىزدە ئاقارتىش ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىڭىزدىن پەخىرلەندىم. بۇندىن كېيىنمۇ، سىزدەك ئالىملىرىمىزنىڭ مەدىنىي، يېتەكلىشى ۋە يول باشلىشى نەتىجىسىدە، سىزدەك قېرىنداشلىرىمىزنىڭ كۆپلەپ چىقىشىنى تولىمۇ ئۈمىد قىلىمىز. بۇ قېتىم سىزگە ئۇشبۇ خەتنى يېزىش مۇناسىۋىتى بىلەن يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالساق دېگەن ئۈمىدتىمەن.

(11)

مېنىڭ ئىسمىم بىركىم، بۇ مىللەتنىڭ بىر چوڭ يازغۇچىسى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە شېئىرىيەت نەزەرىيىسى بويىچە ئىلمىي خادىم. شىنجاڭ پالانى نەشرىياتىنىڭ مۇھەررىرى. ئەركىن سىدىق ئەپەندى، مەن سىزنى ۋە سىزنىڭ ئىلمىي ئۇتۇقلىرىڭىزنى ئوبدان بىلىمەن. ۋەتەندىكىلەر سىزنى ئۇيغۇر ئەقىل-پاراسىتىنىڭ چاقناپ تۇرغان بىر جەۋھىرى دەپ بىلىپ، سىز بىلەن پەخىرلىنىدۇ. شۇڭا، كۆڭلۈم تارتىپ، باللارنىڭ ئارزۇسى بويىچە سىز بىلەن ئالاقىلىشىپ باقماقچى بولدۇم، جاۋابىڭىزنى كۈتىمەن.

# ئەرلەر بىلىشكە تېگىشلىك ئاياللارغا ئائىت ئىشلار

2016 - يىلى 12 - ئاينىڭ 2 - كۈنى

مېنىڭ بىلىشىمچە يېقىنقى 10 - 20 يىلنىڭ مابەينىدە ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئەر-ئاياللارنىڭ ئاجرىشىشى بىر تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان پەللىگە يەتتى، ھەمدە ئۇنىڭدىن ناھايىتى ئېغىر دەرىجىدىكى بىر قىسىم ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي مەسىلىلەر كۆرۈلۈشكە باشلىدى. ئەر-ئاياللار ئاجراشقاندا ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى، جەمئىيەت ۋە پۈتۈن خەلق زىيان تارتىدۇ. ئۇلاردىنمۇ بەكرەك ئاجراشقان ئائىلىدىكى باللار زىيانغا ئۇچرايدىغان بولۇپ، ئۇنداق زىيانلارنى باشقا ئۇسۇللار بىلەن ئاسانلىقچە تولدۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ. ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئەر-ئاياللارنىڭ ئاجرىشىشىنىڭ ئېغىرلىشىپ كېتىشىدە سەۋەبلەر خېلى كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن غەيرىي مەدەنىيەتلەرنىڭ تەسىرى، ئىقتىسادنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشى، دىنىي ئاڭنىڭ ئاجىزلىشىشى، ھەمدە پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا پۇلغا چوقۇنىدىغان بىر خىل بىنورمال ۋە ناچار ئىنسان روھىيىتىنىڭ باش كۆتۈرۈشى قاتارلىقلارنى تىلغا ئېلىش مۇمكىن. ئۇلاردىن باشقا ناھايىتى مۇھىم سەۋەبلەردىن يەنە بىرى بار. ئۇ بولسىمۇ ئەرلەرنىڭ ئاياللار ھەققىدە توغرا ۋە ئىلمىي چۈشەنچىگە ئىگە بولماسلىقى. شۇنداقلا ئاياللارنىڭمۇ ئەرلەر توغرىسىدا توغرا ۋە ئىلمىي چۈشەنچىگە ئىگە بولماسلىقى. مەن ھازىرغىچە بۇ مەسىلە ئۈستىدە توختالغان يۇقىرى سۈپەتلىك ئۇيغۇرچە ماقالىلەردىن بىرەرنى ئۇچرىتىپ باقمىدىم. بەلكى ئۇنىڭغا ئۆزۈمدىكى شارائىت چەكلىمىسى سەۋەب بولغاندۇر. گەرچە مەن بۇ مەسىلە تىلغا ئېلىنغان بەزى لېكسىيەلەرنى ئاڭلاپ باققان بولساممۇ، ئۇنىڭدا سۆزلەنگەن مەزمۇنلارنىڭ ناھايىتى يېتەرسىز ۋە تېيىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. شۇڭلاشقا مەن مۇشۇ ۋە كېيىنكى يازمىلىرىمدا ھازىرقى زامان پىسخولوگىيە ئىلمىدە بايقالغان ئەرلەر ۋە ئاياللارغا ئائىت ئىلمىي چۈشەنچىلەرنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن. يەنى، مەن مەزكۇر ماقالىدە ئەرلەر بىلىشكە تېگىشلىك ئاياللارغا ئائىت ئەڭ مۇھىم ئىشلارنى، كېيىنكى ماقالىدە بولسا

ئايالлар بىلىشكە تېگىشلىك ئەرلەرگە ئائىت ئەڭ مۇھىم ئىشلارنى بايان قىلىپ ئۆتىمەن. مەن ئوقۇرمەنلەردىن بۇ ماقالىلەرنى كەڭ تۈردە تارقىتىپ، ئىمكانقەدەر كۆپرەك كىشىلىرىمىزنى ماقالىدىكى مەزمۇنلاردىن خەۋەردار قىلىپ قويۇشنى سورايمەن. مېنىڭچە ئۇمۇ خەلقىمىز ئۈچۈن قىلغان بىر خالىسانە ۋە مۇھىم خىزمەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مەن 2016-يىلى 3-ئايدىن بۇرۇن تورلاردا ئېلان قىلغان، باشقا بىر مەنبەدىكى (مەسىلەن، دوكتور ياسىر قازىنىڭ لېكسىيىسىدىكى) مەزمۇنلارنى ئاساس قىلغان ماقالىلەردە، مەنبە ھەققىدە مەخسۇس ئايرىم چۈشەنچە بەردىم. ھەمدە ئۆزۈمنىڭ ئويلىغانلىرىنى بىر «ئىلاۋە» ئىبارىسى بىلەن باشلانغان ئايرىم ئابزاستا بايان قىلىپ، باشقىلارغا تەۋە مەزمۇن بىلەن ئۆزۈمگە تەۋە مەزمۇننى ناھايىتى ئېنىق ئايرىپ ماڭدىم. ئەمما، ۋەتەندىكى تورلارنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن، 2016-يىلى 3-ئايدىن كېيىن ئۇنداق قىلماسلىققا مەجبۇرى بولدۇم. مەزكۇر ماقالىمۇ كېيىنكى خىلدىكى ماقالىغا كىرىدىغان بولۇپ، ئۇنى ئۆز ۋاقتىدا تورلارغا چىقارغاندا مەنبە ھەققىدە ھېچ قانداق چۈشەنچە بېرەلمەي قالدىم. مەن ئوقۇرمەنلەردىن بۇ ئىشنى توغرا چۈشىنىشنى سورايمەن. مەن تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنى ماقالىنىڭ ئاستىدىكى ئىككى مەنبەدىن ئالدىم. ئۇنىڭ بىرىنچىسى دوكتور ياسىر قازى 2013-يىلى 25-مايدا ئامېرىكىدا ئۆتكۈزۈلگەن «شىمالىي ئامېرىكا مۇسۇلمانلار قۇرۇلتىيى» دا بەرگەن بىر مەيدان ئىلمىي دوكلاتىنىڭ ۋىدېئو فىلىمى. ئۇنىڭ ئىككىنچىسى بولسا دوكتور ياسىر قازى ئۆزى ئىشلەيدىغان ئالىي مەكتەپتە كۆپ يىللاردىن بۇيان دەرس قىلىپ سۆزلەپ كېلىۋاتقان مەزمۇن بولۇپ، بۇ ۋىدېئو فىلىمى 2013-يىلى 27-مارتتا تارقىتىلغان. تۆۋەندىكىسى ماقالىنىڭ رەسمىي مەزمۇنلىرى.

بىزنىڭ مۇقەددەس كىتابىمىزدا ئەرلەر بىلەن ئايالларنىڭ ئورنى ھەققىدە ناھايىتى ئېنىق بايانلار بار. يەنى، ئەرلەر بىلەن ئاياللار بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغانلىقى، ئۇلار بىر-بىرىنى تولۇقلايدىغانلىقى ھەققىدە ئېنىق بايانلار بار. 60- ۋە 70-يىللاردا غەرب ئەللىرىدە «ئاياللار ھوقۇقىنى قوغداش ھەرىكىتى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر قاتار ھەرىكەتلەر ئېلىپ بېرىلدى، ھەمدە ئۇ ھەرىكەتلەردە «ئەر-ئاياللار باراۋەر» دېگەن ئىدىيە ئىلگىرى سۈرۈلدى. ئۇنىڭدا فىزىئولوگىيە، پسىخولوگىيە ۋە ھېسسىيات جەھەتلەردە ئەرلەر بىلەن ئاياللار ئوخشاش، دەيدىغان كۆز-قاراشلار تەرغىب قىلىندى. ئەمما، ئۇ ھەرىكەتلەر ئەڭ ئاخىرىدا ناھايىتى

ئېچىنىشلىق ھالەتتە مەغلۇپ بولدى. يېقىندا بىر خىل يېڭى شەكىلدىكى «ئاياللار ھوقۇقىنى قوغداش ھەرىكىتى» مەيدانغا كېلىپ، كىشىلەر ئۈنىڭدا ئالدىنقى قېتىملىق ھەرىكەتلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان زىيانلارنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋېلىش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتىدۇ. بۇرۇنقى ھەرىكەتتە ئۆزگەرتمەكچى بولغان نۇرغۇن ئىشلار ئۇستىدە قايتىدىن ئويلىنىش ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ ئاللاھ ياراتقان تەبىئىتىنى ئۆزگەرتىش مۇمكىن ئەمەس. قۇرئان بىلەن سۈننەتتە كۆرسىتىلىشىچە، ئەرلەر بىلەن ئاياللار جەمئىيەتتە باشقا-باشقا روللارنى ئالىدۇ.

بىز ئالما بىلەن شاپتۇلنى سېلىشتۇرمايمىز. ئەرلەر بىلەن ئاياللارنى سېلىشتۇرۇش خۇددى ئالما بىلەن شاپتۇلنى سېلىشتۇرغاندەكلا بىر ئىش. ئاللاھ ئەرلەرنى يارىتىپ، ئۇلارغا بىر قىسىم ئالاھىدە روللارنى ئاتا قىلغان. شۇنداقلا ئاللاھ ئاياللارنى يارىتىپ، ئۇلارغىمۇ ئۆزىگە ماس كېلىدىغان بىر قىسىم روللارنى بۇيرۇغان. پەقەت ئەرلەر ئۆزىگە لايىق رول ئېلىپ، ئاياللارمۇ ئۆزىگە چۇشلۇق رول ئالغاندىلا، ئاندىن ئائىلە روناق تاپىدۇ، جەمئىيەت گۈللىنىدۇ، باللار ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىدۇ. نەتىجىدە ئۈممەتلەرمۇ قۇدرەت تاپىدۇ. ئەمما ئاياللار ئەرلەرنىڭ رولىنى ئېلىپ، ئەرلەر بولسا ئاياللارنىڭ رولىنى ئېلىپ ئىش قىلماقچى بولىدىكەن، ئۇلار ئۆز تەبىئەتلىرىگە ماس كەلمەيدىغان يوللارنى تۇتۇپ، ئەرلەر مەغلۇپ بولىدۇ. ئاياللارمۇ مەغلۇپ بولىدۇ. ئائىلىمۇ مەغلۇپ بولىدۇ. جەمئىيەتمۇ مەغلۇپ بولىدۇ، ھەمدە ئەڭ ئاخىرىدا ئۈممەتلەرمۇ مەغلۇپ بولىدۇ.

دېمەك، بىزنىڭ دىنىمىز بۇ مەسىلىدە ناھايىتى ئېنىق مەيدان ئىپادىلىگەن: ئەرلەر ئاياللارغا ئوخشىمايدۇ.

ھازىرقى زامان پسىخولوگىيە ئىلمىدە بايقىلىشىچە، ئاياللار ئەرلەردىن ئىستەيدىغان مۇنداق مۇھىم ئىشلار بار:

## 1. ئاياللار ئىستەيدىغان بىرىنچى ئورۇندىكى نەرسە -- ئۈزۈلمەس مۇھەببەت

ئاياللار ئېرىدىن ئىستەيدىغان بىرىنچى ئورۇندىكى نەرسە ناھايىتى مۇستەھكەم، ئۈزۈلمەس مۇھەببەتتىن ئىبارەت. ئاياللار ھەر ۋاقىت ئەرلىرىنىڭ تۇرمۇشىدا بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان نەرسە بولۇشىنى

ئىستەيدۇ. ئۇلار ئېرىنىڭ ئۆزلىرىنى سۆيىدىغانلىقىنى داۋاملىق دەپ تۇرۇشىنى ياخشى كۆرىدۇ.

ئادەتتە ئەرلەر ئايالىنىڭ ئۆزىگە بولغان سۆيگۈسىنى «ھەر ۋاقىت مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشقا تېگىشلىك نەرسە» ياكى «بۇيرۇلغان نەرسە»، دەپ چۈشىنىدۇ. شۇڭلاشقا ئاياللار ئېرىگە داۋاملىق «مەن سىزنى سۆيىمەن»، «مەن سىزگە كۆيىمەن» دېگەندەك گەپلەرنى دەپ تۇرمىسىمۇ بولۇۋېرىدۇ. بىر ئايالنىڭ ھازىرمۇ ئېرى بىلەن بىر ئۆيدە ياشاۋاتقانلىقى ئۇ ئايالنىڭ ئېرىگە كۆيىدىغانلىقىنىڭ نامايەندىسى بولالايدۇ. ئەمما ئاياللار ئۇنداق ئەمەس. ئاياللار ئېرىنىڭ ئۆزىگە بولغان سۆيگۈسىنى ھەرگىزمۇ «بۇيرۇلغان نەرسە»، دەپ چۈشەنمەيدۇ. ئۇلار ھەر ۋاقىت «ئېرىم مېنى ھازىرمۇ ياخشى كۆرەمدىغاندۇ؟»، «ئۇ ھازىرمۇ مېنى ئويلاپ تۇرامدىغاندۇ؟»، «ئۇ ھازىرمۇ ماڭا كۆڭۈل بۆلەمدىغاندۇ؟»، «ئۇ ھازىرمۇ مېنى 1-ئورۇنغا قويامدىغاندۇ؟»، دەپ ئويلاپ تۇرىدۇ. شۇڭلاشقا ئەرلەر ئايالىغا داۋاملىق تۈردە ئۇنىڭغا كۆيىدىغانلىق كۆڭلىنى بىلدۈرۈپ تۇرۇشى كېرەك.

سىزنىڭ بەزىدە خىزمەت ئورنىڭىزدىكى ھەر خىل مەسىلىلەر ياكى سىرتقى كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى بەزى كۆڭۈلسىزلىك ياكى ئاغرىنىشلار تۈپەيلىدىن ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە كەلگەندە ئايالىڭىزغا ئانچە گەپ قىلغۇڭىز كەلمەيدۇ. مۇشۇنداق ۋاقىتلاردا ھەقىقىي ئەھۋالدىن خەۋەرسىز ئايالىڭىز «ئېرىم مېنى بۇرۇنقىدەك ياخشى كۆرمەيدىغان بولۇپ قالدى»، دەپ ئويلايدۇ. شۇڭلاشقا سىز داۋاملىق تۈردە ئايالىڭىزغا ئۆزىڭىزنىڭ ئۇنى سۆيىدىغانلىق كۆڭلىڭىزنى بىلدۈرۈپ تۇرۇشىڭىز كېرەك. ئۇنداق قىلىشنىڭ تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە ئۇسۇللىرى بار:

(1) ئايالىڭىزغا ئېغىزىڭىزدا داۋاملىق «مەن سىزگە كۆيىمەن»، دەپ تۇرۇش. سۆزنىڭ قۇدرىتى ناھايىتى كۈچلۈك بولىدۇ. ئەرلەر ئۈچۈن ئايالىغا «مەن سىزگە ناھايىتىمۇ كۆيىمەن» دېيىش تولىمۇ غەلىتە، كىشىنى ئوڭايسىزلاندۇرىدىغان ئىش بولۇپ تۇيۇلىدۇ. ئەمما ئاشۇنداق سۆزلەرنى قىلىش ھەر ۋاقىت ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ. ئاياللار ئاشۇنداق سۆزلەرنى ھەر ۋاقىت ئىنتايىن ياخشى كۆرىدۇ.

(2) ئايالىڭىزغا ئۆزىڭىزنىڭ سۆيگۈسىنى فىزىكىلىق جەھەتتىن ئىپادىلەپ تۇرۇش. مەسىلەن، ئايالىڭىزنى پات-پات تۇتۇپ، پات-پات سىلاپ ۋە پات-پات قۇچاقلاپ قويۇش قاتارلىقلار. ئاياللار جىنسىي

مۇناسىۋەتتىن باشقا فىزىكىلىق يېقىملىقنى، قەدىرلىنىشنى ۋە كۆيۈنۈشنى بەكرەك مۇھىم بىلىدۇ.

(3) ھەمراھ بولۇپ بېرىش. ئەرلەر ئۈچۈن بۇ ئەڭ قىيىن ئىشلارنىڭ بىرى. ئادەتتە ئەرلەر ئۆزىنىڭ مەسىلىرىنى ئايالىغا دەپ بېرىشنى، ئۆزىنىڭ دەردلىرىنى ئايالىغا ئېيتىشنى ياخشى كۆرمەيدۇ. بۇنداق قىلىش بەزىدە ئايالىغا نىسبەتەن ئۆزىگە ئىشەنمەسلىك، ئۆزىنى بۇرۇنقىدەك ياخشى كۆرمەسلىك، ياكى ئۆزىدىن بىر قىسىم ئىشلارنى يوشۇرۇش بولۇپ تۇيۇلىدۇ. شۇڭلاشقا بەزىدە ئايالىڭىز بىلەن ئوبدان پاراڭلىشىپ، ئۇنىڭغا ئۆز كۆڭلىڭىزدىكى ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتسىز بىر قىسىم گەپلىرىڭىزنى قىلىپ بېرىڭ. ئايالىڭىز يالغۇز سىزنىڭ ئاشۇنداق قىلىشىڭىزنى قارشى ئېلىپلا قالماي، ئۇنىڭدىن ناھايىتى خوش بولىدۇ. ئاياللار ئۆزى بىلەن ئېرى ئوتتۇرىسىدا ئەنە شۇنداق روھىي باغلىنىشنىڭ بار بولۇشىنى ئىستەيدۇ. بۇمۇ مۇھەببەتنىڭ بىر خىل ئىپادىسى.

بەزىدە ئايالىڭىزنىڭ كەيپىياتى ئانچە ياخشى بولمايدۇ. ئاشۇنداق ۋاقىتلاردا ھەرگىزمۇ ئۆزىڭىزنى ئۇنىڭدىن ئېلىپ قېچىپ، ئايالىڭىز يوق يەرلەردە يۈرمەڭ. ھەمدە ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىپ، ئايالىڭىزنىڭ دەردىنى ئاڭلاپ بېرىڭ. ئايالىڭىزنىڭ كۆڭلى يېرىم بولغان ۋاقىت، ئۇ سىزنىڭ ھەمراھلىقىڭىزغا ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغان ۋاقىت. ئايالىڭىزنىڭ كەيپىياتى ياخشى ئەمەس ۋاقىتتا، ئۇ روھىي جەھەتتىن سىز بىلەن ئادەتتىكىدىنمۇ بەكرەك يېقىنلىشىشنى ئىستەيدۇ. سىزنىڭ كەيپىياتىڭىز ياخشى ئەمەس ۋاقىتتا، سىز ئايالىڭىزدىن يىراقراق تۇرۇشنى ئىستەيسىز. سىز ئايالىڭىز بىلەن گەپ تالىشىپ قالغاندا، ئۆزىڭىزنى مەيداندىن ئېلىپ قاچىدىكەنسىز، ئايالىڭىز ئۇنى «ئېرىم ماڭا ھەمراھ بولۇشنى رەت قىلدى»، دەپ چۈشىنىدۇ. سىز ئۆزىڭىزنى مەيداندىن ئېلىپ قاچماي، ئۇنىڭ ئورنىغا ئايالىڭىزغا: «ئامرىقىم، ھازىر مېنىڭ كۆڭلۈم سەل جايىدا ئەمەس. ھازىر مەن ئۈچۈن سىز بىلەن سۆزلىشىدىغانغا بىر ياخشى ۋاقىت ئەمەس. بىز يەنە بىر سائەتتىن كېيىن پاراڭلاشساق، قانداق دەيسىز؟»، دەڭ. ئاشۇنداق دېسىڭىز بولۇۋېرىدۇ. ئاشۇنداق قىلسىڭىز ئايالىڭىز ھەرگىزمۇ «ئېرىم ئۆزىنى مەندىن ئېلىپ قاچتى»، دەپ ئويلىمايدۇ. ئىشلار نورمال ماڭىدۇ. گەپ تالىشىپ قالغاندا سىز ئايالىڭىزنىڭ گەپلىرىگە پەرۋا قىلماي بىر

ياقلارغا كېتىپ قېلىش ئىنتايىن زىيانلىق ئىش. ئەڭ زىيانلىق ئىش. شۇڭلاشقا ئۇنداق ئىشلاردىن قەتئىي ساقلىنىڭ.

ئەرلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئاياللارنىڭ كەيپىياتى ئاسانراق بۇزۇلىدۇ. كەيپىياتى بۇزۇلغاندا، ئاياللار ئەرلەرگە قارىغاندا بەكرەك ئۆزىنى كونترول قىلالماي قالىدۇ. بۇ جەھەتتە ئەرلەر ئاياللاردىن كۆپ كۈچلۈك كېلىدۇ. شۇڭا سىز ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىپ، مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ توغرا ئۇسۇلىنى تەۋسىيە قىلىڭ. ھەرگىزمۇ چېچىلىپ كەتمەڭ. ئاشۇنداق بىنورمال پەيتلەردە ھەرگىزمۇ ئايالىڭىز بىلەن بەسلەشمەڭ.

ئەرلەرنىڭ توي قىلغان خاتىرە كۈنىنى ئۇنتۇلۇپ قېلىشى بىر ناھايىتى ناچار ئىش. ئۇ بىر ناھايىتى خەتەرلىك ئىش. سىز ئۇ كۈننى ئۇنتۇلۇپ قالمىسىڭىز، ئايالىڭىز «ئېرىم مېنى ھازىرمۇ ياخشى كۆرىدىكەن، مېنى ھازىرمۇ ئويلاپ تۇرىدىكەن، مېنى ھازىرمۇ ناھايىتى قەدىرلەيدىكەن»، دەپ ئويلايدۇ. ئەگەر ئۇ كۈننى ئۇنتۇلۇپ قالسىڭىز، نەتىجە ئەكسىچە بولىدۇ. توي قىلغان كۈنى خاتىرىلەش بىر ئىنتايىن ياخشى ئىش بولۇپ، ئۇ دىنىمىزدىمۇ ھەرگىز ھارام ئەمەس. ئۇ دىنىمىزدىمۇ پۈتۈنلەي رۇخسەت قىلىنغان بىر ئىش. ئەرلەرنىڭ ئايالىغا «مەن سىزنى سۆيىمەن» دەپ تۇرۇشىدىن، ئايالىنى بىر رومانتىك غىزا بىلەن مېھمان قىلىشىدىن ئارتۇقچە ياخشى ئىش يوق. بۇنداق ئىشلارغا بىزنىڭ دىنىمىزمۇ پۈتۈنلەي يول قويىدۇ. شەرىئەت ئەر-ئاياللار ئوتتۇرىسىدا مۇشۇنداق يېقىن مۇناسىۋەتنىڭ بار بولۇشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

بۇ ھەقتە دارۇ قۇتنىدا مۇنداق بىر ھەدىس بار: ھەزرىتى ئائىشە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن پات-پات «ھازىر ماڭا بولغان مۇھەببىتىڭىز قانداقراق؟» دەپ سوراپ قويىدىغان بولۇپ، ھەر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا «مېنىڭ مۇھەببىتىم ھازىرمۇ خۇددى يەشكىلى بولمايدىغان چىگىشتەك چىڭ»، دەپ تۇرغان ئىكەن. بەزىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىشەگە ئاچچىقى كېلىپ قالغاندا، ئائىشە ئۇنىڭدىن «ھازىر چىگىشنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟»، دەپ سورايدىكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بولسا «چىگىش ھازىرمۇ بۇرۇنقى ۋاقىتلاردىكى بىلەن ئوخشاش چىڭ»، دەپ قويىدىكەن.

ئەرلەر يالغۇز ئايالىغا «مەن سىزنى سۆيىمەن» دەپ تۇرۇپلا قالماستىن، ئايالى قىلغان ئىشلارنى، بولۇپمۇ ئايالى ئۆزى ئۈچۈن قىلىپ بەرگەن ئىشلارنى ماختاپ تۇرۇشى كېرەك. ھەرگىزمۇ ئايالى قىلغان ئىشلارغا

نسبەتەن «قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار» دېگەن پوزىتسىيە تۈتماسلىقى كېرەك. ئاياللار داۋاملىق ئۆي تازىلايدۇ، ۋە تاماق ئېتىدۇ. ئاشۇنداق ۋاقىتلارنىڭ بەزىلىرىدە ئەرلەر ئايالىغا «ئۆيىنى كارامەت چىرايلىق قىلىۋېتىپسىز»، «تاماق دەھشەت ئوخشاپتۇ»، «مەن بۇ ئىشلىرىڭىزدىن ناھايىتى مىننەتدارمەن» دەپ، ئايالىنى ئازراق ماختاپ قويۇشى كېرەك. ھەرگىزمۇ «بۇلار ئايالىمنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرى»، دەپ ئويلىماسلىقى كېرەك. ئەرلەر دېگەن ئاشۇنداق سۆزلەر بىلەن ئاياللار «ئېرىم مەن قىلغان ئىشلاردىن مىننەتدار ئىكەن، ئۇلارغا ، دەپ قارىمايدىكەن»، دەپ ئويلايدۇ. ئەرلەر ئىمكانقەدەر ئائىلە ئىشلىرىنىڭ يېرىمىنى قىلىشىپ بېرىشى كېرەك.

## 2. ئەر ـ ئايالنىڭ تەپەككۇر جەريانى ئوخشاشمايدۇ

ئەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى «ئاياللار ناھايىتى ھېسسىياتچان كېلىدۇ»، دەپ ئويلايدۇ. بۇنى ئاياللارنىڭ تەپەككۇر جەريانى ئەرلەرنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ، دەپ چۈشەنسىمۇ بولىدۇ. ئەرلەر تەپەككۇر قىلغاندا، مەلۇم بىر ۋاقىتتا مەلۇم بىر ئىش ئۈستىدىلا ئويلىنىدۇ. بۇ جەھەتتە بەزىلەر ئەرلەرنىڭ مېڭىسىنى خۇددى بىر كۆپ تارتمىلىق ئۈستەلگە ئوخشىتىدۇ. يەنى، ئەرلەر مەلۇم بىر ۋاقىتتا پەقەت بىرلا مەسىلە ئۈستىدە ئويلىنىپ، ئۇنى بىر تەرەپ قىلىپ بولۇپ، ئاندىن كېيىنكى مەسىلىگە ئۆتىدۇ. مەلۇم بىر ۋاقىتتا پەقەت بىرلا تارتمىنى ئېچىپ، ئۇنىڭ ئىشى بىلەن ھەپىلىشىدۇ. ئۇ ئىش ھەل بولغاندىن كېيىن ئۇ تارتمىنى يېپىۋېتىپ، ئاندىن يەنە بىر تارتمىنى ئاچىدۇ. ئىشلارنى مانا مۇشۇنداق داۋاملاشتۇرىدۇ. ئادەتتە ئەرلەر مەلۇم بىر ئىش ئۈستىدە ئويلانغاندا، قالغان مەسىلىلەرنى بىر تەرەپكە قايرىپ قويالايدۇ.

ئاياللار بولسا ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. ئۇلار بىرلا ۋاقىتتا كۆپلىگەن ئىشلار ئۈستىدە تەپەككۇر يۈرگۈزەلەيدۇ. شۇڭلاشقا بەزىلەر ئاياللارنىڭ مېڭىسىنى بىر ـ بىرسىگە تۇتۇشۇپ كەتكەن ئۆمۈچۈك تورىغا ئوخشىتىدۇ. سىز ئۇنىڭ بىر يېرىنى تۇتۇپ تارتسىڭىز، ئۇنىڭ ھەممە يېرى تەڭلا مىدىرلايدۇ. ئائىلىنىڭ ئىشى، خىزمەتنىڭ ئىشى، بالىنىڭ ئىشى، ئۆزىنىڭ روھىي كەيپىيات مەسىلىلىرى قاتارلىقلار ئۈستىدە تەڭلا ئويلىنالايدۇ. ئەرلەر ئۈچۈن تەپەككۇرنى مۇشۇنداق ئېلىپ بېرىش ئاسانمۇ ئەمەس.

مەسىلەن، سىز كومپيۇتېردا 3 ئېكراننى تەڭلا ئېچىپ قويۇپ، ئۇنىڭ بىرسىدە بىر ئېلخەتكە جاۋاب يېزىپ، يەنە بىرسىدە بىر نۇتۇق تەييارلاپ، يەنە بىرسىدە بىر ئىش ئۈستىدە پىلان تۈزۈپ بېقىڭ. سىز ئۇنداق ئىشنى ھەرگىزمۇ قىلالمايسىز. سىز بىر ۋاقىتتا پەقەت بىرلا ئىشنى قىلىپ، ئۇنى پۈتتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن يەنە بىرسىگە ئۆتىسىز. سىز كومپيۇتېرغا قاراپ ئولتۇرغاندا ئايالىڭىز «ئامرىقىم، مەن تالاغا چىقىپ كىرەي. ئۇنىڭغىچە قازانغا قاراپ قويۇپ تۇرۇڭ. مەن قايتىپ كىرگىچە قازان تېشىپ كەتمىسۇن»، دېسۇن. سىز «ماقۇل» دەيسىز-يۇ، بۇ ئىشنى بىر قانچە سېكۇنت ئىچىدىلا ئۇنتۇلۇپ قالىسىز. قازان چوقۇم تېشىپ كېتىدۇ. ياكى ئاش چوقۇم كۆيۈپ كېتىدۇ. ياكى بولمىسا مانتا پۇشۇرۇۋاتقان قازاندىكى سۇ قايناپ تۈگەپ كېتىپ، پۈتۈن ئۆي ئىس پۇراشقا باشلايدۇ.

ئەمما، ئايالىڭىز بالىغا قارىغاچ بىر تەرەپتىن كۆكتات توغراپ، بىر تەرەپتىن قازاندىكى نەرسىلەرنى قورۇپ، يەنە بىر قازاندا سۇ قايىنتىپ، بىرلا ۋاقىتتا 5-6 ئىشنى تەڭ قىلالايدۇ. بۇ خىل ئەمەلىيەتنىڭ ئەر-ئاياللىق مۇناسىۋىتىگە قانداق تەسىرى بار؟ ئادەتتە ئاياللار ئېرى بىلەن مەلۇم بىر ئىش ئۈستىدە سۆزلىشىۋېتىپ، تۇساتتىنلا يەنە بىر مەسىلىگە ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ يېرىمىغا كەلگەندە يېڭى بىر تېمىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئەر كىشى بۇنداق ئەھۋالدا نېمە ئىش بولۇپ كېتىۋاتقىنىنى بىلەلمەي قالىدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئەر كىشىگە بىر ناھايىتى تەرتىپسىز ئىشتەك تۇيۇلىدۇ.

مەسىلەن، تۆۋەندىكى بىر مىسالغا قاراپ باقايلى:

--ئايال: ئامرىقىم، مەن بۇ ھەپتە ئالدىراش بولۇپ كېتىپ، ئۆيىنىڭ ئىشىغا زادىلا يېتىشەلمەي كېتىۋاتىمەن. بۇنداق يۈرمەي، ماڭا ئازراق ياردەملەشسىڭىز بولمامدۇ؟

--ئەر: مەن تېخى تۈنۈگۈن تاختاي پولنى يۇيۇۋەتتىمغۇ؟

--ئايال: مەن ھەر كۈنى سىزنى دەپ تاماق ئېتىمەن، بالىدىن خەۋەر ئالىمەن، ئۆينى تازىلايمەن، ئەمما زادىلا قاقشىمايمەن. سىز بىر قېتىم پولنى يۇيۇپ قويغانغا شۇنى پېشانەمگە قويۇۋاتامسىز؟

--ئەر: بۇ گەپنى مەن چىقارمىدىم، ئۇنى سىز ئۆزىڭىز باشلىدىڭىز.

--ئايال: مەن سىزنى قانداق ياخشى تاماقلارنى ئېتىپ بېقىۋاتىمەن، بىلەمسىز؟ گەپ قىلمىسا تېخى بىر كىچىككىنە ئىشقا غۇدۇرلاپ كەتكىنىنى؟

سىز بالا تۇغۇپ باقتىڭىزمۇ؟ سىز بالا ئېمىتىپ باقتىڭىزمۇ؟ بىرەر قېتىم كىر يۇيۇپ باقتىڭىزمۇ؟ بۇ ئۆيىنى كىم ھازىرقىدەك تۇتۇپ مېڭىۋاتىدۇ، بىلەمسىز؟ مەندىن زېرىككەن بولسىڭىز، بۇرۇن ياخشى كۆرگەن قىزىڭىزنىڭ قېشىغا كېتىڭ!

بۇرۇن توي قىلىپ باقمىغان بىر ئەر ئۈچۈن بۇنداق ئىشلار تولىمۇ ئېغىر كېلىدۇ. توي قىلىپ، ئۆي تۇتۇپ، ئايالىغا ماۋۇ بىر ئىش ئۈستىدە گەپ باشلىسا، ئايالى گەپنى ھېلىقى ئىش بىلەن ھېچ قانداق مۇناسىۋىتى يوق يېڭى بىر تېمىغا يۆتكەيدۇ. ئۇنىڭدىن يەنە بىر يېڭى تېمىغا يۆتكەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن گەپنىڭ ئاخىرى ئۈزۈلمەيدۇ.

ئەمەلىيەتتە بۇنداق ئەھۋالدا ئايال ئېرىگە ھۆرمەت قىلمىغان بىر ئىش مەۋجۇت ئەمەس بولۇپ، بۇنداق ئەھۋالنى ئايال كىشىنىڭ تەپەككۇر جەريانى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

ئەرلەر بىلىشكە تېگىشلىك يەنە بىر ئىش شۇكى، ئاياللار ئېرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بۇرۇن يۈز بەرگەن ئىشلارنى مەڭگۈ ئەستىن چىقارمايدۇ. بىر ئىش يۈز بېرىپ، بىر قانچە يىل، ھەتتا بىر قانچە ئون يىل ئۆتۈپ كەتسىمۇ ئۇ ئىش ئايالنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتمەيدۇ. مەسىلەن، سىز توي قىلىپ بولغاندىن كېيىن يەنە بىر ئايالغا ئازراق كۆڭلىڭىز چۈشۈپ قالغان، ھەمدە بۇ ئىشنى ئايالىڭىز سېزىپ قالغان بىر ئىش يۈز بەرگەن، دەيلى. گەرچە سىز بىلەن يەنە بىر ئايال ئوتتۇرىسىدا باشقا ھېچ قانداق ئېغىر خاتالىق يۈز بەرمىگەن، ئۇ ئىش شۇ يەردىلا تۈگىگەن بولسىمۇ، ئايالىڭىز 5 يىل، 10 يىل، ھەتتا 20 ـ 30 يىل ئۆتكەندىن كېيىنمۇ ئاشۇ ئىشنى يۈزىڭىزگە سالىدۇ. ئەرلەر ھازىرقى ۋاقىتتا پەقەت كۆز ئالدىدىكى مەسىلىلەر، ۋە كۆز ئالدىدىكى مۇھىم ئىشلار ئۈستىدىلا ئويلىنىدۇ. بۇرۇنقى ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلارنى ئانچە ئويلاپ قويمايدۇ. ئەمما ئاياللار ئۇنداق ئەمەس. ئۇلار بۇرۇن بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى مېڭىسىدىكى بىر ئۈچۈر ئىسكىلاتىدا ساقلاپ، ئېرى بىلەن سۆزلەشكەندە، ھېلىقى ئىشلارنىڭ ھازىرقى پاراڭ بىلەن ھېچ قانداق مۇناسىۋىتى بولمىسىمۇ، ئۇ ئىشلارنى بىر-بىرلەپ سۆرەپ چىقىپ، ئېرىنىڭ ئالدىغا تاشلايدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئاياللار ئۈچۈن بىر خىل تەبىئىي ئەھۋال بولۇپ، ئەرلەر ئۇنى توغرا چۈشىنىشى كېرەك. يۇقىرىقىدەك ئىشلارغا يولۇققاندا بەك سەكرەپ

كەتمەسلىكى كېرەك. ئېغىر بېسىق بولۇپ، ئايالغا بىر ئاز يول قويۇپ، ئىشلارنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك. مۇشۇنداق ئەھۋالدىمۇ ئەرلەر ھەرگىز ئاياللار بىلەن بەسلەشمەسلىكى كېرەك.

ئەر-ئايالنىڭ جىنسىي مۇناسىۋىتى جەريانىدا يۈز بېرىدىغان، تەپەككۇر جەريانى بىلەن باغلىنىشلىق بولغان يەنە بىر مۇھىم ئىش بار. ئۇ بولسىمۇ، بىر جۈپ ئەر-خوتۇن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈۋېتىپ، ئىشلار ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىققان بىر پەيتتە، ئايالنىڭ خىيالى بۇ ئىش بىلەن ھېچ قانداق مۇناسىۋىتى يوق باشقا بىر ئىشلارغا كېتىپ قېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن، ئايال كىشى ئاشۇنداق بىر پەيتتە ئەتىدىكى بالىنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىش، كەچلىك تاماق ئېتىش، ۋە خىزمەتتىكى بىر ۋەزىپىنى ئورۇنلاش قاتارلىق ئىشلارنى ئويلىشى مۇمكىن. بەزىدە ئايال كىشى كارىۋاتتىكى ئىش ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىققان بىر پەيتتە ھەتتا باشقا بىر تېما ئۈستىدە ئېرىگە سۆز ئېچىشىمۇ مۇمكىن: «ئامرىقىم، ئەتە بالىنى مەكتەپكە سائەت 7 دىن بۇرۇن ئاپىرىپ بولۇشنى ئۇنتۇلۇپ قالماڭ، جۇمۇ؟». بۇمۇ ئاياللارنىڭ بىر خىل تەبىئىي خۇسۇسىيىتى بولۇپ، ئەرلەر ئۇنى توغرا چۈشىنىشى كېرەك. ئاياللار كارىۋاتتا ئىش يۈز بېرىۋاتقان ۋاقىتتىمۇ بىرلا ۋاقىتتا كۆپلىگەن ئىشلار ئۈستىدە تەڭلا ئويلىنالايدۇ.

بۇ يەردە ئاياللارمۇ مۇنداق بىر ئىشنى بىلىشى كېرەك. ئۇ بولسىمۇ كارىۋاتتىكى ئىش يۈز بېرىۋاتقاندا، ئەرلەر ئاشۇ جىنسىي مۇناسىۋەتتىن باشقا ھېچ قانداق ئىشنى ئويلىمايدۇ. ئاشۇنداق بىر پەيتتە ئايالنىڭ يۈز بېرىۋاتقان ئىش بىلەن مۇناسىۋەتسىز باشقا ھەر قانداق بىر تېمىدا سۆز قىلىشى ئەرنىڭ كەيپىياتىنى ئۆلتۈرۈش رولىنى ئوينايدىغان بولۇپ، ئۇ ئەرنىڭ كەيپىياتىنى بۇزىدۇ، ھەمدە ئەرنى قاتتىق رەنجىتىدۇ.

## 3. ئاياللار روھىي كاپالەت تەلەپ قىلىدۇ

ئەرلەر ئائىلىنىڭ ماددىي، جۈملىدىن ئىقتىسادىي ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇشقا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە ساغلام بولۇشىنى ناھايىتى مۇھىم ئورۇنغا قويىدۇ. بۇ بىر ياخشى ئىش. ئەمما ئاياللار ئىقتىسادىي كاپالەتكە قارىغاندا روھىي كاپالەتنى تېخىمۇ يۇقىرى ئورۇنغا قويىدۇ. ئەرلەر «ھەر كۈنى ئەتىگەندىن كەچكىچە قاتتىق ئىشلەپ، ئائىلىنى ئىقتىسادىي كىرىم بىلەن ياخشى تەمىنلەپ ماڭسام، ئايالىمنى ئىقتىسادىي جەھەتتە رازى قىلسام ئالا، شۇ كۇپايە»، دەپ ئويلايدۇ.

ئەمما ئايال كىشى «ئېرىم ئانچە ئۆيدە تۇرماس بولۇپ قالدى، قارىغاندا ئۇنىڭ ماڭا بولغان مۇھەببىتى ئاجىزلىشىپ، ماڭا ئانچە قىزىقمايدىغان بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ»، دەپ ئويلايدۇ. ئاياللار دۇكانلارغا بېرىپ، نەرسە سېتىۋېلىشقا ئامراق، ۋە كىيىمگە تولىمۇ ئامراق بولغاچقا، ئەرلەر «ئاياللارنىڭ ماددىي ئېھتىياجى ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ»، دەپ ئويلاپ قالىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا، ئومۇميلىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئاياللار كۈچلۈك روھىي باغلىنىشقا كاپالەتلىك قىلىدىغان بىر كەمبەغەل ئەر بىلەن ئۆتۈشنى، يېتەرلىك دەرىجىدىكى روھىي باغلىنىشقا كاپالەتلىك قىلالمايدىغان بىر پۇلدار ئەر بىلەن ئۆتۈشكە قارىغاندا بەكرەك خالايدۇ. مەلۇم بىر ئىلمىي تەكشۈرۈشكە قاتناشقان 90 پىرسەنت ئاياللار ئېرىنىڭ بىر تۆۋەن مائاشلىق خىزمەتنى قىلىپ، ئۆيدە كۆپرەك تۇرۇشنى بىر يۇقىرى مائاشلىق خىزمەتنى ئىشلەپ، ئۆيدە ئانچە تۇرالماسلىقىدىن كۆپ ئۈستۈن كۆرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. يەنى، 90 پىرسەنت ئاياللار ئەرلىرىدىن تۆۋەنرەك مائاش ئالسىمۇ ئۆيدە كۆپرەك تۇرۇشنى ئىستىگەن. ئېرى مائاشنى ئاز ئالسىمۇ، ئۆيدە كۆپرەك تۇرۇپ بەرسە شۇنىڭغا بەكرەك رازى ئىكەنلىكىنى ئېيتقان.

شۇڭلاشقا، ئەرلەر ئائىلىسىنى ئىقتىسادىي كاپالەتكە ئىگە قىلىپلا قالماي، ئايالىنى روھىي جەھەتتىكى كاپالەتكىمۇ ئىگە قىلىشى كېرەك. بۇ ئىككى ئىشنى ئوخشاش دەرىجىدە ئېلىپ مېڭىشى كېرەك. ئەرلەر ئۆزىنى ھەرگىزمۇ ئائىلىسىنى ئىقتىسادىي كىرىم بىلەن تەمىنلىگەنلىكى، بىر چوڭ ئۆيى بارلىقى، ۋە ئائىلىسىنىڭ بارلىق ئىقتىسادىي ئېھتىياجىدىن چىققانلىقى ئۈچۈنلا ھەممە ئىشنى جايىدا قىلىپ بولغان بىر ئادەم ھېسابلىماسلىقى كېرەك. ئاخشىمى ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈپ تۇرغانلىقى ئۈچۈنلا «ئايالىمنى روھىي كاپالەتكە ئىگە قىلىۋاتىمەن»، دەپ ئويلاپ قالماسلىقى كېرەك. روھىي كاپالەتنى ئۇنداق ئاملار بەلگىلىمەيدۇ. ئەرلەر ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن ماددىي بايلىق ئايالىنىڭ كۆڭلىدىكى بوشلۇقلارنى تولۇق تولدۇرالمايدۇ. ئەرلەر ھازىرلاپ بەرگەن ماددىي نەرسىلەر ئايالىنىڭ روھىي جەھەتتىكى ئېھتىياجلىرىنى تولۇق قاندۇرالمايدۇ. روھىي نەرسىلەرنىڭ ئورنىنى ماددىي نەرسىلەر تولۇق ئالالمايدۇ. شۇڭلاشقا ئەرلەر ئايالىنىڭ ماددىي ۋە روھىي ئېھتىياجلىرىنىڭ ھەر ئىككىسىنى ئوخشاش دەرىجىدە قاندۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىشى كېرەك.

ئۇنداقتا روھىي كاپالەتنى قانداق ۋۇجۇدقا كەلتۈرىمىز؟ ئايالىڭىزغا پات-پات تېلېفون قىلىپ تۇرۇڭ. پات-پات ئۇچۇر يوللاپ تۇرۇڭ. خاتىرە كۈنلىرى سوۋغات ئېلىپ بېرىپ تۇرۇڭ.

ئاياللار ئېرىدىن تەلەپ قىلىدىغان يەنە بىر نەرسە ئۇنىڭ ۋاقتى. ئەرلەر ئۈچۈن «ۋاقىت» دېگەن سۆز ئۇنىڭ قولىغا تاقىۋالغان سائەتنى كۆرسىتىدۇ. ئاياللار ئېرىگە «سىز زادىلا مەن ئۈچۈن ۋاقىت سەرپ قىلمايسىز» دېسە، ئۇنىڭ ئېرى دەرھاللا «مەن ھەر كۈنى 6 سائەت ئۇخلايمەن، 8 سائەت ئىشلەيمەن، قالغان 10 سائەت ۋاقىت ئۆيدە ئايالىم بىلەن بىللە بولىمەن»، دەپ، بىر خىل ۋاقىت ھېسابلاش ھالىتىگە كىرىپ كېتىدۇ. ھەمدە «مەن سىز بىلەن ھەر كۈنى 10 سائەت بىللە يۈرسەم، يەنە نېمىشقا مەندىن ۋاقىت بەرمىدى، دەپ قاقشايسىز»، دەپ ئويلايدۇ. ۋاقىتقا كەلگەندە ئاياللارنىڭ ئېنىقلىمىسى ئەرلەرنىڭ ئېنىقلىمىسىغا قەتئىيلا ئوخشىمايدۇ. ئەرلەر سائەتنى كۆزدە تۇتىدۇ. ئاياللار بولسا ئېرى ئۆزى ئۈچۈن سەرپ قىلغان سۈپەتلىك ۋاقىتلارنى كۆزدە تۇتىدۇ. ئېرىنىڭ ئۆزىگە دىققەت بەرگەن، باشقا ھېچ قانداق ئىشنى ئويلىماي، پەقەت ئۆزىنىلا ئويلاپ، پەقەت ئۆزىگىلا دىققەت بەرگەن، پەقەت ئۆزىگىلا كۆڭۈل بۆلگەن ۋاقىتلارنى كۆزدە تۇتىدۇ. سىز ھەپتىدە 5 كۈن ئىشلەيسىز. شەنبە-يەكشەنبە كۈنلىرىنىڭ ئاخشىمى بىرەر تېلېۋىزور پروگراممىسى، بىرەر مۇسابىقە كۆرمەكچى بولىسىز. ئايالىڭىز ئۈچۈن ئەنە شۇ ۋاقىت ئەڭ سۈپەتلىك ۋاقىت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. سىز ئاشۇنداق ۋاقىتلارنى ئايالىڭىز بىلەن بىللە ئۆتكۈزۈشنى خالىمىسىڭىز، ئايالىڭىزغا ئۆزىڭىزنىڭ ئەڭ سۈپەتلىك ۋاقىتلىرىنى بەرمىگەن بولىسىز. ئايالىڭىز بۇ ئىشلارنى ئەنە شۇنداق چۈشىنىدۇ.

بۇ دېگەنلىك ھەرگىزمۇ سىز بىر قىسىم بوش ۋاقتىڭىزنى باشقا دوست ياكى تونۇشلىرىڭىز بىلەن ئۆتكۈزمەڭ، دېگەنلىك ئەمەس. سىز بىر قىسىم بوش ۋاقتىڭىزنى چوقۇم ئاشۇنداق كىشىلەر بىلەن بىللە ئۆتكۈزۈشىڭىز كېرەك. ئەمما ئايالىڭىزنىڭ بىر قىسىم سۈپەتلىك ۋاقىتلارنى سىز بىلەن بىللە ئۆتكۈزگۈسى بارلىقىنىمۇ ئەستىن چىقىرىپ قويماسلىقىڭىز كېرەك.

## 4. ئاياللار ئېرىدىن بىر سەپداش، بىر دوست بولۇپ بېرىشنى ئىستەيدۇ

ئاياللار ئۈچۈن بىر غايىۋى ئەر ئۆزىگە ئەڭ يېقىن دوست بولۇپ بېرەلەيدىغان ئەردىن ئىبارەت. ئەرلەر ئۈچۈن ئەھۋال ئۇنداق ئەمەس.

ئەرلەرنىڭ ئەڭ ياخشى دوستى ئۇنىڭ ئايالى بولۇشى ناتايىن. ئەرلەر ئايالىنى ئۆلگۈچە ياخشى كۆرۈپ تۇرۇپ، ئۆزى ئۇچۇن يەنە باشقا بىر ئەڭ ياخشى دوست تۇتالايدۇ. ئەمما ئەرلەر ئايالىدىن ئۆزىنى ناھايىتى قاتتىق سۆيۈشنى ئىستەيدىكەن، ئۇلار چوقۇم ئايالىنىڭ ئەڭ ياخشى دوستىغا ئايلىنىشى كېرەك.

ئەڭ ياخشى دوستلارنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى، ئۇلارنىڭ بىر-بىرىنىڭ دەردىنى ۋە باشقا پاراڭلىرىنى ئاڭلاپ بېرىشتىن ئىبارەت. ئاياللار بەزىدە ئېرىنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۆزىنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلغان، ئۆزىنىڭ بېشىنى ئاغرىتقان، ۋە كۆڭلىنى رەنجىتكەن ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىدۇ. ئېرى بىلەن ھېچ قانداق مۇناسىۋىتى يوق ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىدۇ. شۇنداق ۋاقىتتا ئەرلەر «ئايالىم ئۆزىنىڭ مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن مېنىڭ يېنىمغا كېلىپتۇ» ، دەپ ئويلاپ قالىدۇ. ھەمدە «سىز ماۋۇ ئىشنى خاتا قىلىپسىز، سىز ئاۋۇ ئىشنى قىلمىسىڭىز بولاتتى، سىز ماۋۇ گەپنى دېمىسىڭىز بولۇپتىكەن» ، دېگەندەك گەپلەر بىلەن ئايالىغا ياردەم قىلىشقا، ئايالىنىڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىۋېتىشكە ئۇرۇنىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئايالىنىڭ ئىستەيدىغىنى ئۇ ئەمەس. ئەرلەر بىر دوستىنىڭ يېنىغا بېرىپ دەرد تۆككەندە ياكى بىرەر مەسىلە ئۈستىدە گەپ قىلغاندا، ئۇ قارشى تەرەپتىن ئۆزىگە بىر خىل مەسلىھەت بېرىشنى، ئۆزىگە مەسىلە ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇلىنى دەپ بېرىشنى ئىستەيدۇ. ئەمما، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئايالىڭىز سىز بىلەن مۇناسىۋەتسىز مەسىلىلەرنى سىز ئارقىلىق ھەل قىلىۋېلىشنى ئىستىمەيدۇ. ئۇ پەقەت ئىچىنى بوشىتىۋېلىش ئۈچۈن بىر جورە ئىزدەيدۇ. گېپىنى ئاڭلاپ بېرىدىغان، ھەمدە ئۆزىگە ھېسداشلىق قىلىدىغان بىر ئادەم ئىزدەيدۇ. ھەمدە سىزنى ئاشۇنداق ئادەملەرنىڭ بىرى ھېسابلاپ، سىزنىڭ قېشىڭىزغا كېلىدۇ. بۇنداق ۋاقىتلاردا سىز ھېچ ئىش قىلماي، پەقەت ئايالىڭىزنىڭ گەپلىرىنى قۇلاق سېلىپ ئاڭلاپ بەرسىڭىز، ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىپ، ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى قوللاپ بەرسىڭىزلا كۇپايە قىلىدۇ. ئايالىڭىز ئۈچۈن بۇ سىزنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ئەڭ سۈپەتلىك ۋاقىتلارنى بىللە ئۆتكۈزگەنلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئىمكانىيىتىڭىز يار بەرسە، كېلەر قېتىم بىر قانچە ئاياللار توپلىشىپ پاراڭلىشىۋاتقان بىر سورۇنغا بىر ئاز دىققەت قىلىپ قويۇڭ. ئەرلەر 5 مىنۇتتا قالماي پاراڭلىشىپ تۈگىتىپ بولىدىغان بىر تېما ئۈستىدە ئاياللار 30 مىنۇت، بىر سائەت، ھەتتا بىر قانچە سائەت پاراڭلىشىدۇ. ئۇلار بىر تېمىنى

تەكرارلاپ، بىر تېمىنى ئۆزۈنغا سوزۇپ، ناھايىتى ئۇزۇن پاراڭلىشىدۇ. بۇنداق ئەھۋال بەزىدە ئەرلەرنىڭ ئىچىنى پۇشۇرۇۋېتىدۇ. سەۋەبى سىز بىر ئەر بولغاچقا، بۇنداق ئىشلارغا بىر ئەرلىك خاراكتېرنى ئىشقا سېلىپ تۇرۇپ مۇئامىلە قىلىسىز. ئەمما ئاياللار ئۈچۈن بۇ بىر ناھايىتى نورمال ئىش. ئاياللار ئۈچۈن مانا بۇ ئۇلارنىڭ نورمال ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلى. ئاياللارنىڭ ئۆزىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بېرىدىغان، ئۆزىگە ھېسداشلىق قىلىدىغان، ۋە ئۆزىنىڭ دەردىنى كۆتۈرۈشۈپ بېرىدىغان كىشىلەرگە ئېھتىياجى بار.

ئاياللارنى بىئارام قىلىدىغىنى ئۇلار يولۇققان مەسىلىنىڭ ئۆزى بولماستىن، بەلكى ئاشۇ مەسىلە كەلتۈرۈپ چىقارغان ھېسسىيات ياكى كەيپىياتتۇر. ئەرلەر ئاسانلىقچە باشقا ئەرلەر بىلەن ئۆزلىرىنىڭ كەيپىياتى ياكى ھېسسىياتى ئۈستىدە پاراڭلاشمايدۇ. ئۇلار ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى باشقىلارغا دېيىشتىن ئەيمىنىدۇ ياكى نومۇسلىنىدۇ. شۇڭلاشقا ھېسسىيات توغرىسىدا پاراڭلاشماي، مەسىلە ئۈستىدە پاراڭلىشىدۇ. ئاياللار بولسا ھېسسىيات ئۈستىدە پاراڭلىشىدۇ. ئۇلار «مەن رەنجىدىم، مېنىڭ كۆڭلۈم ئاغرىدى، مەن ناھايىتى خاپا بولۇپ كەتتىم» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ قارشى تەرەپتىن ئىستەيدىغىنى بىر خىل ھېسداشلىقتىن ئىبارەت.

ئەرلەر ئۈچۈن ئاياللىنىڭ يۇقىرىقىدەك پاراڭلىرىنى ئاڭلاپ بېرىش ئانچە ئاسان ئىش ئەمەس. ئەرلەر ئۈچۈن ئىككى مىنۇتتا تۈگەيدىغان گەپنى ئۇلار ئاياللىدىن 10 ـ 20 مىنۇت ئاڭلاپ بەرمىسە بولمايدۇ. شۇڭلاشقا بۇنداق ئىشلار ئەرلەر ئۈچۈن تولىمۇ ئىچ پۇشۇرىدىغان، ئادەمنى ناھايىتى زېرىكتۈرۈۋېتىدىغان ئىشلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ ئەرلەر مۇشۇنداق ئەھۋالدا چوقۇم ئاياللىنىڭ گېپىنى تولۇق زېھىن بەرگەن ئاساستا ئاڭلاشنى ئۆگىنىشى كېرەك. ئەگەر سىز ئۇنداق قىلمايدىكەنسىز، سىز بىر كۆيۈمچان ئەر بولالمايسىز.

ئەگەر ئايالىڭىزنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن سىز نېمە ئىش قىلىشنى بىلەلمەي قالىدىكەنسىز، سىز ئۇنىڭدىن «ئامرىقىم، مەن سىزگە بىرەر چارىنى تەۋسىيە قىلايمۇ، ياكى ئۆزىڭىز بىر ئاز ئويلىنىپ باقامسىز؟» ، دەپ سوراپ بېقىڭ. ھەرگىزمۇ ئايالىڭىز گېپىنى تۈگىتىپ بولغۇچە سىز ئۇنىڭغا مەسىلە ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇللىرىنى دەپ بېرىشكە ئالدىراپ كەتمەڭ.

تۇرمۇشلۇق بولۇش دېگەنلىك، بىر جۈپ ئەر-ئايال بىر-بىرىگە بېرىپ، بىر-بىرىدىن ئېلىش دېمەكلىكتۇر. سىز ئالدى بىلەن ئاياللىرىڭىز ئىستىگەن نەرسىنى بېرىشىڭىز كېرەك. پەقەت شۇنىڭدىن كېيىنلا سىز ئۇنىڭدىن ئۆزىڭىز ئىستىگەن نەرسىنى ئالالايسىز. رومانتىك بولۇش دېگەنلىك، سىز ئاياللىرىڭىزغا ئۇنى ئويلاپ تۇرىۋاتقانلىقىڭىزنى، ئۇنىڭغا كۆيۈنىدىغانلىقىڭىزنى، ۋە ئۇنى قەدىرلەيدىغانلىقىڭىزنى بىلدۈرۈپ تۇرۇش، دېگەنلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئەگەر سىز ئاياللىرىڭىزغا كۆيسىڭىز، ئاياللىرىڭىز ئۆزىنى سىزنىڭ قەلبىڭىزدە 1-ئورۇندا تۇرىدىغان نەرسە ھېسابلاپ، شۇنىڭ مۇكاپاتى ئورنىدا ئاياللىرىڭىز سىزگە ھۆرمەت ئاتا قىلىدۇ. ئۇ سىزنى ئۆزىنىڭ قەلبىدىكى 1-ئورۇنغا قويىدۇ. تۇرمۇشلۇق بولۇش بىر ئۆز-ئارا ھەمكارلىق ئاساسىغا قۇرۇلغان ئىش بولۇپ، بۇ ئىشتا ھەر ئىككى تەرەپ تەڭ كۈچ چىقىرىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ئائىلە مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا داۋاملىشىپ ماڭىدۇ.

## 5. ئاياللار ئۈچۈن جىنسىي مۇناسىۋەت ھېسسىي مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىدىغان نەرسە

ئاياللار ئۈچۈن جىنسىي مۇناسىۋەت روھىي مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىش ۋاستىسى بولۇپ، كۆڭۈل ئېچىش ۋاستىسى ئەمەس. ئەرلەرنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەتكە فىزىكىلىق ئېھتىياجى بار. شۇڭلاشقا ئۇلار جىنسىي مۇناسىۋەتنى قوغلىشىدۇ، ئۇنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىدۇ، ۋە جىنسىي مۇناسىۋەت جەريانىنى ئۆزى باشلاپ بېرىدۇ. ئاياللارنىڭ بۇ جەھەتتىكى فىزىكىلىق ئېھتىياجى ھەرگىزمۇ روھىي جەھەتتىكى ئېھتىياجىدەك كۈچلۈك بولمايدۇ. شۇڭلاشقا ئەگەر بەزىدە ئاياللىرىڭىز جىنسىي مۇناسىۋەتكە قىزىقمىسا، سىزگە تېزلا «ماقۇل» دېمىسە، ياكى بۇ ئىشقا پەقەتلا ئۇنىمىسا، سىز ئۇنى ئۆزىڭىزگە ئېلىپ كەتمەڭ. «ئايالىم باشقا ئاياللارغا ئوخشىمايدۇ»، دەپ ئويلىماڭ. ئاياللىرىڭىزنىڭ ئۇنداق قىلىشى سىزنىڭ بۇرۇنقى بۇ جەھەتتىكى ئىپادىڭىز بىلەن ئاساسەن مۇناسىۋەتسىز.

ئەرلەر بىر ئايالنى ياخشى كۆرۈپ قالغاندا، ئۇلار ئىستەيدىغان بىرىنچى ئىش ئاشۇ ئايال بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىش. ئاياللار بىر ئەرنى ياخشى كۆرۈپ قالغاندا، ياكى ئۆزىنى قاتتىق ياخشى كۆرگەن بىر ئەرگە يولۇققاندا، ئۇلار ئىستەيدىغان بىرىنچى مۇھىم ئىش ئاشۇ ئەر بىلەن

ھېسسىيات جەھەتتە ياخشى مۇناسىۋەت بەرپا قىلىش بولۇپ، ئۇلار ئۆچۈن جىنسىي مۇناسىۋەت ئىككىنچى ئورۇندىكى ئىش بولىدۇ. ئاياللار ئېرىگە «مېنىڭ بۆگۈن بۇ ئىشنى قىلغۇم يوق» ، دېسە، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ دېگىنى راست بولىدۇ. يەنى، ھەقىقەتەنمۇ ئۇنىڭ شۇ ۋاقىتتا بۇ ئىشنى كۆڭلى تارتمىغان بولۇپ، ئۇ ھەرگىزمۇ بىرەر باھانە كۆرسىتىۋاتقان ئىش ئەمەس. ئەرلەر ئۈچۈن كارىۋاتتىكى ئىش بىر خىل ھۇزۇرلىنىش بولۇپ، ئۇ ئارقىلىق ئەرلەر كۆڭلىنى تىنچىتىپ، بىر خىل يۇقىرى دەرىجىلىك كۆڭۈلنى ئارام تاپقۇزۇش مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ. ئەمما ئاياللار بىر كۈن ئىشلەپ، بالىدىن خەۋەر ئېلىپ، ئائىلىسىدىكىلەر ئۈچۈن تاماق تەييارلاپ، قاتتىق چارچاپ كەتكەن ۋاقىتتا، كارىۋاتتىكى ئىش ئۇلار ئىستەيدىغان ئىشلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ئورۇندىكىسى بولۇپ قالىدۇ. كارىۋاتتىكى ئىش يۈز بەرگەن تەقدىردىمۇ، ئۇ ھەرگىزمۇ ئاياللارنىڭ كۆڭلىنى ئەرلەرگە ئوخشاش راھەتلەندۈرمەيدۇ، ۋە ھەرگىزمۇ ئاياللارنىڭ كۆڭلىگە ئەرلەرگە ئوخشاش ئارام بەرمەيدۇ. ئۇنداق كۈنلىرى كارىۋاتقا چىقىپ، كۆزىنى يۇمۇپ ئۇخلاش ئاياللار ئۈچۈن قىلىشنى ئەڭ خالايدىغان ئىش بولۇپ قالىدۇ. شۇڭلاشقا ئەرلەر بۇ ئەھۋاللارنى توغرا چۈشىنىشى كېرەك.

بۇ دېگەنلىك ھەرگىزمۇ ئەرلەر كارىۋاتتىكى ئىشلاردىن ئۆزىنى تارتىشى كېرەك، دېگەنلىك ئەمەس. ئاياللارنىڭ كۆڭلى بەك نازۇك بولغاچقا، ئۇلار بىر قىسىم روھىي تەييارلىقلاردىن كېيىن ئاندىن ئېرى بىلەن كارىۋاتقا چىقىشنى ئىستەيدۇ. بۇ يەردىكى روھىي تەييارلىق ئېرىنىڭ تاتلىق سۆزلىرىنى ئاڭلاش، ئېرىنىڭ كۆڭلىدە ئۆزىنىڭ 1-ئورۇندىكى نەرسە ئىكەنلىكىنى، ئېرىنىڭ ئۆزىگە كۆيۈندىغانلىقىنى، ئۆزىنى قەدىرلەيدىغانلىقىنى ۋە ئۆزىگە ئېتىۋار بېرىدىغانلىقىنى، ۋە ھازىر ئېرى ئۆزىگە ئەڭ ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى بىلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سىز ئايالىڭىزغا قانچە قاتتىق يېپىشسىڭىز، ئايالىڭىزمۇ ھېسسىيات جەھەتتە ئۆزىنى سىزگە شۇنچە يېقىن تۇتىدۇ. بۇ كارىۋاتتىكى ئىش ئۈچۈنمۇ ئىنتايىن پايدىلىق.

كىيىمسىز ئايال ئېرىنى ئىنتايىن قاتتىق جەلپ قىلىدۇ، ۋە ئېرىنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەت ئىستىكىنى ئىنتايىن كۈچلۈك دەرىجىدە قوزغىيالايدۇ. ئەمما ئاياللار ئۇنداق ئەمەس. ئاياللار كىيىمسىز ئېرىنى كۆرگەندە يالغۇز ئۇنىڭغا ئازراقمۇ قىزىقمايلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭ ئەكسىچە ئېرىدىن سەسكىنىدۇ. شۇڭلاشقا ھەرگىزمۇ «مېنى يالىڭاچ ئايال تولىمۇ جەلپ

قىلىدۇ، شۇڭا مەنمۇ يالىڭاچ بولۇپ ئايالىمنى قاتتىق جەلپ قىلالىشىم مۇمكىن» ، دەپ ئويلاپ قالماڭ. ئۇ پۈتۈنلەي ئەكس تەسىر بېرىدۇ.

قىسقىسى، سىزنىڭ ئايالىڭىزغا ئاشخانا ئۆيىڭىزدە قانداق مۇئامىلە قىلغىنىڭىز، ئۇنىڭ كارىۋاتتا سىزگە قانداق مۇئامىلىدە بولۇشىنى بەلگىلەيدۇ.

## 6. ئايالالار كىيىم ۋە زىننەت بۇيۇملىرى ئىشلەتكەندە ئۆزىنى گۈزەل ھېسابلايدۇ

ئايالالار ئۆزىنىڭ كىيىمگە ئىنتايىن قاتتىق دىققەت قىلىدۇ. ھەر ۋاقىت ياخشى كىيىملەرنى كىيىش، ۋە ياخشى زىننەت بۇيۇملىرىنى تاقاش ئارقىلىق ئۆزىدە «مەن ناھايىتى چىرايلىق» دەيدىغان تۇيغۇ ھاسىل قىلىشقا تىرىشىدۇ. شۇنداقلا ئۆزى ياخشى كىيىنگەندە ۋە ئۆزىنى ياخشى پەردازلىۋالغاندا ئېرىنىڭ ئۆزىگە شۇ زامانلا دىققەت قىلىشىنى، ئېرىنىڭ ئۆزىنىڭ چىرايلىق قىياپىتىنى شۇ ۋاقىتتىلا سېزىۋېلىشىنى ئىستەيدۇ. شۇ ئارقىلىق سىزنى ئۆزىگە بەكرەك جەلپ قىلىشنى، ۋە سىزنىڭ مىننەتدارلىقىڭىز ۋە قەدىرلىشىڭىزگە ئېرىششنى ئويلايدۇ. ئەگەر ئايالىڭىز چىرايلىق ياسىنىۋالغاندا سىز ئۇنىڭغا دىققەت قىلمايدىكەنسىز، ياكى ئۇنىڭغا پىسەنت قىلمايدىكەنسىز، ئۇ سىز سادىر قىلغان ئەڭ ئېغىر جىنايەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئايالىڭىز بىر قېتىم چىرايلىق كىيىنىپ ۋە ئۆزىنى چىرايلىق پەردازلىۋالغاندا سىز ئۇنىڭغا دىققەت قىلمايدىكەنسىز، ئۇنىڭ ئەجرىگە باربىكاللا ئېيتمايدىكەنسىز، ۋە ئۇنى چىرايلىق سۆزلەر بىلەن ماختاپ قويمايدىكەنسىز، ئايالىڭىزنىڭ كېيىنكى قېتىم سىز ئۈچۈن ئەنە شۇنداق ياسىنىش ئىستىكىنى پۈتۈنلەي يوق قىلىۋېتىسىز. شۇڭلاشقا ئايالىڭىز ياسانغاندا چوقۇم ئۇنىڭغا كۆڭلىڭىزدە ۋە ئېغىزىڭىزدا قاتتىق دىققەت بېرىڭ.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئايالىڭىزنىڭ ئالدىدا ھەرگىزمۇ باشقا بىر ئايالغا بەك سىنچىلاپ قاراپ كەتمەڭ. باشقا بىر ئايالغا قاتتىق كۆز تاشلاپ كەتمەڭ. قايسى مىللەتنىڭ ئادىمى ۋە قايسى دىنىنىڭ ئادىمى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىر ئەرنىڭ ئايالىنىڭ ئالدىدا يەنە بىر ئايالغا قاتتىق كۆز تاشلىشى بىر ئازراقمۇ قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان ئېغىر خاتالىق، بىر سۆكۈت قىلغىلى بولمايدىغان گۇناھ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئاشۇنداق

ئىشنى قىلىدىكەنسىز، سىز ئايالىڭىزنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىۋېتىسىز. ئۇنىڭ سىزگە بولغان مۇھەببىتىنى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىۋېتىسىز. ئايالىڭىزنىڭ ئالدىدا يەنە بىر ئايال بىلەن چاقچاق قىلىشىشمۇ بىر ئېغىر قىلىقسىزلىق، بىر ئېغىر ئەدەپسىزلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنداق قىلىقلار ھەرگىزمۇ ئايالىڭىزنىڭ سىزگە بولغان مۇھەببىتىنى كۈچەيتمەيدۇ، بەلكى دەل ئۇنىڭ ئەكسىنى قىلىدۇ. شۇڭلاشقا سىز ھەر ۋاقىت ۋە ھەممە جايدا چوقۇم ئايالىڭىزنى 1-ئورۇنغا قويۇپ، ئايالىڭىز ئۆزىڭىز ئۈچۈن دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل ئايال ئىكەنلىكىنى ئايالىڭىزغا بىلدۈرۈپ تۇرۇڭ.

ئاياللار ئۆزىنىڭ كىيىملىرىنى داۋاملىق تۈردە باشقا ئاياللارنىڭكى بىلەن سېلىشتۇرۇپ تۇرىدۇ. ئەمما ئەرلەر ئۇنداق ئەمەس. ئەرلەر ئادەتتە ھەرگىزمۇ ئۆزىنىڭ كىيىمىنى باشقا ئەرلەرنىڭ كىيىمى بىلەن سېلىشتۇرمايدۇ. ئاياللار داۋاملىق تۈردە «مەن ھازىرمۇ چىرايلىق تۇرۇۋاتىمەنمۇ؟»، «مېنىڭ تۇرقۇم باشقىلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلالامدۇ؟»، «2-بالىنى تۇغۇپ بولغاندىن كېيىن مېنىڭ بەدىنىم سەل ئۆزگىرىپ كەتكەنمىدۇ؟» دېگەندەك ئويلاردا بولۇپ، ئۆزىنىڭ تۇرقى ۋە ئۆزىنىڭ پىگورى ھەققىدە ھەر خىل گۇمانلاردا يۈرۈيدۇ. شۇڭلاشقا ئەرلەر ئايالىغا ھەر ۋاقىت ئۇنىڭ ئەڭ گۈزەل ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭغا ئەڭ قول قويىدىغانلىقىنى، ۋە ئۇنى ناھايىتىمۇ سۆيىدىغانلىقىنى دەپ تۇرۇشى كېرەك. ئايالىنىڭ گۈزەل ئىكەنلىكىنى، ۋە ئۆزىنىڭ ئايالىغا ناھايىتىمۇ كۆيىدىغانلىقىنى داۋاملىق تۈردە ئېغىزدىكى سۆزى بىلەن ئىپادىلەپ تۇرۇشى كېرەك.

## 7. ئاياللار قىلغان ئىشلارنى ئەقىلگە مۇۋاپىقلاشتۇرۇش (راتسىئوناللاشتۇرۇش) قا ئۇرۇنماڭ

ئەرلەر ئايالى قىلغان ھەر بىر ئىشنىڭ ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىكەنلىكى-ئەمەسلىكىنى تەكشۈرۈپ ئولتۇرماسلىقى كېرەك. ئاياللارنىڭ بىر ئىشنى ئويلىشى ۋە بىر ئىشنى قىلىشى ئەرلەرنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. ياراتقۇچىمىز ئەرلەر بىلەن ئاياللارنى ئەنە شۇنداق پەرقلىق ياراتقان. شۇڭلاشقا ئەگەر سىز ئايالىڭىزغا بىر ئەرگە مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىدىكەنسىز، ئۇ سىزنىڭ مۇئامىلىڭىزنى كۆتۈرەلمەيدۇ. ئەڭ ئاخىرى بېرىپ يېرىلىپ كېتىدۇ.

سىزنىڭ نامۇۋاپىق مۇئامىلىڭىز ئۇزۇن مۇددەت داۋاملىشۋېرىدىكەن، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى ئاجرىشىش بولۇپ چىقىدۇ.

قىسقىسى، ئەرلەر ئايالىغا چوقۇم بىر ئايال كىشىگە مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىشى كېرەك. يەنى، ئايالىلار ھېسسىياتتا، جىسمانىي جەھەتتە، فىزىئولوگىيىلىك جەھەتتە، ۋە پىسخولوگىيىلىك جەھەتتە ئەرلەر بىلەن ئوخشىمايدۇ. شۇڭلاشقا ئەرلەر ئايالىغا چوقۇم ئايال كىشىلەرگە ماس كېلىدىغان مۇئامىلىدە بولۇشى كېرەك.

## پايدىلىنىش مەنبەسى:


[1] What men & women need to know about each other - Dr. Yasir Qadhi | 25th May 2013
https://www.youtube.com/watch?v=UqtBCxspzJw

[2] What MEN need to KNOW about WOMEN
https://www.youtube.com/watch?v=VR395_rb8pc&t=6s

# ئاياللار بىلىشكە تېگىشلىك ئەرلەرگە ئائىت مۇھىم ئىشلار

2016-يىلى 12-ئاينىڭ 5-كۈنى

مەن ئالدىنقى ماقالىدە ئەرلەر بىلىشكە تېگىشلىك ئاياللارغا ئائىت مۇھىم ئىشلارنى بايان قىلىپ ئۆتتۈم. مەزكۇر ماقالىدە ئاياللار بىلىشكە تېگىشلىك ئەرلەرگە ئائىت مۇھىم ئىشلارنى تەسۋىرلەپ ئۆتىمەن.

مەن 2016-يىلى 3-ئايدىن بۇرۇن تورلاردا ئېلان قىلغان، باشقا بىر مەنبەدىكى (مەسىلەن، دوكتور ياسىر قازىنىڭ لېكسىيىسىدىكى) مەزمۇنلارنى ئاساس قىلغان ماقالىلەردە، مەنبە ھەققىدە مەخسۇس ئايرىم چۈشەنچە بەردىم. ھەمدە ئۆزۈمنىڭ ئويلىغانلىرىنى بىر «ئىلاۋە» ئىبارىسى بىلەن باشلانغان ئايرىم ئابزاستا بايان قىلىپ، باشقىلارغا تەۋە مەزمۇن بىلەن ئۆزۈمگە تەۋە مەزمۇننى ناھايىتى ئېنىق ئايرىپ ماڭدىم. ئەمما، ۋەتەندىكى تورلارنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن، 2016-يىلى 3-ئايدىن كېيىن ئۇنداق قىلماسلىققا مەجبۇرى بولدۇم. مەزكۇر ماقالىمۇ كېيىنكى خىلدىكى ماقالىغا كىرىدىغان بولۇپ، ئۇنى ئۆز ۋاقتىدا تورلارغا چىقارغاندا مەنبە ھەققىدە ھېچ قانداق چۈشەنچە بېرەلمەي قالدىم. مەن ئوقۇرمەنلەردىن بۇ ئىشنى توغرا چۈشىنىشنى سورايمەن. مەن تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنى ماقالىنىڭ ئاستىدىكى ئىككى مەنبەدىن ئالدىم. ئۇنىڭ بىرىنچىسى دوكتور ياسىر قازى 2013-يىلى 25-مايدا ئامېرىكىدا ئۆتكۈزۈلگەن «شىمالىي ئامېرىكا مۇسۇلمانلار قۇرۇلتىيى» دا بەرگەن بىر مەيدان ئىلمىي دوكلاتنىڭ ۋىدېئو فىلمى. ئۇنىڭ ئىككىنچىسى بولسا دوكتور ياسىر قازى ئۆزى ئىشلەيدىغان ئالىي مەكتەپتە كۆپ يىللاردىن بۇيان دەرس قىلىپ سۆزلەپ كېلىۋاتقان مەزمۇن بولۇپ، بۇ ۋىدېئو فىلمى 2013-يىلى 27-مارتتا تارقىتىلغان. تۆۋەندىكىسى ماقالىنىڭ رەسمىي مەزمۇنلىرى.

ھازىرقى زامان پسىخولوگىيە ئىلمىدە بايقىلىشىچە، ئاياللار بىلىشكە تېگىشلىك ئەرلەرگە ئائىت مۇنداق مۇھىم ئىشلار بار:

## 1. ئەرلەر ئايالىدىن ئىستەيدىغان بىرىنچى ئورۇندىكى نەرسە ھۆرمەتلىنىشتىن ئىبارەت

ئەگەر بىر ئايال ئېرىنى قاتتىق ھۆرمەتلىسە، ئېرىگە چوڭقۇر ھۆرمەت بىلدۈرسە، ئېرى ئۇنىڭغا ئاياللار ئىستەيدىغان 1-ئورۇندىكى نەرسىنى، يەنى مەڭگۈ ئۆزۈلمەس سۆيگۈ، ۋە مەڭگۈ توختاپ قالمايدىغان كۆيۈنۈش كۆڭلىنى بېرىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئەر ئايالىنى ھەر دائىم 1-دەرىجىلىك مۇھىم ئورۇنغا قويىدۇ. ئەر ئايالىغا ھەر ۋاقىت «سىزنى ئويلاپ تۇرۇۋاتىمەن، سىزگە كۆڭۈل بۆلۈپ تۇرۇۋاتىمەن، ئىزچىل تۇردە سىزنىڭ ئوتىگىزدا كۆيۈۋاتىمەن» دېگەن ھېسسىياتنى نامايان قىلىدۇ. دېمەك، ئەرلەرنىڭ ئىستەيدىغىنى ھۆرمەت. ئەرلەر ھۆرمەتكە ئېرىشەلىسە، ئاندىن ئايالىغا سۆيگۈ بېرىدۇ. ئايالىنى ھەر ۋاقىت قەدىرلەيدۇ. ئايالىغا ھەر ۋاقىت ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇنىغا داۋاملىق كۆيۈنىدۇ. ئەر ئايالىنى قاتتىق سۆيسە، ئايالىغا قاتتىق كۆيسە، شۇنىڭغا جاۋابەن ئايال ئېرىنى چوڭقۇر ھۆرمەتلەيدۇ.

قۇرئاندا مۇنداق دېيىلگەن: **«ئەرلەر ئاياللارنىڭ ھامىيلىرىدۇر، بۇ ئاللاھنىڭ ئۇلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن (يەنى ئەرلەرنى كۈچ-قۇۋۋەت، غازاتقا چىقىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئاياللاردىن) ئارتۇق قىلغانلىقىدىندۇر ۋە ئەرلەرنىڭ ئۆز پۇل-ماللىرىنى سەرپ قىلغانلىقىدىندۇر (يەنى ئاياللارنىڭ نەپىقىسى ئەرلەرنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەنلىكتىندۇر) [4:34].»** بۇ سۈرىنىڭ مەنىسى ئەر-ئايال مۇناسىۋىتىدە ئەرلەر باشقۇرغۇچى ئورنىدا تۇرىدۇ، دېگەندىن ئىبارەت. ئەرلەرگە ئاشۇنداق ئورۇن بېرىلگەندە، ئۇلارمۇ ئايالىغا كۆيىدۇ.

بۇ ھەقتە بۇخارى بىلەن مۇسلىمدا بىر كۈچلۈك ۋە داڭلىق ھەدىسمۇ بار. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن: «مۇئەد» ئىسىملىك بىرەيلەن سۈرىيەگە بېرىپ كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسچىتىگە كىرگەن ھامان، ئۇ يەردە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا باش ئۇرۇپ، تەزىم قىلىدۇ. بۇنى كۆرگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن: «ئەي مۇئەد، نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟ كىم سېنى ماڭا تەزىم قىلىشقا بۇيرۇدى؟» دەپ سورايدۇ. مەئۇد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىدۇ: «مەن ھازىرلا سۈرىيەدىن قايتىپ كەلدىم. ئۇ يەرگە بارغاندا، ئۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ھۆرمەت نۇقتىسىدىن رەببايىغا تەزىم قىلىدىغانلىقىنى كۆردۈم.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ رەببايلارغا قارىغاندا سىز تېخىمۇ كۈچلۈك ھۆرمەتكە لايىق، دەپ ئويلاپ، ھازىر سىزگە تەزىم قىلدىم.» شۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئالالاھ بىر ئىنساننىڭ يەنە بىر ئىنسانغا تەزىم قىلىشىنى چەكلىگەن. ئەگەر ئالالاھ مۇشۇنداق ئىشقا يول قويغان بولسا، مەن ئەرلىرىگە بولغان ھۆرمىتى ۋە مەسئۇلىيىتى نۇقتىسىدىن ئاياللارنى ئەرلىرىگە تەزىم قىلىشقا بۇيرۇغان بولاتتىم.» بۇ يەردىكى تەزىم ھۆرمەتنى بىلدۈرىدىغان تەزىم بولۇپ، بۇ ۋەقەدىن بىز مۇنداق بىر ئىشنى بىلىۋالالايمىز: ئاياللار ئەرلىرىنى ھۆرمەتلىشى كېرەك. شۇ چاغدىلا ئۇلار ئېرىنىڭ سۆيگۈسىگە، قەدىرلىشىگە ۋە كۆيۈنۈشىگە ئېرىشەلەيدۇ.

ئاياللار ئېرىنى ھۆرمەتلىگەن، ۋە ئېرىگە «مەندىن ۋە ئائىلىدىن خەۋەر ئالىدۇ» دەپ ئىشەنگەن ۋاقىتتا، ئەرلەر ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق قىلىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ ئايالىدىن ۋە ئائىلىسىدىن ياخشى خەۋەر ئالىدۇ. ئاياللار ئائىلىدىكى «باشلىق» بولۇشقا ئۇرۇنماي، ئېرى بىلەن ھۆكۈمرانلىق ئورنى تالاشماي، ئېرىگە ئىشەنمەي ۋە ئېرى قىلغان ھەر بىر ئىشتىن گۇمانلىنىپ يۈرمەي، ۋە داۋاملىق تۈردە ئېرىنى باشقۇرۇۋېلىشقا تۇرمىغاندا، ئۇنىڭ ئەكسىچە، ھەر ۋاقىت ئېرىگە ئىشەنگەندە ئەرلەر ئايالىغا كۆيۈنىدۇ، ئايالىغا نىسبەتەن رومانتىك ھېسسىيات نامايان قىلىدۇ، ۋە ئايالىنى قەدىرلەيدۇ. بىر ئايالنىڭ ئېرى بىر ھەقىقىي ئەر بولالىغاندىلا ئاندىن خوتۇنىغا بىر ئايال كىشىگە مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىدۇ. بىر ئايال ئېرىگە نىسبەتەن بىر ئەرگە مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلغاندىلا ئاندىن ئۇ ئەر ئۆزىنى بىر ئەردەك ھېسابلايدىغان بولىدۇ.

ئەرنى ھۆرمەتلەش تۆۋەندىكى بىر قانچە جەھەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

(1) ئېرىنىڭ بىلىمىگە ۋە ھۆكۈمىگە ھۆرمەت قىلىش. ئەگەر ئېرىڭىز بىر ئىش ئۈستىدە بىر قارار ئالغان بولسا، ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىپ يۈرمەڭ. ئېرىڭىزگە «سەن ئۇنچىۋالا ئەقىللىق ئەمەس، قولۇڭدىن ئۇنداق ئىش كەلمەيدۇ»، دېگەنگە ئوخشاش كۆز-قاراشتا بولماڭ. ئېرىڭىزگە بىر كىچىك بالىغا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلماڭ.

مەسىلەن، ئېرىڭىز ماشىنا ھەيدەۋېتىپ، بىر يولغا كىرىدۇ. سىز كۆڭلىڭىزدە «ئېرىم خاتا يولغا ماڭدى»، دەپ ھۆكۈم چىقىرىپ، ئېرىڭىزگە «سىز خاتا يولغا ماڭدىڭىز، بۇ يول بىزنى بارىدىغان يېرىمىزگە

ئاپارمايدۇ»، دەيسىز. بۇ چاغدا ئېرىڭىز «مۇشۇ توغرا يول، مەن نەگە كېتىۋاتقانلىقىمنى بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن»، دەيدۇ. بۇ يەردە يۈز بەرگىنى قانداق ئىش؟ بۇ يەردە ئايالى ئېرىنىڭ باشلىقلىق ئورنىغا جەڭ ئېلان قىلدى. ئېرىنىڭ ھۆكۈمىدىن گۇمانلاندى. ئېرىگە ئىشەنمىدى. بۇنداق ئەھۋالدا ئەر بىر بەس-مۇنازىرە قىلغۇچىغا ئايلىنىدۇ. ھەمدە ئايالىغا «سەن ئۇنى قىلغان، سەن بۇنى قىلغان»، دەپ، ئايالىدىن قۇسۇر تېپىشقا تىرىشىدۇ. شۇڭلاشقا ئەگەر ئېرىڭىز سىزدىن مەسلىھەت سورىمايدىكەن، بۇنداق ۋاقىتلاردا سىز ھەرگىزمۇ ئۇنىڭغا يول كۆرسەتمەڭ.

ئەگەر ئايالىنىڭ گېپى راست بولۇپ، ئەر خاتالاشقان بولسىچۇ؟ بۇنىڭ جاۋابى ئەمدى چىقىدۇ.

(2) ئېرىڭىزنىڭ خاتالىشىشىغا، ۋە ئۆز خاتالىقىدىن تەجرىبە-ساۋاق يەكۈنلىشىگە يول قويۇڭ. ئەگەر ئېرىڭىز قارارنى ئۆزى ئېلىپ خاتالىشىدىكەن، ئۇ ھېچ كىمدىن ئاغرىنالمايدۇ. ئەگەر سىز ئالغان قارار خاتا بولۇپ چىقىدىكەن، ئېرىڭىزنىڭ سىز بىلەن بولغان جېدەللىنىڭ ئاخىرى ئۈزۈلمەيدۇ. شۇڭلاشقا ئېرىڭىزنى خاتالىششقا، ۋە ئۆز خاتالىقلىرىدىن تەجرىبە-ساۋاق يەكۈنلىشىگە يول قويۇڭ. ھەرگىز ئېرىڭىزنىڭ ئاپىسىنىڭ رولىنى ئېلىۋالماڭ. ھېچ قانداق ئەر ئۆزىگە بىر ئاپىلىق سالاھىيىتىدە تۇرۇپ مۇئامىلە قىلىدىغان ئايال بىلەن توي قىلىشنى ياكى ئۆي تۇتۇشنى خالىمايدۇ. ئۇنىڭ ئۇچۈن ئۆزىنىڭ ئاپىسى يېتىپ ئاشىدۇ. ھېچ قانداق ئەر ئايالىنىڭ ئۆزىگە لېكسىيە سۆزلىشىنى، ئۆزىگە تەربىيە قىلىشىنى، ۋە ئۆزىنى قورقۇتۇشىنى ياقتۇرمايدۇ. ئەرنى پەقەت ئۇنىڭ ئاپىسىلا قورقۇتسا بولىدۇ. ئانىلارنىڭ بىر قىسىم ئالاھىدە ھوقۇقلىرى بار بولۇپ، ئۇ ھوقۇقلار كېلىنىگىمۇ بېرىلگەن ئەمەس. ئەگەر ئېرىڭىز يولنى خاتا تاللاپ، بىر قېتىم ئېزىپ قالغان بولسا، ئۇ ئوخشاش خاتالىقنى ئىككىنچى تەكرارلىمايدۇ. ئۇ ئۆز خاتالىقىدىن ئۆگىنىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا سىز ھېچ قانداق گەپ قىلماي، جىم تۇرۇڭ. كېلەر قېتىم ئىشنى ئېرىڭىز ئۆزى ئوڭلاپ كېتىدۇ.

(3) ئېرىڭىز ئۆي ئىچىدە بىرەر پروجېكت (ئىش تۈرى) ئېلىپ بارماقچى بولغاندا، ئۇنىڭ قابىلىيىتىگە ئىشىنىڭ. بۇنداق ۋاقىتلاردا ھەرگىزمۇ ئېرىڭىزگە كىنايە قىلماڭ. ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ ئىرادىسىگە سوغۇق سۇ سەپمەڭ. مەسىلەن، ئۆيىڭىزدىكى سۇ تۇرۇبىسى بۇزۇلۇپ قېلىپ، ئېرىڭىز ئۇنى رېمونت قىلىش ئۈچۈن قوراللىرىنى ئېلىپ كەلدى، دەيلى.

ئەگەر بۇ چاغدا سىز «سىز ئۆزىڭىزچە تۇرۇۋېنى رېمونت قىلماقچىما؟ بولدى قىلىڭ. سىز ئۇنى قىلالمايسىز. بېرىپ بىر رېمونتچى چاقىرىپ كېلىڭ»، دەيدىكەنسىز، سىز ئۇنىڭ غۇرۇرىنى سۇندۇرىسىز. يالغۇز ئۇلا ئەمەس، سىز ئۇنىڭ يۈرىكىگە بىر پىچاق سانجىيسىز. بۇنداق ئەھۋالدا ئېرىڭىز «ئەگەر سېنىڭ نەزىرىڭدە مەن بىر بۇزۇلۇپ قالغان تۇرۇۋېنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىسام، باشقا يەنە قانداق ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايمەن؟» دەپ ئويلايدۇ.

ئەرلەرنىڭ ئىنتايىن چوڭ غۇرۇرى بار بولىدۇ. ئەگەر سىز ئاشۇ غۇرۇرنى كىچىكلىتىدىغان ياكى ئاجىزلىتىدىغان ھەر قانداق بىر ئىشنى قىلىدىكەنسىز، سىز ئېرىڭىزنىڭ ئەرلىك غۇرۇرىغا زەخمە يەتكۈزىسىز. شۇڭلاشقا ئېرىڭىز بىرەر ئىشنى ئۆزىنى توغرا مۆلچەرلىيەلمەي قىلىپ سالغان ۋاقىتلاردىمۇ، ئۇنىڭغا ئارىلىشىۋالماي، ئېرىڭىزگە يول قويۇڭ. ئۇ ئۆزىنىڭ خاتالاشقانلىقىنى كېيىن بايقىۋالىدۇ، ھەمدە سىزنىڭ ئۇنى قوللاپ بەرگىنىڭىز بەدىلىگە ئۇ سىزنى بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك سۆيىدۇ.

ئەمەلىيەتتە 90 پىرسەنت ۋاقىتلاردا ئېرىڭىز باشلىغان ئىشلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا پۈتتۈرەلەيدۇ. ئەرلەر ئەنە شۇنداق يارىتىلغان. ئەگەر ئۇلار بىر ئىشنى باشلاپ، يېرىم يولدا مەغلۇپ بولىدىكەن، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئۇلار ھېلىقى ئىشنى قايتا ـ قايتا قىلىپ، ئۇنى ۋۇجۇدقا چىقارماي تۇرۇپ ئۇ ئىشتىن قول ئۈزمەيدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇ ئىشنى غەلىبىلىك تاماملايدۇ. سىز ئېرىڭىزنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىۋېلىپ، توختىماي ئۇنىڭ خاتالىقلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىپ تۇرسىڭىز، سىز ئۇنىڭ چىشىغا تېگىسىز. ئۇنى زېرىكتۈرۈۋېتىسىز. ئېرىڭىز ھەرگىزمۇ سىزنىڭ بۇنداق قىلغىنىڭىزدىن مىننەتدار بولمايدۇ. ئەكسىچە ئۇ سىزنىڭ بۇنداق قىلىقىڭىزنى ئۆچ كۆرىدۇ. سىزنىڭ بۇنداق قىلىقلىرىڭىز بەزىدە ئېرىڭىزنىڭ يۈزىنى تۆكۈپ، ئۇنى رەنجىتىپ، نەتىجىدە تېخىمۇ يامان ئاقىۋەتلەرنىمۇ كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭلاشقا ھەرگىزمۇ ئېرىڭىزنىڭ ئەرلىك غۇرۇرىغا زەخىم يەتكۈزىدىغان ئىشلارنى قىلماڭ. ئەرلەر ئۆزلىرىنى ئائىلىنىڭ قوغدىغۇچىسى، دەپ ھېسابلايدۇ. ئەگەر سىز ئۇنىڭغا «بۇزۇلۇپ قالغان تۇرۇۋېنى سىز ياسىيالمايسىز»، دېسىڭىز، ئۇ سۆز ئېرىڭىزگە «مەن سىزنىڭ ھۆكۈمىڭىزگە ئىشىنەلمەيمەن» دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ سۆز ئېرىڭىزگە «مەن سىزنىڭ مېنى قوغدىيالايدىغانلىقىڭىزغا، مەندىن خەۋەر ئالالايدىغانلىقىڭىزغا ئىشەنمەيمەن»، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭلاشقا ئېرىڭىزنى ئۆزى

قىلماقچى بولغان ئىشلارنى قىلىشقا يول قويۇڭ. ئۇ ئىشنى ئۆزى قىلىپ، مەغلۇپ بولسا ئۆز خاتالىقلىرىدىن ئۆزى ئۆگەنسۇن. ئەگەر سىز ئۇنىڭ ئەرلىك غۇرۇرىنى سۇندۇرىدىكەنسىز، ئۇ سىزنى ئۆزىڭىز ئارزۇ قىلغاندەك سۆيمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ.

(4) ئەگەر بىرەر ئىش ھەققىدە سىز ئېرىڭىز بىلەن سەلبىي يوسۇندا سۆزلىشىشكە توغرا كېلىدىكەن، سىز ئىشلىتىدىغان سۆزلەرنى ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن تاللاڭ. ئايالى داۋاملىق بېشىنى ئاغرىتىپ تۇرىدىغانلىقىدىن قاقشايدىغان ئەرلەر ناھايىتى كۆپ. ئۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب، ئەرلەر ئايالىنىڭ تولا قاقشىشىنى ئۆزلىرىگە قىلغان ھۆرمەتسىزلىك، دەپ چۈشىنىدۇ.

- -ئېرىم، بۇزۇلغان تۇرۇبىنى ئوڭشىدىڭىزمۇ؟
- -ئۇنى نېمىشقا تېخىچە ئوڭلاپ بولالمايسىز؟
- -مەن ئۇ ئىشنى سىزگە دېگىلى بىر-ئىككى ھەپتە بولۇپ كەتتىغۇ؟
- -بۇ ئىشنى قىلىش سىز ئۈچۈن شۇنچىۋالا تەسمۇ؟
- -نېمىشقا مېنىڭ گېپىمنى بىرەر قېتىم بولسىمۇ ئاڭلاپ قويمايسىز؟

سىز مۇشۇنداق گەپلەرنى قىلىپ ئېرىڭىزنىڭ بېشىنى ئاغرىتىۋەرسىڭىز، ئۇ تەدرىجىي ھالدا سۇ تۇرۇبىسىنى ئوڭلاش ئىشىغا بىر خىل ئۆچمەنلىك كۆزى بىلەن قارايدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئېرىڭىزنىڭ ئۇ ئىشنى بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك قىلغۇسى كەلمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئېرىڭىز «خوتۇنۇم ھەجەپمۇ بېشىمنى ئاغرىتتى» ، دەپ ئويلاپ، سىزنىڭ دېگەنلىرىڭىز ھەرگىزمۇ ئىجابىي نەتىجە ئېلىپ كەلمەيدۇ. ئېرىڭىزنىڭ سۇ تۇرۇبىسىنى ۋاقتىدا ئوڭشىماسلىقىنىڭ سەۋەبى، بىرىنچىدىن، ئۇ قىلىدىغان باشقا ئۇنىڭدىنمۇ مۇھىم ئىشلار بار. ئىككىنچىدىن، ئەر كىشىلەرنىڭ بەزى ئىشلارنى قىلىشقا مەلۇم بىر ۋاقىتتا كۆڭلى تارتماي، ئۇنى قىلىشقا باشقا بىر ۋاقىتتا كۆڭلى تارتىدۇ. شۇڭلاشقا ئەرلەر بەزى ئىشلارنى قىلىشتا ئۇنىڭ ئۆز كۆڭلى تارتىدىغان پەيتنى ساقلايدۇ. ئەگەر سىز ئېرىڭىزنىڭ كۆڭلى تارتمىغان بىر ئىشنى ئۇنىڭغا شۇ پەيتنىڭ ئۆزىدىلا قىلدۇرماقچى بولىدىكەنسىز، ئېرىڭىزنى ئۇ ئىشنى شۇ پەيتتىلا قىلىشقا مەجبۇرلايدىكەنسىز، ئېرىڭىزنىڭ كۆڭلىنى قاتتىق رەنجىتىپ ياكى ئازابلاپ قويىسىز.

شۇڭلاشقا، سىز يۇقىرىقىدەك ئىشنى قىلىشنىڭ ئورنىغا، ئېرىڭىزگە ئىجابىي جەھەتتىن ئىلھام بېرىڭ. مەسىلەن، سىز ئېرىڭىزگە «مەن سىزگە

ئۆلۈشكۈن سۇ تۇرۇبىسى بۇزۇلۇپ قالغانلىقىنى ئېيتقان ئىدىم. ئۇنى ھازىر ئوڭلاپ بېرىشكە ۋاقتىڭىز يېتەرمۇ؟» دەڭ. يەنى، سەلبىي پوزىتسىيىدە تۇرۇپ گەپ قىلماي، ئىجابىي پوزىتسىيىدە تۇرۇپ، ئىجابىي ئاھاڭدا سۆز قىلىڭ.

ئەگەر چوقۇم نارازىلىق بىلدۈرۈشكە توغرا كېلىدىكەن، ھەرگىزمۇ گەپنى «سەن» ياكى «سىز» دېگەن سۆزنى ئىشلىتىپ باشلىماي، ئۇنىڭ ئورنىغا «مەن» دېگەن سۆزنى ئىشلىتىپ باشلاڭ. مەسىلەن، ئېرىڭىز ئىشتىن كېچىكىپ چۈشۈپ، سىزگە تېلېفون قىلىپ قويمىغان بولسۇن. ئۇ ئۆيگە كەچرەك قايتىپ كەلگەندە، سىز ئۇنىڭغا ئاچچىقلاپ: «مۇشۇنداق چاغلاردا ماڭا ئىشتىن سەل كەچرەك كېلىمەن، دەپ تېلېفونمۇ قىلىپ قويمايسىز. نېمىشقا داۋاملىق مۇشۇنداق قىلىسىز؟» دېگەن بولۇڭ. بۇ يەردە سىز ئېرىڭىزنى ئەيىبلەيسىز. ئەگەر ئېرىڭىزنى ئۇنىڭ ئاپىسى ياكى دادىسى ئەيىبلىسە بولىدۇ. ئەمما سىز ئەيىبلىسىڭىز بولمايدۇ. سىز ئۇنى ئەيىبلىسىڭىز، ئېرىڭىزنىڭ سۆيگۈسىگە ئېرىشەلمەيسىز. ئەگەر سىز يۇقىرىدىكى گەپنى «ئامرىقىم، سىز بۈگۈن ئىشتىن كېچىكىپ قايتىپ كەلدىڭىز، ئەمما ماڭا تېلېفونمۇ قىلىپ قويمىدىڭىز. مەن سىزدىن بەك ئەنسىرەپ كەتتىم» دېسىڭىز، ئېرىڭىز ھەر قېتىم ئىشتىن كېچىكىپ قالغاندا چوقۇم سىزگە تېلېفون قىلىدۇ. يەنى، بۇ يەردە سىز «سەن» ياكى «سىز» دېگەن سۆزنى ئىشلەتمەي، ئۇنىڭ ئورنىغا «مەن» دېگەن سۆزنى ئىشلەتتىڭىز. «مەن سىزدىن ئەنسىرەپ قالدىم»، «مەن سىزنىڭ نەگە كەتكەنلىكىڭىزنى بىلەلمەي قالدىم»، «مەن سىزدىن ئەنسىرەپ نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي قالدىم». مۇشۇنداق سۆزلەرنى ئىشلەتسىڭىز، ئېرىڭىز سىزدىن ناھايىتى رازى بولىدۇ، سىزدىن سۆيۈنىدۇ، ھەمدە سىز ئۈچۈن ئاسماندىكى ئاينى يۇلۇپ ئەكېلىپ بېرىشكىمۇ تەييار بولىدۇ.

بەزىدە ئېرىڭىز سىزگە قوپاللىق قىلىپ سالىدۇ. شۇنداق ۋاقىتتا سىز «سىز مانى دېدىڭىز، سىز ئانى دەپ ماڭا قوپاللىق قىلدىڭىز»، دېمەي، «سىزنىڭ ماۋۇ ماۋۇ گەپلىرىڭىز مېنىڭ كۆڭلۈمنى ئاغرىتتى»، دەڭ. شۇنداق قىلسىڭىز ئېرىڭىز «مەن ئۇنىڭغا راستلا ئورۇنسىزلىق قىلىپتىمەن، ئۇنداق قىلمىسام بولۇپتىكەن»، دەپ، ئۆزى بىر گۇناھ ئۆتكۈزگەندەك ھېسسىياتقا كېلىدۇ. قىلغان ئىشىغا پۇشايمان قىلىدۇ. ئېرىڭىزنى تەنقىدلىسىڭىز ياكى ئەيىبلىسىڭىز، ئۇ ھەرگىزمۇ ئۆزىنى گۇناھ قىلغاندەك

ھېس قىلمايدۇ. ئېرىڭىزنى بىر ئەردەك ھېسسىياتقا ئىگە قىلىش ئۈچۈن، سىز چوقۇم بىر ئايال كىشىدەك رول ئېلىشىڭىز كېرەك.

(5) ھەرگىز باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئېرىڭىزنى چۈشۈرمەڭ. ھەرگىز باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئېرىڭىزنىڭ ئەرلىك غۇرۇرىنى چۈشۈرىدىغان، ۋە ئېرىڭىزنىڭ قابىلىيىتىنى كەمسىتىدىغان گەپ-سۆز ياكى چاقچاقلارنى قىلماڭ. بۇنداق ئىشلاردىن قەتئىي ساقلىنىڭ. ئۇنداق ئىشلار ھەممە ۋاقىتتا ناھايىتىمۇ زىيانلىق. ئەرلەر ئاياللىنىڭ ئۆزلىرىنى باشقىلارنىڭ ئالدىدا چۈشۈرۈشىنى قەتئىي ياقتۇرمايدۇ. ئۇنداق ئىش ئېرىڭىزدە ھېچ قانداق ئىجابىي نەتىجە ئېلىپ كەلمەيدۇ. سىز ئېرىڭىزنىڭ باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئۆز تۇرىقىڭىزنى كەمسىتىشىنى ياقتۇرمايسىز. ئېرىڭىزنىڭ باشقىلارغا «خوتۇنۇم ئالدىنقى بايرام جەريانىدا جىق يەۋېلىپ بىر ئاز سەمرىپ كەتتى» دېيىشىنى ياخشى كۆرمەيسىز. ئەرلەرنىڭ غۇرۇرى ئاياللارنىڭكىدىن تېخىمۇ سەزگۈر كېلىدۇ. ئەگەر ئېرىڭىزنى بىرەر ئىشتا باشقىلارنىڭ ئالدىدا كەمسىتىدىكەنسىز، سىز ئۇنىڭ غۇرۇرىنى زەخىملەندۈرىسىز. ئۇنىڭ ئورنىغا، باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئېرىڭىزنى ماختاڭ. كېلەر قېتىم ئېرىڭىزنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۆيىڭىزگە كەلگەندە، ئېرىڭىزنى ئۇلارنىڭ ئالدىدا ماختاڭ. ئۇلارنىڭ ئالدىدا «ئېرىم ئۆيىنى ناھايىتى رەتلىك تۇتىدۇ»، دەڭ. شۇنداق قىلسىڭىز ئېرىڭىزنىڭ ئاتا-ئانىسى كەتكەندىن كېيىن ئېرىڭىز ئۆيىنى بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك رەتلىك تۇتىدىغان بولۇپ كېتىدۇ. بۇ ئىجابىي رىغبەتلەندۈرۈش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بىر ئەرگە ئۆزىنىڭ ئايالى ھۆرمەت قىلمايدىكەن، ئۇنىڭغا باشقا ھېچ كىم ھۆرمەت قىلمايدۇ. شۇڭلاشقا بۇنى ھەر بىر ئايال چوقۇم ئەستە تۇتۇشى كېرەك.

## 2. ئەرلەر ئاياللىدىن خەۋەر ئالىدىغان قىلىپ يارىتىلغان

ئەرلەرنىڭ تەبىئىي خۇسۇسىيىتى ئايالىنى قوغداش. ئەرلەر ئايالىنى قوغداشنى، ۋە ئائىلىسىنىڭ كېرەكلىك ئادىمى بولۇشنى ئىستەيدۇ. بىزنىڭ دىنىمىزمۇ ئەرلەردىن ئاياللىدىن خەۋەر ئېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ئەھۋال ئەرلەرنىڭ تەبىئىي خاراكتېرىگىمۇ ماس كېلىدۇ. شۇڭلاشقا ئەرلەر ئايالى ۋە ئائىلىسىدىن خەۋەر ئالالىسا، غەلىبە قازانغانلىق تۇيغۇسىغا ۋە ئۆزىدىن پەخىرلىنىش ھېسسىياتىغا ئېرىشىدۇ. ئەرلەر ئايالىنى ئۆزىگە بېقىندى قىلىشنى، ئائىلىسىنى ئېھتىياجلىق نەرسىلەر بىلەن تەمىن ئېتىشنى، ۋە

ئائىلىسىنى يۆلەپ تۇرۇشنى ئىستەيدۇ. شۇڭلاشقا ئەر كىشى بولۇشنىڭ بىر سىمۋولى ئائىلىسى ئۈچۈن قاتتىق تىرىشىپ ئىشلەشتىن ئىبارەت.

بەزىدە ئاياللار «سەن ھەر كۈنى بەك ئۇزۇن ئىشلەپ كېتىۋاتىسەن، ئۆيدە ئانچە تۇرمايۋاتىسەن، ئۆي بىلەن ئانچە كارىڭ بولمايۋاتىدۇ، ئۆيگە ئازراقمۇ كۆيۈنمەيۋاتىسەن»، دەپ، ئېرىدىن نارازى بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئېرىڭىز ئائىلىگە كۆيۈنگەنلىكى ئۈچۈن قاتتىق ئىشلەيدۇ، ھەرگىزمۇ ئائىلىسىگە كۆيمىگەنلىكى ئۈچۈن ئەمەس. ئېرىڭىز ئائىلىسىنى ياخشىراق بېقىش، خىزمەت ئورنىدا يۇقىرىراق ئورۇنغا كۆتۈرۈلۈش ئۈچۈن ئاشۇنداق قاتتىق ئىشلەيدۇ. ئېرىڭىز ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىي ئېھتىياجىنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقىش ئارقىلىق سىزگە ۋە ئائىلىگە بولغان مۇھەببىتىنى نامايان قىلىدۇ. لېكىن ئاياللار كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئېرىنىڭ قاتتىق تىرىشىپ ئىشلىشىنىڭ ئۆزى ئۇنىڭ ئايالى ۋە ئائىلىسىگە بولغان مۇھەببىتى ئىكەنلىكىنى تولۇق چۈشىنىپ يېتەلمەيدۇ.

ئەرلەر ئائىلىنىڭ كەلگۈسىدىكى ئىقتىسادىي ئەھۋالى ئۈستىدە كۆپرەك ئويلىنىدۇ. ئەرلەرنىڭ كۆپرەك ئويلايدىغىنى تۆۋەندىكىدەك سوئاللارنىڭ جاۋابى:

- ــ ئائىلىنىڭ ئىقتىسادى كەلگۈسىدە قانداق بولىدۇ؟
- ــ مەن ئۆلۈپ كەتسەم ئايالىم ۋە بالىلىرىم قانداق قىلىدۇ؟
- ــ ئائىلىمىزنىڭ ئىقتىسادى يەنە 10 يىلدىن كېيىن قانداق بولىدۇ؟
- ــ بالىمىز ئالىي مەكتەپكە كىرگەندە ئۇنىڭ ئوقۇش پۇلىنى قانداق ھەل قىلىمىز؟

ئاياللار ئۇزۇن ـ مۇددەتلىك ئەر ـ ئاياللىق مۇناسىۋىتى ئۈستىدە كۆپرەك ئويلىنىدۇ. ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادى ئۇنچىۋالا ناچار ئەمەس ئاياللار ئىقتىساد ئۈستىدە ئۇنچىۋالا كۆپ ئويلىنىپ كەتمەيدۇ. ئەرلەر يەنە 20 ـ 30 يىلدىن كېيىنمۇ ئائىلىسىدە يېتەرلىك ئىقتىساد بار بولۇش، بالىلىرىنى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتىدىغانغا پۇلى بار بولۇش مەسىلىلىرى ئۈستىدە ئويلايدۇ. ئاياللار بولسا ئېرىنى داۋاملىق ئۆزىگە جەلپ قىلىپ تۇرۇش، يەنە 10 ـ 20 يىل ئۆتكەن ۋاقىتتىمۇ ئېرىنىڭ ئۆزىگە بولغان مۇھەببىتىنى نورمال ساقلاپ قېلىش ئىشلىرى ئۈستىدە ئويلىنىدۇ. بۇ دېگەنلىك ھەرگىزمۇ ئەرلەر ئايالى ۋە ئائىلىسى بىلەن كارى بولماي، ئۆلگۈچە ئىشلىشى كېرەك، دېگەنلىك ئەمەس. بۇ يەردە دېمەكچى بولغان گەپ، ئاياللار ئەرلەرنىڭ قاتتىق

ئىشلىشىدىكى يېتەكچى ئىدىيىنى توغرا چۈشىنىشى كېرەك، دېگەندىن ئىبارەت.

ئەگەر ئاياللار ئېرىنىڭ قاتتىق ئىشلىشىگە قارىتا داۋاملىق نارازى بولۇۋېرىدىكەن، ئېرىنى زېرىكتۈرۈپ، ھەتتا ئېرىنى رەنجىتىپ قويىدۇ. چۈنكى ئەرنىڭ نەزىرىدە بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئايالى ئۈچۈن قىلىنغان. ئەمما ئايالنىڭ نەزىرىدە بۇ ئىشنىڭ ئۆزى بىلەن ئانچە بەك مۇناسىۋىتى يوق. شۇنىڭ بىلەن ئەر-ئايال ئىككىيلەننىڭ ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى ئېغىر چۈشىنىشمەسلىك يۈز بېرىدۇ.

ئەرلەر ئۈچۈن ئايالى ۋە ئائىلىسىمۇ ئۆزىنىڭ خىزمىتى بىلەن ئوخشاش دەرىجىدە مۇھىم. شۇڭلاشقا ئەرلەرمۇ بۇ نۇقتىنى ھەرگىز ئەستىن چىقىرىپ قويماسلىقى كېرەك. بىر نەرسە ئۈچۈن يەنە بىر نەرسىنى قۇربان قىلىۋەتمەسلىكى كېرەك. ئاياللارمۇ مۇنداق بىر ئىشنى بىلىشى كېرەك: ئېرىڭىزنىڭ خىزمىتى ئۇنىڭ 2-خوتۇنى ئەمەس. بۇ يەردە بىر خىل رىقابەت مەۋجۇت ئەمەس. ئېرىڭىزنىڭ قاتتىق ئىشلىشى پەقەت سىز ئۈچۈن، سىزنىڭ باللىرىڭىز ئۈچۈن، ھەمدە سىز بىلەن بىر ئىناق ۋە يېقىن مۇناسىۋەتنى ساقلاش ئۈچۈن. ئەرلەر پۇل ئۈستىدە كۆپرەك غەم يەيدۇ. شۇڭلاشقا سىز ئېرىڭىزنى توغرا چۈشىنىڭ.

### 3. جىنسىي مۇناسىۋەت ئەرلەرگە كۈچ-قۇۋۋەت ئاتا قىلىدۇ

ئەر-ئاياللىق جىنسىي مۇناسىۋەت ياخشى بولغاندا، ئەرلەر يېڭىچە كۈچ-قۇۋۋەتكە ئېرىشىدۇ. ئەرلەرنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەت مەخلۇقلىرى ئىكەنلىكى ھەممىگە ئايان. دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە بارلىق ئەرلەر ئورتاق ھالدا ئىپادىلەيدىغان نارازىلىق ئايالىنىڭ ئۆزىگە جىنسىي مۇناسىۋەت پۇرسىتىنى يېتەرلىك دەرىجىدە بەرمىگەنلىكى. بۇ خىل ئەھۋال ھەممە مىللەت، ھەممە دىن، ۋە ھەممە مەدەنىيەتلەردە ئوخشاش دەرىجىدە مەۋجۇت. ئاياللار جىنسىي مۇناسىۋەتنىڭ ئەرلەر ئۈچۈن بىر خىل بىئولوگىيىلىك زۆرۈرىيەت ئىكەنلىكىنى تولۇق چۈشىنىپ يېتەلمەيدۇ. ئەرلەرنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەتكە بولغان ئېھتىياجى يېمەكلىك، ئىچىملىك ۋە ئۇخلاش قاتارلىقلارغا بولغان ئېھتىياجى بىلەن ئوخشاش ئەمەس. ئەرلەرنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەت تۇرمۇشى ئوڭۇشلۇق ماڭمايدىكەن، ئۇلار ئاسانلا تېرىكىدىغان، ئاسانلا ئايالىدىن قۇسۇر ئىزدەيدىغان، ۋە ئايالى بىلەن ئۇرۇشقىلى ئاران تۇرىدىغان بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى، جىنسىي

مۇناسىۋەت ئەرلەرنىڭ ھېسسىيات قۇلۇپىسىنى ئاچىدىغان ئاچقۇچ. ئەرلەر جىنسىي مۇناسىۋەتتە قانائەت ھېس قىلغاندىلا، ئاندىن ئۆزىدە بىر ئەردەك تۇيغۇنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرەلەيدۇ. پەقەت شۇ چاغدىلا ئايالى سادىر قىلغان ھەر قانداق كەمچىلىك يېتەرسىزلىكلەرنى ئەپۇ قىلىۋېتەلەيدۇ. ئەرلەر ئايالى بىلەن بولغان جىنسىي مۇناسىۋەت تۇرمۇشىدا قانائەت ھېس قىلالمايدىكەن، ئايالى سادىر قىلغان ۋە ئۆزى ئويلاپ تاپقان خاتالىقلارنىڭ ھېچ قايسىسىنى ئەپۇ قىلىۋېتەلمەيدۇ. جىنسىي مۇناسىۋەت ئەرلەرگە ئايالىنىڭ مۇھەببىتىنى ھېس قىلدۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئەرلەر ئايالىغا بۇرۇنقىدىنمۇ كۈچلۈك سۆيگۈ بېرىدىغان بولىدۇ. ئەرلەر جىنسىي مۇناسىۋەت تۇرمۇشىدا قانائەت ھېس قىلغاندا، ئۆزىنى دۇنيادىكى ھەر قانداق ئىشنى قىلىۋېتىشكە تەييار بولغاندەك ھېس قىلىدۇ. ئەرلەر جىنسىي مۇناسىۋەت ئارقىلىق ئۆزىدە بىر ئەرگە لايىق جىسمانىي كۈچ بارلىقىنى ھەقىقىي تۈردە ھېس قىلىدۇ. ئۆزىنىڭ ئەرلىكىنى ھەقىقىي تۈردە ھېس قىلىدۇ.

ئاياللار ئېرىگە يېتەرلىك دەرىجىدىكى جىنسىي مۇناسىۋەت پۇرسەتلىرىنى يارىتىپ بېرىپ، ئېرىنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەتكە بولغان ئېھتىياجىنى تولۇق قاندۇرۇپ تۇرىدىكەن، ئۇنىڭ ئېرى ئۆزىنى بىر تولۇق ئەردەك ھېس قىلىپ، ئۆزىدە باشقىچە كۈچ-قۇدرەتكە ئىگە بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆزىدە پۈتۈن دۇنيانى ئۆزىگە بويسۇندۇرالايدىغان بىر خىل ئىرادە ھاسىل قىلىدۇ. ناھايىتى زور دەرىجىدىكى خۇشاللىق ۋە رازىلىقتا ئىگە بولۇپ، تۇرمۇشتىكى نۇرغۇن غەم-ئەندىشىلەرنى ۋە كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئۇنتۇلۇپ كېتەلەيدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئەكسىچە جىنسىي مۇناسىۋەتتە ئايال كىشى ئېرىنى رەت قىلىدىكەن، ئۇ ھالدا ئەر «مەن ئۆزۈمنىڭ خوتۇنىغىمۇ بىر ئەر بولالمىسام، قانداقمۇ باشقا دۇنياغا بىر ئەر بولالاي؟» دەپ ئويلايدۇ. ئاياللارنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەتتە ئېرىنى رەت قىلىشى، ئەرلەرنىڭ ئىرادىسىنى سۇندۇرىدىغان ئەڭ كۈچلۈك ئامىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭلاشقا بىزنىڭ دىنىمىزدا بىر ئايالنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەتتە ئېرىنى رەت قىلىشى چەكلەنگەن. بۇ يەردىكى رەت قىلىش ئېرىنىڭ ئەرلىكىنى رەت قىلىش بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق رەت قىلىش بىر ئايالنىڭ ئېرىگە قىلغان ئەڭ چوڭ ھۆرمەتسىزلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

چۈشكۈنلىشىش كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغان ئەرلەرنىڭ خېلى كۆپى ئايالىنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەتتە ئۆزىنى رەت قىلىشى تۈپەيلىدىن شۇنداق بولىدۇ. ئەمما ئاياللار جىنسىي مۇناسىۋەتنى رەت قىلىش ئېرىنىڭ

تۇرمۇشىدا قانچىلىك ئېغىر كرىزىس پەيدا قىلىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتەلمەيدۇ. ئەرلەر ئۆزىدىكى جىنسىي مۇناسىۋەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى بىر قۇتىنىڭ ئىچىگە قاچىلاپ ماڭىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىدىكى ئۇنداق مەسىلىلەر ھەققىدە ئاسانلىقچە باشقىلار بىلەن پاراڭلاشمايدۇ. شۇڭلاشقا ئاياللار ئېرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنىڭ نېمە ئۈچۈن ناچارلىشىشقا قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى چۈشىنەلمەي قالىدۇ. ئەرلەر ئۈچۈن ئايالى بىلەن بولغان جىنسىي مۇناسىۋەت نورمال داۋاملاشماي، بىر ئېغىر مەسىلىگە ئايلىنىپ قالىدىكەن، بەزى ئەرلەر ناھايىتى تېزلا ئاجرىشىپ كېتىدۇ. جىنسىي مۇناسىۋەت نورمال داۋاملاشمايدىكەن، ئەرلەر داۋاملىق ئايالىدىن قۇسۇر ئىزدەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئايالى سادىر قىلغان ھەر بىر مەسىلە ئېرىگە 10 ھەسسە ياكى 100 ھەسسە ئېغىر مەسىلە بولۇپ كۆرۈنىدۇ. بەزىدە ئەرلەر ئايالىنىڭ مەسىلىسىنى ئۆزى ئويدۇرۇپ چىقىرىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئەگەر ئۇ مۇناسىۋەت جايىدا ماڭىدىكەن، ئەرلەر ئايالىنىڭ باشقا نۇرغۇن يېتەرسىزلىكلىرىگە، مەسىلەن، تەمسىز تاماق، ۋاقتىدا يۇيۇلمىغان كىر، ۋە قالايمىقان تۇتۇلغان ئۆي قاتارلىقلارغا ئازراقمۇ پەرۋا قىلمايدۇ.

شۇڭلاشقا ئاياللار ئېرىنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەتكە بولغان ئېھتىياجى يالغۇز بىئولوگىيىلىك ئېھتىياجلا بولۇپ قالماستىن، ئۇ يەنە پسىخولوگىيىلىك ئېھتىياج ئىكەنلىكىنىمۇ تولۇق چۈشىنىپ يېتىشى كېرەك. بۇ ئەھۋال ھازىرقى زامان پسىخولوگىيە ئىلمىدە تولۇق جەزملەشتۈرۈلگەن. ئېرىنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەتكە بولغان تەلىپىنى رەت قىلىش ئاياللارنىڭ «مەن ئۈچۈن سەن بىر ئەر ئەمەس، مەن ئۈچۈن سېنىڭ بىر ئەر بولۇشقا سالاھىيىتىڭ توشمايدۇ»، دېگىنى بىلەن ئوخشاش. ئەگەر ئېرىڭىز سىزگە بىر ئەر بولالمىسا، ئۇ قانداقمۇ باشقا دۇنيا ئۈچۈن بىر ئەر بولالىسۇن؟

## 4. ئەرلەرنى ھەممە ئاياللار جەلپ قىلىدۇ

ئاياللارنىڭ ھەممىسى ئەرلەرنى تەبىئىي ھالدا ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. بىر ياكى بىر قانچە ئاياللار ئەمەس، ھەممە ئاياللار ئەرلەرنى جەلپ قىلىدۇ. ناھايىتى بەختلىك ئەر-ئاياللىق تۇرمۇشنى ياشاۋاتقان ئەرلەر، ھەمدە ئايالىغا ئۆلگۈچە كۆيىدىغان ئەرلەرنىمۇ باشقا ئاياللارنىڭ ھەممىسى جەلپ قىلىدۇ. ئەرلەر ئەنە شۇنداق يارىتىلغان. ئاشۇنداق خاراكتېر ھەممە ئەرلەرگە تەبىئىي ھالدا ئاتا قىلىنغان. ئۆزىنىڭ ئايالى ئاجايىپ گۈزەل،

ئۆزىنىڭ ئايالى ئاجايىپ كېلىشكەن، ۋە ئۆزىنىڭ ئايالىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغان ئەرلەرنىمۇ باشقا ئاياللار ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. سىزنىڭ ئېرىڭىز سىزگە پۈتۈن قەلبى ياكى پۈتۈن يۈرىكى بىلەن كۆيۈشى مۇمكىن، ئەمما ئۇنىڭ مېڭىسىنىڭ بىر پارچىسىنى ۋە ئۇنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىنىڭ بىر قىسمىنى باشقا يۈزلىگەن، مىڭلىغان ۋە ئون-مىڭلىغان ئاياللار جەلپ قىلىپ تۇرىدۇ.

ئاياللارنىڭ تۇرقىغا كەلگەندە، ئەرلەرنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاياللارنىڭكىگە زادىلا ئوخشىمايدۇ. بىر ئايال بىر ئۆيگە كىرگەندە، ئۆيدىكى باشقا ئاياللار دەرھال ئۇنىڭ سومكىسىنىڭ قانچىلىك ھەشەمەتلىك ئىكەنلىكىگە، ئۇنىڭ كىيىمىنىڭ ۋە ئالتۇن زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ قانداقراق ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلىپ، كۆڭۈللىرىدە شۇلارنى باھالايدۇ. ئەمما ئۇ ئاياللار ھېلىقى ئايالنىڭ ئۇچىسىدىكى كىيىم ئۇنىڭ بەدىنىنى نەقەدەر چىڭ يېپىپ تۇرۇۋاتقانلىقىغا، ئۇنىڭ كىيىمدە بەدەنىنىڭ شەكىللىرى قانچىلىك كۆرۈنۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىغا، ۋە ئۇ ئايالنىڭ بەدىنىنىڭ قانچىلىك قىسمى كۆرۈنۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىغا ئانچە دىققەت قىلمايدۇ. ئەمما، ئۆيگە كىرگەن ھېلىقى ئايالغا ئۆيدىكى ئەرلەر قارىغاندا، ئۇلار ئۇ ئايالنىڭ ئۇستىدىكى كىيىم قانچىلىك چىڭ ئىكەنلىكىگە، ئۇنىڭ بەدەن شەكلى قايسى دەرىجىدە بىلىنىپ تۇرۇۋاتقانلىقىغا، ئۇ ئايالنىڭ بەدىنىنىڭ قايسى قىسمى كىيىم بىلەن يېپىلماي، كۆرۈنۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلىدۇ. ئەرلەر ئۇ ئايالنىڭ سومكىسى، كىيىمى ۋە ئالتۇن-بۇيۇملىرىنىڭ قانداقراق ئىكەنلىكىگە، ۋە ئۇلارنىڭ قىممەت-ئەرزانلىقىغا ئاساسەن دىققەت قىلمايدۇ. ئاشۇ ئايالغا قاراۋاتقان ئەرلەرنىڭ قانچىلىك دىندار ۋە قانچىلىك ئەخلاقلىق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەر بىر ئەرنىڭ كاللىسىدا ھېلىقى ئايالغا يەنە بىر قېتىم قارىۋېلىش ئىستىكى بىلەن ئۆزىنىڭ ئەخلاقىنى ساقلاپ، ئۇنىڭغا قارىماي، ئۆزىنى كونترول قىلىپ تۇرۇش ئوتتۇرىسىدا جىددىي كۈرەش يۈز بېرىدۇ. ھەر بىر ئەر ئەنە شۇنداق تەبىئىي خاراكتېر بىلەن يارىتىلغان.

مەيلى بىر ئەر توي قىلغان ياكى بويتاق بولسۇن، ياش ياكى ياشانغان بولسۇن، ئۇنىڭدا يۇقىرىدىكىدەك خاراكتېر تەبىئىي ھالدا بار بولىدۇ. ھەممە ئەرلەر بىر چىرايلىق ئايالغا، ياكى ئاياللارنىڭ چىرايلىق بەدەنلىرىگە كۆز يۈگۈرتۈشتىن ناھايىتى زور ھۇزۇر ئالىدۇ. ئەرلەر بىر يەرگە جىددىي ئىش بىلەن كېتىۋېتىپ، يولدا مەخسۇس چىرايلىق ئاياللارنى ئىزدەپ يۈرمىسىمۇ، كۆز ئالدىدا بىرەر چىرايلىق ئايال پەيدا بولىدىكەن، ئەرنىڭ

كاللىسىدا ھېلىقى ئايالنىڭ كۆرۈنۈشى سىزىپ-سەزمەي پەيدا بولۇشقا باشلايدۇ. يەنى، بۇنداق ئىشلار ئەرلەر ئۈچۈن مەخسۇس تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى ئۆزلۈكىدىن، ئۆزى سىزىپ-سەزمەيلا يۈز بېرىدۇ. بىر قولىدا ئايالنىڭ قولىنى تۇتۇپ مېڭىۋاتقان ئەرلەرنىڭ كاللىسىنىڭ بىر قىسمىدىمۇ ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئاياللارنىڭ كۆرۈنۈشلىرى نامايان بولۇپ تۇرىدۇ. ئەرلەر ئۈچۈن باشقا ئاياللارغا دىققەت قىلماي ياشاش ئىنتايىن تەسكە چۈشىدىغان بىر ئىش. ئۇنى ئاز دېگەندەك، ئەرلەر ئۇخلىغاندا كۈندۈزى كۆرگەن ئاياللارنى چۈشىدە كۆرىدىغان ئەھۋاللارمۇ داۋاملىق يۈز بېرىپ تۇرىدۇ.

ئادەتتە ياش يىگىتلەرنىڭ مېڭىلىرىگە قىزلار ھەققىدىكى خىياللار ھەر 2 - 3 مىنۇتتا بىر قېتىم كىرىپ تۇرىدۇ. بويتاق يىگىتلەر ئۈچۈن مەلۇم بىر ۋاقىت ئارىلىقىدا قىزلارنى خىيالىغا كىرگۈزمەي، پۈتۈن زېھنىنى باشقا ئىشلارغا مەركەزلەشتۈرۈپ ئۆتۈش ئاساسەن مۇمكىن ئەمەس.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەققىدىكى ئەبۇ داۋۇت يازغان بىر ھەدىستە دېيىلىشىچە، پەيغەمبىرىمىز ئۆيىنىڭ ئالدىدا يولغا قاراپ ئولتۇرغىنىدا ئالدىدىن بىر ئايال ئۆتكەن. شۇ چاغدا ئۇنىڭدا بىر خىل جىنسىي مۇناسىۋەت ئىستىكى قوزغالغان. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيىگە كىرىپ، ئايالى بىلەن كارىۋاتقا چىقىپ، ئۆزىدىكى تەشنالىقنى قاندۇرۇپ، ئاندىن سىرتقا يېنىپ چىققان، ھەمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: بىر ئايال سىرتتا ماڭغاندا، شەيتان ئۇنىڭ جامالىنى ئەتراپىدىكى ئەرلەرگە ئەسلىدىكىدىن كۆپ گۈزەل قىلىپ كۆرسىتىدۇ. يەنى شەيتان ئۇنى گۈزەللەشتۈرۈۋېتىدۇ. شۇڭلاشقا بىر ئەر سىرتتا بىر ئايالنى كۆرۈپ، ئۆزىدە جىنسىي مۇناسىۋەت ئىستىكى تۇغۇلغاندا، ئۇ ئىستەكنى ئۆز ئايالى بىلەن قاندۇرۇۋەتسە بولۇۋېرىدۇ. چۈنكى باشقا ئاياللاردا بار نەرسە ئۇنىڭ ئۆز ئايالىدىمۇ بار. مانا بۇلار بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز دېگەن سۆزلەر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ داڭلىق نەۋرىسى ئىبنى ئابباس قۇرئاندىكى «ئاللاھ بارلىق چوڭ گۇناھلارنى ئۆتكۈزگەن كىشىلەرنى جازالايدىغان بولۇپ، توغرا يول تۇتقان كىشىلەرنىڭ كىچىك گۇناھلىرىنى بولسا ئەپۇ قىلىدۇ» ، دېگەن مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر سۈرىگە ئىزاھات بېرىپ، «كىچىك گۇناھ مىساللىرى ئىچىدىكى ئەڭ ياخشى مىسال بىر ئەرنىڭ بىر ئايالغا نەزەر تاشلىشىدۇر» ، دېگەن.

قىسقىسى، ئەرلەرنىڭ ئايالّلارغا نەزەر تاشلىشى بىر ساقلانغىلى بولمايدىغان كىچىك گۇناھ بولۇپ، ئەرلەرنىڭ ئايالّلارغا نەزەر تاشلاش-تاشلىماسلىقى جېڭىدە يۈزدە-يۈز پىرسەنت ئۇتالايدىغان ئەرلەر ئاساسەن مەۋجۇت ئەمەس.

بۇ خىل ئەھۋال قىز-ئايالّلارنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلىپ، ئۇلاردا قىممىتى تۆۋەن كىشىلەردەك تۇيغۇ پەيدا قىلىپ، ئۇلارنى روھىي جەھەتتىن چۈشكۈنلەشتۈرۈشى مۇمكىن. ئەمما، بىزنىڭ بۇ يەردە يۇقىرىدىكى ئەھۋاللارنى يېزىشىمىز ھەرگىزمۇ ھەدە-سىڭىللارنى چۈشكۈنلەشتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان ئەمەس. بىزنىڭ مەقسىتىمىز سىلەرنى ئەر-ئاياللىق ھاياتىنى ئوگۇشلۇق ئېلىپ مېڭىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان بىلىم ۋە كۈچ-قۇۋۋەت بىلەن تەمىن ئېتىشتىن ئىبارەت.

مۇشۇنداق ئىشتا ئەر-خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتنى نورمالنى داۋاملاشتۇرۇپ مېڭىشتا بىلىشكە تېگىشلىك يەنە ئىككى نەرسە بار.

ئۇنىڭ بىرى، ئەگەر سىز ئېرىڭىزنىڭ باشقا بىر ئايالغا نەزەر تاشلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالىدىكەنسىز، سىز ئۇنىڭغا ئاچچىقلىنىڭ. ئۇ ئىشنىڭ سىزنىڭ كۆڭلىڭىزنى ئاغرىتقانلىقى ۋە سىزنى تېرىكتۈرگەنلىكىنى ئېرىڭىزگە ئېيتىڭ. ھەمدە بىر ياخشى خوتۇن بولۇشقا تىرىشىپ، ئېرىڭىزدىن ئۆزىڭىزنىڭ قانداق ياردەمدە بولالايدىغانلىقىڭىزنى سوراپ بېقىڭ. ئەمما، ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا ئېرىڭىزنىڭ باشقا بىر ئايالغا بىر قېتىم نەزەر تاشلىغانلىقىنى «ئېرىم ئەمدى مېنى ياخشى كۆرمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ» ، دەپ چۈشەنمەڭ. يۈز بەرگەن ئۇنداق ئىشنىڭ ئېرىڭىزنىڭ سىزگە بولغان مۇھەببىتى بىلەن ھېچ قانداق مۇناسىۋىتى يوق. يۈز بەرگەن ئۇ ئىش ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ سىزگە بولغان مۇھەببىتىنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسىنى نامايان قىلىپ بەرمەيدۇ. باشقا ئايالّلارنىڭ ئېرىڭىزنى جەلىپ قىلىشى بىر يۈزەكى ئىش بولۇپ، ماھىيەتتە ئېرىڭىز يەنىلا سىزنى بۇرۇنقىدەكلا سۆيىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا باشقا ئايال ئېرىڭىزنىڭ يۈرىكىنى جەلپ قىلالمايدۇ. ئۇنداق ئىش سىزنىڭ ئېرىڭىزنى جەلپ قىلالمايدىغانلىقىڭىزنى، سىزنىڭ يېتەرلىك دەرىجىدە گۈزەل ئەمەسلىكىڭىزنى چۈشەندۈرۈپ بەرمەيدۇ. ئەرلەرنىڭ باشقا ئايالّلارغا نەزەر تاشلىشى جىنسىي مۇناسىۋەت ئىستىكى تۇپەيلىدىنمۇ ئەمەس. ئەرلەر ئۆزلىرى ئۇچراتقان ھەر بىر چىرايلىق ئايال بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى ئويلىمايدۇ. بەلكى، ئايالّلارنىڭ سىرتقى گۈزەل جامالىغا

كۆڭلىدە ئاپىرىنلىق ۋە قايىللىق بىلدۈرۈش ئەرلەرنىڭ تەبىئىي خۇسۇسىيىتىدۇر. بىز بۇ يەردە كۈچلۈك دەرىجىدە تەكىتلىمەكچى بولغان ئاساسىي نۇقتا ئەنە شۇ.

ئۆتكەندە دۇنيادىكى ئەڭ داڭلىق 5 نەپەر ئايال مودېللارنىڭ بىرى يولۇققان مۇنداق بىر ئەھۋال دۇنياغا بىر ناھايىتى چوڭ خەۋەر بولۇپ تارقالدى: ئۇ ئايال بىر كۈنى ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندە، ئېرىنىڭ يالىڭاچ ئاياللارنىڭ رەسىملىرى بېسىلىدىغان بىر ژۇرنالنى كۆرۈپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئايال ناھايىتى قاتتىق خاپا بولۇپ، ئېرى بىلەن ئاجرىشىپ كەتكەن. دېمەك، دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل مودېللارنىڭ بىرىنى خوتۇن قىلىپ ئېلىۋالغان ھېلىقى ئەر ئۆز ئايالى بىلەنلا قانائەت ھېس قىلماي، شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەنە باشقا ئاياللارنىڭ يالىڭاچ رەسىملىرىنى كۆرگەن. مەسخىرىلىك بولغىنى شۇكى، ئۇ ئەر باشقا ئايالLارنىڭ مەينەت رەسىملىرىنى كۆرۈپ ئولتۇرغاندا، ئېھتىمال دۇنيادىكى باشقا مىليونلىغان ئەرلەر ئۇنىڭ ئۆز خوتۇنىنىڭ رەسىملىرىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. ئەلۋەتتە بۇ ئەرنىڭ قىلغانلىرىنى «ئورۇنلۇق ئىش» ، دەپ ھېسابلىغىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ قىلغىنى توغرا ئەمەس. ئەمما سىز ھەرگىزمۇ ئېرىڭىزنىڭ باشقا ئايالLارغا نەزەر تاشلاپ قويۇشى بىلەن ئۆز غۇرۇرىڭىزنى زەخمىلەندۈرۈۋالماڭ، ئۆز قىممىتىڭىزنى چۈشۈرۈۋالماڭ، ۋە ئۆز ھۆرمىتىڭىزنى ئاجىزلاشتۇرۇۋالماڭ. سىز ئېرىڭىزنىڭ ھېلىقىدەك قىلىقىنى تەنقىدلىسىڭىز ۋە ئەيىبلىسىڭىز بولىدۇ. ئەمما ئېرىڭىزنىڭ ئۇنداق قىلىقىنى ئۆزىڭىز بىلەن باغلىۋالماڭ. ئېرىڭىزنىڭ ئۇنداق قىلىقىنىڭ ئېرىڭىزنىڭ سىزگە بولغان سۆيگۈسى بىلەن ھېچ قانداق مۇناسىۋىتى يوق.

ئۇنىڭ يەنە بىرى، يۇقىرىدا چۈشەندۈرۈلگىنىدەك، ھەممە ئەرلەرنىڭ باشقا ئايالLارغا نەزەر تاشلاشتىن ئىبارەت بىر مەسىلىسى بار. سىز ئاشۇنداق ئەرلەرنىڭ بىرىنىڭ ئايالى بولغانلىقىڭىز ئۈچۈن، ئېرىڭىزنىڭ باشقا ئايالLارغا دىققەت قىلىۋاتقانلىق كۆرۈنۈشلىرىنى داۋاملىق ئۇچرىتىپ تۇرىسىز. ھەمدە ئاشۇنداق ئەھۋاللارغا ئاچچىقلىنىسىز ۋە ئۇلاردىن تېرىكىسىز. شۇنداق قىلىش بىلەن بىللە، سىز ئېرىڭىزنى توغرا چۈشىنىش يولىدىمۇ ئازراق تىرىشچانلىق كۆرسىتىڭ. ئېرىڭىزنىڭمۇ جىنسىي مۇناسىۋەت مەسىلىسىدە تەبىئىي ھالدا پەيدا بولغان ئىچ پۇشۇقى ۋە تېرىكىشلىرى بارلىقىنى تونۇپ يېتىڭ. ئەگەر ئېرىڭىز جىنسىي مۇناسىۋەت ئىشىدىكى تەشنالىقىنى سىز ئارقىلىق قانائەتلەندۈرەلمىسە، ئۇنىڭغا باشقا قانداق ئامال

بار؟ هازىر سىز كوچىلارنىڭ قانداقلا يېرىگە بېرىڭ، ناھايىتى ئوچۇق كىيىنگەن قىز-چوكانلارنى قەدەمدە بىر ئۇچرىتىپ تۇرىسىز. ئۇنداقلارنى تېلېۋىزورلاردىمۇ داۋاملىق ئۇچرىتىپ تۇرىسىز. شۇڭلاشقا ئېرىڭىزگە بىر ئاز ھېسداشلىق قىلىڭ، ئېرىڭىزگە بىر ئاز مېھرىبانلىق كۆرسىتىڭ، ھەمدە ئېرىڭىزگە ئۆز سۆيگۈڭىزنى تولۇق نامايان قىلىڭ. ئېرىڭىزنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەتكە بولغان تەشنالىقىغا يېتەرلىك دەرىجىدە ئېتىبار بېرىڭ. ئەگەر سىز ئېرىڭىزگە ئۆز بەدىنىڭىزنى كۆرسەتمىسىڭىز، ئېرىڭىزنىڭ سىزدىن تولۇق ھۇزۇر ئېلىشىغا يول قويمىسىڭىز، ئۇنداقتا ئېرىڭىز قانداق قىلىدۇ؟ سىزدە ياراتقۇچىمىز ئاتا قىلغان بىر گۈزەل جامال بار بولۇپ، ئېرىڭىزنىڭ ئۇنىڭدىن ھۇزۇرلىنىشىغا پۇرسەت بېرىڭ. شۇنداق قىلسىڭىز ئېرىڭىز سادىر قىلىش ئېھتىماللىقى بار بولغان بىر قىسىم مەسىلىلەردىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

## 5. ئەرلەر ئۈچۈن «رومانتىك مۇناسىۋەت» دېگەن سۆز «جىنسىي مۇناسىۋەت» دېگەن سۆز بىلەن ئوخشاش

ئەرلەر ئايال كىشى بىلەن بولغان رومانتىك مۇناسىۋەتنى ئىستەيدۇ. ئەمما، ئۇلارنىڭ ئۇنداق قىلىشىدىكى سەۋەب رومانتىك مۇناسىۋەتنى «جىنسىي مۇناسىۋەت» پەللىسىگە چىقىشنىڭ شوتىسى قىلىشتىنلا ئىبارەت. ئەرلەر ئۈچۈن رومانتىك مۇناسىۋەت بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت چەمبەرچاس باغلانغان. ئەرلەر ئايالىغا بىرەر سوۋغات بېرىش ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش باشقا بىرەر ئىشنى قىلىپ بېرىشنىڭ ئاياللار چۈشەنچىسىدىكى ئەھمىيىتىنى ئاساسەن چۈشەنمەيدىغان بولۇپ، ئۇلار ئايالىغا ياكى بىرەر ئايالغا مەلۇم بىر سوۋغاتنى تەقدىم قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىش مەقسىتىگە يېتىشنى ئويلايدۇ. ئاشۇنداق مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا «ئەرلەر ئۇنچىۋالا رومانتىك ئەمەس» دېسە چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولمايدۇ.

بۇ ئىش ئۈستىدە بىر قېتىم ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، تەكشۈرۈشكە قاتناشقان مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئەرلەر «مېنىڭ بىر رومانتىك ئەر بولغۇم بار»، دېگەن. شۇنداق بولۇپ تۇرۇقلۇق، نېمە ئۈچۈن ئەرلەر بىر رومانتىك ئەر بولۇش ھەققىدە شۇنچىۋالا بىلمىسىز كېلىدۇ؟ ئەمەلىيەتتە ئەرلەر بۇ ئىشتا ئۇنچىۋالا بىلمىسىز ئەمەس بولۇپ،

ئەرلەرنىڭ رومانتىك بولماسلىقىدىكى ئەڭ مۇھىم ياكى 1-ئورۇندا تۇرىدىغان سەۋەب، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ رومانتىك بولۇش يولىدىكى تىرىشچانلىقىنىڭ ئايال كىشى تەرىپىدىن رەت قىلىنىشى، مەسخىرە قىلىنىشى، زاڭلىق قىلىنىشى ياكى ئېتىۋارغا ئېلىنماسلىقىدىن ناھايىتىمۇ ئەنسىرەيدىغانلىقىدىن ئىبارەت. باشقىچە قىلىپ ئېيتساق، ئەرلەر ئۆزلىرىنىڭ رومانتىك بولۇش يولىدىكى ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولماي قېلىشىدىن تولىمۇ ئەنسىرەيدۇ. شۇڭلاشقا ئاياللار ئېرىنىڭ رومانتىك بولۇشقا ئۇرۇنغان ئىش-ھەرىكەتلىرىگە ئالاھىدە دىققەت بېرىشى، ۋە ئۇنىڭغا مۇۋاپىق مۇئامىلە قىلىشى كېرەك.

مەسىلەن، سىزنىڭ ئېرىڭىز بىر ئاخشامنى ناھايىتى رومانتىك ئۆتكۈزمەكچى بولۇپ، سىزنى سىرتتىكى بىر ياخشى رېستورانغا ئاپىرىپ مېھمان قىلىش قاتارلىق بىر قاتار ئىشلارنى پىلانلىغان بولسۇن. ئەگەر سىز ئاشۇ رېستورانغا بېرىپ، ئالدىڭىزغا ئەكەلگەن تاماقنى ياراتماي، ئاشپەزنى تەنقىد قىلىدىكەنسىز، سىزنىڭ ئېرىڭىز سىزنىڭ ھېلىقى قىلىقىڭىزنى «مەن بۇ رومانتىك كېچىنى دېگەندەك قاملاشتۇرالمىدىم» ، دەپ چۈشىنىدۇ. ئەگەر ئېرىڭىز سىزنى بىر كىنوغا ئاپارغان بولۇپ، سىز ئۇ كىنونى ياراتمىسىڭىز، ئۇنىڭ ئېرىڭىزگە بولغان تەسىرىمۇ يۇقىرىقىدەك بولىدۇ. بۇ يەردە سىز ئېرىڭىزنى ياراتماسلىقتا ئۇرۇنمىدىڭىز، ئەمما ئېرىڭىز بۇ ئىشنى ئەنە شۇنداق چۈشىنىپ قالىدۇ. ئەگەر ئېرىڭىز سىزگە بىر سوۋغات بەرگەندە ئۇ سوۋغات سىزنىڭ كۆڭلىڭىزگە ياقماي، سىز «بۇنى نېمىشقىمۇ ئالغانسىز؟ بۇنداق نەرسىگە پۇل ئىسراپ قىلىپ نېمە قىلاتتىڭىز؟» دەيدىكەنسىز، ئېرىڭىز سىز ئۈچۈن بىر رومانتىك ئىش قىلىمەن، دەپ، مەغلۇپ بولغاندەك ھېسسىياتقا كېلىدۇ.

قىسقىسى، ئەرلەر ئايالىغا مەلۇم بىر رومانتىك ئىشنى قىلىپ بەرگەندە، ئۇ ئايالىنىڭ ئۆزى قىلغان ئىشنى ناھايىتى ياقتۇرۇشىنى، ئۇنىڭغا ناھايىتى خۇشال بولۇشىنى، ھەمدە ئۆزىگە باشقىچە يېقىملىق قىلىشىنى ئىستەيدۇ. شۇنداقلا شۇ كۈنى ئاخشىمى كارىۋاتتىكى ئىشنىڭمۇ يۈز بېرىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

رومانتىك ئىشلارنىڭ ئېنىقلىمىسى ئەرلەر بىلەن ئاياللار ئۈچۈن ئوخشاش بولماي قېلىشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن، بىر ئايال ئۈچۈن ئۆيدە ياخشى تاماقتىن بىرنى ئېتىپ، تاماق ئۈستىلىگە شاملارنى يېقىپ قويۇپ، ئېرى بىلەن بولغان قىزغىن پاراڭلار ئىچىدە ئۇ تاماقتىن بەھرىلىنىپ،

ئاندىن ئېرى بىلەن ئۆيىدىكى سافادا ئولتۇرۇپ، بىر كىنونى بىللە كۆرۈشنىڭ ئۆزى بىر رومانتىك ئىش بولۇشى مۇمكىن. ئەمما ئۇ ئايالنىڭ ئېرى ئۈچۈن بولسا سىرتقا چىقىپ، ئايالى بىلەن بىللە تاماق يەپ، ئۇنىڭدىن كېيىن كىنوخانىدا بىر كىنو كۆرۈپ، ئاندىن ئاخشىمى كارىۋاتقا بىللە چىقىش بىر رومانتىك ئىش بولۇشى مۇمكىن. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئەر بىلەن ئايالنىڭ رومانتىك ئىش ھەققىدىكى چۈشەنچىسىدە خېلى چوڭ پەرق بار. ئەر بىلەن ئايال ئوتتۇرىسىدىكى مۇشۇنداق ئوخشىماسلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى، ئەر-خوتۇن ئىككىيلەن ئوبدان پاراڭلىشىپ، قارشى تەرەپنىڭ «رومانتىك ئىش» چۈشەنچىسىنى بىلىۋېلىشتىن ئىبارەت.

يەنە بىر مەسىلە، ئەگەر مەلۇم بىر كۈندىكى رومانتىك ئىشلارنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسى ئەر-خوتۇن ئىككىيلەننىڭ كارىۋاتقا بىللە چىقىشى بولمايدىكەن، ئۇ ھالدا ئەردە ئۈمىدسىزلىك ياكى يارىتىلماسلىق تۇيغۇسى پەيدا بولىدۇ. بۇ ئەھۋالمۇ ئەرلەرنىڭ بىر خىل جىنسىي مۇناسىۋەت مەخلۇقلىرى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەرلەرنىڭ رومانتىك ئىش يولىدىكى تىرىشچانلىقى ئەر-خوتۇن ئىككىيلەننىڭ كارىۋاتتىكى ئىشى بىلەن مۇكاپاتلانغىنى ياخشى. ئەگەر بىز يۇقىرىقىدەك چۈشەنچىلەر ئاساسىدا غەربنىڭ مەدەنىيىتىگە قاراپ باقىدىغان بولساق، ئەر-ئوغۇللارنىڭ نېمە ئۈچۈن ئاخشىمى خوتۇن-قىزلارنى تاماققا ئاپىرىشقا شۇنچىۋالا كۈچەيدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز.

ئامېرىكىنىڭ بىر كىنوسىدا بىر ئوغۇل بىر قىزنى ئاخشىمى بىر چايخانىغا ئاپىرىپ قەھۋە ئېلىپ بېرىدۇ. قەھۋەنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن يىگىت ئۇ قىزنى ئۆزىنىڭ ياتىقىغا ئاپىرىشقا ئۇرۇنىدۇ. ئۇ قىز ئۇنىمىسا، «ئۇنداقتا ماڭا ھېلىقى قەھۋەنىڭ پۇلىنى تۆلىۋەتكەن بولسىڭىز»، دەيدۇ. بۇ بىر سەل ئۇچىغا چىققان ئەھۋال. ئەمما غەربتە ئاشۇنداق ئىشلارنى خېلى كۆپ ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

قىسقىسى، ئەگەر ئېرىڭىز سىزگە بىر رومانتىك ئىشنى قىلىپ بەرگەندە سىز ئۇنى ياراتمايدىكەنسىز، ئۇ سىزنىڭ ناھايىتى چوڭ خاتالىقىڭىز بولىدۇ. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغاندەك، ئەرلەرنىڭ غۇرۇرى ئايال كىشىنىڭ تەنقىدى ئالدىدا ئىنتايىن ئاجىز كېلىدۇ. ئەگەر ئېرىڭىز سىزگە بىرەر رومانتىك ئىشنى قىلىپ بېرىدىكەن، سىز ئۇنىڭغا چوقۇم باشقىچە يېقىملىق قىلىڭ. بەزىدە سىز ئېرىڭىزنى تەنقىدلەش يۈزىسىدىن دېگەن بىر قانچە ئېغىز گەپ

ئىككىڭلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى رومانتىك مۇناسىۋەتنىڭ بىر قانچە يىل ئۈزۈلۈپ قېلىشىغا سەۋەب بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن.

## 6. چىرايلىق بولۇشقا ئىنتىلىشنىڭ ئۆزى بىر خىل گۈزەللىك

ئەرلەر ئاياللىنىڭ بەدىنى يېڭى توي قىلغان ۋاقتىغا قارىغاندا سەل يوغىناپ قالغانلىقىغا ئاساسەن پەرۋا قىلمايدۇ. ئەمما ئۇلار ئاياللىنىڭ چىرايلىق كۆرۈنۈشكە ئۇرۇنۇۋاتقان-ئۇرۇنمايۋاتقانلىقىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىدۇ. ئاياللىنىڭ ئەتىر ئىشلىتىپ، يۈزىگە گىرىم قىلىپ، ۋە چىرايلىق كىيىملەرنى كىيىپ، شۇ ئارقىلىق چىرايلىق كۆرۈنۈشكە تىرىشىۋاتقان-تىرىشمايۋاتمايدىغانلىقىغا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئەرلەر ئاساسەن ئايالىنى باشقا ئاياللارغا ۋە ئالىي دەرىجىلىك ئايال مودېللارغا سېلىشتۇرمايدۇ. ئەرلەر ئاساسەن ئۆزىنىڭ ئاياللىنىڭ بەدەن قۇرۇلۇشىغا رازى بولۇپ ئۆتىدۇ. ئەمما ئايالى ئۆزىدىن-ئۆزى خەۋەر ئالمىغاندا، ۋە ئۆزىنىڭ تاشقى قىياپىتىنى ئوڭلاپ يۈرمىگەندە، ئەرلەرنىڭ ئىچى پۇشۇپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلى يېرىم بولىدۇ.

ئاياللار بىرەر ئاياللارنىڭ يىغىلىشىغا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش باشقا بىرەر پائالىيەتكە بېرىشتىن بۇرۇن نەچچە سائەت ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئۆزىگە گىرىم قىلىپ، ياخشى كىيىنىپ، ئۆزىنى پەردازلايدۇ. ئەمما ئېرى كەچتە ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيىگە قايتىپ كېلىشتىن بۇرۇن 5 مىنۇت ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئۆزىنى ئازراق ئوڭلاپ قويمايدۇ. ئېرىنىڭ ئالدىدا چىرايلىق كۆرۈنۈشكە ئازراقمۇ تىرىشىپ قويمايدۇ. بۇ ئەرلەر ئەڭ كۆڭلۈك دەرىجىدە نارازى بولىدىغان بىر ئەھۋال. ئوبدان ئويلىنىپ بېقىڭ: سىزنىڭ چىرايلىق جامالىڭىزدىن ۋە سىزنىڭ چىرايلىق قىياپىتىڭىزدىن بەھرىلىنىشكە ۋە سۆيۈنۈشكە شەرتى ھەممىدىن بەك توشىدىغان كىشى ھەرگىزمۇ سىز بارغان ئولتۇرۇشتىكى باشقا ئاياللار ئەمەس. سىز بارغان تويدىكى باشقا دوستلىرىڭىز ئەمەس. سىزنىڭ چىرايلىق جامالىڭىزدىن ۋە سىزنىڭ چىرايلىق قىياپىتىڭىزدىن بەھرىلىنىشكە ۋە سۆيۈنۈشكە شەرتى ھەممىدىن بەك توشىدىغان كىشى سىزنىڭ ئېرىڭىز. شۇڭلاشقا ئۆزىڭىزنى ئېرىڭىزنىڭ ئالدىدا چىرايلىق كۆرسىتىشكە تىرىشماي، باشقىلارنىڭ ئالدىدا چىرايلىق كۆرسىتىشكە تىرىشقىنىڭىزنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بار؟

ئاياللار ئاساسي جەھەتتىن ئېرىنىڭ ئالدىدا چىرايلىق ياسىنىپ يۈرۈشنىڭ ئەھمىيىتىنى ئانچە چۈشەنمەيدۇ. ھەمدە «مەن دەرىجىدىن

تاشقىرى مودېللار بىلەن رىقابەتلەشمىسەم بولمايدۇ»، دېگەن ئىدىيىگە رەسمىي ئىشىنىدۇ. ئەمما، ئالدىنقى قېتىملىق ماقالىدە تىلغا ئېلىنغىنىدەك، ئەرلەر بىر ۋاقىتتا پەقەت بىرلا ئىشنى ئويلايدىغان بولۇپ، ئۇلار ھەرگىزمۇ ئاياللىنىڭ بەدەن قۇرۇلۇشىنى دەرىجىدىن تاشقىرى مودېللارنىڭ بەدەن قۇرۇلۇشى بىلەن سېلىشتۇرۇپ يۈرمەيدۇ. ئەرلەرنىڭ ئىستەيدىغىنى ئاياللىنىڭ ئۆزىنىڭ ئالدىدا چىرايلىق كۆرۈنۈشكە ئىنتىلىشى، ۋە شۇ يولدا زۆرۈر بولغان تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىشىدىن ئىبارەت.

ئاياللارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تۇرقىغا نىسبەتەن ئۆز ئىشەنچىسىنىڭ يوقلۇقى بىر ئېغىر مەسىلە. بۇ يەردىكى بىر ياخشى ئەھۋال شۇكى، ئەگەر بىر ئايال ئېرى ئۆيگە قايتىپ كېلىشتىن بۇرۇن 5 ـ 10 مىنۇت ۋاقىت چىقىرىپ، ئۆزىنىڭ تۇرقىنى بىر ئاز ئوڭلاپ، ئۆزىگە ئەتىر چېچىپ، ئۆزىنىڭ كۆرۈنۈشىنى بىر ئاز چىرايلىقلاشتۇرۇپ قويىدىكەن، ئۇنىڭ ئېرى ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە ئاياللىنىڭ ئۆزى ئالدىدا چىرايلىق كۆرۈنۈشكە تىرىشىۋاتقانلىقىنى سېزىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاياللىدىن مىننەتدار بولىدۇ ۋە سۆيۈنىدۇ. غەربتە ئېلىپ بېرىلغان بىر ئىلمىي تەكشۈرۈشكە قاتناشقان ئەرلەرنىڭ 85 پىرسەنتى ئۆزلىرى ئۈچۈن مۇھىم نەرسە ئاياللىنىڭ 10 ـ 20 يىل بۇرۇنقى ۋاقىتتىكىدەك ياش كۆرۈنۈشى ئەمەس، بەلكى ئاياللىنىڭ ئېرىنىڭ ھېسسىياتىغا ئەھمىيەت بېرىپ، ئېرى ئالدىدا چىرايلىق ياسىنىپ يۈرۈشكە ئۇرۇنۇشى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

ئاياللار ئۆزلىرىنىڭ سىرتقى قىياپەتلىرىگە ھەددىدىن زىيادە سەزگۈر بولۇپ ياشايدۇ. ئۆزلىرىنىڭ سىرتقى قىياپەتلىرىگە ھەددىدىن زىيادە كۆڭۈل بۆلۈپ كېتىدۇ. ئەرلەرنىڭ بۇنداق ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلۈشى ئاياللارنىڭكىگە ئازراق يېقىنمۇ كەلمەيدۇ. كۆپ سانلىق ئەرلەر ئۈچۈن ھەممىدىن مۇھىم نەرسە، ئايالى ئۆزىنىڭ ئالدىدا ۋە ئۆي ئىچىدىمۇ چىرايلىق كۆرۈنۈپ يۈرۈش ئۈچۈن يېتەرلىك دەرىجىدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىدىن ئىبارەت. ئاياللارنىڭ چىرايلىق كۆرۈنۈشكە ئۇرۇنۇشى ئېرىنىڭ كۆزىگە چىرايلىق ياسانغان بولۇپ كۆرۈنىدۇ. ئاياللارنىڭ بىر گۈزەل قىياپەتكە كىرىشكە تىرىششى ئېرىنىڭ كۆزىگە گۈزەللەشكەن بولۇپ كۆرىدۇ. بۇ ھەر بىر ئايال كىشى تونۇپ يېتىشكە تېگىشلىك ناھايىتى مۇھىم ۋە ناھايىتى ئاددىي چۈشەنچىدۇر.

## 7. ئەرلەرنىڭ «ئۆڭكۈردىكى ۋاقىت» غا ئېھتىياجى بار

ئەرلەرنىڭ بىر تەبىئىي خۇسۇسىيىتى شۇكى، ئۇلار ھەر كۈنى ئازراق ۋاقىتنى ئۆز ئالدىغا ئايرىم ئۆتكۈزۈشنى ئىستەيدۇ. ئۇلار ھەر كۈنى مەلۇم بىر ۋاقىت ئىچىدە بارلىق ئىشلاردىن قول ئۈزۈپ، ھەمدە بىر يەردە ئۆزى يالغۇز تۇرۇپ، ژۇرنال ئوقۇش، ئىنتېرنېتتىكى نەرسىلەرنى تەكشۈرۈش ۋە تېلېۋىزور خەۋىرىنى كۆرۈشكە ئوخشاش ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئەرلەر چوڭ-چوڭ مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەندە، كۆڭلىدىكى ئىشلارنى باشقىلارغا دەپ يۈرمەيدۇ. بەلكى ئۆزى يالغۇز ئاشۇ مەسىلە ئۈستىدە ئويلىنىدۇ. ئاشۇنداق ۋاقىتلاردا ئەرلەر ئىككى ئېڭىكىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ، باشقا ھېچ قانداق ئىش قىلماي تۇرۇپ ئويلانمايدۇ. بەلكى تېلېۋىزوردا خەۋەر كۆرۈشكە ئوخشاش بىر ئىش بىلەن شۇغۇللىنىپ تۇرۇپ، كاللىسىنىڭ ئارقا تەرىپىدە ئۆزى دۇچ كەلگەن چوڭ مەسىلە ئۈستىدە ئويلىنىدۇ. ھەمدە ئاشۇنداق بىر مۇھىتتا ئۆز مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسىنى ئويلاپ تاپالايدۇ. ھەر بىر ئەر ئۆزىنىڭ ئازراق ۋاقىتنى ئۆزى يالغۇز ئۆتكۈزۈشكە ئېھتىياجلىق بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ «ئۆڭكۈردىكى ۋاقتى» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇلار بىر كۆڭۈلدىكى ئۆڭكۈرگە كىرىپ، ھەممە ئىشلاردىن قول ئۈزىدۇ. ئاياللار ئېرىنىڭ مۇشۇنداق بىر ئېھتىياجىنى توغرا چۈشىنىشى، ھەمدە ئېرى ھېلىقى ئۆڭكۈرگە كىرىپ كەتكەندە ئۇنىڭغا پاراكەندىچىلىك سالماسلىقى كېرەك. ئەرلەرمۇ ئۆڭكۈردىن چىقىپلا كارىۋاتقا چىقىپ ئۇخلاپ، ئايالى بىلەن ھېچ قانداق ۋاقىتنى بىللە ئۆتكۈزمىسىمۇ بولمايدۇ. ئۇنداق قىلىشنىڭ ئۆزىمۇ بىر خىل ناچار ئىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئەرلەر ئاياللارغا ئوخشاش كۆڭلىدىكى ئىشلارنى باشقىلارغا داۋاملىق دەپ تۇرمايدۇ. بىر قىسىم ئىشلارنى ھېچ كىمگە دېمەي، ئۆزىنىڭ كۆڭلىدە ساقلايدۇ. بۇ ئەرلەرنىڭ بىر خىل تەبىئىي خۇسۇسىيىتى. ئەرلەر بىر جىمجىت يەردە ئولتۇرۇپ، يەنە بىر ئىشنى قىلغاچ ئۆزى دۇچ كەلگەن مەسىلە ئۈستىدە ئويلىنىدۇ. ئۇنداق «جىمجىت يەر» تېلېۋىزورنىڭ ئالدى بولۇشىمۇ مۇمكىن، كومپيۇتېرنىڭ ئالدى بولۇشىمۇ مۇمكىن، ياكى قولىدىكى كىتاب بولۇشىمۇ مۇمكىن. شۇڭلاشقا سىزنىڭ ئېرىڭىزگە دەيدىغان بىر مۇھىم گېپىڭىز چىقىپ قېلىپ، ئۇنى ئېرىڭىزگە دېمەكچى بولغان ۋاقىت ئېرىڭىزنىڭ «ئۆڭكۈردىكى ۋاقتى» غا توغرا كېلىپ قالىدىكەن، سىز ئەڭ ياخشىسى ئېرىڭىزنىڭ ئويلىنىش جەريانىنى بۇزۇۋەتمەي، ئۇنىڭغا

«ئامرىقىم، مېنىڭ سىزگە دەيدىغان بىر مۇھىم گېپىم بار ئىدى. ئۇنى سىزگە قاچان دېسەم بولىدۇ؟» دەپ سوراڭ. بۇ ئىشتا ئەرلەرمۇ ئادىل بولۇشى كېرەك. ئەگەر ئېرىڭىز «سائەت 8 دە پاراڭلىشايلى»، دەپ سىزگە بىر ۋاقىتنى بەلگىلەپ بەرگەن بولسا، ئۇمۇ چوقۇم ئۆزىنىڭ ۋەدىسىنى ساقلىشى كېرەك.

بەزىدە سىز ئېرىڭىز بىلەن گەپ تالىشىۋاتقاندا، ئېرىڭىز ئۆزىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كېتىپ، ئىشىكنى يېپىۋالىدۇ. ئۇنىڭ بۇ قىلىقى ھەرگىزمۇ ئۆزىنى سىزدىن ئېلىپ قاچقانلىقى ئەمەس، بەلكى بۇ ئۇنىڭ «ئۆڭكۈرگە كىرىپ كېتىشى» بولۇپ، ئۇ ئاشۇ ئۆيدە جىمجىت ئولتۇرۇپ، سىلەر دېيىشكەن ئىشلار ئۈستىدە ئويلىنىدۇ. ئەرلەرنىڭ چوڭ-چوڭ ئىشلار ئۈستىدە ئويلىنىش ئۇسۇلى ئەنە شۇ. شۇڭلاشقا سىز ئېرىڭىزنىڭ بۇنداق ئىشلىرىنى توغرا چۈشىنىشىڭىز كېرەك. ئاياللارنىڭ بىر مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۇسۇلى بولسا ئېرى بىلەن گەپ تالىشىش، مۇنازىرە قىلىشىش، ئوخشاش گەپلەرنى قايتا-قايتا تەكرارلاش، ۋە دوستلىرىغا دەرد تۆكۈش قاتارلىقلار بولۇپ، ئۇلار بۇ جەھەتتە ئەرلەرگە زادىلا ئوخشىمايدۇ. ئەگەر سىز ئەرلەرنىڭ مۇشۇنداق پسىخولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتلىرىنى تولۇق چۈشىنىدىكەنسىز، سىزنىڭ ئېرىڭىز بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭىز ئۇزۇن مۇددەتكىچە ساغلام داۋاملىشىدۇ.

مانا بۇلار ھەر بىر ئايال كىشى بىلىشكە تېگىشلىك ئەرلەرگە ئائىت 7 مۇھىم ئىش.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئۇقۇملارنىڭ بىر قىسمى، بولۇپمۇ ئەرلەر ئاياللىدىن ئىستەيدىغان 1-ئورۇندىكى مۇھىم نەرسە ئاياللىنىڭ ئۆزىنى ھۆرمەتلىشى ئىكەنلىكى ھەققىدىكى چۈشەنچىلەر بىر داڭلىق كىتابتىن كەلگەن. ئۇ كىتابنىڭ ئاپتورى ئۈچ قېتىمدەك توي قىلىپ، مەغلۇپ بولغان «لورا دويىل» (Laura Doyle) ئىسىملىك ئايال بولۇپ، ئۇ دەسلەپدە ئېرى بىلەن ھوقۇق تالىشىپ ئۆتكەن. ئەمما تۇرمۇشى ئوڭۇشلۇق بولمىغاندىن كېيىن، «مەن بىر شۇنچە ياخشى ئايال تۇرسام، نېمە ئۈچۈن مېنىڭ تۇرمۇشۇم ئوڭۇشلۇق بولمايدۇ؟» دەپ ئويلاپ، تۇرمۇشتا بىر يېڭىچە پەلسەپىۋى ئىدىيە قوللىنىشقا باشلىغان. ئاندىن ئۇنىڭ تۇرمۇشى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان. ئۇ ئايال ئۆز سەرگۈزەشتىلىرى ھەققىدە بىر كىتاب يازغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى «تەسلىم بولغان ئايال» (The Surrendered Wife). بۇ

كىتاب غەربتىكى داڭلىق كىتابلار قاتارىدىن ئورۇن ئالغان بولۇپ، ئۇ ھەر بىر ئايال كىشىنىڭ ئوقۇپ بېقىشىغا ئەرزىيدۇ. مەن ئىمكانىيىتى بار ئۇيغۇر قېرىنداشلارنىڭ بۇ كىتابنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ، نەشر قىلدۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.




1 ـ رەسىم: لورا دويىلنىڭ «تەسلىم بولغان ئايال» ناملىق كىتابىنىڭ مۇقاۋىسى.

### پايدىلىنىش مەنبەسى:

[1] What men & women need to know about each other - Dr. Yasir Qadhi | 25th May 2013
https://www.youtube.com/watch?v=UqtBCxspzJw

[2] What WOMEN need to KNOW about MEN
https://www.youtube.com/watch?v=Jf6B4xk3kcI

# پەرزەنتلەر بىلىشكە تېگىشلىك مۇھىم ئىشلار

2016-يىلى 9-ئاينىڭ 30-كۈنى

مەن يېقىندا تورلارغا چىقارغان بىر پارچە ماقالىدە دادىلار بىلىشكە تېگىشلىك بىر قىسىم مۇھىم ئىشلارنى بايان قىلىپ ئۆتتۈم. ئۇنىڭدىن كېيىنكى يەنە بىر پارچە ماقالىدە بولسا ئاتا-ئانا ۋە ئەر-خوتۇنلار بىلىشكە تېگىشلىك بىر قىسىم مۇھىم ئىشلارنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتتۈم. مەزكۇر ماقالە ئاشۇ ماقالىلەرنىڭ داۋامى بولۇپ، بۇنىڭدا پەرزەنتلەر بىلىشكە تېگىشلىك بەزى مۇھىم ئىشلارنى بايان قىلىمەن. ئەسكەرتىپ قويۇشقا تېگىشلىك بىر نۇقتا شۇكى، مېنىڭ بايان قىلىدىغىنىم مۇھىم ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئەمەس. پەقەت ئۇلارنىڭ بۇ قېتىم ئۆزۈم تاللىغان بىر قىسمىدىنلا ئىبارەت. خۇددى بۇرۇنقى ماقالىلەرگە ئوخشاشلا، مەن تونۇشتۇرىدىغان مەزمۇنلارنىڭ كۆپ قىسمى دۇنيادا تونۇلغان كەسىپ ئەھلىلىرىنىڭ لېكسىيەلىرى ياكى ماقالىلىرىدىن ئېلىنغان. ئازراق قىسىملىرى بولسا ئۆزۈمنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ۋە ئۆزۈم ھېس قىلغان ئىشلار.

## 1. ئاتا-ئانىڭىز بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرۇڭ

بىر قىسىم ياشلارنىڭ ئۆز ئاتا-ئانىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئانچە ياخشى ئەمەس. ئۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبلەرىنىڭ بىرى، بەزى ياشلار ھەر قېتىم دادىسى بىلەن پاراڭلاشماقچى بولۇپ سۆز باشلىسا، ئۇنىڭ سۆزى بىر-ئىككى مىنۇت داۋام قىلمايلا دادىسى ئۇنى تەنقىدلەشكە باشلايدۇ. سىز ھەر قېتىم دادىڭىز بىلەن پاراڭلاشماقچى بولغاندا، دادىڭىزنىڭ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي سىزنى ئەيىبلەپ كېتىشى، ۋە ئاپىڭىز بىلەن پاراڭلاشماقچى بولغاندا، ئۇ خۇددى بىر مۇنچە ئاچچىقىنى يىغىپ، ئۇنى سىزدىن ئالماقچى بولغاندەك سۆزلەپلا كېتىشىدىكى سەۋەب، سىزنىڭ ئادەتتە ئۇلارغا ئۆزىڭىز بىلەن پاراڭلىشىش پۇرسىتىنى ئانچە بەرمىگەنلىكىڭىزدۇر. ئالدىنقى ماقالىلەردە چۈشەندۈرۈپ ئۆتكىنىمدەك، بالا كىچىك ۋاقتىدا داۋاملىق تۈردە ئاتا-ئانىسىغا گەپ قىلىشقا ئىنتىلىدۇ. بالا چوڭ بولغاندا بولسا، ئاتا-

ئانىلار داۋاملىق تۇردە بالىسىغا گەپ قىلىش، بالىسى بىلەن پاراڭلىشىشقا ئىنتىلىدۇ. ئاتا-ئانىلار سىزنىڭ دىققەت بېرىشىڭىزنى ئىستەيدۇ. ئەمما، سىز ھەر خىل ئىشلار بىلەن ناھايىتى ئالدىراش بولۇپ، ئۇلارغا ھېچ قانداق پاراڭلىشىش پۇرسىتى بەرمەيسىز. سىز ئۇلارغا ۋاقىت بەرمىگەندە، ئۇلار دەسلەپتە سىزنى سېغىنىدۇ، سىزدىن ھەسرەتلىنىدۇ. ئەمما ئۇلاردىكى سېغىنىش ۋە ھەسرەتلىنىش تۇيغۇسى ئاستا-ئاستا سىزدىن ئاغرىنىش تۇيغۇسىغا ئۆزگىرىدۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇلاردىكى ئاغرىنىش ھېسسىياتى يىغىلىپ ۋە كۈچىيىپ ماڭىدۇ. ھەمدە خېلى كۆپ ۋاقىتلاردا سىزگە گەپ قىلىش پۇرسىتى بولغاندا سىزگە نېمە دەيدىغانلىقىنى كۆڭۈل دەپتىرىگە يېزىپ تۇرىدۇ. ئاشۇنداق بىر ۋاقىتتا ئۇلار سىزنى ئۇچرىتىپ، سىزنىڭ ئۆزلىرىگە يەنە ئانچە پەرۋا قىلمايۋاتقانلىقىڭىزنى كۆرگەندە، ئۇلار پارتلايدۇ. «سەن ھازىر قانداق بولۇپ كەتتىڭ بىلەمسەن؟ سەن ماۋۇ ئىشنى قىلمىدىڭ، ئاۋۇ ئىشنى قىلمىدىڭ، يەنە بىر ئىشنى خاتا قىلدىڭ، يەنە بىر ئىشنى كەم قىلدىڭ» ، دەپ، كۆڭلىگە يىغىلىپ كەتكەن گەپلىرىنى بىراقلا تۆكۈشكە باشلايدۇ. سىز «بۇ گەپ نەدىن كەلدى؟ سىز بۇ گەپلەرنى يادلاپ تۇرغانمۇ؟ بۇ ھەرگىزمۇ كاللىڭىزدا ھازىرلا پەيدا بولغان گەپ ئەمەس!» دەيسىز. دېگىنىڭىز راست: ئاتا-ئانىڭىز ھېلىقى گەپلەرنى كاللىسىدا تەييارلاپ قويغان.

بۇ ئىشتا ئاتا-ئانىلارنىڭ كۆڭلى خۇددى بىر توختىماي يەل قاچىلىنىپ تۇرىدىغان شارغا ئوخشايدۇ. يەل قاچىلىنىۋېرىپ، ئارىلاپ-ئارىلاپ يەلنى ئازراقتىن چىقىرىۋېتىدىغان پۇرسەت بولمايدىكەن، ئۇ شار ئاخىرى پارتلاپ، يېرىلىپ كېتىدۇ. شۇڭا بۇنداق ئەھۋالنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى، ئەگەر سىز ئۆيدىن ئايرىلىپ چىقىپ بولغان بولسىڭىز، ھەر كۈنى ئاتا-ئانىڭىزغا تېلېفون قىلىپ، ئۇلار بىلەن 5 - 10 مىنۇت سۆزلىشىپ تۇرۇش. ئۇلار سىزنىڭ تۇرمۇشىڭىزنى كونترول قىلىپ تۇرمايدۇ. سىز پەقەت ئۇلارغا تېلېفون قىلىپ، ئاتا-ئانىڭىزدىن قىسقىچە ھال-ئەھۋال سورايسىز. ھەمدە ئۆزىڭىزنىڭ ئىشلىرى قانداقراق كېتىۋاتقانلىقى توغرىسىدا ئازراق پاراڭ سېلىپ بېرىسىز. شۇنىڭ بىلەن ئاتا-ئانىڭىز ھەر كۈنى سىزنى سېغىنىش ئىستىكىنى بىر ئاز قاندۇرۇپ، بەزى ئىشلاردا سىزدىن ئازراق ئاچچىقىنى چىقىرىپ، قورسىقىنى سەل بوشىتىپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلاردىكى سىزگە بولغان قورساق كۆپىكى ھەرگىزمۇ بىر پارتلاش دەرىجىسىگە بارمايدۇ. بۇنداق پاراڭلار جەريانىدا

ئاتا-ئانىڭىز بەزى ئىشلار ھەققىدە ئۆز كۆز-قاراشلىرىنى بايان قىلىشى، سىزگە تەكلىپ بېرىشىمۇ مۇمكىن. سىز ئۇچۇن ئۇلارنىڭ گېپىنىڭ ھەممىسىگە ئەمەل قىلىش شەرت ئەمەس. بىر قىسىم گەپلەرنى پەقەت ئاڭلاپلا ئۆتۈپ كەتسىڭىز بولۇۋېرىدۇ. ئەلۋەتتە ئاتا-ئانىلاردىن كەلگەن مۇھىم نەسىھەت، تەۋسىيە ۋە تەكلىپلەرنى قوبۇل قىلىش بىر خىل ئاقىلانە ئىش قىلىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى مىڭ قىلمىغان بىلەن ئاتا-ئانىلار سىزگە قارىغاندا كۆپ تەجرىبىلىك. سىزگە قارىغاندا ئۇلارنىڭ بېشىدىن كۆپ ئىشلار ئۆتكەن. ئۇلاردا سىزگە قارىتا چەكسىز ۋە شەرتسىز مۇھەببەت بار بولغاچقا، ئۇلار ھەرگىزمۇ بىلىپ تۇرۇپ سىزنى خاتا يولغا باشلىمايدۇ.

ئاتا-ئانىڭىز سىزگە گەپ قىلغاندا، بەزىدە ئۇلارنى ئاڭلاپ قويسىڭىزلا كۇپايە قىلىدۇ. ئەمما ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ دېگىنى ھېچ نېمىگە ئەرزىمەيدىغاندەك بىر خىل پوزىتسىيىنى نامايان قىلماڭ. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇلارغا سىز ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ناھايىتى مۇھىم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرۇپ تۇرۇڭ. ئالدىنقى ماقالىدىمۇ تىلغا ئالغىنىمدەك، ئاتا-ئانىلارنى ئەڭ مۇھىم ئورۇنغا قويۇڭ، ھەمدە ئۇلارغا ئەڭ ياخشى مۇئامىلە قىلىڭ.

**«ئۇلارنىڭ بىرى، يا ئىككىلىسى سېنىڭ قول ئاستىڭدا بولۇپ ياشىنىپ قالسا، ئۇلارغا ئوھوي دېمىگىن (يەنى مالاللىقنى بىلدۈرىدىغان شۇنچىلىك سۆزنىمۇ قىلمىغىن)، ئۇلارنى دۈشكەلىمىگىن، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن (17:23).»** دىنىمىزدىكى ئۇقۇملار بويىچە قارىغاندا، ئۆز ئاتا-ئانىسى بىلەن مۇناسىۋەتنى ياخشى قىلماسلىق دوزاخقا كىرىشنىڭ ئەڭ ئاسان يولى. شۇڭلاشقا دوزاخقا كىرىشنى خالىمىسىڭىز، ئاتا-ئانىڭىز بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە ھەرگىز سەل قارىماڭ. ئاتا-ئانىڭىز بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى چوقۇم ياخشى قىلىڭ. ھەرگىز «مەن دادام بىلەن سۆزلىشىپ باقمىغىلى بىر قانچە ئاي بولدى»، دېگەنىدەك ئىشلارنى قىلماڭ.

## 2. ئاتا-ئانىڭىزغا ئىش قىلىپ بېرىپ تۇرۇڭ

بۇلاردىن باشقا، سىزگە بېرىدىغان يەنە بىر مۇھىم تەكلىپىمۇ بار. ئۇ بولسىمۇ ئاتا-ئانىڭىزغا بىر قىسىم ئىشلارنى قىلىپ بېرىڭ. ئەگەر سىز بىر دىندار كىشى بولۇپ، دىنىڭىز قانچە كۈچەيگەنسېرى سىز بىلەن ئاتا-ئانىڭىز ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت شۇنچە يىراقلىشىدىكەن، سىز بىلەن ئاتا-ئانىڭىز ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت شۇنچە يىرىكلىشىدىكەن، ئۇ ھالدا ئاتا-ئانىڭىز بۇنداق ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىش سەۋەبىنى سىزدىن كۆرمەي،

دىندىن كۆرىدۇ. شۇڭا ئانىلار بايرىمىدا ئۆز مەيلىڭىز بىلەن ئاپىڭىزغا گۈل ياكى باشقا بىرەر نەرسە ئېلىپ سوۋغا قىلىڭ. دادىلار بايرىمىدا دادىڭىزغىمۇ ئاددىي ياكى كىچىك بولسىمۇ بىرەر خاتىرە بۇيۇمى ئېلىپ سوۋغا قىلىڭ. پۇرسەت تېپىپ ياكى پۇرسەت يارىتىپ ئاتا-ئانىڭىزغا بىر قىسىم ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى قىلىپ بېرىڭ. ئاتا-ئانىڭىز سىزنىڭ دىندارلىقىڭىز سىزنى بارغانسېرى ياخشىراق بىر ئادەمگە ئۆزگەرتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلسۇن. ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغاندا، سىزنىڭ دىندارلىقىڭىز قانچىلىك كۈچەيگەنسېرى سىز ئاتا-ئانىڭىز بىلەن شۇنچە بەك قارشىلىشىسىز. ئاتا-ئانىڭىز بىلەن شۇنچە بەك گەپ تالىشىسىز. بۇنداق ئەھۋالدا ئاتا-ئانىڭىز گۇناھنى سىزدىن كۆرمەي، دىندىن كۆرىدۇ. ھەممە سىز ئاتا-ئانىڭىز ياكى قېرىنداشلىرىڭىزغا دەۋەت بەرمەكچى بولغاندا، ئۇلار «مېنىڭ ھەرگىزمۇ سەندەك ئادەم بولغۇم يوق. سەن ھازىر داۋاملىق ئوساللىق قىلىسەن. داۋاملىق رەزىللىك قىلىسەن» دەيدۇ. شۇڭلاشقا سىزنىڭ ئۆز ئىش-ھەرىكىتىڭىزنى ئائىلىڭىزگە ماس كېلىدىغان، ئائىلىڭىزدىكىلەرگە كۆيۈنىدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىش مەسئۇلىيىتىڭىز بار. بۇ ئىش ئائىلە مۇناسىۋىتىنى ساغلاملاشتۇرۇشتا تولىمۇ مۇھىم.

بىز ئۈچۈن ئاتا-ئانىمىز ۋە قېرىنداشلىرىمىز ناھايىتىمۇ مۇھىم. سىز ئادەتتە ئۇلار بىلەن قانچىلىك چىقىشالماڭ، ئادەتتە ئۇلارنى قانچىلىك ئۆچ كۆرۈڭ، ئەگەر سىزنىڭ بىر قېرىندىشىڭىز بىر ماشىنا ۋەقەسىگە ئۇچراپ، دوختۇرخانىنىڭ جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىگە كىرىپ قالغان بولسا، سىز يەنىلا قولىڭىزدىكى ھەممە ئىشنى تاشلاپ، دوختۇرخانىغا بارىسىز. قانداشلىق مۇناسىۋەت دېگەن ئەنە شۇنداق بولىدۇ. ياراتقۇچىمىز تەرىپىدىن قانداشلىق مۇناسىۋەت ئەنە شۇنداق لايىھىلەنگەن. شۇڭلاشقا بىز ھەر ۋاقىت ئائىلىمىزدىكىلەرنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇشىمىز، ئۇلارنى قەدىرلىشىمىز، ئۇلارغا ھەر ۋاقىت ياردەمدە بولۇشىمىز كېرەك.

## 3. بىكارچى بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىڭ

يېقىنقى 10 - 20 يىلدەك ۋاقىتنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر ياشلىرى ئىچىدە زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش، يولدىن چىقىپ كېتىش، ئەيدىز كېسىلىگە گىرىپتار بولۇشتەك ناچار ئەھۋاللار ئىنتايىن ئېغىر دەرىجىدە يۈز بەردى. ئۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى ئىشسىزلىق، ۋە شۇنىڭدىن كېلىپ چىققان بىكارچىلىق. مەن 2005-يىلىدىن كېيىن ئۇيغۇر دىيارىنىڭ كوچىلىرىدا

توپ-توپ يۈرگەن ئىشسىز، بىكارچى ياشلارنى كۆرۈپ ئىنتايىن قاتتىق چۆچۈپ كەتتىم. ئىنتايىن ئېچىندىم. ھەممە ئۇلارغا ئىنتايىن چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلدىم. ياش-ئۆسمۈرلەر بىكارچى بولۇپ قالسا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇنلىرى خاتا يولغا كىرىپ كېتىدۇ. بۇ يۈز بېرىش-بەرمەسلىك مەسىلىسى ئەمەس، پەقەت ۋاقىت مەسىلىسى. شۇڭلاشقا غەرب ئەللىرىدىكى ئاتا-ئانىلار باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان بالىلىرىنىڭ دەم ئېلىش كۈنلىرى بىكارچى بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۇلارنى ئۆز قىزىقىشىغا ئاساسەن ھەر خىل ئىسپورتلارغا بېرىدۇ. شەنبە-يەكشەنبە كۈنلىرى ئۆزلىرى ماشىنا ھەيدەپ، بالىلىرى توپ ئوينايدىغان ياكى باشقا ئىسپورت قىلىدىغان يەرلەرگە ئاپىرىپ، ئويۇن-مۇسابىقىلەر تۈگەپ بولغۇچە بالىلىرىنىڭ ئويۇنلىرىنى كۆرۈپ، ئۇلارغا كۈچ قوشۇپ بېرىپ، ئاندىن ئۆيىگە ياندۇرۇپ كېلىدۇ. بالىلىرىنى ئۆز كۆزىدىن زادىلا ئايرىمايدۇ. بالىلار سەل چوڭ بولۇپ، تولۇق ئوتتۇرىغا چىققاندا بولسا، تەتىل ۋە دەم ئېلىش كۈنلىرى ھەر خىل خىزمەتلەرنى تېپىپ ئىشلەيدۇ، ياكى بولمىسا بىرەر دوختۇرخانىدەك يەرلەردە خالىسانە ئىشلەپ، خىزمەت تەجرىبىسى توپلايدۇ. ئامېرىكىدىكى داڭلىق ئالىي مەكتەپلەرمۇ يېڭىدىن ئوقۇشقا كىرىدىغان ئوقۇغۇچىلاردىن «كەم دېگەندە 60 سائەت خالىسانە خىزمەت قىلغان بولۇش» دېگەننى مەكتەپكە قوبۇل قىلىنىشنىڭ بىر شەرتى قىلىدۇ.

ئەمدى بۇلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىنى سېلىشتۇرساق، ئۇيغۇر ياش-ئۆسمۈرلىرىنىڭ نەقەدەر پايدىسىز ئورۇندا ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۇ ياقتا تۇرسۇن، بىر مەزگىل ۋاقىت ئىچىدە ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ياشلارغىمۇ خىزمەت يوق، ئۇلار خېلى چوڭ بولغۇچە بىكارچى بولۇپ، ئاتا-ئانىسى بىلەن بىر ئۆيدە ياشاشقا مەجبۇرى بولدى. بۇ ئەھۋاللارنىڭ ھازىر قانچىلىك ياخشىلانغانلىقىنى مەن ئانچە بىلىپ كەتمەيمەن. مېنىڭچە ئۇيغۇر ياش-ئۆسمۈرلىرى ئارىسىدا يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغاندەك ناچار ئەھۋاللارنىڭ يۈز بېرىشىدە ئاتا-ئانىلارنىڭ ياخشى تەربىيە قىلمىغانلىقى مەلۇم دەرىجىدە رول ئوينىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ئاساسلىقى ئۇيغۇر دىيارىنىڭ شارائىتى سەۋەبچى بولغان. يەنى، ياشلارنىڭ ئۇزۇن مۇددەت ئىشسىز ۋە بىكارچى ھالەتتە ياشاشقا مەجبۇرلىنىشى سەۋەب بولغان.

ئەمما بىز شارائىتتىن ئاغرىنىپ، ئۆزىمىزنى تاشلىۋەتسەك، زىياننى يەنىلا ئۆزىمىز تارتىمىز. بىزنىڭ ھېچ قانداق چارە قوللانماي، باھانە ئىزدەپ، ئاغرىنىپ ۋە چۈشكۈنلىشىپ ياشىشىمىز بىلەن بىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىمىز ياخشى تەرەپكە ئۆزگىرىپ قالمايدۇ. شۇڭلاشقا مەن ھەر بىر ياشلاردىن ئاتا-ئانىلار يارىتىپ بەرگەن پۇرسەتنى قەدىرلەپ، ئاتا-ئانىلار يارىتىپ بەرگەن پۇرسەتلەردىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئىمكانىيىتى بار بولسىلا بىكارچىلاردىن بولۇپ ياشىماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئاتا-ئانىلارنىڭ ياردەم قىلىش ئىمكانىيىتى يوق ئەھۋالدىمۇ، بوش ۋاقتىنى خالىسانە خىزمەت قىلىش ياكى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش ئۆتكۈزگىلى بولىدۇ. ئۇيغۇرلاردا «ياشلىقىڭدا ئوينىۋال» دېگەن مەزمۇندىكى ناخشىلار خېلى كۆپ، ئەمما «ياشلىقىڭدا ئۆگىنىۋال» ياكى «ياشلىقىڭدا ئوقۇۋال» دېگەن مەزمۇندىكى ناخشىلار ئانچە يوق. ئاقىلانە ئىش قىلىدىغان ياشلار چوقۇم «ياشلىقىڭدا ئوينىۋال» دېگەننى «ياشلىقىڭدا ئوقۇۋال» دەپ چۈشىنىشى كېرەك. چۈنكى، ئادەم ياشلىق دەۋرىدە ئىگىلىگەن بىلىمى ئۇنىڭ كېيىنكى پۈتۈن ئۆمرىنىڭ قانداق بولۇشىنى بەلگىلەيدۇ. ئۇنىڭ ھايات تەقدىرىنىڭ قانداق بولۇشىنى بەلگىلەيدۇ. ياشلىق دەۋرىدە ئويناپ، ئۆز يېشىغا خاس بىر قىسىم گۈزەل ئەسلىمىلەرنى قالدۇرۇشمۇ ئىنتايىن مۇھىم. ئەمما ئويۇن بىلەن ئۆگىنىش ياكى ئويۇن بىلەن ئوقۇش ئوتتۇرىسىدا بىر تەڭپۇڭلۇق بولۇشى كېرەك. ئويۇننى بىلىم ئىگىلەشتىن بەكرەك تەكىتلەيدىغان ھەر قانداق بىر خەلق چوقۇم دۇنيادىكى تەرەققىي قىلغان ئەللەر خەلقلىرىدىن كۆپ ئارقىدا قالىدۇ. ۋاقىت ئىنتايىن قىممەتلىك. مەن بىر ئۆمۈر ۋاقتىنى يېتىشتۈرەلمەي ياشىدىم. مەن ئۇيغۇر دىيارىدىكى ياشلاردىن پايدىسىز شارائىتتىمۇ ۋاقتىنى قەدىرلەشنى ئۆگىنىپ، كۈنىنى ئۆگىنىش ۋە خالىسانە ئىشلەشتەك ئەھمىيەتلىك ئىشلار بىلەن ئالدىراش ئۆتكۈزۈپ، خاتا يولغا كىرىپ قېلىشتىن قەتئىي ساقلىنىشنى ئۈمىد قىلىمەن. شارائىتقا نارازى بولۇپ، شارائىتتىن ئاغرىنىپ، چۈشكۈنلىشىپ، يولدىن چىقىپ، ئاخىرى ئۆز ئۆمرىنى بالدۇر ئاخىرلاشتۇرۇش يولىنى تاللىغان ياشلارمۇ بار. ئۇنداقلاردىن بىر قانچىسىنى مەن بۇرۇن ئوقۇۋاتقاندا ئۆزۈم بىۋاستە ئۇچراتقان. يېقىندىمۇ بەزىلىرىنى ئۇچراتتىم. ھەمدە ئاشۇنداق ئەھۋالدىن ھەيتىلەپ ئازابلاندىم. ياراتقۇچىمىزنى ۋە ئاتا-ئانىمىزنى رازى قىلىش ئۈچۈن، بىز ھەممىمىز شەرەپلىك ياشاپ، شەرەپلىك ئۆلۈش يولىنى تاللايلى.

# پايدىلىنىش مەنبەلىرى:

[1] Today you can, tomorrow you cannot - Nouman Ali Khan
https://www.youtube.com/watch?v=pAgR9u4HCBc

[2] يازما سۆھبەت 1-بۆلۈم 12-سوئالنىڭ جاۋابى
http://www.meripet.com/Sohbet/Erkin12.htm

[3] دادىلار بىلىشكە تېگىشلىك مۇھىم ئىشلار
http://bbs.bagdax.cn/thread-48300-1-1.html

[4] ئاتا-ئانىلار بىلىشكە تېگىشلىك مۇھىم ئىشلار
http://bbs.bagdax.cn/thread-61040-1-1.html

# ئاتا-ئانىلار بىلىشكە تېگىشلىك مۇھىم ئىشلار

2016-يىلى 7-ئاينىڭ 14-كۈنى

مەن ئالدىنقى بىر ماقالىدە دادىلار بىلىشكە تېگىشلىك مۇھىم ئىشلار ئۈستىدە توختالدىم. مەزكۇر ماقالىدە ئاتا-ئانىلار ۋە ئەر-خوتۇنلار بىلىشكە تېگىشلىك بىر قىسىم مۇھىم ئىشلار ئۈستىدە توختىلىمەن.

غەرب ئەللىرىدە «بالا تەربىيىسى» ۋە «بالا تەرەققىياتى» بىر چوڭ ئىلىم بولۇپ، بۇ ئىلىم ھازىر بىر ناھايىتى يۇقىرى پەللىگىچە تەرەققىي قىلىپ بولدى. غەربتە بالا تەربىيىسى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇنلار ئىنتايىن كۆپ. بالا تەربىيىسى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ سانى ناھايىتى كۆپ. بالا تەربىيىسى ھەققىدە مەسلىھەت بېرىدىغان مۇتەخەسسىلەرنىڭ سانى ئىنتايىن كۆپ. شۇنداقلا ئىلمىي ئۇسۇلدا بالا تەربىيىلەيدىغان خادىملارنىڭ سانىمۇ ناھايىتى كۆپ. مېنىڭ چۈشىنىشىمچە ئۇيغۇرلارنىڭ بالا تەربىيىسى جەھەتتىكى ئەھۋالىنى غەربنىڭ ئەھۋالى بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالى غەربلىكلەرنىڭكىدىن كۆپ ناچار. مەن ئۇيغۇر ياشلىرىدىكى زەھەرلىك چېكىم ئىشلىتىش ئەھۋالىنىڭ ئېغىرلىقىنى ئىزچىل تۈردە ئاڭلاپ كەلدىم. ئەيدىز كېسىلىگە گىرىپتار بولۇش ئەھۋالىنىڭ ئېغىرلىقىنى ئىزچىل تۈردە ئاڭلاپ كەلدىم. بىر قىسىم سانلارنى ئاشۇ ساھەدە ستاتىستىكا ئېلىپ بارغان كەسپىي خادىملاردىن بىۋاستە ئاڭلىدىم. ھازىرمۇ ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، ئاتا-ئانىسىنىڭ پۇلى بىلەن چەت ئەلگە ئوقۇشقا چىقىۋاتقان ياشلار ئىچىدىكى بىر قىسىم ناچار ئەھۋاللارنى داۋاملىق كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن. ھورۇنلۇق، ھېچ قانداق ئىشتا چىداملىق بولالماسلىق، جاپاغا چىدىماسلىق، ئۇچىغا چىققان شەخسىيەتچىلىك، ئاتا-ئانىسىغا ئىچ ئاغرىتماسلىق، پۇل خەجلەشتە پىسخىكىسى پۈتۈنلەي بۇزۇلغان بولۇش ياكى ئەقلىگە سىغمايدىغان دەرىجىدە ئىسراپچان بولۇش ئەھۋاللىرىنى كۆرۈپ تۇرىمەن، ھەمدە ئىنتايىن قاتتىق ئېچىنىمەن. «بالا تەربىيىسى ھەققىدىكى ھازىرقى زامان بىلىملىرى ئۇيغۇرلارغا نېمە ئۈچۈن تېخىچە

سىڭىپ كىرىپ بولالمايدۇ؟» دەپ ئۆز-ئۆزۈمدىن كۆپ سورايمەن. مېنىڭ پەرىزىمچە هازىرقى بالىلارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئۆزىمىزنىڭ كىملىكىنى ساقلاپ قېلىشتىن ئەنسىرەۋاتقان كىشىلەرنىڭ سانىمۇ بارغانسېرى كۆپىيىپ مېڭىۋاتىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ بۇنىڭدىن كېيىن ھەممە ياشلارنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئانچە ئاسان ئەمەس. ئەمما قاتتىق تىرىشساق ياشلار قوشۇنىدىكى روھىيىتى، ئىرادىسى ۋە پسىخىكىسى كۈچلۈك كىشىلەرنى قۇتقۇزۇپ قېلىش، ھەمدە ئۇلارنى توغرا يېتەكلەپ، ئۆزىمىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئەھۋالىنى ياخشىلاشقا خىزمەت قىلدۇرۇش پۈتۈنلەي مۇمكىن. مەن بىر دادا، ئەمما بالا تەربىيىسى ئىلمىنىڭ كەسىپ ئەھلى ئەمەس. شۇنداق بولسىمۇ مەن بۇ يەردە بىر قانچە نەپەر دۇنيادا تونۇلغان مۇتەخەسسىسلەرنىڭ بالا تەربىيىسى ھەققىدىكى كۆز-قاراشلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.




1-رەسىم: «ئەپۇ قىلىش بىز باشقىلار ئۈچۈن قىلىدىغان ئىش ئەمەس؛ ئۇ ئۆزىمىز ئۈچۈن قىلىدىغان ئىش بولۇپ، بىز شۇ ئارقىلىق بەختىنىڭ يېڭى يوللىرىنى تېپىش ئەركىنلىكىگە ئېرىشىمىز.» **Michael Josephson.**

## 1. بالا تەربىيىسىدىكى بىر قانچە ئىجابىي قائىدىلەر

بالا تەربىيىسىدە ئاتا-ئانىلار بىلىشكە تېگىشلىك ئىشلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ يادرولۇق ئورۇندا تۇرىدىغىنى بالىغا

دىققەت بېرىش سەنئىتىدىن ئىبارەت. سىز بالىڭىزنى ياخشى تەربىيىلەشتە بىلىشكە تېگىشلىك ئىشلارنىڭ كۆپىنچىسىنى بالىڭىزنى يېقىندىن كۆزىتىش، بالىڭىزنىڭ ھەر بىر سۆز-ھەرىكىتىگە ئىنچىكىلەپ دىققەت بېرىش ئارقىلىق بىلىۋالالايسىز. بۇ بىر ئاسان ئىش ئەمەس. بولۇپمۇ ھازىرقىدەك ئىنسانلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى ناھايىتى جىددىيلىك ئىچىدە ئۆتىدىغان زاماندا بالىغا يېتەرلىك دەرىجىدە دىققەت بېرىش ئانچە ئاسان ئىش ئەمەس. كۆپىنچە ئاتا-ئانىلار ئۆز تۇرمۇشىنى ئۆزلىرى ئارزۇ قىلغاندەك سۈرئەت بىلەن ئېلىپ ماڭالمايدۇ. شۇڭلاشقا بىرلا ۋاقىتتا كۆپلىگەن ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن تەڭ چىقىپ ياشاشقا ئادەتلىنىدۇ. ئەمما، بىرلا ۋاقىتتا كۆپ خىل ئىشلارنى قىلىپ ياشاش داۋاملىق پايدىلىق بولۇۋەرمەيدۇ. يەنى بىز بەزىدە بالىلارغا يېتەرلىك دەرىجىدە دىققەت بېرىش ئۈچۈن باشقا بىر قىسىم ئىشلىرىمىزدىن ۋاز كېچىشكە توغرا كېلىدۇ. ئەگەر سىز بالىڭىزنى ھەر ۋاقىت تولۇق چۈشىنىپ تۇرمايدىكەنسىز، ئۇ بىرەر ئىشنى خاتا قىلغاندا نېمە ئىشنى خاتا قىلغانلىقىنى ئاڭقىرىيالماي قالىسىز. بالىڭىز بىرەر خاتا يولغا مېڭىشقا باشلىغاندا ئۇنى سېزەلمەي قالىسىز. بالىڭىزنى توغرا يولغا باشلاش ئۈچۈن قايسى ئىشلارنى قىلىشنى بىلەلمەي قالىسىز.

ئائىلىدە بالا تەربىيىسىنى چىڭ تۇتىدىغان ئاتا-ئانىلارنىڭ ھەممىسىدە ئۆزلىرى ئەمەل قىلىدىغان بىر قىسىم ئىجابىي قائىدە ياكى ئىجابىي تۈزۈم بار بولىدۇ. مېنىڭ پەرىزىمچە، بۇنداق قائىدە ياكى تۈزۈملەر ئوخشىمىغان بالا تەربىيىسى ھەققىدىكى كىتابلاردا ئوخشىمىغان شەكىل ۋە ئوخشىمىغان تەرتىپتە يېزىلغان بولىدۇ. ئوخشىمىغان مىللەتلەردە ئوخشىمىغان شەكىل ۋە ئوخشىمىغان تەرتىپتە يېزىلغان بولىدۇ. شۇنداقلا ئوخشىمىغان ئائىلىلەردىمۇ ئوخشىمىغان شەكىل ۋە ئوخشىمىغان تەرتىپتە يېزىلغان بولىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ مەزمۇنى ئاساسىي جەھەتتىن بىر-بىرىنىڭكىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. تۆۋەندىكىسى غەربلىكلەر يېزىپ چىققان بالا تەربىيىسىدىكى ئىجابىي قائىدە ياكى ئىجابىي تۈزۈمنىڭ بىر مىسالى بولۇپ، مېنىڭچە ئۇ ئۇيغۇر ئائىلىلىرىگىمۇ خېلى ماس كېلىدۇ. مەن سىزگە مۇشۇ مەزمۇننى ئوقۇغاندا ئۆزىڭىزدىمۇ ئاشۇنداق ئىجابىي قائىدىلەر بارمۇ-يوق، ئەگەر بار بولسا ئۇلار قايسىلار، ھەممە سىزدىكى قائىدىلەر بىلەن تۆۋەندىكى قائىدىلەرنىڭ قانداق ئوخشايدىغان يەرلىرى ۋە قانداق ئوخشىمايدىغان يەرلىرى بار ئىكەن، دېگەن مەسىلىلەر ئۈستىدە ئازراق ئويلىنىپ بېقىشنى تەۋسىيە قىلىمەن:

1) بالىڭىزغا دىققەت بېرىش
2) بالىڭىزغا ۋە ئۆزىڭىزگە ھۆرمەت قىلىش
3) ئەقىلگە سىغىدىغان (سۆز-ھەرىكەتتە ئورۇنلۇق بولۇش)، مۇلايىم ۋە كەسكىن بولۇش
4) يول قويۇش، ئۆز-ئارا چۈشەنچە ھاسىل قىلىش ۋە كۆرسىتىپ بېرىش ئارقىلىق مەسىلە تۇغۇلۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە مەسىلىنى ئازايتىش
5) بالا ياخشى ئىش قىلغاندا ۋە ئىشنى توغرا قىلغاندا ئۇنى ئىلھاملاندۇرۇش ۋە مۇكاپاتلاش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئىرادىسىنى ئىجابىي جەھەتتىن تېخىمۇ مۇستەھكەملەش
6) توغرا تاللاش قىلىشنىڭ ئۇسۇللىرىنى ئۆگىتىش
7) بالىڭىزغا ئەقىلگە سىغىدىغان ئۈمىد ۋە نىشانلارنى تۇرغۇزۇپ بېرىش
8) ئۆزىڭىزگە ۋە ئائىلىڭىزگە ئەقىلگە سىغىدىغان ئۈمىدلەرنى بېكىتىپ بېرىش
9) بالىڭىزغا ئۈنۈملۈك ۋە ئەقىلگە سىغىدىغان چەكلىمىلەرنى ئېنىق بىلدۈرۈپ قويۇش
10) خاتا ئىش-ھەرىكەتلەرنى چۈشىنىش
11) ھەر بىر ئىشقا شۇ ئىش بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولۇش ۋە بالىڭىزغا ھۆرمەت قىلىش شەرتى ئاستىدا ئەقىلگە سىغىدىغان ئىنكاسلارنى بىلدۈرۈش
12) ئىزچىل بولۇش

يۇقىرىدىكى 12 قائىدىنىڭ ھەر بىرى بىر پارچە ئۆزۈن ماقالىگە تېما بولالايدىغان بولۇپ، مەن بۇ يەردە پەقەت ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى 1-قائىدە ئۈستىدىلا يەنە ئازراق توختىلىپ ئۆتىمەن. ئىمكانىيىتى بار باشقا قېرىنداشلاردىن قالغان قائىدىلەر ھەققىدىكى بىلىملىرىنى ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئورتاقلىشىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

## 2. باللارغا يېتەرلىك دەرىجىدە دىققەت بېرىش

بالىغا يېتەرلىك دەرىجىدە دىققەت بېرىش يۇقىرىدىكى 12 قائىدە ئىچىدىكى 1-قائىدە. بالىلار 3 - 9 ياشلاردا تۇرۇۋاتقان ۋاقىتىدا، ئۇلارنىڭ ئاتا-ئانىلاردىن ئىستەيدىغان ئەڭ مۇھىم ئىشى ئاتا-ئانىلارنىڭ ئۆزلىرى

قىلغان ئىشلارنى تەستىقلىشى ۋە ئۆزلىرىدىن ناھايىتى رازى بولۇشى بولىدۇ. ئاتا-ئانىلىرىنىڭ ئۆزلىرى قىلغان ئىشلاردىن پەخىرلىنىشى بولىدۇ. ئاتا-ئانىلارنىڭ ئۆزلىرى قىلغان ئىشلاردىن مىننەتدار بولۇشى بولىدۇ. بالىلار ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆزلىرىگە بولغان قايىللىقىنى باشقا ھەممە ئىشلاردىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويىدۇ. ئۇلار ئاتا-ئانىسىنىڭ رازىلىقىنى ۋە تەستىقىنى ئېلىش ئۈچۈن ياشايدۇ. كىچىك بالىلار ناھايىتى كۆپ گەپ قىلىدۇ. بولۇپمۇ قىزلار شۇنداق. سىز ئاشۇنداق كىچىك بالىلارنىڭ دادىسى ياكى ئاپىسى بولسىڭىز، بالىڭىز كىچىك ۋاقتىدا سىزگە گەپنى كۆپ قىلسا، ئۇ گەپلىرىگە قۇلاق سېلىپ، ئۇلارغا مۇۋاپىق ئىنكاس قايتۇرۇپ تۇرۇڭ. يەنى، بالىڭىز كىچىك ۋاقتىدا ئۇنىڭ گېپىگە دىققەت بېرىڭ. ھەمدە بالىڭىزنى تەستىقلاپ، ئۇنىڭغا قايىللىقىڭىزنى بىلدۈرۈپ، ئۇنى ئېتىراپ قىلىپ، ئۇنىڭغا ئۆزلۈكسىز ھالدا ئىلھام بېرىپ تۇرۇڭ.

بالىلار ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندا پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. يەنى ئۇلار ئانچە گەپ قىلماس بولۇپ قالىدۇ. ئۇلار كىچىك ۋاقتىدا سىزنىڭ دىققىتىڭىزنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ناھايىتى كۈچەيدۇ. بالىلار چوڭراق بولغاندا بولسا سىز ئۇلارنىڭ دىققىتىنى تارتىش ئۈچۈن ناھايىتى كۈچەيسىز. بۇ ئەنە شۇنداق ئۆتنە جاھان. ئەمما، بالىلار كىچىك ۋاقتىدا سىز ئۇلارغا دىققەت بەرمەيدىكەنسىز، بالىڭىز ئويۇنچۇقىنى كۆتۈرۈپ قېشىڭىزغا كەلگەندە، سىز

--مەن خەۋەر كۆرۈۋاتىمەن، ئۆز ئۆيۈڭگە كىرىپ ئوينا!

--خوتۇن، مەن مۇسابىقە كۆرۈۋاتىمەن، بالىنى باشقا يەرگە ئەكەتكىنە!

--خوتۇن، مەن بىر كۈن ئىشلەپ ناھايىتى ھېرىپ كەتتىم، ھازىر بالا بىلەن ھەپىلەشكۈدەك مادارىم يوق!

--ئۆيگە بىر دوستۇم كېلىدۇ، ئۆيۈڭگە كىرىپ ئۇخلا!

دېگەنگە ئوخشاش گەپلەرنى قىلىدىكەنسىز، ياكى بالىڭىزغا خۇددى ئۇ سىزنىڭ ئىشىڭىزغا توسقۇنلۇق قىلىۋاتقاندەك مۇئامىلە قىلىدىكەنسىز، سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئاتىلىق بۇرچىنى ئادا قىلمىغان بولىسىز. گەرچە سىز سىرتتا بىر كۈن خىزمەت قىلغان بولسىڭىزمۇ، سىزنىڭ ھەقىقىي خىزمىتىڭىز سىرتتىكى ئىشىڭىزنى تۈگىتىپ، ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئاندىن باشلىنىدۇ. شۇڭلاشقا ئۆز مەجبۇرىيىتىڭىزدىن ۋاز كەچمەي، بىر ھەقىقىي دادىغا لايىق ئىش تۇتۇڭ. چوقۇم ئۆيدە بالىڭىز بىلەن بىر قىسىم ۋاقىتلارنى

بىللە ئۆتكۈزۈڭ. بالىڭىزنى كۈندۈزى مەكتەپكە ئاپىرىپ قويۇپ، ئاخشىمى بولسا ئۇنىڭ بىلەن كارىڭىز بولماي، ئۇنى ئۆز ئىختىيارىغا قويۇپ بەرمەڭ. بالىڭىزنى ئۆيىڭىزدە كەچكىچە كومپيۇتېر ئويناشقا تاشلاپ قويماڭ. ئۇنداق قىلمايدىكەنسىز، بالىڭىز ئىنتېرنېتتىن بىر جۈپ يېڭى ئاتا-ئانا تاپىدۇ. دادىلىق ۋە ئاپىلىق بۇرچىڭىزنى چوقۇم لايىقىدا ئادا قىلىڭ. ئۆزىڭىزنىڭ رولىنى كومپيۇتېر ياكى يانفونلارغا ئۆتكۈنۈپ بەرمەڭ. بالىڭىز كىچىك ۋاقتىدا سىز ئۇنىڭغا ئانچە دىققەت بەرمەيدىكەنسىز، ئۇلار چوڭ بولۇپ، مۇستەقىل بولغاندا، سىز ئۇلارنىڭ كۆزىگە پەقەت بىر خىل پۇل بەلگىسى بولۇپلا كۆرۈنىسىز. ئۇلار پەقەت پۇلغا ئېھتىياجلىق بولۇپ قالغاندىلا سىزنىڭ يېنىڭىزغا كېلىپ، سىز بىلەن ئۇچرىشىدۇ. يەنى سىزنى پەقەت پۇل ئۈچۈنلا ئىزدەيدۇ. ياكى بولمىسا سىزنى پەقەت باشقا بىرەر ئېھتىياجى ئۈچۈنلا ئىزدەيدۇ. ئۇلار تېخىمۇ چوڭ بولۇپ، ئۆزى پۇل تاپقۇدەك بولغاندا بولسا، ئۇلار سىزنى زادىلا ئىزدىمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. سىز ئۇلارنى ئاسانلىقچە كۆرەلمەيدىغان بولۇپ قالىسىز. چۈنكى، ئۇ چاغدا سىز بالىڭىزنىڭ تۇرمۇشى بىلەن مۇناسىۋەتسىز بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالىسىز. ئەگەر سىزنىڭ بالىڭىز بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭىز ئاشۇنداق بىر ھالەتكە كىرىپ قالغان بولسا، ئۇ چاغدا سىز مۇقەررەر ھالدا بىر مەغلۇبىيەت يولىدا كېتىۋاتقان بولىسىز. شۇڭلاشقا سىز ئۇنداق ئەھۋالنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، بالا كىچىك ۋاقتىدا ئۇنىڭغا يېتەرلىك ۋاقىت ئاجرىتىشىڭىز كېرەك.

يۇقىرىدىكى ئىشنى قىلىش ھەرگىزمۇ ئاسان ئەمەس. نورمال ئاتا-بالا ياكى ئاپا-بالا مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ مېڭىش ئۈچۈن بىز ئۆز پەرزەنتلىرىمىز بىلەن ئەڭ يېقىن دوستلاردىن بولۇشىمىز كېرەك. ئۇلار بىز بىلەن بىللە بولۇشنى باشقىلار بىلەن بىللە بولۇشقا قارىغاندىمۇ بەكرەك ياخشى كۆرىدىغان بولۇشى كېرەك. ئاتا-ئانىلار داۋاملىق بالىنىڭ چىشىغا تېگىدىغان كىشىلەرنىڭ رولىنى ئېلىپ قالماسلىقى كېرەك. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئاتا-ئانىلار بالىلار بىللە بولغاندا ناھايىتى ھۇزۇرلىنىدىغان، بالىلارغا زور خۇشاللىق ئېلىپ كېلىدىغان كىشىلەردىن بولۇشى كېرەك.

## 3. بالا بىلەن ياخشى دوستلاردىن بولۇش

ياخشى ئاتا-ئانىلاردىن بولۇش دېگەنلىك ھەرگىزمۇ بالىلارغا ياخشى ئويۇنچۇقلارنى ئېلىپ بېرىدىغان، ياخشى كىيىملەرنى ئېلىپ بېرىدىغان، تەلەپ قىلغان نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ بېرىدىغان ئاتا-ئانىلاردىن

بولۇش، دېگەنلىك ئەمەس. بالىلارغا ئاشۇنداق نەرسىلەرنىمۇ مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ بېرىش كېرەك. ئەمما، بالا كىچىك ۋاقتىدا ئۇنىڭ ئەڭ ئېھتىياجلىق بولىدىغىنى سىزنىڭ ۋاقتىڭىز.

هازىرقى جەمئىيەتتە سىزدىن ۋاقىت تەلەپ قىلىدىغان ئىشلار ناھايىتىمۇ كۆپ. سىز بالىڭىزغا ئايرىم ئۆي هازىرلاپ بېرىسىز. ئۇنىڭغا ئويۇنچۇق ئېلىپ بېرىسىز. ئۇنىڭغا ئېسىل كىيىم-كېچەكلەرنى ئېلىپ بېرىسىز. ئۇنىڭغا هەر ئايدا پارچە-پۇرات ئىشلارغا خەجلەش ئۈچۈن ئازراق مائاش بېرىسىز. ئەمما، بالىڭىزغا ئۆز ۋاقتىڭىزنىڭ بىر قىسمىنى بەرمەيسىز. ئەگەر سىز ئۇنىڭغا ۋاقىت بەرمەيدىكەنسىز، روهىي جەهەتتىن ئۇ سىزدىن ئايرىلىپ كېتىدۇ. ئۇ سىز بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۈزۈۋېتىدۇ. ناهايىتى بۇرۇنلا بىر خىل مۇستەقىل هاياتنى باشلاپ كېتىدۇ. هازىرقى جەمئىيەتتە بالىلارنىڭ كىچىك تۇرۇپلا مۇستەقىل بولۇپ كېتىشى دېگەنلىك، ئۇ سىزدىن يىراقلىشىپ كېتىشى، دېگەنلىك بولىدۇ.

بۇ بىر ئىنتايىن ئېغىر مەسىلە. بالىمىزنى قانداق چوڭ قىلىش بىر ناهايىتى كەسكىن مەسىلە. بىز بالىمىز بىلەن ناهايىتى ئوچۇق-ئاشكارا ۋە ناهايىتى ئېنىق ئالاقە مۇناسىۋىتى ئورنىتىشىمىز كېرەك. بىزنىڭ ئەنئەنىمىز ۋە ئەخلاقىي ئۆلچىمىمىز بويىچە قوبۇل قىلىنمايدىغان، توغرا كۆرۈلمەيدىغان، هەتتا چەكلەنگەن نۇرغۇن ئىشلار بار. ئەمما، بالىلىرىمىز ئاشۇنداق ئىشلارنى هەر كۈنى سىرتتا ئاڭلاپ تۇرىدۇ. تەشۋىقات تاختايلىرى ياكى تېلېۋىزورلاردىن كۆرۈپ تۇرىدۇ. ئىنتېرنېتتىن ئوقۇپ تۇرىدۇ. مەكتەپتە ئۇچرىتىپ تۇرىدۇ. قىسقىسى، بالىلار بىز ياخشى كۆرمەيدىغان نۇرغۇن نەرسىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرىدۇ. بۇ بىر رېئاللىق. ئۇ يالغۇز پەقەت ئۇيغۇرلارغىلا تەۋە مەسىلىمۇ ئەمەس. بالىڭىز هەر كۈنى مەكتەپتىن ئۆيگە كېلىپ، سىزگە ئۆزى كۆرگەن ياكى ئاڭلىغان، ئادەتتە «ناچار ئىشلار» هېسابلىنىدىغان ئىشلارنى سۆزلەپ بەرسە، سىز ئۇنىڭغا قانداق مۇئامىلە قىلىسىز؟ «ئاغزىڭنى يۇم، بىزنىڭ ئۆيدە ئۇنداق گەپلەرنى دېيىشمەيمىز!» دەمسىز؟ ئەگەر شۇنداق دېسىڭىز، سىز بالىڭىز بىلەن بولغان ئالاقە يولىنى توسۇۋەتكەن بولىسىز. شۇنىڭدىن باشلاپ بالىڭىز سىزگە هېلىقىدەك گەپلەرنى قىلمايدىغان بولىدۇ. بۇ دېگەنلىك بالىڭىز هېلىقىدەك ئىشلارنى ئىككىنچى كۆرمەيدۇ، ئاڭلىمايدۇ، ۋە ئۇ هەقتە باشقىلار بىلەن پاراڭلاشمايدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. بالىڭىز ئۇ هەقتە سۆزلىشىدۇ، ئەمما سىز بىلەن ئەمەس، باشقىلار بىلەن، ياكى دوستلىرى

بىلەن سۆزلىشىدۇ. نەتىجىدە ئۇ سىزنىڭ ئەمەس، باشقىلارنىڭ كۆرسەتمىسى ياكى يېتەكلىشىگە ئېرىشىدۇ. ئۇنداق كۆرسەتمە ۋە يېتەكلەشلەرنىڭ بىر قىسمى سىز ئارزۇ قىلغان نەرسىلەردىن ئەمەس بولۇپ چىقىدۇ. بالىڭىز كىچىك ۋاقتىدا سىز ئۇنىڭ بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش يولىنى، ياكى ئۇنىڭ بىلەن بولغان خەۋەرلىشىش-ئالاقىلىشىش يولىنى ئېتىپ قويىدىكەنسىز، بالىڭىز چوڭ بولغاندا سىز قىلغان ئىشىڭىزغا پۇشايمان يەپ، يىغلاپ ئولتۇرۇپ قالىسىز.

## 4. ئەر-خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتى

بىر ساغلام جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئائىلىلەرنى ساغلاملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت. ئەگەر ئائىلىلەر بىر خىل بۇزۇلغان ھالەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىكەن، باشقا گۈزەل ئىستەكلەر ھەققىدە سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. بەزى ئائىلىلەردە ئەر-خوتۇن ئىككىيلەن ھەر كۈنى دېگۈدەك ئۇرۇشۇپ تۇرىدۇ. ئۆي ئىچى كىنايە سۆزلەردىن خالىي بولالمايدۇ. ئەر-خوتۇن ئىككىيلەن ھە دېسىلا بىر-بىرىنى چۆشۈرۈپ تۇرىدۇ. ئۆي ئىچى ئورۇنسىز كىنايىلەر، ئورۇنسىز تەنقىدلەر ۋە بىر-بىرىنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىدىغان سۆزلەردىن خالىي بولالمايدۇ. سىز قانداق گەپلەر ئايالىڭىزنىڭ چىشىغا تېگىدىغانلىقىنى بىلىسىز، شۇنداقتىمۇ بىلىپ تۇرۇپ ئايالىڭىزنىڭ چىشىغا تېگىدىغان گەپلەرنى قىلىسىز. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئايال كىشىمۇ قانداق سۆزلەر ئېرىنى ئەڭ چىچاڭلىتىدىغىنىنى بىلىدۇ، شۇنداقتىمۇ «نېمە ئىش بولىدىكىن، قېنى كۆرۈپ باقاي»، دەپ، ھېلىقىدەك گەپلەرنى قىلىۋېرىدۇ. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆيدىكى بالا كۆرۈپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بالا ئەر-خوتۇنلار ئارىسىدىكى سۆز ئويۇنى ۋە جەڭلەرنىڭ ھەقىقىي زىيان تارتقۇچىسىغا ئايلىنىدۇ. يەنى، بالا ئاتا-ئانىسىدىن يۇقىرىقىدەك قىلىقلارنى ئۆگىنىپ، ئۆزىدە دادا-ئاپىسىنىڭكىگە ئوخشاش كىشىلىك خاراكتېرلەرنى يېتىلدۈرۈپ، چوڭ بولغاندا ئۆز ئاتا-ئانىسىغا ئوخشاش دادا ياكى ئانىلاردىن بولىدۇ.

بىر قىسىم توي قىلغان جۈپلەردە بىر-بىرىنى ئەپۇ قىلىش تۇيغۇسى يوق. بىر قىسىم ئەرلەر خىزمەت ئورنىدىكى كىشىلەرگە ئىنتايىن سىلىق ۋە ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. دوستلىرىغا ناھايىتى ئوبدان مۇئامىلە قىلىدۇ. ئايال خىزمەتداشلىرىغا تېخىمۇ شۇنداق. ئەمما ئىشتىن يېنىپ ئۆيگە كېلىپ، ئايالى «بۈگۈن ئىشلىرىڭىز قانداقراق بولدى؟» دەپ سورىسا،

«مەن بىر كۈن ئىشلەپ ھېرىپ كەتتىم، ئۇ ئىشلار توغرىسىدا سۆزلەشكۈم يوق!» دەپ قوپاللىق بىلەن جاۋاب بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆي ئىچىدە بىر خىل ساغلام ئەر-ئاياللىق مۇناسىۋىتى ۋۇجۇدقا كەلمەيدۇ.

سىز ئاخىرقى قېتىم قاچان ئۆز مەيلىڭىز بىلەن ئايالىڭىزغا بىر سوۋغات ئېلىپ بېرىپ باقتىڭىز؟ ئاخىرقى قېتىم ئايالىڭىز ئۆزىگە بىر نەرسە ئېلىش توغرىسىدا سىزدىن مەسلىھەت سورىغاندا، سىز ئۇنىڭغا قانداق مۇئامىلە قىلدىڭىز؟ سىز ئاخىرقى قېتىم قاچان بىر سۇپەتلىك ۋاقتىڭىزنى ئايالىڭىز بىلەن بىللە ئۆتكۈزۈپ باقتىڭىز؟ قاچان ئايالىڭىزنى بازارغا ئېلىپ چىقىپ، ئۇنىڭغا بىر نەرسە ئېلىپ بېرىپ باقتىڭىز؟ ئۇنىڭ بىلەن بىر كىنونى بىللە كۆرۈپ باقتىڭىز؟ ئايالىڭىزنىڭ سىزنىڭ ۋاقتىڭىزغا ئېھتىياجى بار. سىزنىڭ خىزمەت سىرتىدىكى ۋاقتىڭىزنىڭ ھەممىسىنى كومپيۇتېر بىلەن ھەپىلىشىپ ياكى دوستلىرىڭىز بىلەن بىللە بولۇپ ئۆتكۈزۈشىڭىز ھەرگىزمۇ بىر ساغلام ئەھۋال ئەمەس. ئەگەر بوش ۋاقتلىرىڭىزنى ئاشۇنداق ئۆتكۈزىدىكەنسىز، ئايالىڭىز سىز بىلەن توي قىلغاندەك، سىزگە خوتۇن بولغاندەك ھېس قىلمايدۇ. سىز ئۇچۇن ئەڭ مۇھىم نەرسە ئايالىڭىز بىلەن باللىرىڭىز. ئائىلىڭىزدىكىلەر زۆرۈر بولغان ۋاقتلارنىڭ ھەممىسىدە سىزنىڭ ياردىمىڭىزگە ئېرىشىش ھوقۇقىغا ئىگە. بۇ ئىش دىنىمىزدا ناھايىتى ئېنىق بەلگىلەنگەن. يەنى، دىنىمىزدا ئۆز ئائىلىسىدە ئەڭ ياخشى رول ئوينىغان كىشىلەر ئەڭ ياخشى كىشىلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا سىز ھەر ۋاقىت ئائىلىڭىزدىكىلەرنى 1-ئورۇنغا قويۇشىڭىز، ھەتتا ئۆزىڭىزدىنمۇ ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇشىڭىز كېرەك.

سىز بەزىدە ئۆز ئانىڭىزغا خىزمەتداشلىرىڭىزغا مۇئامىلە قىلغاندەك ياخشى مۇئامىلە قىلمايسىز. دوستلىرىڭىزغا مۇئامىلە قىلغاندەك ياخشى مۇئامىلە قىلمايسىز. ئانىڭىز سىز بىلەن تېلېفوندا 5 مىنۇت ئارتۇق سۆزلىشۋالماقچى بولسا ئۇنىڭغا تاقەت قىلالمايسىز. سىزنىڭ بەزى ئىشلىرىڭىزنى ئازراق تەنقىد قىلىپ قويسا ئۇنى قوبۇل قىلالمايسىز. ئەنئەنىۋى قائىدىمىز بويىچە ئېلىپ ئېيتقاندا، ئانىڭىزنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قويۇش سىزنىڭ ۋەزىپىڭىز. سىز بۇرۇن يىغلىغاندا، ئاپىڭىز سىزگە «باشقا ئۆيگە كىرىپ يىغلا، مېنىڭ سېنىڭ بىلەن كارىم يوق» دېمىگەن. ئەكسىچە ئۇ سىزدىن خەۋەر ئالغان. بىز ئېرىمىزگە ياكى ئايالىمىزغا ئەڭ ياخشى مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك. ئاتا-ئانىمىزغا ئەڭ ياخشى مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك. بۇ كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ ئاساسى بولۇپ، ئەگەر بىزنىڭ ئايالىمىز

ياكى ئېرىمىز بىلەن ۋە ئاتا-ئانىمىز بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىز ياخشى بىر تەرەپ قىلالىساق، باشقا بارلىق مۇناسىۋەتلەرنىمۇ ياخشى بىر تەرەپ قىلالايمىز. بىز مۇشۇ ئىككى مۇناسىۋەتنى ياخشى بىر تەرەپ قىلغاندىلا، ئاندىن ياراتقۇچىمىز بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنىمۇ ياخشى ئېلىپ ماڭالايمىز. بىزنىڭ ئېرىمىز ياكى ئايالىمىز ياراتقۇچىنىڭ بىزگە ئاتا قىلغان سوۋغىتى. ئەگەر بىز ئاشۇ سوۋغاتتىن مىننەتدار بولمايدىكەنمىز، ياراتقۇچىدىن مىننەتدار بولمىغان بولىمىز. بىزنىڭ ئاتا-ئانىمىز بىلەن مۇناسىۋىتىمىزمۇ ھەم شۇنداق. ئەگەر ئۇلاردىن مىننەتدار بولمايدىكەنمىز، ئەمەلىيەتتە ياراتقۇچىدىن مىننەتدار بولمىغان بولىمىز.

ھازىردىن باشلاپ ئۆزىڭىزدە مۇنداق بىر ئۆزگىرىش ياساڭ: كەچلىك غىزانى ئائىلىڭىزدىكىلەر بىلەن بىللە يەڭ. كەچلىك غىزانى ئايرىم يېمەڭ. ئۇنى باشقا يەردە يېمەڭ. ئۇنى باشقا ۋاقىتتا يېمەڭ. مەخسۇس ۋاقىت ئاجرىتىپ، كەچلىك غىزانى ئائىلىڭىزدىكىلەر بىلەن بىللە يەڭ. بەك كۆپ ۋاقىت ئاجرىتالمىسىڭىزمۇ، ھەر كۈنى بەلگىلىك ۋاقىت ئاجرىتىپ، ئاشۇ ۋاقىتتا ئائىلىڭىزدىكىلەر بىلەن بىللە بولۇڭ. خۇددى مەخسۇس ۋاقىت چىقىرىپ تېلېۋىزور كۆرگەنگە، مەخسۇس ۋاقىت چىقىرىپ تاپشۇرۇق ئىشلىگەنگە، مەخسۇس ۋاقىت چىقىرىپ خىزمەت قىلغانغا ئوخشاش، مەخسۇس ۋاقىت ئاجرىتىپ ئائىلىڭىزدىكىلەر بىلەن بىللە بولۇڭ. شۇنداق قىلىشنىڭ ناھايىتى زور پايدىسى بار. ئۆز ئائىلىڭىزدە ئاشۇنداق بىر ئىشنى باشلاپ بېقىڭ. شۇنداق قىلسىڭىز ناھايىتى تېزلا ئۇنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىسىز: سىزنىڭ ئايالىڭىز ياكى ئېرىڭىز ۋە بالىلىرىڭىز بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭىز ناھايىتى تېزلا ياخشىلىنىشقا باشلايدۇ.

## 5. تۇرمۇشتا تەڭپۇڭلۇقنى ئىشقا ئاشۇرۇش

ئاتا-ئانىلار، بولۇپمۇ دادىلار ئۈچۈن تۇرمۇشتا بىر تەڭپۇڭلۇق ساقلاش ناھايىتى مۇھىم بولۇپ، مەن بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئۆزۈمنىڭ بىر ئاينىڭ ئالدىدا تورلارغا چىقارغان «دادىلار بىلىشكە تېگىشلىك مۇھىم ئىشلار» دېگەن ماقالىسىدە تەپسىلىي توختالدىم. شۇڭا بۇ يەردە ئۇ مەزمۇنلارنى قايتا تەكرارلىمايمەن. مەن ئۇ ماقالىنى تېخىچە ئوقۇپ باقمىغان قېرىنداشلارغا ئۇنى بىر قېتىم ئوقۇپ چىقىشنى تەۋسىيە قىلىمەن.

**«شۈبھىسىزكى، ئاللاھ سىلەرنى ئامانەتلەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا، كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلغاندا ئادىل ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، ئاللاھ سىلەرگە**

**نەسىھەت قىلغان ئىشلار نېمىدېگەن ياخشى، ئاللاھ ھەقىقەتەن (سۆزۈڭلارنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر [4:58].»**

ئەگەر سىز بىر دادا بولىدىكەنسىز، ئايالىڭىزنىڭ سىزدە ھەققى بار، باللىرىڭىزنىڭ سىزدە ھەققى بار، ھەمدە ئاتا-ئانىڭىزنىڭمۇ سىزدە ھەققى بار. سىز بىرسىنىڭ ھەققىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە يەنە بىرسىنىڭ ھەققىنى قايتۇرسىڭىز بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ سىزدە ئايرىم-ئايرىم ھەققى بار. ياراتقۇچىمىز سىزگە ئۇلارنىڭ ھەققىنى بېرىشتە چوقۇم ئادىل بولۇشنى بۇيرۇغان. بۇ ئىشتا سىز چوقۇم بىر خىل تەڭپۇڭلۇقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىڭىز كېرەك. ئەگەر سىز بىر مۇۋاپىق تەڭپۇڭلۇقنى ئىشقا ئاشۇرمايدىكەنسىز، سىزنىڭ ئۆيىڭىز جېدەل-ماجىرالاردىن خالىي بولالمايدۇ. قۇدىلىرىڭىز بىلەن، باللىرىڭىز بىلەن، ۋە ئايالىڭىز ياكى ئېرىڭىز بىلەن بولغان ئۇرۇشۇشلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ. بۇ ئىشتا ئاياللارنىڭمۇ بەلگىلىك مەسئۇلىيىتى بار. يەنى ئاياللار ئەرلىرىنىڭ بىر خىل تەڭپۇڭلۇقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىغا يېقىندىن ياردەمدە بولۇشى كېرەك. بۇ جەھەتتە ئاياللارمۇ ياراتقۇچى ئالدىدا جاۋابكار. قىسقىسى، بۇ جەھەتتە ئەرلەرمۇ ۋە ئاياللارمۇ چوقۇم ئۆز مەجبۇرىيەتلىرىنى تولۇق ئادا قىلىشى كېرەك. ھەمدە قىلغان ئەمەللىرى ئۈچۈن ئاياللىرى ياكى ئەرلىرىدىن مۇكاپات تەلەپ قىلماسلىقى كېرەك. چۈنكى ئۇنىڭ مۇكاپاتى ياراتقۇچىدىن كېلىدۇ. ياراتقۇچىمىز بىزگە ناھايىتى كۆپ نېمەتلەرنى ئاتا قىلغان بولۇپ، بىز ھەر قانچە قىلساقمۇ ئۇ نېمەتلەرنى ساناپ تۈگىتەلمەيمىز. شۇنداق تۇرۇقلۇق بىز يەنە ئۆزىمىزگە ئاتا قىلىنغان نەرسىلەرگە رازى بولماي، بىر-بىرىمىزدىن ئاغرىنىپ، ۋە بىر-بىرىمىزدىن نارازى بولۇپ يۈرسەك، ئۇ بىزنىڭ ئۆزىمىزگە ئاتا قىلىنغان نەرسىلەردىن تولۇق مىننەتدار بولمىغانلىقىمىزنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭلاشقا بىز چوقۇم ئۆز-ئارا ئاغرىنىپلا يۈرۈشنى توختىتىپ، بىر-بىرىمىزنى قەدىرلەشنى تولۇق ئۆگىنىۋېلىشىمىز كېرەك.

## 6. ئۈلگە بولۇپ تەربىيلەش

باللىرىمىز كىچىك ۋاقتىدا بىزنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۇلارنى قاتتىق باشقۇرىدىغانلىقىمىزنى چۈشەنمەيدۇ. باللىرىمىز كىچىك ۋاقتىدا بىزنىڭ ئۇلارنى قاتتىق باشقۇرۇشىمىز ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ ئۇلارغا كۆيگەنلىكىمىز

ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيدۇ. باللار كىچىك ۋاقتىدا بۇ ئىشلارنى توغرا چۈشىنىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەمما، بىز ئاتا-ئانىلار باللار بۇ ئىشنى نېمە ئۈچۈن توغرا چۈشىنەلمەيدىغانلىقىنى بىلىشىمىز كېرەك. بىز بۇرۇن بالا بولۇپ باققان. بىز بالا ۋاقتىمىزدا باللىرىمىزنىڭ بېشىدىن ھازىر ئۆتۈۋاتقان ئەھۋاللارنى ئۆز بېشىمىزدىن ئۆتكۈزۈپ باققان. بىزمۇ ئەينى ۋاقىتتا ئاتا-ئانىمىز بىزگە قاتتىقلىق قىلغاندا، بىز ھەرگىزمۇ «بۇ ئاتا-ئانامنىڭ ماڭا كۆيۈنۈشى» دەپ ئويلىمىغان. شۇڭلاشقا باللىرىمىزمۇ بىزنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۇلارغا قاتتىقلىق قىلىدىغانلىقىمىزنى چۈشىنەلمەيدۇ. پەقەت باللار چوڭ بولغاندىلا، پەقەت ئۇلار دادا ياكى ئاپا بولغاندىلا ئاندىن ئاتا-ئانىسى قاتتىق كۆيگەنلىكى ئۈچۈن ئۆزلىرىنى قاتتىق باشقۇرغانلىقىنى چۈشىنەلەيدۇ.

**«ماللار ۋە باللار دۇنيا تىرىكچىلىكىنىڭ زىننىتىدۇر، باقى قالىدىغان ياخشى ئەمەللەرنىڭ ساۋابى پەرۋەردىگارىڭنىڭ نەزىرىدە تېخىمۇ ياخشىدۇر. ئۈمىد تېخىمۇ چوڭدۇر [18:46].»** ياراتقۇچىمىز بۇ يەردە پەقەت پۇل بىلەن باللاردىن ئىبارەت ئىككىلا نەرسىنى تىلغا ئېلىپ، پۇل بىلەن باللار بۇ دۇنيادىكى ھاياتنى گۈزەللەشتۈرۈپ بېرىدىغان ئىككى نەرسىدۇر، دەيدۇ. ياراتقۇچىمىز مۇقەددەس كىتابىنىڭ يەنە 7 ـ 8 يېرىدە بىزگە پۇل ۋە بالا بىلەن مەدەت بەرگەنلىكىنى، بىزگە پۇل ۋە بالا ئارقىلىق ياردەم قىلغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. قىسقىسى، باللىق بولۇش بارلىق ئىنسانلارنىڭ قەلبىگە سېلىپ قويۇلغان بىر خىل تەبىئىي ئىستەك، ياكى تەبىئىي ئارزۇدۇر.

بىزگە باللار بىر خىل ياردەم، بىر خىل مەدەت، ۋە بىر خىل سوۋغات سۈپىتىدە ئاتا قىلىنىش بىلەن بىرگە، ئاتا-ئانىلارغا شۇنىڭغا چۈشلۇق مەسئۇلىيەتلەرمۇ يۈكلەنگەن. بىزگە بېرىلگەن ھەر بىر سوۋغات مەلۇم شەرتلەر بىلەن بىللە كېلىدۇ. يەنى دادا بىلەن ئانىغا، ياكى ئەر بىلەن ئايالغا بالىنى مۇۋاپىق يوسۇندا بېقىپ چوڭ قىلىش مەسئۇلىيىتى يۈكلەنگەن بولۇپ، ۋاقتى كەلگەندە بۇ مەسئۇلىيەتنىڭ سورىقى بولىدۇ.

بۇ دۇنيادىكى ھېچ قانداق بىر مۇھەببەت دادىنىڭ ئوغلىغا بولغان مۇھەببىتى، ۋە ئانىنىڭ قىزىغا بولغان مۇھەببىتىنى بېسىپ چۈشەلمەيدۇ. يەنى، ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، پەقەت دادىلا ئوغلىنىڭ چوڭ بولغاندا ئۆزىنى بېسىپ چۈشىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئۆزىدىن ياخشىراق خىزمەت تېپىشىنى، ئۆزىدىن كۆپرەك پۇل تېپىشىنى ۋە ئۆزىدىن ياخشىراق باياشات

ياشىشىنى ئىستەيدۇ. ئاپىمۇ قىزىغا شۇنداق قارايدۇ. پەقەت دادىدىلا ئۆز ئوغلىغا نىسبەتەن قىزغىنىش ياكى كۆرەلمەسلىك تۇيغۇسى پەيدا بولمايدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش پەقەت ئانىدىلا ئۆز قىزىغا نىسبەتەن قىزغىنىش ياكى كۆرەلمەسلىك تۇيغۇسى پەيدا بولمايدۇ. قېرىنداشلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت، ئەر-خوتۇنلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت، ۋە دوست-بۇرادەرلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتتە سىز باشقىلارنىڭ ئۆزىڭىزنى ناھايىتى يۇقىرى دەرىجىدە بېسىپ چۈشۈشىنى خالىمايسىز. ئۇلار سىزنى ناھايىتى يۇقىرى دەرىجىدە بېسىپ چۈشىدىكەن، سىز ئۇلارغا مەلۇم دەرىجىدە ھەسەتخورلۇق قىلىسىز. ئۇلارنى مەلۇم دەرىجىدە كۆرەلمەيسىز. ئۇلارنىڭ سىزنى بېسىپ چۈشكەنلىكىنى تەدرىجى قوبۇل قىلىسىڭىزمۇ، ئەمما ئۇلارغا ھەرگىزمۇ ئۆز ئوھگلىڭىز ياكى ئۆز قىزىڭىزغا خوشال بولغاندەك خوشال بولالمايسىز. ئەگەر سىز بىر دادا بولىدىكەنسىز، ھەرگىز ئوغلىڭىزغا ھەسەتخورلۇق قىلمايسىز. ئەگەر سىز بىر ئانا بولىدىكەنسىز، ھەرگىز قىزىڭىزغا ھەسەتخورلۇق قىلمايسىز. دادا ئۆزىنى بېسىپ چۈشكەن ئوغلىدىن ھەقىقي يوسۇندا پەخىرلىنىدۇ. ئانا ئۆزىنى بېسىپ چۈشكەن قىزىدىن ھەقىقي يوسۇندا پەخىرلىنىدۇ. باشقا ھەر خىل كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتىكى پەخىرلىنىشنىڭ دەرىجىسى ھەرگىزمۇ بۇ ئىككى خىل پەخىرلىنىشكە يەتمەيدۇ. بۇ ئىنسانلارنىڭ بىر خىل تەبىئىي خۇسۇسىيىتى بولۇپ، ياراتقۇچى بىزنى ئەنە شۇنداق ياراتقان.

بالىغا قانداق مۇئامىلە قىلىش ئىنتايىن مۇھىم. ئەگەر سىز بىر ئون-نەچچە ياشلىق بالىڭىزغا چوڭلارغا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىدىكەنسىز، بالىڭىزمۇ خۇددى بىر چوڭ بولغان ئادەمدەك ئىش تۇتىدۇ. ئەگەر سىز ئۇنىڭغا كىچىك بالىلارغا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىدىكەنسىز، ئۇ ھالدا بالىڭىزمۇ قەتئىيلا چوڭ بولمايدۇ. بۇنداق نەتىجىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان سىز ئۆزىڭىز بولىسىز-بالىڭىزنىڭ چوڭ بولۇشىغا يول قويمىغانلىقىڭىز، ۋە ئۇنىڭ چوڭ بولۇشىغا پۇرسەت يارىتىپ بەرمىگەنلىكىڭىز ئۈچۈن، ئۇ بىر بالا بولۇپ تۇرۇۋېرىدۇ. تەربىيىنى تېگىشلىك ئۇنۇمگە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن، سىز ئالدى بىلەن بالىڭىزغا ئىشىنىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئوچۇق-ئاشكارا پاراڭلىشىپ تۇرۇڭ. بەزى ئىشلاردا بالىڭىزدىن مەسلىھەت سوراپ، ئۇنىڭ پىكرىنى ئېلىڭ.

بىزنىڭ دىنىمىزدا بىر بالا 14 - 15 ياشلارغا كىرگەندە تولۇق يېتىشكەن چوڭلار قاتارىغا كىرگەن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەمما ھازىرقى

زامان جەمئىيىتىدە باللار 18 ـ 19 ياشلارغا كىرمىگۈچە باللىق دەۋرى بىلەن چوڭلار يېشى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆسمۈرلەر قاتارىدا مۇئامىلە قىلىنىدۇ. ئەقلىي جەھەتتە سىز 18 ياشلارغا كىرگەن ياشلارغىمۇ بىر كىچىك بالىغا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىدىكەنسىز، ئۇ بالىمۇ كىچىك بالىدەك ئىش تۇتىدۇ. ئۇ بالىمۇ كىچىك بالا قىياپىتىگە كىرىپ قالىدۇ. ھەرگىزمۇ چوڭلارغا ئوخشاش ئىش تۇتمايدۇ.

داڭلىق دىنىي ئالىم ئىبنى قېيۇم مۇنداق دەيدۇ: ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، باللارنىڭ يولدىن چىقىپ كېتىشى ئۇلار كىچىك ۋاقتىدا ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ ئۇلارنى ياخشى تەربىيىلىمىگەنلىكىدىن بولىدۇ. ئىبنى قېيۇم بۇ سۆزلەرنى بۇنىڭدىن 800 يىللار بۇرۇن دېگەن بولسىمۇ، ئۇ بىزنىڭ ھازىرقى ھالىتىمىزگىمۇ ناھايىتى ماس كېلىدۇ. ئىبنى قېيۇمنىڭ دېيىشىچە بىر قىسىم ئاتا ـ ئانىلار «مەن بالامغا كۆيدۈم» ، دەپ بىر قىسىم ئىشلارنى قىلىدۇ، ئەمەلىيەتتە بولسا باللارنىڭ كېيىنكى ئۆمرى نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۇلار باللىرىغا ئېغىر دەرىجىدە زىيانكەشلىك قىلىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ بىر قىسىم بالىغا ناھايىتى كۆيۈمچان كەلگەن ئاتا ـ ئانىلار «مەن بالامغا ئەڭ ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بەردىم» دەپ ئويلاپ، بەزى ئىشلارنى قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇزۇن ـ مۇددەتلىك نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۇلارنىڭ باللىرىغا قىلىپ بەرگىنى ئەڭ يامان، ئەڭ ئەسكى، ياكى ئەڭ زىيانلىق ئىشلار بولۇپ چىقىدۇ. يەنى ئۇلار ماددىي نەرسىلەرگە ھەددىدىن زىيادە ئەھمىيەت بېرىپ، باللىرىنىڭ روھىي ساغلاملىقىغا ئانچە كۆڭۈل بۆلمەي، باللىرىنىڭ روھىي ساغلاملىقىنى ئانچە مۇھىم ئورۇنغا قويماي، شۇنىڭ بىلەن باللىرىغا «ياخشى ئىش قىلىپ بەردىم» دەپ، ئەمەلىيەتتە بولسا زىيانلىق ئىشلارنى قىلىپ بېرىدۇ. شۇڭلاشقا بالا تەربىيىسىدە بىز ئۇزۇن مۇددەتلىكنى كۆزلىشىمىز كېرەك. بىز باللىرىمىز كەمپۈتنى بەك كۆپ يەپ كەتسە ئۇلارنى توسىمىز. باللىرىمىز تاتلىق ئىچىملىكلەرنى كۆپ ئىچىپ كەتسە ئۇلارنى توسىمىز. «ئۇ نەرسىلەر بالامنىڭ بەدىنىگە زىيانلىق» ، دەپ ئويلايمىز. باللىرىمىزنى بەدىنىگە زىيانلىق ئىشلاردىن توسىمىز. ئۇنداقتا باللارنىڭ روھىي ساغلاملىقىغا زىيانلىق ئىشلارچۇ؟ بىز ئۇنداق ئىشلارنى قانچىلىك نازارەت قىلىمىز؟ باللىرىمىزنى ئۇلارنىڭ روھىي ساغلاملىقىغا زىيان يەتكۈزىدىغان ئىشلاردىن قانچىلىك توسىمىز؟ بىز چوقۇم باللارنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ روھىي جەھەتتىنمۇ ساغلام چوڭ قىلىشقا قاتتىق

كۆچىشىمىز كېرەك. بەزى ئىشلاردا بالىلىرىمىزغا يول قويۇپ، بەزى ئىشلاردا ئۇلارغا قاتتىق بولۇشىمىز كېرەك.

ئەگەر ياخشى تەربىيىلىنىدىكەن، بالىلىرىمىز ھەقىقەتەنمۇ بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزغا تاتلىقلىق ئېلىپ كېلىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ ئاتا-ئانىلارغا زور خۇشاللىق ئېلىپ كېلىدۇ. بۇنداق ئەھۋالنى بالىلار چۈشەنمەيدۇ. ئەمما دادا ياكى ئاپا بولۇپ باققان ھەممە كىشىلەر ناھايىتى ياخشى چۈشىنىدۇ. ئاتا-ئانىلار ئۈچۈن تۇرمۇشتىكى ئەڭ زور خۇشاللىق بالىسىنىڭ چىرايىدىكى كۈلكىنى كۆرۈش، ھەمدە بالىسى قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەرنى كۆرۈشتىن ئىبارەت. بالىنى ياخشى تەربىيىلەش يالغۇز بۇ دۇنيادىلا ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بولۇپ قالماي، يەنە بىر دۇنيادىمۇ ناھايىتى چوڭ ئەھمىيەت ۋە زور قىممەتكە ئىگە. دىندا بىلىملىك قېرىنداشلىرىمىز بۇ نۇقتىنى ناھايىتى ياخشى چۈشىنىدۇ.

نۇرغۇن ئاتا-ئانىلار 15 ـ 20 ياشلىق بالىلىرىنى ئىدارە قىلىشتا ناھايىتى ئېغىر قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىدۇ. بالىلىرىغا قانداق گەپ ئۆتكۈزۈشنى بىلمەي قالىدۇ. بالىلىرىنى توغرا يولغا كىرگۈزەلمەي قالىدۇ. بالا 15 ـ 20 ياشلارغا كىرگەندە ئۇلارنى بىراقلا بىر ياخشى بالىغا ئايلاندۇرۇپ قويالايدىغان بىرەر ياخشى ئۇسۇل يوق. بىرەر ياخشى دورا يوق. بىرەر ياخشى دۇئا يوق. سىز بالىڭىز 15 ـ 20 ياشلارغا كىرگىچە ئۇنى قانداق تەربىيىلىگەن؟ ئۇنى قانداق يېتەكلىگەن؟ بالىڭىزنىڭ ھازىر قانداق بولۇپ قالغانلىقى سىزنىڭ ئۇنى بۇرۇن قانداق تەربىيىلىگىنىڭىز، ئۇنىڭغا بۇرۇن قانچىلىك ۋاقىت ئاجراتقانلىقىڭىزنىڭ نەتىجىسى.

بالا تەربىيىسىدە ئاتا-ئانىلارنىڭ ئۈلگىلىك رولى ئىنتايىن زور بولىدۇ. بالىڭىز كىچىك ۋاقتىدا سىز ئۇنىڭغا ئۇنچىۋالا كۆپ ئىشلارنى قىلىپ بېرەلمىگەن تەقدىردىمۇ، ھەممە جەھەتتە بالىڭىزغا ياخشى ئۈلگە بولۇپ بېرىڭ. شۇنداق قىلسىڭىز بالىڭىز بەزىدە سىزنى شۇ ۋاقتىنىڭ ئۆزىدىلا دورىماسلىقى مۇمكىن. ھەتتا بەزىدە بالىڭىز يولدىن ئۇ ياق ياكى بۇ ياققا ئازراق قېيىپ چىقىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن. ئەمما چوڭ بولۇش جەريانىدا بالىڭىزنىڭ قەلبىدە سىزنىڭ قانداق دادا بولغانلىقىڭىز، ۋە سىزنىڭ قانداق ئاپا بولغانلىقىڭىز ناھايىتى چوڭقۇر ئورۇن ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بالىڭىز بىر مەزگىل يولدىن چىقىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، ئۇ سەل چوڭ بولۇپ تولۇق ئەقىلگە كىرگەندە، ئۆز قەلبىدە باشقا ھېچ نەرسىنى ئەمەس، پەقەت سىزنىڭ قانداق دادا ۋە قانداق ئاپا بولغانلىقىڭىزنى تاپىدۇ. شۇنىڭ بىلەن

ئۇ باشقا كىشىلەرنى ياكى باشقا ئىشلارنى ئەمەس، پەقەت دادىسىنى ۋە ئاپىسىنى دوراپ، دادىسى ۋە ئاپىسى تۇتقان يولنى تۇتىدۇ. دادىسى ۋە ئاپىسىنىڭ كىشىلىك خاراكتېرى ۋە ئېسىل خىسلەتلىرىنى نامايان قىلىدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، ئەگەر سىز بىر دادا بولۇپ، بالىڭىز كىچىك ۋاقتىدا ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئايالىڭىزنى ئۇرغان بولسىڭىز، ئوغلىڭىز چوڭ بولغاندا ئۇنىڭ ئۆز ئايالىنى ئۇرۇش ئېھتىماللىقى ئىنتايىن يۇقىرى بولىدۇ. بالىڭىز كىچىك ۋاقتىدا سىز باشقا ئاياللارغا ئۆگىنىپ قېلىپ، ئۆيدە ئايالىڭىز بىلەن داۋاملىق جېدەل چىقىرىپ يۈرگەن بولسىڭىز، ئوغلىڭىز چوڭ بولغاندا ئۇنىڭ سىز ماڭغان ئاشۇنداق يولدا مېڭىش ئېھتىماللىقى ناھايىتى يۇقىرى بولىدۇ. يەنى، ئەگەر سىز بالىڭىز كىچىك ۋاقتىدا خاتا ئىشلارنى كۆپ قىلسىڭىز، يالغۇز ئۆزىڭىزلا يولدىن ئېزىپ قالغان بولماي، بالىڭىزنىمۇ يولدىن ئازدۇرغان بولىسىز. ھازىرقى زامان پسىخولوگىيە ئىلمى بۇ ئىشنى تولۇق ئىسپاتلاپ بولغان بولۇپ، بۇ پاكىتنى كۆپ سانلىق ئىلىم ئەھلىلىرى ئېتىراپ قىلىدۇ.

قىسقىسى، بالا تەربىيىسىدە ئاتا-ئانىلار يالغۇز بالىغا ئېغىزدا تەربىيە بېرىپلا قالماي، ئۆز-ئىش ھەرىكىتى بىلەنمۇ تەربىيە قىلىشى كېرەك. ئەگەر سىز يالغۇز گەپلەرنىلا قىلىپ، بالىڭىزغا قويغان تەلەپلەرنى ئۆزىڭىز ئەمەلىيەتتە ئىشقا ئاشۇرمايدىكەنسىز، سىز قىلغان تەربىيە ھەرگىزمۇ ئۈنۈم بەرمەيدۇ. بالىڭىزدىن كۆپ كىتاب ئوقۇشنى تەلەپ قىلىشتىن بۇرۇن سىز ئۆزىڭىز ئۆيدە كۆپ كىتاب ئوقۇشنى بىر ئادەتكە ئايلاندۇرۇپ بولۇڭ. بالىنى ئۆيدە تاپشۇرۇق ئىشلەشكە سېلىپ قويۇپ، ئۆزىڭىز ئولتۇرۇشلاردا يۈرمەڭ. بالىڭىزدىن تەلەپ قىلغاننى ئۆزىڭىز ئالدى بىلەن قىلمايدىكەنسىز، تەلىپىڭىز ھەرگىزمۇ ئەمەلگە ئاشمايدۇ. ھەممە جەھەتلەردە بالىڭىزغا سىز ئۆزىڭىز بىر ياخشى ئۈلگە بولۇپ بەرمەيدىكەنسىز، سىز قىلغان تەربىيە چوقۇم بىر ئېغىر ۋە ئېچىنىشلىق مەغلۇبىيەت بىلەن نەتىجىلىنىدۇ. بالىڭىزنى ئۆيدىن چىقىپ بولغۇچە قاتتىق قوللۇق بىلەن بويسۇندۇرۇپ تۇرالىغان تەقدىردىمۇ، بالىڭىز ئۆيدىن ئايرىلغان ھامان سىز بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئاساسىي جەھەتتىن تولۇق ئۈزۈپ تاشلايدۇ. ئەمما، ئەگەر سىز گەپنىمۇ قىلىپ، بالىڭىزدىن تەلەپ قىلغان ئىشلارنى ئۆزىڭىزمۇ تەڭ قىلىدىكەنسىز، ئۆزىڭىزمۇ بىر خىل ئېسىل ئەخلاق، ئېسىل خىسلەت ۋە ئېسىل كىشىلىك خاراكتېر بىلەن ياشايدىكەنسىز، ئېرىڭىز ياكى ئايالىڭىز بىلەن ئىناق ئۆتىدىكەنسىز، بالىڭىز چوڭ بولغاندا چوقۇم سىزنى دورايدۇ.

چۈنكى، ئۇنداق ئەھۋالدا بالىڭىزنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر ئورۇن ئالغىنى پەقەتلا سىز تىكلىگەن ئاشۇ ياخشى ئۈلگىدىنلا ئىبارەت بولىدۇ. بۇ ئىشتا بىر خىل چوڭقۇر ئىلمىي ئۇقۇم مەۋجۇت ئەمەس. بىرەر سېھىرگەرلىكمۇ مەۋجۇت ئەمەس. سىز بالىڭىزغا قانداق ئۈلگە بولۇپ بەرگەن بولسىڭىز، بالىڭىز ئاشۇ ئۈلگە بويىچە ئىش تۇتىدىغان بولىدۇ.

## 7. ئائىلە قىممەت قارىشى

بىزنىڭ ئىش-ھەرىكىتىمىزنى كونترول قىلىدىغان نەرسە بىزدىكى قىممەت قارىشى بولۇپ، ئۇ بىزنىڭ كىشىلىك خاراكتېرىمىز، ئەخلاقىمىز ۋە بىز قولغا كەلتۈرەلەيدىغان نەتىجىلەرنى بەلگىلەيدۇ. شۇڭلاشقا بىزنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىمىزگە قىلىپ بېرەلەيدىغان ئەڭ مۇھىم ئىشىمىز ئۇلاردا ئىجابىي قىممەت قارىشنى يېتىلدۈرۈش، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدە ئاقىلانە ئىش قىلىدىغان كىشىلەردىن بولۇشىغا، بەختلىك كىشىلەردىن بولۇشىغا، ۋە يارامىلىق كىشىلەردىن بولۇشىغا ياردەم قىلىش. بۇ بىر ئاددىي ئىش ئەمەس. ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى 1-قەدەم ئۆزىمىزنىڭ نېمىگە ئىشىنىدىغانلىقى ۋە پەرزەنتلىرىمىزدىن نېمىگە ئىشىنىشنى ئىستەيدىغانلىقىمىزنى تولۇق ئېنىقلاپ چىقىش، ھەمدە ئۆزىمىزنىڭ قىممەت قارىشىنىڭ تۈزۈلۈشى ناھايىتى مۇرەككەپ ئىكەنلىكىنى تولۇق تونۇپ يېتىش. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بىز ئېغىزىمىزدا دەيدىغان قىممەت قارىشى بىز ئەمەلىيەتتە قوللىنىدىغان قىممەت قارىشىغا ئوخشمايدۇ. بىزنىڭ ھايات نىشانلىرىمىزنى ئۆزىمىزنىڭ ئېھتىياجى بىلەن ئۆزىمىزنىڭ ئارزۇسى بەلگىلەيدۇ. قىممەت قاراشلىرىنىڭ يەنە بىر كاتېگورىيىسى بار بولۇپ، ئۇ قايسى ئىشلارنىڭ ئۈنۈم بېرىدىغانلىقى ۋە قايسى ئىشلارنىڭ ئۈنۈم بەرمەيدىغانلىقى ھەققىدە بولىدۇ. ئاشۇ قىممەت قاراشلىرى ئۆزىمىز ئىستىگەن نەرسىلەرگە ئېرىشىش ئۈچۈن قانداق ئىشلارنى قىلىدىغانلىقىمىزنى بەلگىلەيدۇ. يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە بىر خىل قىممەت قاراشلىرىمۇ بار بولۇپ، ئۇلار بىزنىڭ نېمىنىڭ توغرا، نېمىنىڭ خاتا ئىكەنلىكى ھەققىدىكى ئەخلاقىي كۆز-قاراشلىرىمىزدىن تەركىب تاپقان بولىدۇ. ئېسىل كىشىلىك خاراكتېرگە ئىگە كىشىلەردە مۇشۇ خىلغا تەۋە قىممەت قاراشلىرى باشقا قىممەت قاراشلىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ.

پەرزەنتلەرنىڭ يېشىغا ئاساسەن، ئاتا-ئانىلار ئۆز مەسلىھەتلەشكەن ئاساستا ئۆزلىرىنىڭ تۆۋەندىكى ساھەلەردىكى قىممەت قاراشلىرىنى يېزىپ

چىقىپ، ئۇنى ئۆز پەرزەنتلىرىگە بىر نەسىھەتنامە ياكى تەكلىپ-تەۋسىيە قىلىپ بەرسە، ئۇنىڭ پايدىسى ناھايىتى زور بولىدۇ:

- -كىشىلىك خاراكتېر ۋە ئەخلاق
- -ئېتىقاد ۋە ئىلاھىيەتلىك
- -ئۆيلۈك بولۇش ۋە ئائىلە مۇناسىۋەتلىرى
- -دوستلۇق
- -ئوقۇش
- -ئۆز-ئۆزىگە تايىنىش
- -پوزىتسىيە
- -خالىسانە خىزمەت
- -مۇۋەپپەقىيەت
- -پۇل ۋە ماددىي بايلىق
- -ھاراق ۋە زەھەرلىك چېكىملىك
- -توي قىلىشتىن بۇرۇنقى جىنسىي مۇناسىۋەت

بىز ئۆزىمىز قىلغان ھەر بىر سۆز-ھەرىكەتتە بالىلىرىمىزغا قىممەت قاراشلىرىنى ئۆگىتىمىز. ئەمما، ئۇلارغا قانداق قىممەت قاراشلىرىنى ئۆگىتىۋاتقانلىقىمىزنى ئۆزىمىز داۋاملىق چۈشىنىپ تۇرالمايمىز. شۇڭلاشقا مەخسۇس ۋاقىت چىقىرىپ، ئۆزىمىزنىڭ ئائىلە قىممەت قاراشلىرىنى بايان قىلىدىغان بىر يازما تەييارلىساق ئۇنىڭ بالىلىرىمىزغا بولغان پايدىسى ناھايىتى زور بولىدۇ. مەن تەرەققىي قىلغان ئەللەردىكى مىللەتلەر ئىچىدە يەھۇدىيلارنىڭ مۇنداق بىر ئىشنى بىلىمەن: ھەر بىر يەھۇدىي ئائىلىسى ئۆزلىرىنىڭ ھايات تەجرىبىلىرىنى ئۇتتۇرلۇق بىر خاتىرە دەپتەرگە يېزىپ مېڭىپ، پەرزەنتلىرى چۈشەنگۈدەك بولغاندا ئاتا-ئانا ئۇ خاتىرە دەپتەرنى بالىلىرىغا بىر «نەسىھەتنامە» سۈپىتىدە بېرىدۇ. مېنىڭچە يەھۇدىي بالىلىرىنىڭ ھەممە ئىشتا ناھايىتى پۇختا كېلىشىنىڭ ۋە ناھايىتى پىشقان بولۇشىنىڭ بىر سەۋەبى ئەنە شۇ.

## 8. يېپىش سۆزى

بالا تەربىيىسى خۇددى بىر سىستېما ئىنژېنېرلىقىغا ئوخشايدۇ. بىر بالىنىڭ ياخشى تەربىيىلىنىشىدە يالغۇز مەكتەپ ۋە جەمئىيەتنىڭ رولى ئىنتايىن مۇھىم بولۇپلا قالماي، ئائىلىنىڭ رولىمۇ ئىنتايىن مۇھىم. ياكى،

تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتساق، بالا تەربىيىسىدە مەكتەپ ۋە جەمئىيەتكە قارىغاندا ئائىلە تەربىيىسى، يەنى ئاتا-ئانىلارنىڭ تەربىيىسى تېخىمۇ مۇھىم. خاتا يولغا كىرىپ قالغان باللار ئاساسي جەھەتتىن بۇزۇلغان ئائىلىدىن چىقىدۇ. باشقىلارغا قارىغاندا باللىرىنى ناھايىتى ئەدەپلىك، ناھايىتى قابىلىيەتلىك، ناھايىتى بىلىملىك ۋە ناھايىتى ساپالىق چوڭ قىلىدىغان غەربلىك ئاق تەنلىكلەر، ياپونلار ۋە يەھۇدىيلار قاتارلىق بىر قىسىم مىللەت كىشىلىرىگە قاراپ باقىدىغان بولساق، كىچىك بالىسى بار ئانىلارنىڭ ئاساسلىق قىلىدىغان ئىشى بالىسىنى يۇقىرى مەسئۇلىيەت ۋە قاتتىق تۈزۈم بىلەن سىستېمىلىق تەربىيىلەپ ئۆستۈرۈش ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. يېقىنقى بىر قانچە يىلنىڭ مابەينىدە ئۇيغۇرچە تورلاردا تونۇشتۇرۇلغان، ۋەتەنىدە ۋە چەت ئەلدە ياخشى نەتىجە قازانغان ئۇيغۇرلارنىڭ بىر ئورتاق ئالاھىدىلىكى، ئۇلار كىچىك ۋاقتىدا ئۇلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرى ئائىلە تەربىيىسىنى ناھايىتى چىڭ ۋە ناھايىتى سىستېمىلىق تۇتقان. بالا تەربىيىسىنى باشقا كۆپلىگەن ئىشلاردىن مۇھىم ئورۇنغا قويغان. بىزنىڭ ھوقۇق ۋە كەسىپ جەھەتتە يۇقىرى دەرىجىلىك نوپۇزغا ئىگە بولغان كىشىلىرىمىز ئىچىدە باللىرى ياخشى چوڭ بولماي، يامان يولغا كىرىپ كەتكەن ئەھۋاللار ئاز ئەمەس. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈپ باقىدىغان بولساق، ئۇلار باللىرى كىچىك ۋاقتىدا ئۆز خىزمىتى ياكى ئۆز كەسپى بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىپ، بالىسىغا ئانچە ۋاقىت ئاجراتمىغانلىقىنى بايقايمىز. تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى ۋە ئۆزلىرى ئويۇن-تاماشىغا بەك بېرىلىپ كېتىش سەۋەبى بىلەن باللىرىغا ئانچە ۋاقىت ئاجرىتالمىغان، ياكى بالا تەربىيىسىگە پۈتۈنلەي سەل قارىغان ئائىلىلەردە چوڭ بولغان باللار ئىچىدە يولدىن چىقىپ كەتكەنلەر ئىنتايىن كۆپ. قىسقىسى، بالىغا ۋاقىت ۋە زېھىن ئاجرىتىش بىر خىل روھىي مەبلەغ سېلىش جەريانى، بالىنى ئىلمىي قائىدىلەر بويىچە سىستېمىلىق تەربىيىلەش بولسا بىر خىل سىستېما ئىنژېنېرلىقى جەريانى بولۇپ، سىز مەبلەغنى قانچە كۆپ سالسىڭىز، ھەمدە ئىنژېنېرلىقنى قانچە ئىلمىي ۋە سۈپەتلىك قىلسىڭىز، سىز ئېرىشىدىغان نەتىجىمۇ شۇنچە كۆپ ۋە شۇنچە ياخشى بولىدۇ. مەن مەزكۇر يازمىنىڭ بالا تەربىيىسىدە توغرا يول تاپالماي قالغان ئاتا-ئانىلارغا بىر ئاز ياردەم قىلالىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

# پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى

[1] Time, Love, Praise and Encouragement in Relationships - Nouman Ali Khan, ICNA Convention 2010
https://www.youtube.com/watch?v=GgT3AQdv3pg

[2] Parenting with Purpose & by Example by Sh. Yasir Qadhi
https://www.youtube.com/watch?v=A0hxqJLeX3g

[3] Khutbah: The Family & Raising children - Tips for Muslim Parents - Yasir Qadhi | 18th January 2013
https://www.youtube.com/watch?v=z1EEwEeVdKc

[4] The 12 disciplinary elemens
http://life.familyeducation.com/parenting/discipline/45271.html

[5] Pay attention to your child
http://life.familyeducation.com/parenting/family-time/45272.html

[6] COMMENTARY 980.2: Family Values
http://whatwillmatter.com/2013/04/commentary-822-1-family-values/

# دادىلار بىلىشكە تېگىشلىك مۇھىم ئىشلار

2016-يىلى 4-ئاينىڭ 15-كۈنى

بىز قۇياش، ئاي ۋە ئاسمانغا قاراش ئارقىلىق ئىككى نەرسىنى ئېسىمىزگە سالالايمىز. ئۇنىڭ بىرى، ۋاقىتقا ھۆرمەت قىلىش. ئۇنىڭ يەنە بىرى بولسا، بىر تەكشۈرۈلۈشتىن ھاياتنى ياشاش، ياكى ھاياتىمىزنىڭ بىر تارازىسى بار بولۇش.

ھازىر بىزدە ئەڭ كەم نەرسىلەرنىڭ بىرى تەكشۈرۈلۈش. ئەرلەردە تەكشۈرۈلۈش كەم. ئاياللاردا تەكشۈرۈلۈش كەم. بالىلاردا تەكشۈرۈلۈش كەم. ئۆي-نەچچە ياشلىق ئۆسمۈرلەردە تەكشۈرۈلۈش كەم. ئەر-خوتۇنلاردا تەكشۈرۈلۈش كەم. ئاتا-ئانىلاردا تەكشۈرۈلۈش كەم. كارخانا ئىگىلىرىدە تەكشۈرۈلۈش كەم. خىزمەتچىلەردە تەكشۈرۈلۈش كەم. قىسقىسى، كىشىلەرنىڭ ھەممىسىدە تەكشۈرۈلۈش كەم. ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆز ئالدىغا بىردىن ئايرىم تارازىسى بار بولىدۇ. مەن مەزكۇر يازمىدا دادىلار ئۈستىدە توختىلىمەن. يەنى، ئائىلىدىكى مۇناسىۋەت ۋە بالا تەربىيىسىدە دادىلار بىلىشكە تېگىشلىك بىر قانچە مۇھىم ئىشلارنى بايان قىلىمەن.

## 1. ئەرلەر بېسىم ئىچىدە ياشايدۇ

ئەگەر سىز بىر ئايالنىڭ ئېرى، ۋە بىر ياكى بىر قانچە بالىلارنىڭ دادىسى بولىدىكەنسىز، سىزنىڭ ئاتا-ئانىڭىز سىزدىن ۋاقىت تالىشىدۇ - ئاپىڭىز سىزدىن ئۆزىگە ئېتىبار بېرىشنى، ۋە دادىڭىز سىزدىن ئۆزىگە ۋاقىت ئاجرىتىشنى ئىستەيدۇ. ئايالىڭىز سىزدىن ۋاقىت تەلەپ قىلىدۇ. بالىلىرىڭىز سىزدىن ۋاقىت تەلەپ قىلىدۇ. خىزمىتىڭىز سىزدىن ۋاقىت تەلەپ قىلىدۇ. چېنىقىش سىزدىن ۋاقىت تەلەپ قىلىدۇ. دوستلىرىڭىز سىزدىن ۋاقىت تەلەپ قىلىدۇ. ئۆزىڭىزنى نورمال تۇتۇش ئۈچۈن سىز ئۆزىڭىزمۇ ئۆزىڭىزدىن ۋاقىت تەلەپ قىلىسىز. خىزمەتكە بېرىپ-كېلىش سىزدىن ۋاقىت تەلەپ قىلىدۇ. يېڭى نەرسىلەرنى ئۆگىنىپ، خىزمەتتە ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە ساقلاپ مېڭىش سىزدىن ۋاقىت تەلەپ قىلىدۇ. داۋاملىق

ئوقۇش سىزدىن ۋاقىت تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر بىز يۇقىرىدىكى ھەر بىر تەلەپنى بىر زەنجىر، دەپ پەرەز قىلساق، سىزنى 20 زەنجىر 20 تەرەپكە تارتىپ، سىزنى ۋەيران قىلىشقا تاس قالىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا سىز ئۆچۈن تۇرمۇشتىكى تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش ئىنتايىن قىيىن. سىز ئائىلىڭىزگە يېتەرلىك ۋاقىت ئاجرىتالمايسىز. بالىلىرىڭىزغا يېتەرلىك ۋاقىت ئاجرىتالمايسىز. بەزى ئائىلىلەر ئېرىنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە بولمىغىنىدىن خوش بولىدۇ. ئەمما كۆپىنچە ئائىلىلەر سىزنى «داۋاملىق كومپيۇتېرنىڭ ئالدىدا ئولتۇرىدۇ، داۋاملىق تېلېفوندا سۆزلىشىدۇ، ماڭا ئازراقمۇ ۋاقىت ئاجراتمايدۇ»، دەپ، سىزدىن نارازى بولىدۇ. دوستلىرىڭىز «سېنىڭ بىزگە ئاجرىتىدىغان ۋاقتىڭ يوق، سەن زادى بىز بىلەن بىللە بولمايسەن»، دەپ، سىزدىن يامانلايدۇ. خىزمەتتىن سەل بالدۇرراق چۈشۈپ ئۆيگە ماڭسىڭىز، باشلىقىڭىز «تولۇق ئىشلىمىدىڭ»، دەپ سىزدىن خاپا بولىدۇ. مانا بۇ بىر ئەر ۋە دادىنىڭ تەقدىرى.

ئەگەر سىز بىر دادا بولسىڭىز، سىزدىن ھېچ كىم رازى بولمايدۇ. سىز توي قىلغاندا، شۇنىڭدىن باشلاپ ئەنە شۇنداق ياشايدىغانغا ماقۇل بولغان بولىسىز. ئوغۇللىرىمىز توي قىلغاندا بىز مۇشۇنداق ئىشلارنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئۇلارغا ھەرگىزمۇ دېمەيمىز.

ئەمما، يۇقىرىدىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش سىزنىڭ مەسئۇلىيىتىڭىز. ئەگەر سىز ۋە مەن ئاشۇ مەسئۇلىيەتنى ئۇنتۇلۇپ قالغان بولساق، بىز ئاسمانغا قاراپ بېقىشىمىز كېرەك.

كۆپىنچە ۋاقىتلاردا يۇقىرىدىكى ئىشلارنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش بىر ئاسان ئىش ئەمەس بولۇپ چىقىدۇ. بەزىدە سىز ئائىلىڭىز بىلەن مۇناسىۋەتنى ناھايىتى ياخشى ئېلىپ ماڭىسىز، ئەمما ئاتا-ئانىڭىز بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭىز ئانچە ياخشى بولمايدۇ. بەزىدە سىز بىر ناھايىتى ياخشى خىزمەتكە ئورۇنلىشىسىز، ئەمما ئەر-خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتىڭىز ئانچە ياخشى ماڭمايدۇ. بەزىدە سىزنىڭ خىزمىتىڭىز ۋە ئائىلىڭىز ياخشى ماڭىدۇ، ئەمما دوستلىرىڭىزغا ۋاقىت چىقىرالمايسىز. مۇشۇنداق تەڭپۇڭسىزلىق يۈز بەرگەندە، كۆپىنچە كىشىلەر ئۆزلىرى ياخشى قىلالايدىغان ئىشلارنىلا تاللاپ قىلىپ، ۋاقتىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئاشۇ ئىشلارغىلا ئاجرىتىدۇ. قالغان ئىشلارنى بولسا «مەن ئۆچۈن قولايسىز ئىشلار»، دەپ، بىر چەتكە قايرىپ قويىدۇ.

بەزىلەرنىڭ ئائىلىدىكى مۇناسىۋىتى نورمال بولماي قالغاندا، سىرتتىكى بىرەر پائالىيەتكە ناھايىتى ئاكتىپ قاتنىشىپ، ئۆيگە كەتكىلى ئۇنىمايدۇ. ئۇ پائالىيەتنى تەشكىللىگۈچى «ئەمدى ئىشلار تۈگىدى، ئۆيگە قايتىڭ»، دېسە، «ياق، مەن يەنە ئازراق ياردەم قىلاي»، دەپ، ئۆيگە كەتكىلى ئۇنىمايدۇ. يەنى، بىرەر ئىشنى باھانە قىلىپ، ئائىلىنىڭ قېشىغا كېتىشكە ئۇنىمايدۇ. بۇنداق مۇناسىۋەتتە ئېغىر مەسىلە بار.

## 2. بالىغا ۋاقىت ئاجرىتىش

بىز قانداق قىلغاندا بالىلارنى ياخشى تەربىيىلىيەلەيمىز؟ بالىلار ئۈچۈن ئەڭ زۆرۈر بولغان نەرسە دادىسىنىڭ ۋاقتى. دادىلار چوقۇم بىر قىسىم ۋاقتىنى بالىلىرى بىلەن بىللە ئۆتكۈزۈشى كېرەك. ھازىر نۇرغۇن دادىلارنىڭ بالىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بىر خىل ناھايىتى سۇنئىي ھالەتكە كىرىپ قالدى. ئۇلارنىڭ بالىلىرىدىن سورايدىغان سوئاللىرى پەقەتلا:

- - تاپشۇرۇقنى ئىشلىدىڭمۇ؟
- - ئوقۇشۇڭ قانداقراق كېتىۋاتىدۇ؟
- - كەچلىك تاماقنى يېدىڭمۇ؟

دېگەندەك سوئاللار بىلەنلا چەكلىنىدۇ. بەزى دادىلار سوئالنى سوراپ، بالىسى جاۋابنى تولۇق دەپ بېرىپ بولغۇچە «بولدى، بولدى. چىقىپ ئۇخلا. مەن تېلېۋىزوردا بىر ئاز خەۋەر كۆرۈۋالاي»، دەپ، بالىسىنىڭ گېپىنى تۈگىتىۋېلىشىغىمۇ پۇرسەت بەرمەيدۇ. دادا-بالا مۇناسىۋىتى مانا مۇشۇنداق ئىنتايىن تېيىز ھالەتتە تۇرۇۋاتىدۇ. بالىمىزنى ياخشى تەربىيىلەش ئۈچۈن، بىز چوقۇم ئۇلار بىلەن ئىسپورت ئوينىشىمىز كېرەك. ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىشىمىز كېرەك. ئۇلارنىڭ نېمىگە قىزىقىدىغانلىقىنى بىلىشىمىز كېرەك. ئەگەر ئۇلار كومپيۇتېر ئويۇنى ئوينىغان بولسا، بىزمۇ ئۇلار بىلەن بىللە ئوينىشىمىز، بولسا كومپيۇتېر ئويۇنىغا ئۇلاردىن ئۇستىراق بولۇشىمىز كېرەك. ئەگەر سىز بالىڭىزنىڭ كومپيۇتېر ئويۇنى ئوينىشىغا يول قويغان بولسىڭىز، سىزمۇ ئەڭ ياخشىسى ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئويناڭ. قانداق ئىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا سىز بالىڭىز قىلغان ئىشنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە قىلىڭ. بالىڭىز قايسى ئارتىسنى ياخشى كۆرىدۇ، قايسى ئىسپورتنى ياخشى كۆرىدۇ، قايسى بالا بىلەن ئەڭ ياخشى دوست بولۇپ ئۆتىدۇ، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى سىز ناھايىتى ئوبدان

بىلىشىڭىز كېرەك. سىز بىر دادا بولغاندىكىن، مۇشۇنداق ئىشلارنى تولۇق بىلىشىڭىز كېرەك. بۇ سىزنىڭ خىزمىتىڭىز.

دادىلار بالىلىرىنىڭ گەپ-سۆزلىرىنى ئاڭلاپ بېرىشتە ئىنتايىن ناچار كېلىدۇ. ياراتقۇچىمىز ئەرلەرنى خېلى كۆپ ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلۈشتە ئاجىز قىلىپ ياراتقان بولۇپ، كىچىك بالىلارنىڭ گەپ-سۆزلىرىنى ئاڭلاشقا تاقەتى بولماسلىق شۇلارنىڭ بىرىدۇر.



1-رەسىم: بىر دادا ۋە ئۇنىڭ قىزى

### 3. كىچىك قىزلار ناھايىتى كۆپ سۆزلەيدۇ

كىچىك قىز بالىلار گەپ قىلىشقا ناھايىتى ئامراق كېلىدۇ. ئەگەر سىز بىر دادا بولسىڭىز، قىزىڭىزنىڭ گەپلىرىنى قۇلاق سېلىپ ئاڭلىشىڭىز كېرەك. ئۇلارنىڭ گېپىگە تولۇق دىققەت قىلىپ، ئۇلاردىن قىزىقارلىق سوئاللارنى سوراپ تۇرۇشىڭىز كېرەك. قىزىڭىز سىزگە گەپ قىلىۋاتقاندا، سىز باشقا بىر ئىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، قىزىڭىزنىڭ گېپىنى ئاڭلاۋاتقان قىياپەتكە كىرىۋالسىڭىز بولمايدۇ. ئۇنداق قىلسىڭىز سۇئىيلىك قىلغان بولىسىز، يالغانچىلىق قىلغان بولىسىز. قىزلار ناھايىتى ئەقىللىق بولۇپ،

ئۇلار سىزنىڭ يالغاندىن بىر ئاڭلاۋاتقان قىياپەتكە كىرىۋالغانلىقىڭىزنى ئاسانلا بىلىپ قالىدۇ.

- — دادا، بۈگۈن مەكتەپتە مۇنداق مۇنداق ئىشلار بولدى.
- — شۇنداقمۇ؟
- — دادا، بۈگۈن مەن مۇنداق بىر ئىشنى كۆردۈم.
- — مۇنداق دەڭ.
- — دادا، بۈگۈن مەن بىر پارچە رەسىم سىزدىم.
- — قالتىس سىزىپسىز.
- — دادا، سىز ماڭا 30 سوم پۇل بېرىشكە ۋەدە بەرگەن.
- — شۇنداق. نېمە، نېمە؟ مەن قاچان شۇنداق قىلغان؟
- — ھى، ھى، ھى.

## 4. بالا كىچىك ۋاقتىدىلا، ئۇلار بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىش

ئۆيىڭىزگە بالىلىرىڭىز ئۇخلاپ بولغاندا كەلمەڭ. ئۆيىڭىزگە ئۇنداق كەچ كەلمەڭ. شەنبە-يەكشەنبە كۈنلىرى چۈش سائەت 12 بولغۇچە ئۇخلىماڭ. سىز ئۇخلاپ، بالىلىرىڭىز تېلېۋىزور كۆرمىسۇن. ئەگەر سىز بالىڭىز كىچىك ۋاقتىدىلا ئۇلار بىلەن بىر قويۇق مۇناسىۋەت ئورناتمايدىكەنسىز، ئۇلار 13 ياكى 14 ياشقا كىرگەندە سىز ئۇلار بىلەن بىر يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتالمايسىز. سىز بالىلارغا قىزىقمايدىكەنسىز، ئۇلارمۇ سىزگە قىزىقمايدۇ. بۇ سىز ۋۇجۇدقا كەلتۈرمىسىڭىز بولمايدىغان تەڭپۇڭلۇقلارنىڭ بىرى. دادا بىلەن ئۇنىڭ قىزى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تېخىمۇ شۇنداق. بۇ تەڭپۇڭلۇق بالا كىچىك ۋاقتىدىلا ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى كېرەك.

## 5. ئايالىغا ۋاقىت بېرىش

نۇرغۇن ئاياللار ئېرىگە رازى ئەمەس. ئايالىڭىز سىزگە نارازىلىق بىلدۈرسە، سىز «مەن پۇل تېپىۋاتىمەن، ئۆيگە كېتىدىغان چىقىمنى ھەل قىلىۋاتىمەن. مەن ئازراق تېلېۋىزور كۆرسەم نېمە بولۇپتۇ؟» دەپ ئۇنىڭغا ھومىيىپ قويىسىز. ئايالىڭىز دوستى بىلەن تېلېفوندا سۆزلەشسە، «سەن نېمىشقا ئەتىگەندىن كەچكىچە باشقىلار بىلەن تېلېفوندا سۆزلىشىسەن؟»

دەپ، ئۇنىڭغا خاپا بولسىز. ئەمەلىيەتتە سىزنىڭ ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىدىغان ۋاقتىڭىز بولمىغاندىكىن، ئۇ شۇنداق قىلىدۇ.

--بۈگۈن خىزمىتىڭىز قانداقراق ئۆتتى؟

--مەن سىنىڭ كىچىككىنە مېڭەڭنى خىزمەت ئىشلىرى بىلەن قايمۇقتۇرغۇم يوق. بىرىپ ئېشىڭنى ئەتكىن. خىزمەتنىڭ ئىشىنى مەن ئۆزۈم بىر تەرەپ قىلاي. سەن ئۇنىڭغا باش قاتۇرما.

سىز مۇشۇنداق پاراڭلاردا ئايالىڭىزنى كۆزگە ئىلمايدىكەنسىز، ئايالىڭىزمۇ سىزدىن زېرىكىدۇ. ئايالىڭىز ئۆزىنى سىزنىڭ شېرىكىڭىز ئەمەستەك ھېس قىلىدۇ. شۇڭلاشقا ئىمكانىقەدەر ئايالىڭىزنى سىز قىلىۋاتقان ئىشلارغا تەۋە كىشىلەرنىڭ بىرىدەك تۇيغۇغا ئېرىشتۈرۈڭ.

ئىمكانىيەت يار بەرسە، سىز ھەر ھەپتىدە بىر كۈن بالىڭىزنى ئۆزىڭىز بېقىپ، ئايالىڭىزنى ئۆز دوستلىرى بىلەن بىللە بولۇشقا قويۇپ بېرىڭ. بىلىمەن، بەزىلەر ئۈچۈن بۇ بىر ناھايىتى ئازابلىق ئىشتەك تۇيۇلىدۇ. بۇنداق قىلىشنىڭ ئىككى پايدىسى بار. ئۇنىڭ بىرى، ئايالىڭىزغا بىر ئاز نەپەس ئېلىش بوشلۇقى ھازىرلاپ بېرىش. ئۇنىڭ يەنە بىرى، سىز ئۆزىڭىز بالا بېقىشنىڭ قانچىلىك تەس ئىكەنلىكىنى تولۇق ھېس قىلىپ، ئايالىڭىزنى يېتەرلىك دەرىجىدە قەدىرلەيدىغان بولۇش. سىز بالىڭىزنى ئۆزىڭىز يالغۇز باققاندا، دەسلەپتە ئۆزىڭىزگە ئوكسىگېن يېتىشمەيۋاتقاندەك، بالا بېقىش ئىنتايىن قىيىن ئىشتەك تۇيۇلىدۇ. مانا بۇ سىزنىڭ بالىڭىز بىلەن بىللە ئۆتكۈزگەن ۋاقتىڭىزنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقىنىڭ، بىر ئايال كىشىنىڭ ياردىمىسىز، ئۆزىڭىز يالغۇز بالا بېقىپ باقمىغانلىقىڭىزنىڭ ئىپادىسى. بالىغا يالغۇز قاراش ھەقىقەتەن ئاسان ئىش ئەمەس. ئەمما بۇ بىز ئەمەلگە ئاشۇرمىساق بولمايدىغان تەگپۈگلۈقنىڭ بىر قىسمى.

## 6. ئانىسى ۋە ئايالى بىلەن بولغان مۇناسىۋەت

سىز بەزىدە ئاپىڭىزنىڭ قېشىغا بارماقچى بولسىڭىز، ئايالىڭىز «ئاپىڭىزنىڭ ئۆيىگە بارماڭ»، دەيدۇ. ئاپىڭىزنىڭ ئۆيىگە بارسىڭىز، ئاپىڭىز سىزگە «مېنىڭ ئىككىنچى سېنىڭ ئايالىڭنى كۆرگۈم يوق»، دەيدۇ. ئۇلارغا نېمە بولغانكىن، بەزى ئائىلىلەردە بۇ ئىككى ئايال بىر-بىرىگە ئىنتايىن ئۆچ كېلىدۇ. بىر-بىرى بىلەن ھەقىقەتەنمۇ چىقىشالمايدۇ. ئەمما

ئۇلار بىر-بىرىگە «مەن سىزگە ئىنتايىن ئۆچ» دېمەيدۇ. ئاياللىرى «مەن ئاپاڭغا ئىنتايىن ئۆچ» دېسە، ئاپىڭىز «مەن ئاياللىڭغا ئىنتايىن ئۆچ»، دەپ، بۇ گەپلەرنى پەقەت سىزگىلا دەيدۇ. داۋاملىق سىزنىڭ قۇلىقىڭىزنى ئاغرىتىدۇ. بىرى ئوڭ قۇلىقىڭىزغا دېسە، يەنە بىرى سول قۇلىقىڭىزغا دەيدۇ. سىز بۇ ئىككى ئايالنىڭ ھەر ئىككىسىگە كۆيۈپ، ئۇلارنىڭ بىر-بىرىگە بولغان سارائىلارچە غەزەپلىرىنى بېسىقتۇرمىسىڭىز بولمايدۇ.

سىز بىر مەزگىل ئاپىڭىزغا تېلېفون قىلىشنى ئۇنتۇلۇپ قالسىڭىز، ئاپىڭىز سىزگە «ئايالىڭ سېنى ماڭا تېلېفون قىلدۇرمىدى-ھە؟ مەن بىلىمەن، مەن بىلىمەن» دەيدۇ. سىز ئاپىڭىزنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇ يەردە ئازراق ھايال بولۇپ قالسىڭىز، ئاياللىرىڭىز سىزگە تېلېفون قىلىپ، «بولمىسا سەن ئاشۇ ئۆيدىلا ياشىغىن»، دەيدۇ. سىز ئاشۇنداق دەردلەرنى كۆپ تارتىپ، چېچىڭىز بالدۇر چۈشۈپ كەتسە، ئۇلار «سېنىڭ چېچىڭ ھەجەپ بەك بالدۇرلا چۈشۈپ كەتتا. ساڭا نېمە بولغاندۇ؟» دەيدۇ.

ئائىلىنىڭ نورمال ھالىتىنى ساقلاپ مېڭىش سىزنىڭ ۋەزىپىڭىز بولغاچقا، سىز ئەڭ ئالدى بىلەن ئاپىڭىز ۋە ئاياللىرىڭىزدىن ئىبارەت بۇ ئىككى ئايالدىن زېرىكىپ كەتمەسلىكنى، ئۇلارنىڭ يۇقىرىقىدەك مۇناسىۋىتىگە سەۋر قىلىشنى ئۆگىنىشىڭىز كېرەك. ئەگەر ئۇلار بىر-بىرىنىڭ ئۇستىدىن شىكايەت قىلىپ، سىزنى قىيىن ئەھۋالغا قويىدىكەن، سىز گەپكە چاقچاق ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇلاردىكى جىددىيلىكنىڭ دەرىجىسىنى تۆۋەنلىتىشكە تىرىشىڭ.

سىز بىلەن توي قىلغان كىشى بىر خىزمەتچى ئەمەس. ئۇ سىزنىڭ ئاياللىرىڭىز. سىزنىڭ ئالغىنىڭىز يەنە بىر ئاتا-ئانىنىڭ قىزى. ئاياللىرىڭىزنى قوغداش، ئاياللىرىڭىزدىن خەۋەر ئېلىش، ۋە ئۇنى غۇرۇر بىلەن ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش سىزنىڭ مۇھىم ۋەزىپىڭىز. ئۇ سىزنىڭ مەسئۇلىيىتىڭىز. سىزنىڭ توي قىلىپ ئالغىنىڭىز ئاپىڭىزنىڭ ياردەمچىسى ئەمەس. بىزنىڭ دىنىمىز ئايالغا بىر خىزمەتچىگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىشقا يول قويمايدۇ. ئاپىڭىز سىزنىڭ ئاپىڭىز. ئۇ ئاياللىرىڭىزنىڭ ئاپىسى ئەمەس. بۇ ئەمەلگە ئاشۇرمىسا بولمايدىغان تەگپۇگلۇقنىڭ بىر قىسمى. ئاياللىرىڭىزنىڭ سىزدە ھەققى بار. ئاياللىرىڭىزنىڭ سىزنىڭ ئالدىڭىزدا بەلگىلىك مەسئۇلىيىتىمۇ بار. سىز ئاياللىرىڭىزنى توي كېلىشمىنىڭ ئىچىدە ئەمەس ئىشلارنى قىلىشقا مەجبۇرلىسىڭىز بولمايدۇ.

## 7. بالىنى ئالدىراش تۇتۇش

بىكار يۈرىدىغان ياشلاردىن چوقۇم مەسىلە چىقىدۇ. خىزمەت يېشىغا توشقان بالىڭىزنى ئىمكانىيەت يار بېرىدىكەن چوقۇم خىزمەتكە سېلىڭ. بالىنى خىزمەت، ئۆگىنىش، ئىسپورت دېگەندەك ئىشلار بىلەن داۋاملىق ئالدىراش تۇتۇڭ. ئۇلارنى داۋاملىق بىر خىل هارغىن هالەتتە تۇتۇڭ. ئەگەر بالىڭىز ئىشلەشنى خالىمىسا، ئۇنى بىرەر ئىسپورتقا بېرىڭ. هەرگىزمۇ ئۇنى بىكار تاشلاپ قويماڭ. ۋاقتى بىكارچىلىقتا ئۆتىدىغان بالىدىن چوقۇم ئىش چىقىدۇ. بۇ هەرگىزمۇ «شۇنداق بولامدىكىن»، دېگەن مەسىلە ئەمەس. ئۇ بىر «قاچان بولىدۇ» دېگەن مەسىلە. ئۇنداق ئىشنىڭ يۈز بېرىشى بىر مۇقەررەرلىكتۇر.

بالىڭىز پەقەت بىر رەسمىي خىزمەتنى باشلىغاندىن كېيىنلا ئاندىن پۇلنىڭ قەدرىگە يېتىدۇ. ئىمكانقەدەر بالىڭىزغا ماشىنىنى سىز ئېلىپ بەرمەڭ. ئۇ پۇلنى ئۆزى ئىشلەپ تېپىپ، ئاندىن ماشىنىنى ئۆز پۇلى بىلەن ئالسۇن. شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن بالىڭىز ماشىنىسىنى قەدىرلەيدۇ. بىز بالىلىرىمىزنى پۇلغا هۆرمەت قىلىدىغان قىلىپ تەربىيىلىشىمىز كېرەك. بىز بالىغا هەممە نەرسىنى ئېلىپ بەرسەك، بالا هەرگىزمۇ پۇلغا هۆرمەت قىلمايدۇ. بۇ ئىش ئىنتايىن مۇهىم.

بىز بالىمىزنى بېقىپ چوڭ قىلىمىز. ئۇنىڭ بىر ئىنتايىن پارلاق ئىستىقبالغا ئېرىشىشىنى ئىستەيمىز. ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى تۇرمۇشقا ئېرىشىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. سىز بەزىدە «مەن شۇنچىۋالا كۆپ پۇل تېپىۋاتسام، ئەگەر ئاشۇ پۇل بىلەن بالامنى بىر ياخشى تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرمىسەم، مەندە ئۇنچىۋالا كۆپ پۇل بار بولغىنىنىڭ نېمە ئەهمىيىتى؟» دەپ ئويلايسىز. شۇنىڭ بىلەن بالىغا بولغان كۆيۈنۈش مەيدانىدا تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئۇنى-بۇنى ئېلىپ بېرىسىز. بۇ ئاتا-ئانىلاردا بار بولغان بىر خىل تەبىئىي كۆڭۈلدۇر. ئەمما، ئەگەر سىز بالىڭىزغا هەممە نەرسىلەرنى ئېلىپ بېرىدىكەنسىز، ئۇ هالدا بالىڭىزنى زەهەرلەيسىز. ئەمەلىيەتتە سىز ئۇنىڭغا ياردەم قىلماي، ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلىسىز. بىر ئادەم سىزدىن «بالىڭىزغا هېچ نەرسە ئېلىپ بەرمەڭ»، دېگەننى تەلەپ قىلالمايدۇ. ئەمما بۇنداق ئىشلار مۆۋاپىق بولۇشى كېرەك. بالا تەلەپ قىلغان نەرسىنىڭ هەممىسىنى ئېلىپ بېرىشنى بىر ئادەتكە ئايلاندۇرۇۋالماسلىق كېرەك. ئەگەر سىز بالىڭىزغا هەممە نەرسىنى ئېلىپ بېرىدىكەنسىز، سىز بالىڭىز ئۈچۈن بىر خۇسۇسىي بانكا بولۇپ قالىسىز. بالىڭىزنىڭ ئالدىدا

سىزنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا قىممىتىڭىز بولمايدۇ. بۇ بىر ئىنتايىن ئېچىنىشلىق ئەھۋال. بۇ بىر دادا ئىستەيدىغان ئەھۋال ئەمەس.

يۇقىرىدىمۇ دېيىلگىنىدەك، سىز بالىڭىزغا بېرەلەيدىغان ئەڭ ياخشى نەرسە سىزنىڭ ۋاقتىڭىزدىن ئىبارەت. بالىڭىزغا ئىمكانقەدەر كۆپرەك ۋاقىت سەرپ قىلىڭ. ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرۇڭ. ئۇنىڭ بىلەن بىللە ساياھەت قىلىپ كېلىڭ. ئەگەر سىز بالىڭىز بىلەن بىر سەپەرگە بىللە چىقىپ، 5 ـ 6 كۈن ۋاقتىنى ئۇنىڭ بىلەن ھەممە ئىشنى تەڭ قىلىپ ئۆتكۈزىدىكەنسىز، ئۆزىڭىز بىلەن بالىڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ھەقىقىي باغلىنىش، بىر ھەقىقىي مۇھەببەت ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. بۇ ئىنتايىن مۇھىم. شۇڭلاشقا مۇشۇنداق ئىشقا چوقۇم مەخسۇس ۋاقىت ئاجرىتىڭ. بۇنداق سەپەر بىر ناھايىتى ھەشەمەتلىك سەپەر بولمىسىمۇ بولۇۋېرىدۇ. ئۆيدىن باشقا ھەر قانداق يەر بولسا بولۇۋېرىدۇ. بىرەر تۇغقانلىرىڭىزنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كەلسەڭلارمۇ بولىدۇ. چوقۇم ئۆزىڭىزنىڭ كۈندىلىك مۇقىم ئىشلىرىڭىزنىڭ سىرتىدا بالىڭىزغا مەخسۇس ۋاقىت ئاجرىتىڭ. شۇنداق قىلسىڭىز بالىڭىز بىلەن ئۆزىڭىز ئوتتۇرىسىدا بىر كۈچلۈك مۇھەببەت ئورنىتالايسىز.

## پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى

FULL* Nouman Ali Khan ~ Responsibility ~ New New Lecture!!
https://www.youtube.com/watch?v=LPjEt4Swflg

# بۇيرۇلغان ياردەم ۋە تىرىشچانلىق ـــ بەدرى ئۇرۇشىدىن ئۆگەنگەنلىرىم

2014-يىلى 10-ئاينىڭ 31-كۈنى

مېنىڭ چۈشىنىشىمچە، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان كىشىلەر ياكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى «ھەممە ئىش ئاللاھنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بولىدۇ» دەپ قارايدۇ. مەن ئۆزۈمنىڭ يېقىنقى بىر مەزگىل ئىچىدە تەييارلىغان ماقالىلىرىدە ھازىرقى زامان مۇسۇلمان ئەللىرىنىڭ قانداق شەكىللەنگەنلىكى، ۋە ئۇلارنىڭ تەرەققىياتتا نېمە ئۈچۈن ھازىرقىدەك بىر ناچار ھالەتكە كېلىپ قالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتتۈم. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، تەرەققىيات جەھەتتە ھازىر بىر قىسىم غەرب ئەللىرى دۇنيانىڭ ئەڭ ئالدىدا، مۇسۇلمان ئەللىرى ۋە مۇسۇلمان خەلقلەر بولسا ئۇلاردىن كۆپ ئارقىدا تۇرۇۋاتىدۇ. مۇشۇنداق بىر ئەمەلىيەت مېنىڭ كاللامدا تۆۋەندىكىدەك بىر قاتار يېڭى سوئاللارنى پەيدا قىلدى:

--«ھەممە ئىش ئاللاھنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بولىدۇ» دېگەن سۆز غەربلىكلەرنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە تەرەققىي قىلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇلاردىن كۆپ ئارقىدا قېلىشىغىمۇ ئۇيغۇن كېلەمدۇ؟

--ئەگەر ئۇيغۇن كەلسە، ئاللاھنىڭ ئاشۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇشىدىكى ھېكمەت ياكى سەۋەب نېمە؟

--ئاللاھ قانداق كىشىلەرگە بەكرەك ياردەم قىلىدۇ؟

--مۇسۇلمانلىقنىڭ 5 پەرىزىنى تولۇق ئادا قىلىش ئارقىلىقلا ئاللاھنىڭ ياردىمىگە باشقىلاردىن كۆپرەك ئېرىشكىلى بولامدۇ؟

--ئەگەر شۇنداق قىلغىلى بولسا، نېمە ئۈچۈن ھازىر مۇسۇلمان ئەللىرى بىر قىسىم غەرب ئەللىرىدىن كۆپ ئارقىدا قالدى؟

بىر مىللەت ئۈچۈن قۇدرەت تېپىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلىنى تېپىشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى ئاشۇ يولنى بۇرۇن مېڭىپ باققانلارنىڭ

تەجرىبە-ساۋاقلىرىنى ئۆگىنىشتىن ئىبارەت. يەنى قۇدرەت تاپقان مىللەتلەر قوللانغان ئۇسۇللارنى ئۆگىنىشتىن ئىبارەت. تەرەققىي تاپقان ئەللەردىكى مىللەتلەر باشقا مىللەتلەرنى تەتقىق قىلىشقا، باشقا مىللەتلەر قوللانغان ئۇسۇللارنى تەتقىق قىلىشقا ناھايىتى يۇقىرى دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئۇيغۇرلار بۇ جەھەتتە ھازىرغىچە بىر ناھايىتى ئاجىز ھالەتتە تۇرۇپ كەلدى. بۇنداق بولۇشتىكى بىر قىسىم سەۋەبلەر بىز ئۆزىمىزدە. يەنە بىر قىسمى بولسا بىزنىڭ ئۆزىمىزدە ئەمەس — ئۆزىمىزگىلا باغلىق بولمىغان سەۋەبلەرمۇ ئاز ئەمەس. بەزى قېرىنداشلار بۇرۇن ماڭا ئۇيغۇرلارنىڭ قۇدرەت تېپىشىدىكى ئۇنۇملۇك يول ئۇستىدە ئىزدىنىپ بېقىشنى تەۋسىيە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن مەن يەھۇدىيلار ھەققىدە بىر قانچە پارچە ماقالە يازدىم. ياپونلار ھەققىدىمۇ ھەم شۇنداق قىلدىم. مەن ياپونلار ئۇستىدىكى ماقالىلەرنى تەييارلىغاندا پايدىلانغان مەنبەلەرنىڭ بىرى 1930-يىللىرى گېرمانىيە ھۆكۈمىتى ياپونلار ئۈستىدە تەكشۈرۈش ۋە ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، شۇ ئاساستا تەييارلىغان بىر ئىلمىي دوكلات ئىدى. يەنە بىرى بولسا 2-دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ياپونىيىنىڭ ماھارىپ پروگراممىسى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈش ۋە ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرى بايان قىلىنغان يەنە بىر ئىلمىي دوكلات ئىدى. مېنىڭ پەرىزىمچە كۆپىنچە ئوقۇرمەنلەر مەن پايدىلانغان ئاشۇ مەنبەلەرگە ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمىدى. مەن يېقىندا دىن ھەققىدە ئىزدىنىشنى باشلىغاندىن كېيىن، كاللامدا «غەرب ئەللىرىنىڭ ھازىرقىدەك تەرەققىي قىلالىشى بىلەن ‹ھەممە ئىش ئاللاھنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بولىدۇ› ، دېگەن دىنىي ھۆكۈم ئوتتۇرىسىدا چوقۇم بىر باغلىنىش بار. ئۇنداقتا ئۇ باغلىنىش نېمە؟» دېگەن سوئال پەيدا بولدى. شۇنىڭدىن باشلاپ كاللامنىڭ بىر يېرىدە مۇشۇ سوئالغا جاۋاب ئىزدەشنى زادىلا توختاتمىدىم. مېنىڭچە بۇ سوئالنىڭ جاۋابى ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، ئاشۇ جاۋاب مۇسۇلمانلارنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن قۇدرەت تېپىشى ئۈچۈن قانداق قىلىشى كېرەكلىكىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ.

مەن يېقىندىن بۇيان ياسىر قازى ئامېرىكىدىكى ئۆزى ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان ئالىي مەكتەپتە دەرس قىلىپ سۆزلىگەن «مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ تەرجىمىھالى» دېگەن لېكسىيىلەرنى ئاڭلاۋاتقان بولۇپ، ئاشۇ لېكسىيىنىڭ 38-قىسمىدا يۇقىرىدىكى سوئالغا جاۋاب بولالايدىغان ئازراق

مەزمۇننى ئۇچراتتىم. مەن مەزكۇر ماقالىدا ئاشۇ مەزمۇننى قىسقىچە تونۇشتۇرىمەن، شۇنداقلا دۇنيادىكى ئەڭ تەرەققىي قىلغان دۆلەت ھېسابلىنىدىغان ئامېرىكا ئۆزىنىڭ تەرەققىياتتىكى باشلامچىلىق ئورنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ھازىر قانداق ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقى ھەققىدىمۇ ئازراق توختىلىمەن. ھازىر ئامېرىكا تۇتۇۋاتقان بىر قىسىم يوللار باشقا تەرەققىي قىلغان غەرب ئەللىرىنىڭكىگە ناھايىتى يېقىن بولۇپ، مەن شۇنىڭغا ئائىت پاكىتلاردىن بىر قانچىنىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتىمەن. شۇ ئارقىلىق مەن ئىسلام دىنىدىكى «ھەممە ئىش ئاللاھنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بولىدۇ» دېگەن ئۇقۇم بىلەن ھازىرغىچە ئەڭ تەرەققىي قىلغان غەرب ئەللىرى تۇتقان يول ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنى بايان قىلىمەن. ئۇيغۇر قېرىنداشلاردىن بىرەرى بۇرۇن مۇشۇنداق بىر تېمىدا ماقالە يېزىپ ئېلان قىلىپ باققانمۇ-يوق، مەن ئۇنى بىلمەيمەن. ئاشۇنداق ماقالىدىن بىرەرى يېزىلغان بولسىمۇ، مەن ئۇنى كۆرۈپ باقمىدىم. مېنىڭ ئۈمىدىم، ئەگەر ئاشۇنداق ماقالىلەر تېخى يېزىپ بېقىلمىغان بولسا، مەزكۇر ماقالىنى بىر باشلىنىش قىلىپ، مەدەنىيەت ۋە بىلىم سالاھىيىتى جەھەتتە ئىمكانىيىتى بار قېرىنداشلار يۇقىرىدىكى سوئال ئۈستىدە ئورتاق ھالدا ئىزدىنىپ باقساق، ھەمدە بىر يۈرۈش قانائەتلىنەرلىك جاۋابلارنى تېپىپ چىقساق. شۇنداق قىلالىساق، بىز «ئۆزىمىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن قۇدرەت تېپىشىدىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك يول قايسى؟» دېگەن سوئالغا جاۋاب تاپقان بولىمىز.

ماڭا بۇرۇن ئېلخەت يازغان ئۇكىلارنىڭ بەزىلىرى ماڭا ئىچكىرىدىكى ئۆلكىلەردە ئوقۇۋاتقان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئىچىدە بىر قىسىم ئۇكىلار ئۆزلۈكىدىن دىن ئۆگىنىشكە ناھايىتى كىرىشىپ كېتىپ، نورمال مەكتەپ ئوقۇشىغا سەل قارايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، مەندىن شۇلار ئۈچۈن بىرەر يازما تەييارلىشىمنى ئۈمىد قىلغانىدى. مەن مەكتەپ ئوقۇشى بىلەن دىن ئۆگىنىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلالمىغان، دىن ئۆگىنىشنى ياخشى ئېلىپ بېرىپ، مەكتەپ ئوقۇشىغا سەل قاراۋاتقان ئۇكىلارغا مەزكۇر يازمىنى كەم دېگەندە بىر قېتىم ئوقۇپ چىقىشنى تەۋسىيە قىلىمەن. مەن ياسىر قازىنىڭ لېكسىيىلىرىدە تەسۋىرلەنگەن مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (مەن بۇنى تۆۋەندە «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام» دەپلا قىسقارتىپ ئالىمەن) نىڭ ھاياتىدىكى ۋەقەلەردىن بىلگەن، ھەمدە ياسىر قازى ناھايىتى ئېنىق ھالدا قايتا-قايتا تەكىتلىگەن

بىر ھەقىقەت شۇكى، سىز بىر ئەڭ ياخشى مۇسۇلمان بولۇش بىلەنلا غەلىبىگە ئېرىشەلمەيسىز. سىز بىر ئەڭ ياخشى مۇسۇلمان بولۇش بىلەنلا ئاللاھ بۇيرۇغان ياردەمگە ئېرىشەلمەيسىز. ئاللاھنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈپ، قىلغان ئىشىڭىزدا غەلىبە قازىنىش ئۈچۈن سىز تۆۋەندە بايان قىلىنىدىغان باشقا بىر قىسىم ئىشلارنىمۇ قىلىشىڭىز كېرەك.

## 1. بەدرى ئۇرۇشىدىن يەكۈنلەپ چىقىلغان مۇھىم ھېكمەتلەر

ھەممىمىزنىڭ خەۋىرىدە بولغىنىدەك، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرنى باشلاپ، ھىجرىيە كالېندارىنىڭ 1-يىلى، ياكى 622-يىلى مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ (كۆچۈپ) كېلىدۇ. شۇ ۋاقىتتا مۇسۇلمانلار ئىككى خىل تەھدىتكە دۇچ كېلىدۇ. ئۇنىڭ بىرى ئىچكى تەھدىت بولۇپ، يەنە بىرى بولسا تاشقى تەھدىتتىن تەشكىل تاپىدۇ. ئەينى ۋاقىتتىكى ئىچكى تەھدىت مەدىنىنىڭ تېخى بىرلىككە كەلتۈرۈلمىگەنلىكىدىن ئىبارەتتۇر. تاشقى تەھدىت دەسلەپتە يالغۇز مەككىنىلا ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەمما كېيىنكى بىر قانچە يىلنىڭ ئىچىدە بولسا پۈتۈن ئەرەب يېرىم ئارىلىغا كېڭىيىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنە دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، ئەرەب يېرىم ئارىلى مەدىنە بىلەن مەككە، مۇسۇلمانلار بىلەن قۇرەيشتىن ئىبارەت ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنىدۇ.

بەدرى ئۇرۇشى يۇقىرىدىكى ئىككى قۇتۇپ ئوتتۇرىسىدا ئەڭ دەسلەپتە يۈز بەرگەن ئۇرۇشتۇر. يەنى، بۇ ئۇرۇشتا مەدىنىدىكى مۇسۇلمانلار مەككىدىكى قۇرەيشلەر بىلەن ئۇرۇشىدىغان بولۇپ، ئۇ مۇنداق باشلانغان: ھىجرىيە كالېندارىنىڭ 2-يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرەيشنىڭ بىر كارۋىنىنىڭ شامغا سودىغا كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇلارنىڭ قايتىپ كېلىش ۋاقتىغا ئۈلگۈرتۈپ، مەدىنىگە يېقىن جايدىكى ئۇلارنىڭ ئۆتە يولى ئەتراپىغا كۆپ قېتىم كۆزەتچىلەرنى ئەۋەتىدۇ. شۇ ئارقىلىق قۇرەيشنىڭ ھېلىقى كارۋىنى 1000 تۆگىگە مال بېسىپ قايتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى، ھەمدە بۇ مىڭ تۆگىلىك كارۋاننى قوغدايدىغان كىشىلەرنىڭ سانى ئاران 40 ئادەم ئەتراپىدا ئىكەنلىكىنى بىلىۋالىدۇ (قۇرەيشلىكلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلەرنى مەككىدىن كېتىشكە مەجبۇرلاپ، مۇسۇلمانلار مەككىدىن ئايرىلغاندا، ئۆزلىرىنىڭ ھەممە بايلىق-مۈلۈكلىرى مەككىدە، يەنى قۇرەيشلەرگە شۇ پېتى قالغان ئىدى. شۇڭا مۇسۇلمانلار بۇ قېتىم قىلغان ئىش ئۆز مال-مۈلۈكلىرىنىڭ بىر قىسمىنى

قايتۇرۇۋېلىش ئىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ) . شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ پىلانىنى قۇرەيشلەرنىڭ بىلىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، مەدىنىدىكى ساھابىلەرگە ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېيتماي، ئۇلارغا بىر جىددىي ۋەزىپە چىقىپ قالغانلىقىنى، ئۆزى خالىغان ساھابىلەرنىڭ قانچىلىك تەييارلىق قىلالىسا شۇنچىلىك تەييارلىق قىلىپ، ئۆزى بىلەن دەرھال يولغا چىقىشنى چاقىرىق قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تەخمىنەن 310 نەپەر ساھابە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە دەرھال يولغا چىقىدۇ. ئەسلىدىكى پىلان بويىچە بولغاندا، 310 نەپەر ساھابىنىڭ ھېچ قانداق ئۇرۇش قىلمايلا قۇرەيشنىڭ 40 نەپەر قوغدىغۇچىسىنى بويسۇندۇرۇشى پۈتۈنلەي مۇمكىن ئىدى. شۇڭلاشقا بۇ 310 نەپەر ساھابە ئاران ئىككى تۇياق ئات ۋە 70 تۇياق تۆگە بىلەنلا، ھەمدە تولۇق قورالالنمايلا يولغا چىقىدۇ [1]. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 3 ساھابىگە بىر تۆگە توغرا كەلگەن بولغاچقا، 3 نەپەر ساھابە بىر تۆگىگە نۆۋەتلىشىپ مىنىپ ماڭىدۇ. بىر كۈن يول مېڭىپ، ئاخشىمى بارگاھلارنى تىكىپ دەم ئېلىشقا كىرىشكەندىن كېيىنلا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ پىلانىنى ساھابىلەرگە ئېيتىدۇ.

ئەمما قۇرەيشنىڭ ئادەملىرى بۇ ئىشنى بىلىپ قېلىپ، دەرھال مىڭدىن كۆپرەك ئەسكەر تەشكىللەپ، ئۇلارنى ياردەمگە ئەۋەتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن 310 نەپەر مۇسۇلمانلار مىڭدىن ئارتۇق قۇرەيشلەر بىلەن مەككىگە 312 كىلومېتىر، مەدىنىگە 118 كىلومېتىر كېلىدىغان «بەدرى» دېگەن جايدا ئۇرۇش قىلىدۇ. مانا بۇ ئىسلام تارىخىدىكى داڭلىق ئۇرۇش، «بەدرى ئۇرۇشى» (Battle of Badr) بولۇپ، ئۇ قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان بىر قانچە ئۇرۇشلارنىڭ بىرىدۇر [2].




1 ـ رەسىم: مەدىنە (Medina)، بەدرى (Badr) ۋە مەككە (Mecca) نىڭ جايلىشىش ئەھۋالى [2].

«بەدرى» دېگەن سۆز ئەسلىدە بىر ئادەمنىڭ ئىسمى بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشتىن بىر قانچە ئەسىر بۇرۇن، «بەدرى» ئىسىملىك بىر ئادەم ئاشۇ يەرگە بىر قۇدۇق قازىدۇ. كېيىنچە ئۇ يەر «بەدرى تۈزلەڭلىكى» دەپ ئاتىلىپ، ئەڭ ئاخىرى بۇ جاينىڭ ئىسمى «بەدرى» گە ئۆزگەرتىلىدۇ [1].

بۇ قېتىمقى ئۇرۇشقا قاتناشقان مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچى قۇرەيشلەرنىڭكىدىن كۆپ ئاجىز بولۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يول بويى توختىماي ياردەم تەلەپ قىلىپ ئاللاھقا دۇئا قىلىدۇ. ئاللاھ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ياردەم قىلىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلىپ، ئاشۇ ۋەدىسى بويىچە ئاللاھ بىر مىڭ پەرىشتە ئەۋەتىدۇ. ئەمما، بۇ پەرىشتىلەر كېلىپ، قۇرەيشنىڭ ئادەملىرىنى بىراقلا يوق قىلىۋەتمەيدۇ (ياسىر قازىنىڭ دېيىشىچە، پەرىشتە جىبرىئىل 600 دانە قانىتىنىڭ بىرسىنى بىر شىلتىش بىلەنلا بىر كەنتنى تۈزلىۋېتەلەيدىكەن) [3]. ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئادەملىرىنىڭ ئۇرۇش قىلىشىغا قاراپ تۇرۇپ، پەقەت ئۇلارنىڭ كۈچى يەتمىگەن، ياردەمسىز قالسا ھالاك بولۇپ كېتىدىغان بولۇپ قالغان ۋاقىتىدىلا ئاندىن ياردەم قىلىدۇ. بۇ لېكسىيىدە ياسىر قازى قايتا ـ قايتا تەكىتلىگەن بىر نەرسە شۇكى، **ئەگەر سىز ئەقلىڭىزنى ئەڭ** زور

**دەرىجىدە ئىشلىتىپ، جىنىڭىزنى تىكىپ، ئۆزىڭىزنىڭ بارلىقىنى ئاتاپ، قاتتىق تىرىشمىسىڭىز، ئاللاھ ھەرگىزمۇ سىزگە ياردەم قىلمايدۇ.**

قۇرئاندىكى 8-سۈرە ئەنفالنىڭ مەزمۇنى پۈتۈنلەي مۇشۇ ۋەقە ھەققىدە بولۇپ، مەن بارلىق ئوقۇرمەنلەرگە ماقالىنى ئوقۇپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئاشۇ سۈرىنى بىر قېتىم ئوقۇپ چىقىشنى تەۋسىيە قىلىمەن.

تۆۋەندىكىسى ياسىر قازىنىڭ 38-قېتىملىق لېكسىيىدە قىلغان بىر قىسىم سۆزلىرىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى (بۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىسى لېكسىيىدىكى بىرلا جايدا سۆزلەنگەن ئەمەس بولۇپ، مەن ئۇلارنى لېكسىيىنىڭ بىر قانچە يەرلىرىدىن ئالدىم):

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرنى باشلاپ، بەدرى ئۇرۇش مەيدانىغا قاراپ كېتىۋاتقان يولدا ئاللاھقا ئارقا-ئارقىدىن دۇئا قىلىپ، ئاللاھتىن ياردەم تىلەش نەتىجىسىدە، ئاللاھتىن ئۇنىڭغا بىر مىڭ نەپەر پەرىشتە ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا ياردەم قىلىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەھيي كېلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن جىبرىئىل بېشىغا قىزىل رەڭلىك رەخت (turban) ئارتىۋالغان، قوللىرىدا قورال تۇتقان، ھەمدە ئاللاھ پەقەت پەرىشتىلەر ئۈچۈنلا ياراتقان بىر خىل ئالاھىدە خىلدىكى ئاتلارنى مىنگەن پەرىشتىلەردىن بىر مىڭ پەرىشتىنى باشلاپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قوشۇنىغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن كېلىدۇ. ئەسلىدە پەرىشتىلەر قورال ئىشلەتمىسىمۇ قۇرەيشلەرنىڭ كىشىلىرىنى ئاسانلا بىتچىت قىلىۋېتەلەيتتى. ئەمما ئاللاھ مۇشۇ بىر ۋەقە ئارقىلىق بىزگە بىر مۇھىم ھېكمەتنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، غەلىبە قازىنىش ئۈچۈن پەرىشتىلەرمۇ ئەڭ زور دەرىجىدە تىرىشچانلىق كۆرسەتمىسە بولمايدۇ. پەرىشتىلەرمۇ ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئاتاپ تىرىشچانلىق كۆرسەتمەيدىكەن، قىلىۋاتقان ئىشىدىن ياخشى نەتىجە چىقمايدۇ.

بەدرى ئۇرۇشى ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، ئۇنىڭغا ئاللاھ پەرىشتىلەرنىڭ ئىچىدىكى جەۋھەرلەردىن 1000 نى تاللاپ ياردەمگە ماڭدۇرىدۇ. يەنى، پەرىشتىلەرنىڭ ئىچىدىمۇ ئوخشىمايدىغان دەرىجىلەر بار بولۇپ، ئاللاھ بەدرى ئۇرۇشىغا ئەۋەتكەنلەر ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى مەنسىپى ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدىغان (elite) بىر مىڭ پەرىشتىدىن تەركىب تاپقان. قۇرەيشلەرنى بىر تەرەپ قىلىۋېتىش ئىشىنى بىرلا پەرىشتە قىلالايدىغان تۇرسا، ئاللاھ نېمە

ئۈچۈن 1000 پەرىشتە ئەۋەتىدۇ؟ يەنى، پەرىشتىلەر ئىنسانلارنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەيدىغان بولغاچقا، ئۇلار دۈشمەنلەرنىڭ ئىچىدىكى خالىغان يەرلەرگە بېرىپ، ئۇلارنى يوقىتىۋېتەلەيتتى. ھەدىستىكى بىر رىۋايەتتە دېيىلىشىچە، بىر قېتىم جىبرىئىل ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى قىياپىتىدە كېلىپ، ئۆزىنىڭ 600 دانە قانىتىنىڭ بىرسىنى يەرگە بىر ئۇرغان ئىكەن، قانىتى تەككەن يەردىكى شەھەر ئاسمانغا قاڭقىپ چىقىپ، يەرگە دۈم كۆمتۈرۈلۈپ چۈشىدىكەن. مۇشۇنداق تۇرۇقلۇق ئاللاھ يەنە نېمە ئۈچۈن بىر مىڭ پەرىشتىنى ئەۋەتىدۇ؟ بۇ يەردە مۇنداق بىر ئاددىي ھەقىقەت بار. ئۇ بولسىمۇ، قۇرئان ۋە سۈننەتكە باشتىن-ئاخىر سىڭدۈرۈلگەن بىر ئۇچۇر شۇكى، سىز ھېچ قانداق نەرسىنى بىكارغا قولغا كەلتۈرەلمەيسىز. جەننەتمۇ شۇنىڭ ئىچىدە. سىز جەننەتكىمۇ ھېچ ئىش قىلمايلا كىرەلمەيسىز. بىز جەننەتكە ئۆز تىرىشچانلىقىمىز بىلەنلا ئېرىشەلمەيمىز. بىز كۆرسىتىدىغان تىرىشچانلىقلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، جەننەت دېگەن بىر بىباھا نەرسىدۇر. شۇنداق بولسىمۇ سىز جەننەتكە كىرىش ئۈچۈن مەلۇم دەرىجىدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىڭىز كېرەك. يەنى سىز كۆرسەتكەن تىرىشچانلىق سىز ئېرىشىدىغان نەتىجە بىلەن سېلىشتۇرغاندا يېتەرلىك ئەمەس بولسىمۇ، سىز ئاشۇ نەتىجىگە ئېرىشىش ئۈچۈن چوقۇم مەلۇم دەرىجىدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىڭىز كېرەك. شۇنداق قىلسىڭىز، ئاللاھ سىز كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىنىڭ سانلىق مىقدارىغا ئەمەس، ئۇنىڭ سۈپىتىگە قاراپ، ئاندىن سىزگە نەتىجە ئاتا قىلىش-قىلماسلىقنى قارار قىلىدۇ. بەدرى ئۇرۇشىدا 300 نەپەر ساھابە يانلىرىدىكى قىلىچلىرىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، ئۆلۈم مەيدانىغا قاراپ ماڭىدۇ. مانا دەل شۇ چاغدا ئاللاھ بىر مىڭ نەپەر پەرىشتىنى ئەۋەتىپ، شۇلار ئارقىلىق قىلماقچى بولغان ئىشنى تاماملايدۇ. يەنى، بۇ يەردە ساھابىلەر قاراپ تۇرۇپ، پەرىشتىلەر ھەممە ئىشنى ئۆزلىرى بىۋاستىلا قىلىۋەتمەيدۇ. ئۇرۇش مەيدانىدا يۈز بەرگەن ھەر بىر ۋەقەدە ساھابىلەر دۈشمەننى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ بارلىقىنى ئاتاپ جەڭگە ئاتلىنىدۇ. ئاندىن پەرىشتىلەر قالغان ئىشنى پۈتتۈرىدۇ. بىرەر ۋەقەدىمۇ پەرىشتىلەر ساھابىلەر ئۈچۈن ھەممە ئىشنى ئۆزلىرى بىراقلا قىلىپ بەرمەيدۇ. بۇ يەردىكى مۇھىم نۇقتا شۇكى، سىز ھەرگىزمۇ سەۋەبنى قىلماي تۇرۇپ، نەتىجىگە ئېرىشەلمەيسىز. سىز مەنزىلگە يېتىش ئۈچۈن مۇساپىسىنى بېسىپ ئۆتۈشىڭىز كېرەك. ئاللاھ ھەرگىزمۇ مەنزىلنى ئويۇپ ئېلىپ، ئۇنى سىزنىڭ ئالدىڭىزغا ئەكېلىپ بەرمەيدۇ. سىزنىڭ كۈچىڭىز پۈتۈن مۇساپىنى بېسىپ

تۇگىتىشكە يەتمەسلىكىمۇ مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ سىز ئۆزىڭىزنىڭ بارلىقىنى ئاتاپ تىرىشسىڭىز، قالغىنىغا ئاللاھ ياردەم قىلىدۇ.

مەريەم ئەلەيھىسسالام ئۆزى يالغۇز تۇغۇت جەريانىنى باشلاپ، ئاچسىزلىقتىن جانسىزلىنىپ كەتكەندە، ئاللاھ ئۇنىڭغا «مەن ساڭا ياردەم قىلىمەن، ئەمما خورما دەرىخىنى ئۆزۈڭ ئىرغاتقىن»، دەيدۇ. يەنى، خورمىلار مەريەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېتىكىگە ئۆزلۈكىدىن چۈشمەيدۇ. ئەمما مەريەم ئەلەيھىسسالامنىڭ خورما دەرىخىنى ئىرغاتقۇدەك كۈچى يوق. شۇڭا ئاللاھ ئۇنىڭغا «سەن قانچىلىك ئىش قىلالىساڭ شۇنى قىل، قالغىنىنى مەن قىلىمەن»، دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەريەم ئەلەيھىسسالام دەرەخنى كۈچىنىڭ يېتىشىچە مىدىرلىتىشقا ئۇرۇنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن دەرەختىكى خورمىلار ئۇنىڭ ئەتراپىغا چۈشىدۇ. قاراڭلار، مەريەم ئەلەيھىسسالامدەك بىر ئۇلۇغ ئىنسان ئىسا ئەلەيھىسسالامدەك بىر پەيغەمبەرنى تۇغۇش ئالدىدا ئاشۇنداق بىر خەتەرگە يولۇققان ۋاقىتتىمۇ ئاللاھتىن بىكاردىن-بىكارغا ياردەمگە ئېرىشەلمىسە، بىزنىڭ تىرىشماي تۇرۇپ ئاللاھنىڭ ياردىمىگە ئېرىشەلىشىمىز مۇمكىنمۇ؟ بىزنىڭ بىر نەرسىگە ئېھتىياجىمىز چۈشكەندە «ئۇنى ماڭا ئاللاھ بېرىدۇ» دەپ ئۆيدە ئولتۇرساق، بىز ئاشۇ نەرسىگە ئېرىشەلەيمىزمۇ؟ **ئەگەر بىر نەرسە بىزگە بۇيرۇلغان بولسا، پەقەت بىز ئۆزىمىزنىڭ بارلىقىنى ئاتاپ تىرىشقاندىلا، ئاندىن ئاللاھ ئۇنى بىزگە بېرىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسە بىزگە بۇيرۇلغان بولسا، بىز پەقەت سەۋەبىنى قىلغاندىن كېيىنلا ئاندىن ئاللاھ ئۇنى بىزگە بېرىدۇ.**

بەدرى ئۇرۇشىدىن يەكۈنلەپ چىقارغىلى بولىدىغان ئەڭ مۇھىم ھېكمەتلەرنىڭ بىرى مانا مۇشۇ. يەنى، بەدرى ئۇرۇشىدا مۇسۇلمانلارنىڭ غەلىبە قىلىدىغانلىقى ئەڭ يۇقىرى چەك بولۇپ ئالدىن بېكىتىلگەن. يەنى ئۇ ئالدىن بۇيرۇلغان. ئەمما، مۇسۇلمانلار ئۆزىنىڭ جېنىنى ئالقىنىغا ئېلىپ، جەڭگە كىرىپ، ئەڭ زور دەرىجىدە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەندىن كېيىنلا ئاندىن بۇ غەلىبە ئۇلارنىڭ قولىغا يەتكۈزۈلگەن. مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ بارلىقىنى مۇشۇ جەڭگە ئاتىغاندىن كېيىنلا، ئاندىن ئۇلارغا ئاللاھنىڭ ياردىمى كەلگەن. مۇسۇلمانلار ئۈمىدنى ئاللاھقا باغلاپ، ئاللاھقا ئىشىنىش ۋە ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلىش بىلەن بىللە، جېنىنى تىكىپ، قىلىچلار ئۇچۇپ يۈرگەن جەڭ مەيدانىغا كۆكرەك كېرىپ كىرىدۇ. ئاللاھ شۇنىڭدىن كېيىنلا ئۇلارغا ياردەم قىلىدۇ.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن پىچاقنى ئېگىز كۆتۈردى. دەل شۇ چاغدا، يەنى قۇربانلىق قىلماقچى بولۇپ تۇرغاندا، ئاللاھ «ئەمدى بولدى، سەن سىناقتىن ئۆتتۈڭ» ، دەپ، ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى قۇربانلىق قىلغۇزمايدۇ.

دېمەك، بىز ئالدى بىلەن ئۆزىمىزنىڭ بارلىقنى ئاتاپ، ئەڭ زور دەرىجىدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىز كېرەك. ئاندىن ئاللاھ بىزگە ئۆزى خالىغان ۋە بىزگە بۇيرۇلغان نەرسىلەرنى بېرىدۇ.

ياسىر قازىنىڭ مەن بۇ قېتىم تىلغا ئالماقچى بولغان 38-لېكسىيىدىكى سۆزلىرى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى.

مەن ياسىر قازى لېكسىيىسىنىڭ ئىچىدىكى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان مەزمۇنلارنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئىنتايىن كۆپ ۋە ئىنتايىن ئۇزۇن ئويلاندىم. ئۇلارنى ئۆزۈمنىڭ ھازىرغىچە بولغان ئۆمرىدىكى ئەمەلىيەتكىمۇ باغلاپ باقتىم. نۇرغۇن قېرىنداشلار مەندىن داۋاملىق «سىز بۇنچىۋالا ئىشلارغا قانداق يېتىشىسىز؟» دەپ سورايدۇ. ئۇنىڭ جاۋابى ئاددىي: مەن توغرا ئىشلارنى تاللاپ قىلدىم، ھەممە ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدىن باشلاپ ھەر كۈنى 12 سائەتتىن 16 سائەتكىچە، جېنىمنى تىكىپ، ئۆزۈمنىڭ بارلىقنى ئاتاپ، ئىشلارنى توغرا قىلىشقا ئىنتايىن يۇقىرى دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرگەن ئاساستا، قاتتىق تىرىشتىم. ھازىرمۇ شۇنداق قىلىۋاتىمەن. ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر دىيارى ۋە چەت ئەلدىكى كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن ئۇيغۇر قېرىنداشلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئەھۋالى مېنىڭكىگە ناھايىتىمۇ ئوخشىشىپ كېتىدۇ. مەن پەقەت شۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر ئادەمدىنلا ئىبارەت.

مېنىڭچە يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنى ئىسلام دىنىدىكى پىر پارچە «ئۇنتۇلغان ئەنئەنە» ئىكەن. ئىسلام دىنىدىكى بىر دانە «ئۇنتۇلغان ھېكمەت» ئىكەن. ئەگەر ئۇنداق بولمىغان بولسا، مۇسۇلمانلار بەدرى ئۇرۇشىدا نامايان قىلغان جاسارەت، بەدرى ئۇرۇشىدا نامايان قىلغان باتۇرلۇقنى، بەدرى ئۇرۇشىدا نامايان قىلغان ھەر بىر زامانغا ماس كېلىدىغان ئەڭ ياخشى قۇدرەت تېپىش يولى بىلەن مېڭىش ئەقلىنى ھازىرغىچە داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار بۈگۈنكىدەك بىر ناچار ھالەتكە چۈشۈپ قالماي، كەم دېگەندىمۇ تەرەققىي

قىلغان غەرب ئەللىرى بىلەن ئوخشاش سەۋىيىدە تۇرالىغان بولاتتى. ئەگەر مۇسۇلمانلار قانداق قىلغاندا ئاللاھنىڭ ياردىمىگە ۋە بۇيرۇلغان نەرسىلەرگە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى ئەستە چىڭ تۇتقان بولسا، لاياقەتلىك مۇسۇلمان بولۇش بىلەن بىللە كەم دېگەندە تەرەققىي قىلغان غەرب ئەللىرىدىكى خەلقلەردەك تىرىشقان بولسا، مۇسۇلمانلار بۈگۈنمۇ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە ھەربىي ساھەلەرنىڭ ھەممىسىدە دۇنيانىڭ ئالدىدا ماڭالىغان، ھېچ بولمىغاندا دۇنيا تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ماڭالىغان بولاتتى.

مەككىلىكلەر بىلەن مەدىنىدىكى مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى 2-قېتىملىق ئۇرۇش ھىجرىيە 3-يىلى، ياكى مىلادى 625-يىلى 19-مارت كۈنى ئوھۇد تېغىنىڭ باغرىدا يۈز بېرىدۇ. بۇ ئۇرۇشنى بەدرى ئۇرۇشىدا زىيان تارتقان مەككىلىكلەر مۇسۇلمانلاردىن ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن باشلايدۇ. بۇ ئۇرۇشقا قاتناشقان مەككىلىكلەرنىڭ سانى 3000 نەپەر ئەتراپىدا بولۇپ، بۇ سان مۇسۇلمانلارنىڭ سانىدىن كۆپ ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئۇرۇشنىڭ ئەڭ دەسلىپىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ناھايىتى دانالىق بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە قوماندانلىق قىلىشى نەتىجىسىدە مۇسۇلمانلار مەككىلىكلەرنىڭ بارگاھلىرىنى ئاسانلا ۋەيران قىلىۋېتىدۇ. لېكىن، ئۇنىڭدىن كېيىن مۇسۇلمانلاردىن 300 دەك كىشى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنماي، ئولجا تالىشىپ ھەر تەرەپكە چېچىلىپ كېتىدۇ. مەككىلىكلەر بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، مۇسۇلمانلارغا قايتۇرما زەربە بېرىپ، مۇسۇلمانلارغا ئىنتايىن ئېغىر دەرىجىدە زىيان سالىدۇ. مۇسۇلمانلاردىن كەم دېگەندە 70 كىشى شېھىت بولىدۇ. مەككىلىكلەردىن بولسا ئاران 22 ئادەم ئۆلىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاممۇ ئېغىر دەرىجىدە يارىلىنىپ، دۈشمەننىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغىلى تاسلا قالىدۇ. سۈرە ئال-ئىمران (3-سۈرە) دا ئاشۇ ئوھۇد ئۇرۇشىغا ئائىت خېلى كۆپ ئايەتلەر بار بولۇپ، ئۇ ئايەتلەر 3-سۈرىدىكى بىرلا جايدا بېرىلمەي، ئۇنىڭ ئىچىدە بىر ئاز تارقىلىپ كەلگەن. شۇڭا ھازىر قۇرئاننى ئۆگىنىۋاتقان قېرىنداشلار 3-سۈرىنى ئوقۇشتىن بۇرۇن، ئوھۇد ئۇرۇشى ھەققىدىكى تارىخنى بىر قېتىم ئوقۇۋەتسە، ئۇنىڭ كۆپ پايدىسى بولىدۇ. ياسىر قازى ئۆزىنىڭ «مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ تەرجىمىھالى» دېگەن لېكسىيىسىنىڭ 45-قىسمىدىن باشلاپ مۇشۇ ئوھۇد ئۇرۇشى ھەققىدە

سۆزلىگەن بولۇپ، ئۇ لېكسىيىنىڭ 49-قىسمىدا ئوھۇد ئۇرۇشىدىكى پايدىلىق نۇقتىلار بىلەن ھېكمەتلەرنى خۇلاسىلەيدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ (بۇ يەردىكىسمۇ ياسىر قازى دېگەن سۆزلەرنىڭ ئەينەن تەرجىمىسى بولماستىن، ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىدىن ئىبارەت):

بەدرى ئۇرۇشىدا مۇسۇلمانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنىدۇ، ۋە كېيىنكى قەدەمدە قانداق قىلىش توغرىسىدا ئۆز-ئارا سوقۇشمايدۇ. ئوھۇد ئۇرۇشىدا بولسا مۇسۇلمانلار ھەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنمايدۇ، ھەم كېيىنكى باسقۇچتا قانداق قىلىش مەسىلىسىدە ئۆز-ئارا سوقۇشىدۇ. ئۇلجا تالىشىپ، مۇسۇلمانلار قوشۇنى ئىچىدە قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىدۇ، ھەمدە ئىرادىسىنى يوقىتىدۇ. بۇ ئىككى خىل ئەھۋال قۇرئاندىكى 8-سۈرە بىلەن 3-سۈرىدە بايان قىلىنغان.

قۇرئاندىكى ئاشۇ مەزمۇنلار ۋە ئوھۇد ئۇرۇشىدىكى ئەمەلىيەتتىن بىز شۇنى بىلەلەيمىزكى، ئەگەر مۇسۇلمانلاردا بىرلىك بولىدىكەن، ھەمدە مۇسۇلمانلاردا ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارىتا ساداقەتمەنلىك بولىدىكەن، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنىدىكەن، ئاللاھ ئۇلارغا ياردەم قىلىدۇ. ئەگەر مۇسۇلمانلاردا بىرلىك بولمايدىكەن، ھەمدە ئاللاھ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارىتا ساداقەتمەنلىك بولمايدىكەن، ئاللاھ ئۇلارغا ئاتىغان ياردىمىنى قايتۇرۇۋالىدۇ. (يەنى مۇسۇلمانلار ئوھۇد ئۇرۇشىنىڭ ئەڭ دەسلىپىدە خۇددى بەدرى ئۇرۇشىدىكىدەكلا ھەرىكەت قىلغاندا ئاللاھ ئۇلارغا ياردەم قىلىدۇ، ئەمما ئۇنىڭدىن كېيىن مۇسۇلمانلار پارچىلىنىپ، دۈشمەننى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، مەنپەئەت تالىشىشقا چۈشۈپ كەتكەندە، ئاللاھ ئۆزىنىڭ ئۇلارغا قاراتقان ياردىمىنى توختىتىپ قويىدۇ--بىلىمخۇمار.) مەيلى سىز بىر مۇسۇلمان بولۇڭ، مەيلى سىز بىر ياخشى مۇسۇلمان بولۇڭ، مەيلى سىز دۇنيادىكى بىر ئەڭ ياخشى مۇسۇلمان بولۇڭ، سىزگە غەلىبە مۇنداقلا تەقدىم قىلىنمايدۇ. غەلىبە سىزگە كاپالەت قىلىنمايدۇ. مەسىلەن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دۇنيادىكى ئەڭ ياخشى مۇسۇلمان، ئەمما ئوھۇد ئۇرۇشىدا ئۇنىڭغا غەلىبە تەقدىم قىلىنمىدى. غەلىبە كۈرەش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈلۈشى كېرەك. ھەر بىر غەلىبە كۈرەش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈلۈشى كېرەك. بۇ جەھەتتىكى ئىشلار ھەرگىز باشقىچە بولمايدۇ. بۇ جەھەتتىكى ئىشلارنىڭ باشقىچە بولۇش ئېھتىماللىقى نۆلگە تەڭ. بۇ ئىش پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالام ئۆچۈنمۇ ئوخشاش. بۇ جەھەتتە ھېچ قانداق ئادەمنىڭ دەرىجىسى ئۈستۈرۈلمەيدۇ. مەيلى بۇ دۇنيادا بولسۇن، ياكى ئاخىرەتتە بولسۇن، بۇ ئىش ھەر ئىككى دۇنيادا ئوخشاش.

ئوھۇد ئۇرۇشىدا مەككىلىكلەر مۇسۇلمانلارنى پۈتۈنلەي تازىلىۋەتمەكچى بولدى. لېكىن مۇسۇلمانلار مەككىلىكلەرنى ئۆز مەقسىتىگە يەتكۈزمىدى. مۇشۇنداق بىر غەلىبە ئۈچۈن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېغىر دەرىجىدە يارىلىنىپ، قاتتىق سىناقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئېغىر دەرىجىدە بەدەل تۆلىدى.

ياسىر قازى 49-لېكسىيىدە ئوتتۇرىغا قويغان ئوھۇد ئۇرۇشىنىڭ پايدىلىق نۇقتىلىرى ۋە مۇھىم ھېكمەتلىرى خېلى كۆپ بولۇپ، مەن يۇقىرىدا ئۇلارنىڭ پەقەت مەزكۇر تېما بىلەن مۇناسىۋەتلىك قىسمىنىلا تونۇشتۇرۇپ ئۆتتۈم.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام 300 نەپەر ساھابىنى باشلاپ، بەدرى جېڭىنى ئېلىپ بېرىشتىكى مەقسەت، 1000 تۆگىگە 50000 دىنار ئالتۇننى ئارتىپ، 40 نەپەر ئەسكەرنىڭ قوغدىشى بىلەن شامدىن مەككىگە قايتىپ كېتىۋاتقان بىر كارۋاننى قولغا چۈشۈرۈپ، شۇ ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي كۈچىنى ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى [2]. يەنى، باشقىچە قىلىپ ئېيتساق، بەدرى ئۇرۇشى يۈز بەرگەن دەۋرلەردىكى تېز سۈرئەتتە قۇدرەت تېپىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك يولى قۇرەيشنىڭ كارۋىنىنى قولغا كەلتۈرۈش بولغان ئىدى. ھازىرقى زاماندا قۇدرەت تېپىش ۋە تەرەققىياتتا دۇنيانىڭ ئالدىدا مېڭىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك يولى قايسىلار؟ مەن تۆۋەندە مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە ئازراق توختىلىمەن.

## 2. توغرا ئىشلارنى تاللاپ قىلىش: ئامېرىكا مائارىپىدىكى «ستېم» پروگراممىسى

ئامېرىكا پرېزىدېنتى ئوباما 2010-يىلى 16-سېنتەبىر كۈنى مۇنداق دېگەن: «كەلگۈسىدىكى لىدېرلار (يېتەكلىگۈچىلەر) نىڭ قانداق بولىدىغانلىقى بىز ئوقۇغۇچىلىرىمىزنى ھازىر قانداق تەربىيىلىشىمىزگە باغلىق، بولۇپمۇ ھازىر ئوقۇغۇچىلارنى تەبىئىي-پەن، تېخنولوگىيە، ئىنژېنېرلىق ۋە ماتېماتىكا كەسپلىرىدە قانداق تەربىيىلىشىمىزگە باغلىق.» ھەممىمىزنىڭ خەۋىرىدە بولغىنىدەك، ھازىر ئامېرىكا سىياسىي، ئىقتىسادىي

ۋە ھەربىي ساھەلەرنىڭ ھەممىسىدە دۇنيانىڭ ئەڭ ئالدىدا كېتىۋاتىدۇ. ئۇ ھەرگىزمۇ ئاشۇنداق بىر ئورۇنغا تۇنۇگۈنلا ئېرىشكەن بولماستىن، ئۇنىڭ ئاشۇنداق ئورۇنغا ئېرىشكەنلىكىگە ھازىر بىرەر ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت بولۇپ قالدى. ئامېرىكا قانداق قىلىپ مۇشۇنداق بىر ئورۇنغا ئېرىشەلىدى؟ بۇ سوئالغا تولۇق جاۋاب بېرىشكە مەزكۇر ماقالە بىر مۇۋاپىق سورۇن ئەمەس. يەنى، بىرىنچىدىن، ئۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى تولۇق بايان قىلىش كەم دېگەندە بىرەر كىتاب يېزىشنى تەلەپ قىلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى ئازدۇر-كۆپتۇر بىلىدۇ. شۇڭلاشقا مەن بۇ يەردە ئامېرىكا مائارىپىدا ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان بىر پروگراممىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي. بۇ پروگراما ئۇيغۇر مائارىپىدا بىر مەخسۇس پروگراما سۈپىتىدە يولغا قويۇلمىغان بولۇپ، مېنىڭ پەرىزىمچە پۈتۈن ئۇيغۇر خەلقى ھازىرغىچە باشقا ئىشلار بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىپ، تېخى بۇنداق بىر نەرسىگە يېتەرلىك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشكە يېتىشىپ بولالمىدى.

ئامېرىكا پرېزىدېنتى ئوباما يۇقىرىدىكى بىر جۈملە سۆزىدە مۇنداق 4 كەسپىي ساھەنى تىلغا ئالغان: تەبىئىي-پەن، تېخنولوگىيە، ئىنژېنېرلىق ۋە ماتېماتىكا. بۇ سۆزلەرنىڭ ئىنگلىزچىسى «Science, Technology, Engineering, Mathematics» بولۇپ، بۇ 4 سۆزنىڭ باش ھەرپىنى قوشساق ئىنگلىزچە ھەرپلەر بىلەن «STEM» دېگەن سۆز ھاسىل بولىدۇ. مەن ئۇنى تۆۋەندە ئۇيغۇرچىمۇ «ستېم» دەپ ئالىمەن. ھازىر ئامېرىكا مائارىپىدا يولغا قويۇلۇۋاتقان بىر ستېم پروگراممىسى بار [4]. بۇ پروگراممىغا بىر «ستېم مائارىپى كومىتېتى» رەھبەرلىك قىلىدىغان بولۇپ، بۇ كومىتېت 13 مەملىكەتلىك ئىلىم-پەن ئورگانلىرىدىن تەركىب تاپقان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە مائارىپ مىنىستىرلىقىمۇ بار. بۇ كومىتېتنىڭ ۋەزىپىسى پۈتۈن مەملىكەت ئۈچۈن بىر تۇتاش مائارىپ ئىستراتېگىيىسى تۈزۈپ بېرىش، مائارىپ خىراجىتىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىش، ستېم پروگراممىسىنى تەشكىللەش، ھەمدە دۆلەت مائارىپ خىراجىتىنىڭ تۆۋەندىكى 5 ساھەدىكى رولىنى كۈچەيتىش:

1) يەسلىدىن 12-سىنىپقىچە بولغان ستېم دەرسلىرى

2) پۈتۈن خەلق ۋە ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ ستېم كەسپلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈش ۋە ئۇنى ساقلاپ مېڭىش

3) ئالىي مەكتەپ تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ستېم بىلىملىرىنى ياخشىلاش

4) تارىختا ستېم ساھەلىرىدە ئاجىز بولۇپ كەلگەن ئىرقىي گۇرۇپپا كىشىلىرىگە قارىتىلغان ياردەمنى كۈچەيتىش

5) كەلگۈسىدىكى ستېم ئەمگەك كۈچلىرى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئاسپىرانتلار مائارىپىنى لايىھىلەش.

پرېزىدېنت ئوباما 2015-يىللىق دۆلەت خامچوتى ئىچىدە ستېم پروگراممىسى ئۈچۈن مەخسۇس پۇل ئاجرىتىپ، ستېم پروگراممىسىدا يېڭىلىق يارىتىش، ۋە ستېم پروگراممىسى ئۈچۈن يېڭى ئوقۇتقۇچىلارنى خىزمەتكە ئېلىش قاتارلىق بىر قاتار ئىشلارنى يېڭى پىلانلارغا كىرگۈزدى. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قوشقاندا، ئامېرىكىنىڭ ستېم مائارىپىنى ياخشىلاش ئۈچۈن يېڭى ۋە ئۈنۈملۈك چارىلارنى تېپىپ چىقىدۇ ۋە ئۇلارنى يولغا قويىدۇ. پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا ستېم دەرسلىرىنى ئۆتۈشنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇللىرىنى يولغا قويىدۇ. ھەمدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ستېم مائارىپىغا يېتەرلىك دەرىجىدە چوڭقۇرلاپ كىرىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئوقۇغۇچىلارنى ئەمەلىيەتتە ئاسانلا قوللىنالايدىغان بىلىملەرگە ئىگە قىلىپ، شۇ ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ستېم ساھەلىرىگە بولغان قىزىقىشىنى كۈچەيتىدۇ، ۋە ئاشۇ ساھەلەردە قولغا كەلتۈرىدىغان نەتىجىلىرىنى كۆپەيتىدۇ.

مېنىڭ بىلىشىمچە، ھەر خىل تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يېقىنقى بەش ئەسىردەك ۋاقىت ئىچىدە ئۇيغۇرلار ستېم ساھەلىرىدە دۇنيانىڭ ئالدىدا مېڭىۋاتقان مىللەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ باقمىدى. بۇ ساھەلەردە ھازىرمۇ ناھايىتى ئاجىز. يېقىنقى 60 يىلنىڭ مابەينىدىمۇ ئۇيغۇرلاردىن ستېم ساھەسىدە كۆزگە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە نەتىجە قازانغانلار بەك ئاز بولغاچقا، ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى داڭلىق ئەربابلار ئاساسەن ئىجتىمائىي پەنچىلەر بىلەن سەنئەتكارلىرىدىن تەشكىل تېپىپ كەلدى. خەلق ئارىسىدا كۆپرەك ئورۇنلاشتۇرىدىغان پائالىيەتلەر ئىچىدە ھازىرمۇ سەنئەت ۋە ئىجتىمائىي-پەن پائالىيەتلىرى ئاساسىي نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ. ئۇيغۇر مەكتەپلىرىدە دەرستىن سىرت ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان ستېم ياكى ئىلىم-پەن پائالىيەتلىرى تېخىچە ئاساسەن مەۋجۇت ئەمەس. ئۇيغۇرلارنىڭ مۇشۇنداق بىر ئەھۋال ئىچىدە تۇرۇپ قېلىشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىدە ئەمەس. شۇنداقتىمۇ مىللەتنى

گۈللەندۈرۈش، قۇدرەت تېپىش، ۋە دۇنيادىكى تەرەققىي تاپقان خەلقلەرنىڭ سەۋىيىسىگە يېتىشىۋېلىش ئىشلىرى ئۈستىدە ئويلىنىۋاتقان ۋە ئىزدىنىۋاتقان قېرىنداشلىرىمىز چوقۇم مائارىپتىكى ستېم كەسىپلىرىنى ئىنتايىن مۇھىم ئورۇنغا قويۇشى كېرەك. مانا بۇ غەربتىكى ئامېرىكا قاتارلىق ئەللەرنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلالىشىدىكى ئەڭ مۇھىم سىردۇر.

## 3. تەرەققىياتتا توغرا ئىشلارنى قىلغان ۋە ئىشلارنى توغرا قىلغانلارنىڭ مىسالى: ياپونلار، يەھۇدىيلار، ۋە گېرمانلار

مەن ئۆزۈمنىڭ بۇرۇنقى بىر قىسىم يازمىلىرى ئارقىلىق ياپونلار ۋە يەھۇدىيلار ئۈستىدە خېلى كۆپ چۈشەنچە بەردىم. گېرمانلار ئۈستىدە تېخى توختالمىدىم. بەلكىم ئۇلار ئۈستىدە كېيىنچە ئايرىم توختىلىشىم مۇمكىن.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، بۇ 3 مىللەتتە بەدرى ئۇرۇشىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭكىدەك ئېتىقاد بار، ۋە بەدرى ئۇرۇشىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭكىدەك بىرلىك بار. ئۇلار بەدرى ئۇرۇشىدىكى مۇسۇلمانلاردەك ئۆز مىللىتى ۋە ئۆز دۆلىتىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن جېنىنى ئالقىنىغا ئېلىپ، ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئاتاپ، ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە قاتتىق تىرىشىدۇ. ھەممە ئىشنى ئىنتايىن يۇقىرى دەرىجىدىكى ئەستايىدىللىق ۋە ئىنتايىن يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن قىلىدۇ. ئۇلار ئانچە كۆلمەيدۇ، ئانچە بەك ئوينىمايدۇ، ئۇنىڭ ئورنىغا «بىز ھازىر قايسى تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتىمىز؟ بىزنىڭ ئەتىدىكى تەقدىرىمىز كاپالەتكە ئىگىمۇ؟» دەپ، كۆپ ئويلايدۇ. شۇنداق بولغاچقا، گەرچە بۇ 3 مىللەت 2-دۇنيا ئۇرۇشىدا پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىۋېتىلگەن بولسىمۇ، ئۇلار ئانچە ئۇزۇن ھېسابلانمايدىغان 70 يىلدەك ۋاقىت ئىچىدە ئىقتىسادىي جەھەتتە يەنە دۇنيانىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتى. مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇلار ھازىر ئىقتىسادىي جەھەتتە دۇنيانى سوراۋاتىدۇ.

بۇ 3 مىللەتتە پۈتۈن نوپۇس بويىچە ئېتىقاد تەكشى ھالدا كۈچلۈك، مائارىپ ساپاسى يۇقىرى، قاتتىق تىرىشىش روھى ۋە ئىرادىسى كۈچلۈك. بىر قىسىم مۇسۇلمان ئەللىرى ۋە مۇسۇلمان رايونلىرىدىكى خەلقلەردە بولسا ئەھۋال دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغانلىقى، ھەتتا دىن ۋە ئەخلاقتىكى سەمىمىيەتلىكمۇ ئاجىز بولغانلىقى ئۈچۈن، ھازىر خەلقئارادىكى بەزى زىيالىيلار ياپون، گېرمانىيە ۋە باشقا بىر قىسىم تەرەققىي تاپقان غەرب

ئەللىرنى «مۇسۇلمانلىرى يوق، ئىسلامى بار ئەللەر» دەپ ئاتاپ، يۇقىرىقىدەك مۇسۇلمان ئەللىرنى بولسا «مۇسۇلمانلىرى بار، ئەمما ئىسلامى يوق ئەللەر» دەپ ئاتاۋاتىدۇ. ئەگەر ئوبدان ئويلاپ باقسىڭىز، بۇ سۆزلەرنىڭ بىر قىسىم ئاساسى بارلىقىنى بايقايسىز.

يۇقىرىدىكى 3 مىللەت ستېم ساھەلىرىدىمۇ دۇنياغا باشلامچى بولۇۋاتقان مىللەتلەرنىڭ بىر قىسمىدۇر. مېنىڭ بەزى ماتېرىياللاردىن كۆرۈشۈمچە، ياپون نوپۇسىنىڭ 10 پىرسەنتى ماشىنىسازلىق سانائىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن (ئەمەلىيەتتە سانائەتلەشكەن ئەللەرنىڭ كۆپىنچىسىدىكى ئەھۋال مۇشۇنداق ئىكەن [5]). ياپونلارنىڭ تېخنولوگىيە ۋە ئىنژېنېرلىق ساھەسىدە نەقەدەر تەرەققىي قىلغانلىقى ھەممەيلەنگە مەلۇم. تەبىئىي-پەن ۋە ماتېماتىكىدا كۈچلۈك بولماي تۇرۇپ، تېخنولوگىيە ۋە ئىنژېنېرلىقتا كۈچلۈك بولۇش مۇمكىن ئەمەس. ئىسرائىلىيىدىكى 25 پىرسەنت يەھۇدىي نوپۇسى ئىنژېنېر ئىكەن. «گېرمانىيە» بىلەن «ئىنژېنېرلىق» نىڭ مەنىداش سۆز بولۇپ كېلىۋاتقىنىغا خېلى ئۇزۇن بولدى [6]. 1945-يىلى تەسلىم بولغاندىن كېيىن، گېرمانىيىنىڭ بېسىۋېلىنغان قىسمى 4 پارچە زېمىنغا بۆلۈۋېتىلگەن، ھەمدە 1950-يىلىغا كەلگۈچە ئۇنىڭ قايتا كۈچىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئېغىر سانائىتى بىرلەشمە كۈچلەر تەرىپىدىن مەقسەتلىك ھالدا ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇپ تاشلانغان ئىدى. لېكىن گېرمانىيە يەنە كۈچەيدى. ھازىر ئۇ ئىقتىسادىي جەھەتتە ياۋروپا بىرلىكىگە ئەزا بولغان قالغان ئەللەرنى يۆلەۋاتىدۇ.

«ھەممە ئىش ئاللاھنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بولىدۇ.»

مەن ئۆزۈمنىڭ بۇرۇنقى ماقالىلىرىدە بايان قىلغىنىمدەك، ياپونلارنىڭ بىر كۈچلۈك ياكى مۇقىم دىنى يوق. ئەمما ئۇلارنىڭ ئىنتايىن كۈچلۈك ئېتىقادى بار، ھەمدە بۇ ئېتىقاد پۈتۈن ياپون خەلقى ئىچىدە تەكشى ھالدا ئومۇملاشقان. ياپونلار كۈنىگە 8 سائەت ئىشلەيدىغان كىشىلەر ھېسابىدا ماڭاش ئېلىپ ئىشلەيدۇ، ئەمما شىركەتتە ئىشلەيدىغان ياپونلارنىڭ ئىچىدە كۈنىگە ئاران 8 سائەت ئىشلەيدىغان كىشىلەر ئاساسەن مەۋجۇت ئەمەس. ئۇلار نورمال ئەھۋالدا كۈنىگە 10 سائەتتىن ئارتۇق ئىشلەيدۇ. ئاياللار پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئائىلە ۋە بالا تەربىيىسىگە قاراتقان بولۇپ، ئەرلەر بولسا ئۆزىنى پۈتۈنلەي شىركىتىگە ئاتىۋەتكەن. مەن 80-يىللىرى ياپوندا ئوقۇۋاتقاندا كۆرگەن بىر ئەھۋال شۇكى، يېڭى ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرگەن ياپونلۇق

ياشلار 5 يىلغىچە ئەتىگەن سائەت 9 دىن يېرىم كېچە سائەت 12 گىچە ئىشلەيدىكەن. شۇ جەريانىدا ئۇلار بىر «رەسمىي ياپونلۇق» بولۇپ چېنىقىپ چىقىدىكەن.

يەھۇدىيلارنىڭ بىر قىسمىنىڭ دىنىي ئېتىقادى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىملارنىڭ ئېتىقادى ئىنتايىن كۈچلۈك. يەنە بىر قىسمى بولسا دىنسىزلار. ئىسرائىلىيە دۆلىتى قۇرۇش تەرەپدارى بولغان زىئونىستلار دىنسىزلار بولۇپ، ئۇلار ھازىر ئىسرائىلىيىدە ياشاۋاتقان يەھۇدىيلارنىڭ ئاساسلىق قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. دۇنيادىكى قىيىن كەسىپلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ بېشىدا يەھۇدىيلار بار. ئۇلارنىڭ پۈتۈن دۇنيادىكى نوپۇسى ئاران 13 مىليون ئەتراپىدا بولسىمۇ، ھازىرغىچە تارقىتىلغان نوبېل مۇكاپاتىنىڭ تەخمىنەن 3 تىن بىر قىسمىنى يەھۇدىيلار ئالدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدىن بىز يەھۇدىيلارنىڭ نەقەدەر تىرىشچان ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. تەرەققىياتتا توغرا ئىشلارنى قىلىشقا ۋە ئىشلارنى توغرا قىلىشقا نەقەدەر قادىر ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن بۇرۇن گېرمانلار دىننى ئىنتايىن مۇھىم ئورۇنغا قويغان. بولۇپمۇ ئەنگلىيە بىلەن سېلىشتۇرغاندا، گېرمانلار ھەقىقىي دىنچىلاردىن بولۇپ، ئۆزىنىڭ بارلىق كۈچىنى ئاساسەن دۆلەت ئىچىدىكى ئىشلارغا قاراتقان. مىنىڭ مۆلچەرلىشىمچە 2-دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن گېرمانلاردىمۇ دىن جەھەتتە زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق نوپۇسىمۇ «خۇداغا ئىشىنىدىغان، ئەمما دىنچى ئەمەس» (spiritual but not religious) كىشىلەرگە ئايلاندى. گېرمانلارمۇ ئىنتايىن قاتتىق ئىشلەيدۇ. ۋەزىپىنى ناھايىتى يۇقىرى مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە ئەستايىدىللىق بىلەن ئورۇنلايدۇ، ھەممە ناھايىتى ئىجادچان. ھازىر پۈتۈن دۇنيا ئىشلىتىۋاتقان ئىلغار تېخنىكىلارنىڭ ئىچىدە گېرمانلار ئىجات قىلغانلىرى ناھايىتى يۇقىرى نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ. 1762-1814-يىللىرى ياشىغان گېرمانىيىلىك داڭلىق پەيلاسوپ فىختې (Johann Gottlieb Fichte) مۇنداق دەيدۇ [7]: «*گېرمانلارنىڭ روھى بىر بۈركۈتكە ئوخشاش. ئۇ ئۆزىنىڭ كۈچلۈك ۋە مەخسۇس مەشىق قىلغان قانىتىنى قېقىپ، ئۆزىنىڭ ئېغىر بەدىنىنى يۇقىرىغا قاراپ ئۆرلەشكە مەجبۇرى قىلىدۇ. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى چوڭقۇر تەپەككۇرلار ئارقىلىق ئۆزىگە كۈچ-قۇۋۋەت ئاتا قىلىدىغان بىر قۇياشقا ئوخشاش مەنبەگە يېقىنلىشىشتىن ئىبارەت.*» مەن بۇ

سۆزنى گېرمانلارنىڭ روھىنى ناھايىتى ئىخچام ۋە ناھايىتى جانلىق ھالدا چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىكەن، دەپ ئويلىدىم.

يۇقىرىدا ياسىر قازى دېگەندەك، ئەگەر سىز بىر ياخشى مۇسۇلمان بولۇپ، ئۆزىڭىزنىڭ بارلىقىنى ئاتاپ قاتتىق تىرىشمايدىكەنسىز، ئاللاھ سىزگە بىكاردىن-بىكارغا ياردەم قىلمايدۇ. ئاللاھ سىزگە غەلىبىنى بىكاردىن-بىكارغا تەقدىم قىلمايدۇ. ئەمدى بىز ياپونلار بىلەن گېرمانلارنىڭ يۇقىرىقىدەك ئەھۋالىدىن مۇنداق بىر خۇلاسىگە كېلەلەيمىز: سىز بىر كۈچلۈك دىنغا ئىگە بولمىسىڭىزمۇ، ياكى سىز داۋاملىق دىنىي ئىبادەت بىلەن شۇغۇللانمىسىڭىزمۇ، ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنىڭ بارلىقىنى ئاتاپ، توغرا ئىشلارنى قىلىش ۋە ئىشلارنى توغرا قىلىش جەھەتتە ئەڭ زور دەرىجىدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىدىكەنسىز، ئاللاھ سىزنىڭ ھازىرقى دۇنيادىكى تەرەققىياتنىڭ ئالدىدا مېڭىشىڭىزغا، پۈتۈن ئىنسانلار ئارىسىدا قەدىنى تىك كۆتۈرۈپ، قۇلدەك ئەمەس، ئادەمدەك ياشىشىڭىزغا يول قويىدۇ، ھەتتا ئۇنىڭغا ياردەم قىلىشىمۇ مۇمكىن.

## 4. ئاخىرقى سۆز

مەن ئۆزۈمنىڭ بۇرۇنقى ماقالىلىرىدە مۇسۇلمانلارنىڭ قانداق تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تەرەققىياتتا دۇنيانىڭ ئەڭ ئالدىدا ماڭغان بىر ھالەتتىن دۇنيانىڭ كەينىدە قالغان بىر ھالەتكە چۈشۈپ قالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتتۈم. مۇسۇلمانلارنى ئارقىدا قويغان تارىخىي سەۋەبلەرگە 1-دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىلا خاتىمە بېرىلىپ بولغان. شۇنداق تۇرۇقلۇق كۆپىنچە مۇسۇلمان ئەللىرى تاكى بۈگۈنگىچە تەرەققىياتتا دۇنيانىڭ ئالدىدا مېڭىۋاتقان ئەللەرگە يېتىشىپ ماڭالمىدى. بىر قىسىم مۇسۇلمان ئەمەس، دىنىمۇ كۈچلۈك ئەمەس ئەللەر ناھايىتى تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىپ، مۇسۇلمان ئەللىرىنىڭ كۆپىنچىسى بولسا تەرەققىياتتا ناھايىتى ئارقىدا قالدى. ھېلىقى بىر قىسىم مۇسۇلمان ئەللىرى پەقەت ئۆز دۆلەتلىرىدىكى يەر ئاستى بايلىقلارغا تايىنىپ ھازىرقىدەك ياشاۋاتقان بولۇپ، ئەگەر ئاشۇ يەر ئاستى بايلىقلىرى تۈگەپ كېتىدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ قانداق بولۇپ كېتىدىغانلىقى ھەممەيلەنگە ئايان.

مەن مەزكۇر ماقالىدا ھازىر تەرەققىياتتا دۇنيانىڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان ئەللەرنىڭ نېمە ئۈچۈن تەرەققىي قىلغانلىقى بىلەن كۆپىنچە مۇسۇلمان

ئەللىرىنىڭ نېمە ئۈچۈن تەرەققىي قىلالمىغانلىقىنى چۈشىنىشكە پايدىلىق بولغان بىر قىسىم مەزمۇنلارنى بايان قىلىپ ئۆتتۈم. مۇشۇ ماقالىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەزمۇنلار ئاساسىدا ئوبدان ئويلىنىپ باقساق شۇنى بايقايمىزكى، مۇسۇلمانلارنى تەرەققىياتتا تۆۋەن سەۋىيىدە تۇتۇپ تۇرغان نەرسە ئىسلام دىنى بولماستىن، بەلكى ئاللاھ ئەينى ۋاقىتتا كۆرسىتىپ بەرگەن ھەمدە ئاللاھ راۋا كۆرۈپ قوللىغان، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلەر ئەينى ۋاقىتتا ئىسپاتلاپ بولغان تەرەققىيات ئۇسۇللىرى ياكى مۇسۇلمانلارنىڭ بىر قىسىم ھېكمەتلىرىنى ئۇنتۇلۇپ قالغانلىقىدىن، ياكى ئۇلاردىن ۋاز كەچكەنلىكىدىن بولغان. ئەينى ۋاقىتتا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىسپاتلاپ بەرگەن تەجرىبە-ساۋاقلار شۇكى، **بىر خەلق گۈللىنىش ياكى قۇدرەت تېپىش ئۈچۈن، چوقۇم بىر نىيەت ۋە بىر مەقسەتتە زىچ ئۇيۇشۇپ، بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ، شۇ زاماندىكى توغرا ئىشلارنى تاللاپ قىلىش، ۋە شۇ ئىشلارنى توغرا قىلىش يولىدا جانلىرىنى تىكىپ، ئۆزلىرىنىڭ بارلىقىنى ئاتاپ، ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە قاتتىق تىرىشىشى كېرەك. ئاشۇنداق قىلغاندىلا ئاللاھ بۇيرۇغان ياردەملەرنى قولغا كەلتۈرگىلى، ۋە غەلىبىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.**

«ھەممە ئىش ئاللاھنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە بولىدۇ». ئەگەر ھازىر دۇنيا تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان ئەللەر ۋە خەلقلەرگە قاراپ باقىدىغان بولساق، مۇنداق بىر ئەھۋالنى بايقايمىز: ئەگەر بىر خەلق گۈللىنىش ياكى قۇدرەت تېپىش ئۈچۈن، چوقۇم بىر نىيەت ۋە بىر مەقسەتتە زىچ ئۇيۇشۇپ، شۇ زاماندىكى توغرا ئىشلارنى قىلىش ۋە شۇ ئىشلارنى توغرا قىلىش يولىدا ئەقىل ئىشلىتىپ، جانلىرىنى تىكىپ، ئۆزلىرىنىڭ بارلىقىنى ئاتاپ، ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە قاتتىق تىرىشىدىكەن، ئۇلار مەيلى مۇسۇلمان بولسۇن ياكى بولمىسۇن، ئاللاھ ئۇلارنىڭ تەرەققىياتىغا يول قويىدۇ. ئۇلارنىڭ تەرەققىياتىغا يول ئېچىپ بېرىدۇ. ھەتتا ئۇلارغا ياردەم قىلىشىمۇ مۇمكىن. ئۇنىڭ ئەكسىچە، مۇسۇلمان بولۇش-بولماسلىقى ياكى قانداق مۇسۇلمان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئاللاھ ئەقىلسىزلىق بىلەن ئىش قىلغۇچىلارغا ۋە ھۇرۇنلارغا ياردەم قىلمايدۇ. ئاللاھ ئەقىلسىزلىق بىلەن ئىش قىلغۇچىلارغا ۋە ھۇرۇنلارغا غەلىبىلەرنى تەقدىم قىلمايدۇ. دىنىي ئىبادەتلەر قاتتىق تىرىشچانلىقنىڭ ئورنىنى ئالالمايدۇ. بۇ خۇلاسىنى ھازىر دۇنيانىڭ كۆپ جايلىرىدا يۈز بېرىۋاتقان، مۇسۇلمانلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك چوڭ-چوڭ ۋەقەلەرمۇ روشەن ھالدا ئىسپاتلاپ تۇرۇۋاتىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقىدەك بىر ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشىغا سەۋەب بولغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى ئۇلارنىڭ باشقىلار بىلەن باراۋەر ھالەتتە رىقابەتلىشىش ئىمكانىيىتىنىڭ يوقلۇقىدۇر. ئەمما بىز بۇ ئامىلنى ئۆزىمىزنىڭ تىرىشماسلىقىنىڭ باھانىسى قىلىۋالساق بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا باراۋەر رىقابەتلىشىدىغان شارائىتنى بەرپا قىلىش يولىدا بارلىق تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىشىمىز كېرەك. بۇ ئىشنى قانداق قىلىش جەھەتتە بىز يەھۇدىيلاردىن ئۆگەنسەك بولىدىغان نۇرغۇن نەرسىلەر بار بولۇپ، مەن ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى ئۆزۈمنىڭ يەھۇدىيلار ھەققىدىكى 2 پارچە ماقالىسىدە بىر ئاز چۈشەندۈرۈپ ئۆتتۈم.

مەن ھازىر ئىچكىرىدە ئوقۇۋاتقان بىر قىسىم ئۇكىلارنىڭ كۆپلىگەن ۋاقتىنى ئۆزلۈكىدىن دىن ئۆگىنىشكە ئاجرىتىپ، مەكتەپتە ئۆتۈلگەن دەرسلەرگە ئۇنچىۋالا ئەھمىيەت بەرمەيۋاتقانلىقىنى، نەتىجىدە دەرسلەرگە يېتىشىپ ماڭالماس بولۇپ قالغانلىقىنى، بەزىلىرىنىڭ ھەتتا ئوقۇشتا ياخشى، ئەمما ئۆزلۈكىدىن دىن ئۆگىنىشكە بېرىلمىگەن ساۋاقداشلىرى بىلەن ياخشى ئۆتمەيدىغانلىقىنى ئاڭلىدىم. مەن ئاشۇ ئۇكىلاردىن مەن يۇقىرىدا تونۇشتۇرغان بەدرى ئۇرۇشىدىن يەكۈنلەپ چىقىلغان ھېكمەتلەرگە دىققەت قىلىپ قويۇشىنى ئۆتۈنىمەن. يەنى، سىز قانچىلىك ياخشى مۇسۇلمان بولۇپ كەتسىڭىزمۇ، ئەگەر ئۆزىڭىز ئورۇنلاشقا تېگىشلىك رەسمىي ۋەزىپىلەرنى بارلىقىڭىزنى ئاتاپ، جېنىڭىزنى تىكىپ، ئەڭ زور دەرىجىدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئادا قىلمايدىكەنسىز، ئاللاھ سىزنى ياخشى كۆرۈپ كېتىشى، سىزگە تىلىگىنىڭىزنى بېرىشى ناتايىن. ئەگەر سىز مۇسۇلمانلىقنىڭ پەرزلىرىنى ناھايىتى ياخشى ئادا قىلىپ، ئۆز مىللىتىڭىزگە كۆڭۈل بۆلمىسىڭىز، مىللىتىڭىزنى قۇدرەت تاپقۇزۇش يولىدا قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى ئۆزىڭىزنىڭ بارلىقىنى ئاتاپ تۇرۇپ قىلمىسىڭىز، سىزنى ئاللاھ ياخشى كۆرۈشى ناتايىن. ئەگەر مەكتەپتىكى ئوقۇشىڭىزنى ئۆزىڭىزنىڭ بارلىقىنى ئاتاپ، ئەڭ زور دەرىجىدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئېلىپ ماڭمىسىڭىز، ئاللاھنىڭ سىز تىلىگەن نەرسىلەرنى سىزگە بېرىشى ناتايىن. بۇ جەھەتتە ھەممىنى بىلگۈچى بىر ئاللاھدۇر. بەدرى ئۇرۇشى بىزگە ئەڭ كۈچلۈك دەرىجىدە بىلدۈرگەن نەرسە شۇكى، بىر خەلق قۇدرەت تاپماقچى بولىدىكەن، ياخشى مۇسۇلمان بولۇشتىن باشقا، يەنە چوقۇم قۇدرەت تېپىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلىدىن ئەڭ زور دەرىجىدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ پايدىلىنىشى كېرەك. ئۇنداق قىلمايدىكەن

كىشىلەر تىلىگەننى ئاللاھنىڭ بېرىشى ناتايىن. مەن ياسىر قازىنىڭ لېكسىيىلىرىدىن مۇنداق مەزمۇننىمۇ ئاڭلىدىم: مۇسۇلمانلار مەدىنىگە كۆچۈپ بېرىپ، دەسلەپكى 5 يىلدەك ۋاقىت ئىچىدە ئېلىپ بارغان جەڭلەر جەريانىدا، مۇسۇلمانلار بەزىدە نامازنى ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇسا، ئۇرۇشتا زىيان تارتىدىغان ئەھۋاللارغا دۇچ كەلگەن. شۇنداق ۋاقىتلاردا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىر قىسىم ساھابىلەرنىڭ نامازنى ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇماي، ئۇنى كېيىن ياخشى پۇرسەت تاپقاندا تولۇقلاپ ئوقۇشىغا يول قويغان. مەكتەپ ئوقۇشى بىلەن باشقا ئىشلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشتا، يۇقىرىدىكى ئەھۋال بىزگە بىر قىسىم ھېكمەتلەرنى ئۆگىتىدۇ. ئىچكىرىدە ئوقۇۋاتقان ئۇكىلار ئۆزىمىزنى گۇللەندۈرۈشتىكى بىر زور پايدىلىق كۈچ. بىز پەقەت ئوقۇش بىلەن باشقا ئىشلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، مەكتەپتىكى پۇرسەتتىن ئەڭ زور دەرىجىدە تولۇق پايدىلىنىپ، بىلىم ئېلىپ قابىلىيەت يېتىلدۈرگەندىلا، ئاندىن بۇ زور كۈچنى بىر ھەقىقىي پايدىلىق ئامىلغا ئايلاندۇرالايمىز. ئاللاھنىمۇ شۇ ئارقىلىق خوش ۋە رازى قىلالىشىمىز مۇمكىن.

قىسقىسى، ئاللاھ ساھابىلەر دەۋرىدىلا مۇسۇلمانلارغا قانداق ياشاش كېرەكلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. مۇسۇلمانلار بولسا ئۇنى ئۇنتۇلۇپ قالغان ياكى ئۇنىڭدىن ۋاز كەچكەن بولغاچقا، ھازىرقىدەك بىر ناچار ھالەتكە چۈشۈپ قالغان. ئەگەر مۇسۇلمانلار (بىزمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ئاشۇ «گۆھەر» نى قايتىدىن تېپىپ، ئۇنىڭدىن ياخشى پايدىلىنىدىكەن، ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەقدىرى چوقۇم ھازىرقىدىن كۆپ ياخشى بولىدۇ.

ئادەم قاتتىق ئىشلىگەنگە ئۆلۈپ كەتمەيدۇ. ئاز ئۇخلىغانغىمۇ ھەم شۇنداق. ئەمەلىيەتتە دۇنيادىكى چوڭ-چوڭ ئىشلارنى قىلالىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئاز ئۇخلاپ، قاتتىق ئىشلەشنى چەكتىن سەل ئاشۇرۇۋېتىدۇ. چوڭ-چوڭ ئىشلارنى قىلالىغان مىللەتلەرمۇ ھەم شۇنداق. ئەگەر دۇنيادا «مۇسۇلمانلىرى يوق، ئەمما ئىسلام بار دۆلەت» ھەقىقەتەنمۇ مەۋجۇت، دېيىلدىكەن، ياپونىيە ئۇنىڭ ئەڭ تىپىك مىسالى بولالايدۇ. ياپونلار قاتتىق ئۇيۇشۇشتا، ۋە جان تىكىپ قاتتىق تىرىشىشتىمۇ دۇنيا بويىچە ئەڭ ئالدىدا تۇرىدۇ. مەيلى ئەرلىرى بولسۇن، ياكى ئاياللىرى بولسۇن، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشتىمۇ ياپونلار دۇنيا بويىچە 1-ئورۇندا تۇرىدۇ. يەنى، بەدرى ئۇرۇشىدا ئىسپاتلانغان ئەھۋاللارنى ئۆلچەم قىلغاندا،

دۇنيادىكى مىللەتلەر ئارىسىدا ياپونلارنىڭ بۇيرۇلغان ياردەملەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە شەرتى ئەڭ ياخشى تۇشىدۇ. ئۇلار ئەمەلىيەتتىمۇ بۇيرۇلغان ياردەمگە ئەڭ كۆپ ئېرىشكەن بولۇشى مۇمكىن. ياپونلار تۇتقان يولنى تۇتسا، باشقىلارمۇ بۇيرۇلغان ياردەمگە تولۇق ئېرىشەلىشى مۇمكىن. ياپونلار تۇتقان يولنى تۇتساق، بىزمۇ بۇيرۇلغان ياردەمگە تولۇق ئېرىشەلىشىمىز مۇمكىن.

مەن بۇ ماقالىنى «ئەزھەرى» قېرىنداشىمىزنىڭ يېقىنقى بىر ماقالىسىدىكى مۇنۇ بىر ئابزاس سۆز بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمەن: «*شۇنى بىلىش كېرەككى، ئاللاھ نەتىجىنى تەقدىر قىلغاندەك سەۋەبنىمۇ تەقدىر قىلدى، ئاللاھ تەقدىر قىلغان نەتىجىلەرگە سەۋەبسىز يەتكىلى بولمايدۇ. دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ئىشلىرىدا سەۋەبسىز نەتىجىگە ئېرىشەلمەسلىك ئوخشاشلا بىر قانۇنىيەت، چۈنكى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى ئاللاھنىڭ قانۇنى بىر.*»

بۇ توغرىدا ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: **«ھەر قانداق بىر قەۋم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگىچە ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ»**، (سۈرە رەئد 11 ـ ئايەت).

## پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى


[1] Yasir Qadhi Seerah of Prophet Muhammad 35: The Battle of Badr 1
https://www.youtube.com/watch?v=cELsoi1L6qw

[2] Battle of Badr: http://en.wikipedia.org/wiki/Battle_of_Badr

[3] Yasir Qadhi Seerah of Prophet Muhammad 38: The Battle of Badr 4
https://www.youtube.com/watch?v=iVdfPIFk-Ws

[4] Science, Technology, Engineering and Math: Education for Global Leadership
http://www.ed.gov/STEM

[5] Automobile Industry
http://www.encyclopedia.com/topic/automobile_industry.aspx

[6] Engineering in Germany
http://machinedesign.com/news/engineering-germany

[7] Johann Gottlieb Fichte: Addresses to the German Nation (2013), Page 65.

# تىرىشچانلىق ۋە ئىبادەت

2015-يىلى 10-ئاينىڭ 30-كۈنى

ئالدىنقى 4-5 يىل ۋاقىت ئىچىدە ماڭا ئۇيغۇر دىيارى ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئۇكىلاردىن كەلگەن ئېلخەتلەردە ماڭا ئەڭ كۆپ يەتكۈزۈلگەن ئەھۋالدىن يەنە بىرى بار. ئۇ بولسىمۇ، ئوقۇشتا ياخشى ئوقۇۋاتقانلار ئېتىقادتا سۇس، ئېتىقادتا كۈچلۈك بولغانلار بولسا ئوقۇشتا سۇس بولۇپ، بىر مەكتەپ ياكى بىر شەھەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ئاشۇنداق ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈش يۈز بەرگەن. بۇ ئىككى گۇرۇپپىنى ئايرىپ تۇرىدىغان تام بارغانسېرى ئېگىزلەپ، ئوخشىمىغان گۇرۇپپىغا تەۋە ئوقۇغۇچىلار بىرلىكتە پائالىيەت ئېلىپ بېرىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ئۆز-ئارا گەپ قىلىشماسلىق دەرىجىسىگىمۇ بېرىپ يەتكەن. ماڭا ئاشۇنداق خەتلەرنى يازغان ئۇكىلارنىڭ ھەممىسى مەندىن مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە بىر ئاز قەلەم تەۋرىتىپ، ئاشۇنداق ۋەزىيەتنى ئوڭشىشىلىش ئۈچۈن كۈچەپ بېقىشىمنى ئىلتىماس قىلدى.

يېقىرىدىكى ئىككى خىل كىشىلەردىن باشقا، مەن ئۆز ئەتراپىمدا ئۇچرىتىپ تۇرىدىغان، ھەمدە چەت ئەلدە مەن ئاڭلاپ تۇرىدىغان 3-خىلدىكى كىشىلەرمۇ بار. ئۇ بولسىمۇ، تەقۋادارلىقنى نورمال قىلىپ ماڭىدىغان، ئۆزىنىڭ ئوقۇشى، كەسپى ياكى خىزمىتىنىمۇ تەلەپلەرگە لايىق ئورۇنلاپ ماڭىدىغان، ئەمما يۇرت ۋە يۇرتىنكىلەر بىلەن، ھەمدە مىللەت بىلەن ئاساسەن كارى بولمايدىغان كىشىلەر.

مەن يۇقىرىدىكى 3 خىل كىشىلەر ئۈستىدە كۆپ ئويلاندىم. ھەمدە ئۆز-ئۆزۈمدىن مۇنداق سوئاللارنى سورىدىم:

--ئاللاھنىڭ قۇرئاندىكى سۆزلىرىدە مۇسۇلمانلارغا قويۇلغان قانداق تەلەپلەر باردۇ؟

--پەقەت تەقۋادارلىقنى ياخشى قىلىپ، باشقا ئىشلارنى ئېتىۋارغا ئالمايدىغان كىشىلەرگە ئاللاھ ۋە دىنىمىز قانداق قارايدىغاندۇ؟

-- تەقۋادارلىق بىلەن ئوقۇش، خىزمەت ياكى ئۆز كەسپىنى ياخشى قىلىپ، پەقەت ئۆزىنىڭ ۋە ئۆز ئائىلىسىنىڭ مەنپەئەتىنىلا ئويلاپ، باشقا كىشىلەرگە ۋە مىللەتكە كۆڭۈل بۆلمەيدىغان كىشىلەرگە ئاللاھ ۋە دىنىمىز قانداق قارايدىغاندۇ؟

ئەمما، ئۇ سوئاللارغا جاۋاب بولالايدىغان بىلىملەرگە تاكى يېقىنغىچە ئېرىشەلمىدىم. شۇڭلاشقا ھازىرغىچە بۇ ھەقتە قەلەممۇ تەۋرىتەلمىدىم.

ئەگەر بىز «ئىبادەت» سۆزىنىڭ مەنىسىنى پەقەت «تەقۋادارلىق» دەپلا چۈشەنسەك، ھەمدە مۇسۇلمانلار دۇنياسىنى يېقىندىن كۆزىتىپ باقىدىغان بولساق، ئىبادەتتە بار، ئەمما باشقا ئىشلاردا يوق، ياكى ئىبادەتتە بار، ئەمما باشقا ئىشلاردا ھۇرۇن كىشىلەرنىڭ سانى ئانچە ئاز ئەمەسلىكىنى بايقايمىز. يەنى، يۇقىرىدىكى ئەھۋاللار ھەرگىزمۇ يالغۇز ئۇيغۇرلاردىلا سادىر بولۇۋاتقان ھادىسە ئەمەس. ئۇ پۈتكۈل مۇسۇلمانلار دۇنياسىدا مەۋجۇت، ھەتتا بەزى جايلاردا ئىنتايىن ئېغىر بولۇپ، مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە مۇسۇلمانلارنىڭ يېقىنقى نەچچە ئەسىردىن بۇيان دۇنيا تەرەققىياتىنىڭ ئارقىسىدا قېلىشىغا سەۋەب بولغان ئەڭ مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرىمۇ دەل ئەنە شۇ.
مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، ئۇيغۇر ياشلىرى ئارىسىدىكى ھازىرقىدەك ئىبادەتكە ئېتىبار بېرىپ، ئوقۇش ۋە خىزمەتتە تىرىشمايدىغان، ياكى ئىبادەت بىلەن ئۆز ئوقۇشى ياكى ئۆز خىزمىتىنى ياخشى قىلىپ، باشقىلار ۋە مىللەت بىلەن كارى بولمايدىغان ئەھۋاللارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولغان ئامىللارنىڭ بىرى دەل قۇرئاندىكى بىر قىسىم ئايەتلەرنى توغرا ياكى تولۇق چۈشەنمىگەنلىكى بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، قۇرئاننىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدە مۇنداق بىر ئايەت بار:
**-- «جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم (51:56)»**

دىنىي زىيالىيلىق سالاھىيىتىگە ئىگە ئەمەس ئادەتتىكى كىشىلەر يۇقىرىدىكى ئايەتنى ئوقۇسا، «مەن تەقۋادارلىقنىلا مۇكەممەل قىلىپ، باشقا ھېچ قانداق ئىشلارنى قىلمىساممۇ چوقۇم جەننەتكە كىرەلەيدىكەنمەن»،

دەپ ئويلاپ قېلىشى مۇمكىن. مەن تورلارنى ئىزدەپ كۆرسەم، يۇقىرىدىكى ئايەت ئىنگلىزچىغا مۇنداق 3 خىل تەرجىمە قىلىنىپتۇ:

-- جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم

-- جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا خىزمەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم

-- جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭىلا ئىتائەت قىلىش ئۈچۈن ياراتتىم

يۇقىرىدىكى 3 جۈملە سۆزنىڭ مەنىلىرىدە ناھايىتى زور پەرقلەر بار. مەن يېقىندا مىسىرنىڭ قاھىرە شەھىرىدە ئوقۇۋاتقان بىر ئۇيغۇر دىنىي زىيالىي ئۇكىمىز بىلەن پاراڭلاشقاندا، ئۇنىڭغا يۇقىرىدىكى ئايەتنىڭ ئىشىنى دېدىم. ئۇ ماڭا جاۋاب بېرىپ، بۇ ئايەتتىكى «ئىبادەت» دېگەن سۆز يالغۇز ناماز ئوقۇپ، ئاللاھقا دۇئا قىلىشتەك دىنىي ياكى تەقۋادارلىق ئىش-پائالىيەتلىرىنىلا كۆرسىتىپ قالماستىن، ئۇ يەنە باشقا نۇرغۇن ئىشلارنىمۇ كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

مەن «ئوقۇش بىلەن تەقۋادارلىقنىڭ مۇناسىۋىتى» تېمىسى ئۈستىدە قەلەم تەۋرىتىش-تەۋرەتمەسلىك ھەققىدە بىر قارارغا كېلەلمەي تۇرغاندا، «مەۋدۇدى» ئىسىملىك ئۇكىمىز مېنىڭ باغداش مۇنبىرىدىكى «ھاياتنىڭ مەقستى ۋە قىممىتى ھەققىدە» دېگەن تېمام ئاستىغا مۇنداق بىر پارچە ئىنكاسنى يېزىپتۇ (http://bbs.bagdax.cn/thread-34301-5-1.html نىڭ 34-قەۋىتى):

(نەقىل): **بىلىمخۇمار ئاكا، بۇ تېمىڭىزغا يانداش قىلىپ ئىسلامدىكى «ئىبادەت» ئۇقۇمىنى شەرھلەپ بىر يازما يېزىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. چۈنكى قۇرئاندا ئاللاھ ئىنسانلارنى يارىتىشتىكى مەقسىتىنىڭ پەقەتلا ئۆزىگە ئىبادەت قىلىش ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. پۈتكۈل پەيغەمبەرلەرنىڭمۇ ۋەزىپىسىمۇ پەقەت ياراتقۇچىغىلا ئىبادەت قىلىشقا چاقىرىق قىلىش. بىزنىڭ يارىتىلىشىمىزدىكى مەقسەت پەقەت ياراتقۇچىغىلا ئىبادەت قىلىش بولسا، ئۇنداقتا ئىبادەت بىلەن تىرىشچانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا قانداق مۇناسىۋەت بار؟ بۇ تەرىپى نۇرغۇن ياشلارغا قاراڭغۇ دەپ ئويلايمەن.** (نەقىل تۈگىدى)

«aloglituran» ئىسىملىك يەنە بىر ئۇكىمىز يۇقىرىدىكى ئىنكاسنى قوللاپ، مۇنداق بىر پارچە ئىنكاس يېزىپتۇ (35-قەۋەت):

(نەقىل) **ئۇستازغا بەرگەن تەكلىۋىڭىز ناھايىتى ياخشى بولۇپتۇ (ئىسلامدىكى «ئىبادەت» ئۇقۇمى ۋە ئىنسانىيەتتىكى تىرىشچانلىق). بۇنداق**

**كاتتا تېمىدىكى ماقالىنىڭ ئۇستازنىڭ قەلىمىدە مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن . تەكلىۋىڭىزگە مەنمۇ ئاۋاز قوشتۇم . ئۇستاز بىلىمخۇمار ئەپەندىم ئويلىشىپ كۆرسە بولغۇدەك. قارىشىڭىزغا ئەگەشتىم. مەنمۇ سىزگە ئەگىشىپ تەۋسىيە قىلىمەن.** (نەقىل تۈگىدى)

مەن يۇقىرىدىكى ئىككى ئۆكىمىزنىڭ ئىنكاسىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، مەزكۇر يازمىنى تەييارلاش قارارىغا كەلدىم. يەنى، مېنىڭ بۇ تېمىنى تەييارلىشىمغا ئاشۇ ئىككى ئۆكىمىز تۈرتكە بولدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەن يۇقىرىدىكى 2 ئۆكىمىزغا رەھمەت ئېيتىمەن.

مەن يېقىنقى بىر مەزگىل ۋاقىت ئىچىدە ئامېرىكىدا ياشايدىغان، مۇسۇلمان دۇنياسىغا تونۇلغان دىنىي زات «ئويغان» (ئۆزۈم قويۇۋالغان ئىسىم) نىڭ كۆپلىگەن لېكسىيەلىرىنى، ھەمدە ئامېرىكا ۋە چەت ئەلدىكى ھەر خىل چوڭ يىغىلىشلار ۋە دىنىي قۇرۇلتايلاردىكى دوكلاتلىرىنى ئاڭلىدىم. ئويغان ئەپەندىم ياش جەھەتتىن 40 لەرگە كىرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ 4 قىزى ۋە 2 ئوغلى بار ئىكەن. ئۇنىڭ تېگى پاكىستانلىق بولۇپ، گېرمانىيىدە تۇغۇلغان، ھەمدە كېيىن ئامېرىكىغا كۆچۈپ كەلگەن ئىكەن. ئۇ ھازىرغىچە 200 مىڭدىن ئارتۇق تىڭشىغۇچىلارغا بىۋاستە لېكسىيە ۋە دوكلات سۆزلەپ باققان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىنتېرنېتتىكى لېكسىيە ۋە دوكلاتلىرىنى ئاڭلاپ باققان كىشىلەرنى مىليونلاپ ساناشقا توغرا كېلىدىكەن. مەن ئۇنىڭ ئوقۇش تارىخى ھەققىدە ئېنىق مەلۇماتقا ئىگە بولالمىدىم. ئەمما ئۇنىڭ لېكسىيەلىرىدىن ئۇنىڭ ئەرەب تىلىغا ۋە قۇرئان تەفسىرىگە ئىنتايىن پۇختا بولۇشتىن سىرت، يەنە ھازىرقى زامان تەبىئىي-پەنلىرى ۋە پسىخولوگىيە ئىلمىدىمۇ خېلى كەڭ ۋە چوڭقۇر بىلىملەرگە ئىگە ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرىدۇ. ئۆزىنىڭ دېيىشىچە، ئويغان ئامېرىكا نيۇ يورك شەھىرىدىكى بىر ئالىي مەكتەپتە پەلسەپە، پسىخولوگىيە ۋە ئىنسانشۇناسلىق (anthropology) دەرسلەرنى ئالغان ئىكەن [1]. ئۇ ئامېرىكىدىكى بىر ئالىي مەكتەپتە ئەرەب تىلى پروفېسسورى بولغان، ھەمدە 2006-يىلى «ئەرەب تىلى ۋە قۇرئان تەتقىقاتىنىڭ بايىيناھ ئىنستىتۇتى» دېگەن ئورگاننى قۇرغان. ئۇ ھازىر ئاشۇ ئىنستىتۇتنىڭ باش لىدېرى ۋە يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسى ئىكەن. ئىئوردانىيىنىڭ بىر نوپۇزلۇق ئىسلام تەتقىقاتى مەركىزى ئويغانغا «دۇنيادىكى تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك 500 نەپەر مۇسۇلمانلارنىڭ بىرى» دەپ نام بەرگەن. ئويغان دىنىي سەۋىيىسى ئانچە

يۇقىرى بولمىغان ئادەتتىكى كىشىلەرگە قۇرئاندىكى ئايەتلەرنى چۈشەندۈرىدىغان لېكسىيەلەردىن نەچچە يۈزنى تەييارلاپ تارقاتقان بولۇپ، ئۇ ئاشۇنداق قىلىپ پۈتۈن قۇرئاننى بىر قېتىم تولۇق ئۆتكۈزۈپ بولۇپتۇ. ئۇ ئۆز لېكسىيەلىرىدە ئەڭ كۆپ تىلغا ئالىدىغان بىر ئىش، قۇرئاننىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىلىرىدىكى خاتالىقلار، ۋە قۇرئان ئايەتلىرى ھەققىدىكى كەمتۈك ياكى خاتا چۈشەنچىلەردىن ئىبارەت. ئويغان ئۆزىنىڭ بىر قانچە لېكسىيە ياكى دوكلاتلىرىدا ھازىر پۈتۈن دۇنيا مىقياسى بويىچە دىنىمىزدا ساقلىنىۋاتقان بىر ئېغىر مەسىلە قۇرئاننىڭ مەزمۇنلىرى ھەققىدىكى خاتا ۋە كەمتۈك چۈشەنچىلەر ئىكەنلىكىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتتى.

مەن دوكتور ياسىر قازى بىلەن ئويغاننىڭ پەقەت «جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم» دېگەن ئايەت ئۈستىدىلا توختالغان بىرەر لېكسىيەسى بارمىكىن، دەپ كۆپ ئىزدەندىم. پەقەت يۇقىرىدىكى ئايەت ھەققىدىكى مەزمۇننى تېپىش ئۈچۈنلا ئويغاننىڭ 30 دىن كۆپ لېكسىيە-دوكلاتلىرىنى ئاڭلاپ چىقتىم. ئەمما تاكى مەزكۇر ماقالىنىڭ 1-قىسمىنى يېزىپ بولغۇچە ئۇنداق لېكسىيەدىن بىرەرنى تاپالمىدىم. لېكىن، ئاللاھنىڭ ئىنسانلارنى پەقەت ئۆزىگە ئىبادەت قىلىشى ئۈچۈنلا ئەمەس، يەنە باشقا نۇرغۇن مەقسەتلەر ئۈچۈنمۇ ياراتقانلىقى ھەققىدە، ۋە ئاللاھ ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئويغاننىڭ بىر قانچە لېكسىيە-دوكلاتلىرىنى تاپتىم. ھەممىدە ئۇلارنى قايتا-قايتا ئاڭلىدىم. نەتىجىدە «ئىبادەت» دېگەن سۆزنىڭ «روزا تۇتۇش، ناماز ئوقۇش، ھەجگە بېرىش، قۇرئان ئوقۇش، ۋە زاكات-سەدىقە بېرىش قاتارلىق تەقۋادارلىق ئىش-ھەرىكەتلىرى» دېگەن مەنىسىدىن باشقا، يەنە «ئاللاھ ئۈچۈن خىزمەت قىلىش» دېگەن مەنىسىمۇ بار ئىكەن، دېگەن خۇلاسىگە كەلدىم. شۇنىڭ بىلەن مەزكۇر ماقالىنىڭ 1-قىسمىدا «تىرىشچانلىق» نى بايان قىلىپ تاماملاپ، 2-قىسمىدا «ئىبادەت» نىڭ «ئاللاھ ئۈچۈن خىزمەت قىلىش» دېگەن مەنىسى ئۈستىدە توختىلاي، دەپ تۇرغاندا، ئويغاننىڭ «ئىبادەت» سۆزىنىڭ مەنىسى ھەققىدە توختالغان بىر 5 مىنۇتلۇق لېكسىيەسىنى ئۇچرىتىپ قالدىم [2]. ھەممىدە گۆھەر تېپىۋالغاندەك خوش بولۇپ كەتتىم. ئەسلىدە كلاسسىك ئەرەبچىدە «ئىبادەت» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ئىككى قىسمغا بۆلۈنىدىكەن. ئۇنىڭ بىر قىسمى «روزا تۇتۇش، ناماز ئوقۇش، ھەجگە بېرىش، قۇرئان ئوقۇش، ۋە زاكات-سەدىقە بېرىش قاتارلىق تەقۋادارلىق ئىش-ھەرىكەتلىرى»

بولۇپ، يەنە بىر قىسمى بولسا «قۇللۇق» (slavery) ئىكەن. «قۇللۇق» دېگەن سۆزنى «قۇلى بولۇش، خىزمىتىدە بولۇش، خىزمىتىنى قىلىش» دېگەن مەنىدە چۈشەنسەك بولۇۋېرىدىغان بولغاچقا، «ئىبادەت» سۆزى مەنىسىنىڭ 2-قىسمى «ئاللاھ ئۈچۈن خىزمەت قىلىش» ئىكەن، دەپ چۈشەنسەك پۈتۈنلەي بولىدىكەن.

بۇ يەردە مەن قېرىنداشلاردىن مۇنداق بىر ئىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشنى سورايمەن: «ئىبادەت» دېگەن سۆز ئىككى خىل مەنىگە ئىگە بولۇپ قالماستىن، ئۇنىڭ مەنىسى ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدىكەن. بىرىنچى قىسمى «تەقۋادارلىق»، 2-قىسمى بولسا «قۇللۇق». ئەگەر بىز «ئىبادەت» سۆزىنى ئىشلەتكەندە ئۇنىڭ مەنىسىنىڭ بىرىنچى قىسمىنىلا كۆزدە تۇتۇپ، 2-قىسمىنى چۈشۈرۈپ قويساق، توغرا قىلغان بولمايدىكەنمىز.

مەن ماقالىنىڭ ئەڭ بېشىدا مۇنداق 3 خىل ياشلارنى تىلغا ئالغان ئىدىم: تىرىشچانلىقتا كۈچلۈك ئەمما ئىبادەتتە ئاجىز ياشلار، ئىبادەتتە كۈچلۈك ئەمما تىرىشچانلىقتا ئاجىز ياشلار، ۋە تىرىشچانلىق بىلەن ئىبادەتتە بار ئەمما ئۆزىدىن باشقىلار ۋە مىللەت بىلەن كارى يوق ياشلار. ئەمما يۇقىرىدىكى مەزمۇنلارنىڭ قالغان قىسمىدا مەن 1-خىلدىكى ياشلار ئۈستىدە زادىلا توختالمىدىم. ئۇنىڭ سەۋەبى مۇنداق: يەر يۈزىدە مۇنداق 3 خىل يېمىش دەرىخى بار: (1) ئاسماندىن ياغقان يامغۇرنىڭ كۈچى بىلەنلا بىر ئۆلۈك يەردىن ئۆسۈپ چىقىپ، ئۆزلۈكىدىن يېمىش بېرىدىغان دەرەخلەر. (2) يامغۇرغا تايىنىپلا يېمىش بەرمەيدىغان، ئەمما باشقىلار مەلۇم دەرىجىدە پەرۋىش قىلسا ئاندىن يېمىش بېرىدىغان دەرەخلەر. (3) يامغۇر ياغسىمۇ، ۋە باشقىلار پەرۋىش قىلسىمۇ يېمىش بەرمەيدىغان دەرەخلەر. ئىنسانلارنىڭ ئىمان ئېيتىش ئەھۋالىمۇ ئاشۇنداق 3 خىل دەرەخكە ئوخشاپ قالىدىغان بولۇپ، ئويغانىنىڭ دېيىشىچە قۇرئاندا ئەنە شۇنداق مەلۇماتلار بار ئىكەن. ئەمما بىزلەر ھازىر يامغۇرلىرىمۇ توسۇپ قويۇلغان، ۋە پەرۋىشچىلىرىمۇ سولاپ قويۇلغان بىر ماكاندا ياشاۋاتقان بولغاچقا، مەن گۇناھنى دەرەخكە ئارتىپ قويۇشنى زادىلا مۇۋاپىق كۆرمەيمەن. لېكىن مەن ھېلىقى 3 خىل ياشلارنىڭ بىرلىشەلمەسلىكىنى قەتئىي ياقتۇرمايمەن. خۇددى مەن ئۆزۈمنىڭ بۇرۇنقى يازمىلىرىدا بايان قىلغىنىمدەك، ئەگەر ئۇلار

بىرلەشمەيدىكەن، قاتتىق ئۇيۇشمايدىكەن، ئۇلارنىڭ ھېچ قايسىسى بۇيرۇلغان ياردەمگە ئېرىشەلمەيدۇ.

مەن ماقالىنىڭ بۇ قىسمىدا «تىرىشچانلىق» ئۇستىدە توختىلىپ، ئۇنىڭ 2-قىسمىدا «ئىبادەت» ھەققىدىكى مەزمۇنلارنى بايان قىلىمەن.

## 1. تىرىشچانلىق

مېنىڭ بۇ قىسمىدا بايان قىلىدىغىنىم ئويغاننىڭ «ئۆزىڭىزنىڭ كىملىكىنى بايقىۋېلىڭ» دېگەن تېمىدىكى بىر لېكسىيەسىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى [3]. بۇ لېكسىيە تورلاردا 2014-يىلى ئېلان قىلىنغان بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 24 مىنۇت ئىكەن. مەن بۇ يەردە ئۇ لېكسىيەنىڭ پەقەت ئۆزۈم مۇۋاپىق كۆرگەن، ۋەتەندىكى ئۇيغۇرچە تورلارغا ماس كېلىدىغان بىر قىسىم مەزمۇنلا بايان قىلىمەن.

ياراتقۇچىمىز مۇشۇ دۇنيادا ياشاۋاتقان ھەر بىر ئادەمگە چەكلىك مىقداردىكى رىزىق بىلەن چەكلىك مىقداردىكى مەسئۇلىيەتنى ئاتا قىلغان. پۇل، دوستلىرىمىز، ئائىلىمىز، بىلىمىمىز، بىزگە يېڭى بىلىملەرنى ئۆگىتىدىغان كىشىلەر، بىزدىن بىلىم ئۆگىنىدىغان كىشىلەر، بالىلىرىمىز، قىسقىسى، ھاياتىمىزدىكى ھەممە ياخشى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ياراتقۇچىمىز بىزگە ئاتا قىلغان رىزىقلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ياراتقۇچىمىز ھەر بىر ئادەمگە چەكلىك مىقداردىكى قىيىن ئۆتكەل ياكى مەسئۇلىيەتنىمۇ بۇيرۇغان. سىزگە ئاتا قىلىنغان ۋەزىپە-پۇرسەتلەر (challenges and opportunities) ماڭا ئاتا قىلىنغان ۋەزىپە-پۇرسەتلەر بىلەن ئوخشىمايدۇ. ئاللاھ بەزىدە سىزگە پۇرسەت ئىشىكىنى ئېچىپ بېرىدۇ، ئەمما سىز ئۇ ئىشىكتىن مېڭىپ ئۆتۈشنى رەت قىلىسىز. ئەگەر سىز ئاشۇنداق ئىشىكتىن ئۆتسىڭىز نۇرغۇن مۇكاپاتلارغا ئېرىشەلەيسىز. ئەمما سىز بەزىدە ئۇ ئىشىكتىن ئۆتمەسلىكنى تاللايسىز. شۇنىڭ بىلەن مۇكاپاتقا ئېرىشىشنىڭ ئورنىغا ئازابلىنىسىز. ھەمدە بۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھتىن ئاغرىنىسىز.

قىسقىسى، ھاياتتا ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆز ئالدىغا بىردىن ئايرىم ئورنى بار بولىدۇ. ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆز ئالدىغا مەلۇم مىقداردىكى ۋەزىپىسى بىلەن مەلۇم مىقداردىكى پۇرسەتلىرى بار بولىدۇ.

بۇ يەردە مۇنداق بىر سوئال تۇغۇلىدۇ: نېمە ئۈچۈن ئاللاھ ھەممە ئادەملەرگە ئوخشاش مىقداردىكى ۋەزىپىلەر بىلەن ئوخشاش مىقداردىكى پۇرسەتلەرنى ئاتا قىلمايدۇ؟ بۇنىڭغا تۆۋەندىكى ئايەت جاۋاب بېرىدۇ: «ئۇلارغا ئېيتقىن: ھەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ مايىللىقى بويىچە ئىشلەشكە ئۇرۇنۇپ بېقىشى كېرەك» (ئۇيغۇرچە قۇرئاندىكىسى: **«ھەر ئادەم (ھىدايەت ۋە گۇمراھلىقتا) ئۆز يولى بويىچە ئىش قىلىدۇ (17:84)»**). پسىخولوگىيە ئىلمى بويىچە ئېيتقاندا، ھەر بىر ئادەم مەلۇم ئالاھىدىلىكلەر بىلەن ئالدىن پروگراممىلانغان بولىدۇ. بەزى كىشىلەر چاقچاقچى كېلىدۇ، يەنە بەزى كىشىلەر بولسا ھەممە ئىشقا جىددىي قارايدۇ. بىر قىسىم كىشىلەر تەبىئىي-پەنگە مايىل كېلىدۇ، يەنە بىر قىسىم كىشىلەر بولسا ئىجتىمائىي-پەننى ياخشى كۆرىدۇ. كىشىلەرنىڭ خاراكتېرى بىر-بىرىنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. ئاللاھ دەيدۇكى، ئالدى بىلەن ھەر بىر ئادەم ئاللاھ ئۆزىگە قانداق تالانت ياكى يوشۇرۇن قابىلىيەتلەرنى بەرگەنلىكىنى بايقىۋېلىشى، ئاندىن ئاشۇ تالانت ياكى يوشۇرۇن قابىلىيەتلەرنى ئىشقا سېلىش يولىدا تىرىشىشى كېرەك. ئاللاھ كىشىلەرنىڭ مىجەز-خاراكتېرلىرىنى بىر-بىرىنىڭكىگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان قىلىپ ياراتقان. ھەر بىر ئادەم بارلىق تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ، ئۆزىدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتلەرنى ئېنىقلاپ چىقىشى، ئاندىن ئۆزىگە ئاتا قىلىنغان پۇرسەتلەردىن پايدىلىنىپ ئاشۇ يوشۇرۇن قابىلىيەتلەرنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە تولۇق جارى قىلدۇرۇشى كېرەك. شۇنداقلا ھەر بىر ئادەم ئۆزىدىكى ئاجىزلىقلار ئۈستىدىن غالىپ كېلىش ئۈچۈنمۇ تىرىشىشى كېرەك.

بۇ ئايەتتە كۆزدە تۇتۇلغىنى ئايرىم-ئايرىم كىشىلەر بولۇپ، ئۇ بىر ئىنتايىن كۈچلۈك ئايەتتۇر. قۇرئاننىڭ يەنە بىر يېرىدە مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان، ئەمما بىر مىللەت ياكى بىر دۆلەتنى كۆزدە تۇتقان ناھايىتى كۈچلۈك ئايەتتىن بىرى بار. ئۇ ئايەتنىڭ مەنىسى، ھەر بىر مىللەتنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى ۋە ئاجىزلىقلىرى بار بولۇپ، ئۇلار ئۆز ئارتۇقچىلىقلىرىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئاجىزلىقلىرى ئۈستىدىن غالىپ كېلىشكە تىرىشىشى كېرەك. شۇنداقلا ئوخشىمىغان مىللەتلەر ئۆز-ئارا ئۆگىنىپ، بىر-بىرىنىڭ كەم يەرلىرىنى تولدۇرۇشقا تىرىشىشى كېرەك.



1 ـ رەسىم: ئوقۇش (قەشقەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى)

ھەر بىر ئادەمنىڭ ياخشى تەرىپىمۇ بار، ناچار تەرىپىمۇ بار. يۇقىرىدىكى ئايەتنىڭ مەنىسى، ھەر بىر ئادەم ئۆزىدىكى ئاجىزلىقلارنى يېڭىپ، ئۆزىدىكى ئارتۇقچىلىقلارنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇشقا تىرىششى كېرەك.

بۇ يەردە يەنە بىر سوئال تۇغۇلىدۇ: ئادەملەردىكى بىر-بىرىنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان خاراكتېرلەر نەدىن كەلگەن؟ پسىخولوگىيە ئىلمى گېنلىق (ياكى ئىرسىيەتلىك) قوشكېزەكلەرنى تەتقىق قىلىدۇ. بەزى قوشكېزەكلەرنىڭ بىرى قىزىل رەڭنى ياخشى كۆرسە، يەنە بىرى يېشىل رەڭنى ياخشى كۆرىدۇ. بەزى پسىخولوگىيە مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ دېيىشىچە، گېنلىق قوشكېزەكلەرنىڭ مىجەزىنى ئۇلارنىڭ گېنى بىلەن ئۇلار ئۆسۈپ يېتىلگەن مۇھىت بەلگىلەيدۇ. ئەمما، گېنى ئوخشاش، ھەمدە بىر ئۆيدە چوڭ بولغان بىر جۈپ قوشكېزەكلەرنىڭ مىجەزلىرىمۇ بىر-بىرىنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. بەزىدە بىر جۈپ قوشكېزەك ئوغۇل باللارنىڭ بىرى ۋېلسىپىتنى ياخشى كۆرسە، يەنە بىرى كېمىنى ياخشى كۆرىدۇ. بۇنداق ئەھۋاللارنىڭ نېمە ئۈچۈن يۈز بېرىدىغانلىقىنى پسىخولوگىيە ئىلمى بىلەن چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ. ئەمما ئاللاھ بۇ سوئالغا كېيىنكى ئايەت (17:85) تە جاۋاب بېرىدۇ: «**ئۇلار سەندىن روھنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە**

سورىشىدۇ. دېگىن، سىلەرگە پەقەت ئازغىنا ئىلىم بېرىلگەن.» ئەرەبچىدە «روھ» دېگەن سۆز بىر قىزىقارلىق سۆز بولۇپ، ئۇ خۇشاللىق، كۆڭۈللۈك، رازىمەنلىك، ۋە قانائەت دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان بىر سۆزدىن كەلگەن. بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ مەنبەسى بىزنىڭ ئىچىمىزگە قاچىلانغان، ئۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ھېچ كىم بىلمەيدىغان «روھ» تىن ئىبارەتتۇر.

دۇنيادىن ئىككىسى بار. ئۇنىڭ بىرى يارالغۇچىلار دۇنياسى (world of creation)، يەنە بىرى بولسا ئەمىر (بۇيرۇق) نىڭ دۇنياسى (world of command). بۇنىڭ مەنىسى نېمە؟ ئاللاھ بىز ياشاۋاتقان فىزىكىلىق دۇنيانى ياراتقان بولۇپ، بۇ دۇنيا بىر قىسىم تەبىئەت قانۇنىيەتلىرى بويىچە ھەرىكەت قىلىدۇ. مەسىلەن، يەرگە ئۇرۇق سالسىڭىز، ئۇ بىر دەمدىلا بىر چوڭ دەرەخكە ئايلانمايدۇ. ئۇنىڭ بىر دەرەخ بولۇپ چىقىشى مەلۇم بىر قانۇنىيەت ياكى جەريان ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. ئەمما، بۇيرۇق دۇنياسىدا بولسا ئاللاھ بىر ئىشنى بۇيرۇسا، ئۇ ئىش شۇ زامانلا بىر مۇكەممەل شەكىلگە كىرىدۇ. مەسىلەن، پەرىشتىلەر بۇيرۇق دۇنياسىغا تەۋە. «روھ» مۇ ھەم شۇنداق. ئۇمۇ بۇيرۇق دۇنياسىغا تەۋە. قۇرئانمۇ بۇيرۇق دۇنياسىغا تەۋە. بۇيرۇق دۇنياسىغا تەۋە نەرسىلەر كۆزگە كۆرۈنمەيدۇ. ئۇلار بىزنىڭ چۈشەنچىمىزدىكى ۋاقىتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ. ئۇلار بىزنىڭ چۈشەنچىمىزدىكى ئارىلىقنىڭ چەكلىمىسىگىمۇ ئۇچرىمايدۇ. ئۇلار بىزنىڭ چۈشەنچىمىزدىكى ھېچ بىر جەرياننىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ. بۇ ئىككى دۇنيا كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بىر-بىرىدىن ئايرىلغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

ئىنسانلارنىڭ جىسمانىي بەدىنى يارالغۇچىلار دۇنياسىغا تەۋە بولۇپ، بىزدىكى روھىي ئامىللار بولسا بۇيرۇق دۇنياسىغا تەۋە نەرسىلەردۇر. بىزنىڭ بۇيرۇق دۇنياسىدىكى نەرسىلەر ھەققىدە بىلىدىغانلىرىمىز ئىنتايىن ئاز. ئاللاھ بىزگە ئاشكارىلىغان ئازراق نەرسىدىن باشقىسىنى بىز چۈشەنمەيمىز ياكى كۆرەلمەيمىز. بىزنىڭ مىجەز-خاراكتېرىمىزنى بەلگىلەيدىغان، بىزنىڭ ئىچىمىزگە قاچىلاپ قويۇلغان بىر نەرسە بار. ئەمما بىزنىڭ ئۇ نەرسە ھەققىدە بىلىدىغانلىرىمىز ئىنتايىن ئاز.

يۇقىرىقىدىكى ئايەتنىڭ مەنىسى، سىز ئۆز مايىللىقىڭىز بويىچە تىرىشقانسېرى سىز ئۆزىڭىز ھەققىدە كۆپرەك بىلىمگە ئىگە بولالايسىز. سىز

ئەمەلىي ئىشلارنى باشلىمىغىچە، ئۆزىڭىزنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بايقىيالمايسىز. بۇ ھەر بىر ئادەم ئەستە چىڭ تۇتۇشقا تېگىشلىك بىر مۇھىم ئىشتۇر.

ھازىر بىر قىسىم ياشلار «مەن نېمە ئىش قىلسام بولىدىغانلىقىنى بىلەلمىدىم»، دەيدۇ. ھەمدە ھېچ ئىش قىلمايدۇ. ئۇ يەرگە بېرىپ مەسلىھەت ئالىدۇ. بۇ يەرگە بېرىپ مەسلىھەت ئالىدۇ. يەنە مەسلىھەت ئالىدۇ. ۋە يەنە مەسلىھەت ئالىدۇ. ئاندىن «مەن 100 ئادەمدىن مەسلىھەت سورىسام، 100 خىل جاۋابقا ئېرىشتىم»، دەيدۇ. دېگىنىڭىز توغرا: سىز 100 ئادەمدىن مەسلىھەت سورىسىڭىز، 100 خىل جاۋابقا ئېرىشىسىز. بۇنىڭ سەۋەبى، ئىنسانلار ئىندىۋىدۇئاللاردىن تەركىب تاپقان بولغاچقا، ئۇلار سىزگە ئىندىۋىدۇئال جاۋابلارنى بېرىدۇ.

سىز ئەمەلىي ئىش باشلىمىغىچە، ئۆزىڭىزنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بايقىيالمايسىز. ئۆزىڭىزنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى بايقىيالمايسىز، ۋە ئۆزىڭىزدىكى ئاجىزلىقلارنىمۇ بىلەلمەيسىز. ئىشلەشتىن قورقماڭ. ئەمەلىي ئىش باشلاشتىن، ئۇرۇنۇپ بېقىشتىن، سىناپ بېقىشتىن، ۋە مەغلۇپ بولۇشتىن قورقماڭ. مەغلۇبىيەت سىز ئۈچۈن پايدىلىق. ئۇ تامدىكى مۆكۈلۈپ قالغان تۆشۈكلەرنى ئېچىپ بېرىدۇ. ئۇ سىزنىڭ قايسى جەھەتتە تېخىمۇ تىرىشىشىڭىز كېرەكلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. سىز ياخشى قىلالايدىغان ئىشلارنى، ھەمدە ئۆزىڭىزنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تېگىشلىك ئىشلارنىمۇ سىزگە ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. سىز ئەمەلىيەتتە بىر ئىش قىلىپ سىناپ باقمىغۇچە، يۇقىرىدىكىدەك ئىشلار ئۆزلۈكىدىن يۈز بەرمەيدۇ.

روھ بۇيرۇق دۇنياسىغا تەۋە بولۇپ، ئۇ ئاللاھتىن كېلىدۇ. ئەمما بىز ياشاۋاتقان بۇ دۇنيادىكى ھايات چېكى يوق ھايات ئەمەس. بىز بۇ دۇنياغا يارىلىپ، بۇ دۇنيادا ئۆمۈر كۆرۈپ، ئۆزىمىزنىڭ قانداق ئىشلارنى قىلالايدىغانلىقىمىزنى بايقاپ، ئاندىن قېرىغىچە ياشىيالايدىغان ۋاقتىمىز ئۈنچىۋالا ئۇزۇن ئەمەس. ئۆزىمىزدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتلەرنى بايقاپ، ئۇلارنى ئىشقا سېلىپ، ئۇنىڭدىن يېتەرلىك نەتىجە يارىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلالايدىغان ۋاقتىمىز ئۈنچىۋالا ئۇزۇن ئەمەس. شۇڭلاشقا بىر قىسىم ئىشلارنى قىلىپ سىناپ بېقىشتىن قورقماڭ. ياراتقۇچىمىز بىزگە ھەر خىل ئىشلارنى قىلىشنىڭ نۇرغۇن پۇرسەتلىرىنى ھازىرلاپ بەرگەن. شۇڭلاشقا ئاشۇ پۇرسەتلەردىن پايدىلىنىپ، يېڭى ئىشلارنى قىلىپ سىناپ بېقىشتىن

قورقماڭ. ئېگىلىك تىكلەشتىكى يېڭى ئىشلارنى سىناپ بېقىڭ. يۇقىرى پەللىگىچە ئوقۇش جەھەتتە يېڭى ئىشلارنى سىناپ بېقىڭ. يېڭى خىزمەتلەرنى سىناپ بېقىڭ. «بۇنى قىلسام بولارمۇ-بولماسمۇ؟»، «ئۇنى قىلسام ئوڭۇشلۇق بولارمۇ-بولماسمۇ؟»، «ئاۋۇنى قىلسام مۇۋەپپەقىيەتلىك بولارمۇ-بولماسمۇ؟»، دەپ، ئۆزىڭىزگە ئىشەنچ قىلالماي ياشىسىڭىز، ھېچ قانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايسىز. مەغلۇپ بولۇشتىن ئەنسىرەشنى توختىتىڭ. بىر مەغلۇبىيەت بىلەنلا چۈشكۈنلىشىپ كېتىشنى توختىتىڭ. ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆزىڭىزدە قانداق تالانتلار بارلىقىنى ئېنىقلاپ چىقىش، ۋە ئۇلارنى تولۇق ئىشقا سېلىش يولىدا تىرىشىڭ. سىز كۆڭلىڭىزدىكى گۇمانىنى يوقىتىپ، ئەمەلىي ئىش باشلايدىكەنسىز، ئاجايىپ ئېسىل ئىشلار ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. بىر ئىشنى باشلاڭ، ھەمدە ئاشۇ ئىشنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە تىرىشىپ تۇرۇپ قىلىڭ. ھەرگىزمۇ بىر ئىشنى باشلاپ، ئازراق ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان ھامان ئۇنىڭدىن ۋاز كەچمەڭ. بۇ دۇنيا جەننەت ئەمەس. ئىشلىرىڭىز بەزى كۈنلىرى ياخشى ماڭىدۇ، بەزى كۈنلىرى بولسا ياخشى ماڭمايدۇ. ھايات دېگەن ئەنە شۇنداق نەرسە. نېمە ئىش بىلەن شۇغۇللىنىشىڭىزدىن قەتئىينەزەر، ئۇنى ئۆزىڭىزنىڭ بارلىقىنى ئاتاپ، ۋە ئەڭ زور تىرىشچانلىقنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ قىلىڭ. سىزنىڭ چوقۇم بىر قانچە ئۆزىڭىز ئەڭ ئىشىنىدىغان كىشلىرىڭىز بار. پەقەت شۇلاردىنلا مەسلىھەت سوراپ ئىش قىلىڭ. بەك كۆپ كىشىلەردىن مەسلىھەت ئالسىڭىز، سىز بەزىدە مەسىلىڭىزنى ھەل قىلىدىغانغا بىر چارە تاپالماي، ئۇنىڭ ئەكسىچە قولىڭىزدىكى ئىشنى قىلمايدىغانغا بىر باھانە تېپىپ ئىشنى تامام قىلىسىز. مەسلىھەتنى مەقسەتلىك ئېلىڭ، ھەمدە ئۆزىڭىز ئىشىنىدىغان كىشىلەردىن ئېلىڭ. ئەگەر ئىشەنچلىك كىشىلىرىڭىزدىن بىر قانچە خىل مەسلىھەتكە ئېرىشىپ قالسىڭىز، ئۆزىڭىز بىرىنى تاللاپ، قالغان ئىشنى ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلىپ، ئەمەلىي ئىش باشلاڭ. مانا بۇ ئۆز-ئۆزىنى بايقاشنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلىدۇر. ئەگەر بۇ ئۇسۇلنى ئۆزىڭىزگە ياخشى تەدبىقلايدىكەنسىز، ھاياتىڭىزدا ئۆزىڭىز ئۈچۈنمۇ ناھايىتى ئېسىل ئىشلار ۋۇجۇدقا كېلىدۇ، شۇنداقلا سىز باشقىلار ئۈچۈنمۇ ئاجايىپ ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بېرەلەيسىز.

ئويغانىنىڭ «ئۆزىڭىزنىڭ كىملىكىنى بايقىۋېلىڭ»، دېگەن لېكسىيىسىنىڭ مەزمۇنى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى. مەن بىر قانچە ھەپتە ئىلگىرى تورلاردا ئېلان قىلغان «ھاياتنىڭ مەقسىتى ۋە قىممىتى ھەققىدە»

دېگەن ماقالە مەزكۇر ماقالىدىكى مەزمۇنلارنى تولۇقلايدىغان بولۇپ، مەن تېخى ئوقۇپ باقمىغان قېرىنداشلارغا ئاشۇ ماقالىنىمۇ بىر قېتىم ئوقۇپ بېقىشنى تەۋسىيە قىلىمەن. مەن مەزكۇر ماقالىنىڭ كېيىنكى قىسمىدا «ئىبادەت» ئۈستىدە توختىلىمەن.

مەن مەزكۇر ماقالىنىڭ ئالدىنقى قىسمىدا **«جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم (51:56)»** دېگەن ئايەت ئۈستىدە ئازراق توختىلىپ، ئاندىن «تىرىشچانلىق» دېگەن ئۇقۇم ئۈستىدىكى بىر قىسىم مەزمۇنلارنى بايان قىلدىم. ماقالىنىڭ مەزكۇر قىسمىدا بولسا «ئىبادەت» ۋە شۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر قىسىم يېڭى مەزمۇنلارنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

## 2. ئىبادەت

تۆۋەندىكىسى ئويغاننىڭ «ئىبادەت ۋە قۇللۇق سۆزلىرىنىڭ ئىسلامدىكى ئېنىقلىمىسى» دېگەن لېكسىيەسىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنلىرى [1].

### (1) ئويغاننىڭ لېكسىيەسى

ئەرەبچىدىكى «ئىبادەت» سۆزى ئىككى نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەگەر ئۇ سۆزنى تەرجىمە قىلغاندا ئاشۇ ئىككى نەرسىنىڭ بىرسىنى ئىشلەتسەك، ئۇ سۆزنىڭ مەنىسى تولۇق بولمايدۇ. كىلاسسىك ئەرەبچە بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بۇ ئىنگلىزچىنىڭ بىر يېتەرسىزلىكىدۇر. كىلاسسىك ئەرەبچىدە كۆپلىگەن ئۇقۇملار بىر سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭلاشقا بىر سۆزنى تەرجىمە قىلغاندا ئۇ بىلدۈرىدىغان ئۇقۇملارنىڭ بىر قىسمىنىلا ئىشلەتسەك، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدە قالايمىقانچىلىق كېلىپ چىقىدۇ. «ئىبادەت» سۆزى ئىپادىلەيدىغان بارلىق ئۇقۇملارنى مۇنداق ئىككى سۆزگە يىغىنچاقلىغىلى بولىدۇ: «ئىبادەت» (worship) ۋە «قۇللۇق» (slavery). بىز «ئىبادەت» سۆزىنى ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلغاندا، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئۇ بىلدۈرىدىغان ئۇقۇملارنىڭ پەقەت بىرسىنى، يەنى، «ئىبادەت» نى ياكى «قۇللۇق» نى ئىشلىتىمىز. ئەمما ئەرەبچە سۆزدە بۇ ئىككى ئۇقۇم بىرلەشتۈرۈلۈپ، بىرلا سۆز بىلەن ئىپادىلەنگەن.

تۆۋەندە مەن «ئىبادەت» بىلەن «قۇللۇق»، يەنى «ئىبادەت» سۆزى ئىپادىلەيدىغان ئىككى ئۇقۇمنى قىسقىچە چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمەن. بامدات نامىزىنىڭ ۋاقتى بولغاندا، بىز ناماز ئوقۇپ، ئاللاھقا ئىبادەت قىلىمىز. پېشىن نامىزىنىڭ ۋاقتى توشقاندا، بىز ناماز ئوقۇپ، يەنە ئاللاھقا ئىبادەت قىلىمىز. ئەمما، بۇ ئىككى قېتىملىق نامازنىڭ ئارىلىقىدىكى ۋاقىتلاردا بىز نېمە ئىش قىلىمىز؟ بىز ئاللاھنىڭ قۇلى بولىمىز. سىز ئۇخلاۋاتقاندا ئاللاھقا ئىبادەت قىلمايسىز، ئەمما يەنىلا ئاللاھنىڭ قۇلى بولۇپ تۇرىسىز. ئەتىگىنى ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ، يۈزىڭىزنى يۇيۇپ، ئەتىگەنلىك تامىقىڭىزنى يەپ، ماشىنا ھەيدەپ ئىشقا بارغاندا سىز ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ئىش-ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللانمايسىز، ئەمما سىز يەنىلا ئاللاھنىڭ قۇلى ھالىتىدە تۇرىسىز. «ئىبادەت» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنىڭ بىر قىسمى بىر خىل ئالاھىدە ئىش-ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. «روزا تۇتۇش، ناماز ئوقۇش، ھەجگە بېرىش، قۇرئاننى قىرائەت قىلىش، ۋە زاكات بېرىش» قاتارلىقلار ئاكتىپ ھالدىكى «ئىبادەت» ئىش-ھەرىكەتلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەمما سىز يۇقىرىقىدەك ئىش-ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بولۇڭ-بولماڭ، سىز ھەممە ۋاقىت «ئاللاھنىڭ قۇلى» ھالىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىسىز. بۇ ئۇقۇم ئىنتايىن كۈچلۈك. ئۇنىڭ مەنىسى بىز يالغۇز جۈمە نامىزىغا ئوخشاش ئالاھىدە ۋاقىتلاردا ئاللاھ بىزدىن ئىستىگەن تەرىقىدە ياشاپلا قالماي، ئىككى قېتىملىق نامازنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ۋاقىتلاردىمۇ ئاللاھنىڭ قۇلى بولۇپ ياشايمىز. نامازنىڭ ئارىلىقىدىكى ۋاقىتلاردىمۇ بىزنىڭ ئاللاھ بىلەن بولغان باغلىنىشىمىز ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ. بەزى كىشىلەر نۇرغۇن ۋاقىتلاردا ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدۇ، ئەمما ئاللاھنىڭ قۇلىدەك ئىش كۆرمەيدۇ. ئۆزىنىڭ ھاراق دۇكىنى بار بەزى كىشىلەر ھەر كۈنى 5 ۋاق نامازنى ئوقۇيدۇ، ئەمما باشقا ۋاقىتلاردا ئاللاھنىڭ قۇلىغا لايىق ئىش كۆرمەيدۇ. سىز بەزىدە «ئىبادەت» سۆزىنىڭ ئىنگلىزچىدىكى چالا تەرجىمىسىگە ئاساسلىنىپ، «مەن ھېچ بولمىغاندا ئاللاھقا ئىبادەت قىلىۋاتىمەن، شۇڭا مېنىڭ ۋەزىپەم تۈگىدى»، دەپ ئويلايسىز، ئەمما ئاللاھنىڭ قۇلىغا لايىق ئىش كۆرمەيسىز. دېمەك، ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش مەجبۇرىيەتنىڭ پەقەت بىر قىسمى، ئۇنىڭ يەنە بىر قىسمى بولسا ئاللاھنىڭ قۇلى بولۇشتىن ئىبارەت. «ئىبادەت» سۆزى ئاشۇ ئىككى مەجبۇرىيەتنىڭ ھەر ئىككىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئويغانىنىڭ «ئىبادەت ۋە قۇللۇق سۆزلىرىنىڭ ئىسلامدىكى ئېنىقلىمىسى» دېگەن لېكسىيەسىنىڭ قالغان قىسمىنى بۇ ماقالىغا كىرگۈزۈشنى مۇۋاپىق كۆرمىدىم.

مەن ئالدىنقى جۇمە كۈنى مەزكۇر ماقالىنىڭ 1-قىسمىنى تورلارغا چىقارغاندىن كېيىن، بىر قانچە قېرىنداشلار «ئىزدىنىش مۇنبىرى» گە بىلىملىك قىممىتى يۇقىرى بولغان ئىنكاسلارنى يازدى. مەن ئۇلارغا چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن. شۇنداقلا يۇقىرىدا ئويغان تەمىنلىگەن «ئىبادەت» ئۇقۇمىنى تولۇقلايدىغان ياكى بېيىتىدىغان ئىنكاسلاردىن ئۈچىنى بۇ يەرگە قىستۇرۇپ قويىمەن. مېنىڭچە كۆپلىگەن ئوقۇرمەنلەر بۇ ئىنكاسلاردىكى مەزمۇنلاردىن مەنپەئەت ئالالايدۇ.

### (2) «Fedaiy» قېرىندىشىمىز تەمىنلىگەن مەزمۇن (8-قەۋەت)

ناھايىتى ياخشى تېما يېزىپسىز بىلىمخۇمار ئاكا، بەرىكەتلەر ئۈستىگىزگە ياغقاي. بۇ ھەقتە مەن قانائەت تاپقان پىكىر مۇنداق. ئېيتىپ باقاي، پايدىسى بولۇپ قالا...

ئىبادەت - پەقەتلا ناماز ئوقۇپ قويۇش، تىلاۋەت قىلىپ قويۇشلا ئەمەس. ئىبادەت ئەمەلىيەتتە ھاياتنىڭ پۈتكۈل جەريانى.

ئىبادەتۇل بەدەن (بەدەن ئارقىلىق قىلىنىدىغان ئىبادەت. يەنى، ناماز، روزا، ۋاھاكازا ...)؛ ئىبادەتۇل ئىقتىساد (پۇل-مال بىلەن قىلىدىغان ئىبادەت. يەنى، زاكات بېرىش، ئېھسان قىلىش، ۋاھالازا ...) ئىبادەتۇل قەلب (قەلب بىلەن قىلىنىدىغان ئىبادەت. يەنى، روھنى پاكلاش؛ قەلبتە ياد ئېتىش؛ رەببى بىلەن سەممىي دوستلۇق ئورنىتىش، ئالاقە باغلاپ تۇرۇش، ۋاھاكازا ...)

مەقسىدى «ئاللاھ رىزاسىنى قازىنىش» بولغان ھەرقانداق توغرا (ھارام بولمىغان) ئىش بىر ئىبادەت ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭغا ئەجىر-ساۋاب بېرىلىدۇ.

رەببىمىز بىزنى ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن ياشاشقا (ئىبادەت قىلىشقا) ئۈندەيدۇ. بۇ 4 مۇقەددەس كىتابنىڭ ھەممىسىدە تىلغا ئېلىنىدىغان مۇھىم ۋە يارقىن نوقتا. رەببىمىز قانداق بولغاندا بەندىسىدىن رازى بولىدۇ؟ قىسقا ئېيتساق: ياخشىلىقنى، توغرىلىقنى، مېھرىبانلىقنى، مۇھەببەتنى دۇنياغا ياياساق؛ بۇلارنى قەلبلەرگە ھاكىم قىلىپ ئىناق-ئىتىپاق دۇنيا قۇرۇپ چىقىشقا تىرىشساق؛ بىزگە ئامانەت بېرىلگەن بۇ دۇنيانى، خۇددى

جەننەتكە ئوخشاش گۈزەل قىلىشقا تىرىشساق رازى بولىدۇ. چۈنكى، رەببىمىز بەندىلىرىنىڭ خۇشال-خورام ۋە ھوزۇرلۇق ياشىشىنى خالايدۇ.

ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىنسان ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن ئىبادەت قىلىۋاتقاندا (ياشاۋاتقاندا)، پەقەت ئاللاھنىڭ شانىنى يۈكسەلتىۋاتقانلا بولمايدۇ، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە، ئۆزى ئۈچۈنمۇ پايدىلىق ئىش قىلىۋاتقان، ئۈيۈشىۋاتقان، ئەقلى، ئەخلاقى، جىسمانىي ۋە روھى جەھەتتىن تاكامۇللىشىۋاتقان بولىدۇ.

ئەڭ ئاددىي مىسال ئالساق: باشقىلارنىڭ ھەققىنى يەۋالماقچى بولغان بىراۋ «مەن مۇشۇ ئىشنى قىلسام رەببىم مەندىن رازى بولامدۇ؟» دېگەننى سەمىمىيلىك بىلەن ئويلىيالىسا ۋە رىزالىق كۆزلىيەلىسە ئىدى، باشقىلارنىڭ ھەققىنى يەۋالمىغان بولاتتى.

چۈنكى رەببىمىز، «ئەگەر رازىلىقىمنى كۆزلىسەڭلار، كىشىنىڭ ھەققىنى يىمەڭلەر!؛ ئىناق ئۆتۈڭلار!؛ سەمىمىي بولۇڭلار!؛ مېھىر-مۇھەببەتلىك بولۇڭلار! ...» دەپ خىتاب قىلىدۇ. كۆپ قىسىم كىشىلەر بۇ خىتابلارغا قۇلىقىنى يوپۇرىۋالمىسا ئىدى، يەر يۈزىدە ئاجىزلارنىڭ نالىسى، ھوزۇرسىزلىق دەيدىغان نەرسە قالمىغان، خۇددى جەننەتتەك گۈزەل بولۇپ كەتكەن بولار ئىدى.

مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، رەببىمىزنىڭ «مەن ئۈچۈن قىل ...» دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيەتتە ئۆزىمىز ئۈچۈن پايدىلىق ئىشلاردۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەشۇ خىتابلارغا قۇلاق سالغان ئىنسان ئۆزى ئۈچۈن پايدىلىق ئىش قىلىۋاتقان بولۇپلا قالماستىن، يەنە تېخى بۇلارنىڭ ساۋابى ۋە مۇكاپاتىنى ئاخىرەتتە ھەسسىلەپ ئالىدۇ. بۇ نېمە دېگەن ئاقىلانە سودا؛ بىز نېمە دېگەن گۈزەل ئىشقا تەكلىپ قىلىنغان ...

ئەمدى تىرىشچانلىققا كەلسەك: سەمىمى ھالدا قەلبىڭىزگە يۈزلىنىپ تۇرۇپ رەببىڭىزنىڭ رازىلىقىنى كۆزلىگەن ھەممە ئىش تىرىشچانلىق دائىرىسىگە كىرىدۇ. ئەلۋەتتە ھەركىمنىڭ ھاياتى ھەرخىل بولىدۇ. شۇڭا ھەركىم ئۆزگە ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدىغان ۋە ئۇنۇم بېرىدىغان تىرىشىش شەكلىنى تاللىۋالسا بولىدۇ.

«مەن كىم؟»، «قانداق ياشىشىم كېرەك؟»، «مەن قانداق ئىمكانىيەتلەرگە ئىگە؟»، «نېمىلەرنى قىلالايمەن؟»، «قايسى يول بىلەن، قانداق ئىشقا ئاشۇرىمەن؟» دېگەندەك سوئاللار ھەققىدە چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈش توغرا بولغان تىرىشىش شەكلىنى تۇرغۇزۇۋېلىشىمىزغا پايدىلىق.

ئەمما، «ياخشىلىق» ۋە «يامانلىق» نىڭ تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغىنىدەك، رەببىمىز تەكلىپ قىلغان ئەنە شۇ ياخشىلىققا قولىقىنى يوپۇرۇۋالىدىغان، توغرا يولنىڭ ئۈستىدە ئەگرى ئولتۇرۇۋالىدىغان، باشقىلارنى ئازدۇرۇشنى، تېيىلدۇرۇشنى ئويلايدىغان، بۇ مەقسىدىگە يېتىش ئۈچۈن، پىتنە تاپىدىغان، ئايرىمچىلىق پەيدا قىلىدىغان، ھەتتا سۇيىقەست قىلىشتىن يانمايدىغان شەيتان تەبىئەتلىكلەر ھامان ھەر يەردە مەۋجۇت. بۇلار جەننەتتەك گۈزەل دۇنيانى دوزاققا ئايلاندۇرماقتا، بىز ئىنسانلار پەقەت ئەنە شۇنداق رەزىل نىيەتلىكلەر بىلەن (ئىلمىمىز ئارقىلىق، ئەقلىمىز ئارقىلىق، توغرا يولنى كۆرسىتىش ئارلىقىلىق، بۇ سەپەردە بىر-بىرىمىزگە يار-يۆلەك بولۇش ئارقىلىق) كۆرەش قىلىمىز.

مانا بۇ نىشان، بۇنىڭ جەريانى تىرىشچانلىقتىن ئىبارەت.

### (3) «86» قېرىندىشىمىز تەمىنلىگەن مەزمۇن (11 ـ قەۋەت)

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم. مەن باش تېمىغا ئازراق پىكىر بېرەي.

ھازىرقى دۇنيادا مۇسۇلمانلار ئۇقۇم خاتالىقىنىڭ زىيىنىنى تارتىۋاتىدۇ. بولۇپمۇ غەيرى مۇسۇلمانلارنىڭ دىنغا بولغان چۈشەنچىسىدىن تەربىيە ئالغان كىشىلەر تېخىمۇ شۇنداق.

باش تېمىدا ئېيتىلغان ئىككى سۆز توغرۇلۇق تۈزىتىش بېرىپ قويۇشنى مۇۋاپىق كۆردۈم. بىرى «ئىبادەت» نىڭ مەنىسى، يەنە بىرى «تەقۋادارلىق» نىڭ مەنىسى ۋە ئۇز ئىچىگە ئالىدىغان دائىرىسى.

#### 1) ئىبادەت

ئۇيغۇر مۇسۇلمانلارنىڭ تولىسى «ئىبادەت قىلىش» دىگەن سۆزنى ئاڭلىغاندا، ئېسىگە كېلىدىغىنى ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش قاتارلىق پەرىزلەرنى ئادا قىلىش، قىرائەت قىلىش قاتارلىق ئىبادەتنىڭ بىر قىسىم تەركىۋىنىلا كۆز ئالدىغا كەلتۈرىشى مۇمكىن. مۇشۇنداق بولىشىدا بەلكىم ئىسلام دىنىدىن باشقا دىنلارنىڭ ھاياتتىن ئايرىلغان ھالىتىنى كۆرۈپ، يەنە ئىسلام دىنىنىڭ سىرتىدىكىلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئىلاھنى تونۇمايدىغان كىشىلەرنىڭ دىن قارىشىنى قوبۇل قىلىپ، ئىسلام دىنىمۇ شۇنداق ھاياتتىن ئايرىلغان بىر يول دەپ ئويلاپ قالغانلىقىدىن شۇنداق بولغان بولىشى مۇمكىن.

ئەمەلىيەتتە، ئىسلام دىنىدا ئېيتىلغان «ئىبادەت قىلىش» بۇتقا چوقۇنغۇچىلارنىڭ ئىبادەتخانىدىكى بۇتقا چوقۇنۇشنى ئىپادىلىشكە ئوخشاش هايات پائالىيىتىنىڭ باشقا ئىشلىرى بىلەن ئالاقىسى بولمىغان تار دائىرىلىك مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەمەس. بەلكى، بىر كۈننى مىسالغا ئالساق، ئەشۇ 24 سائەتلىك ۋاقىتنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ھاياتىمىزدىكى ھەممە ئىشلىرىمىزنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دائىرىدە بولىدۇ.

ئىسلام دىنىدا ئېيتىلغان ئىبادەت- ماھىيەتتە، ئاللاھقا سەمىمي مۇھەببەت ھەم ئىخلاس بىلەن ئىتائەت قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان ھەر قانداق ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئىش-ھەركەتلىرىمىز، گەپ-سۆز ۋە ئوي پىكىرلىرىمىزنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

شۇڭا، ئىبادەت قىلىش دېگىنىمىز ئاللاھنى دىلىدا تونۇپ، ياخشى كۆرۈپ، قۇرئان كەرىمدە كۆرسەتكەن، ئاللاھنىڭ بىزگە بۇيرىغان بارلىق بۇيرۇقلىرىغا ئەمەل قىلىش، گۇناھ دەپ كۆرسەتكەن ئىشلارنى تەرىك ئېتىشنىڭ ئۆزى ئىبادەت قىلغانلىق ھىساپلىنىدۇ. شۇ مەنىدىن، ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، زاكات بېرىش، ھەج قىلىش، ئاللاھنى زىكرى قىلىش، دۇئا قىلىش قاتارلىقلار ئىبادەت؛ راست سۆزلەش، ئامانەتنى ئادا قىلىش، ئاتا-ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىش، ئۇرۇق-تۇققانلارغا سىلە -رەھىم قىلىش، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىش، ھالال رىزىق ئۈچۈن ئىشلەش، باشقىلارنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ گۇنادىن چەكلەش، بالا-قازالارغا سەۋرى قىلىش...قاتارلىق ئىسلامدا كۆرسەتكەن ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشنىڭ ھەممىسى ئىبادەتنىڭ تەركىپى ھىساپلىنىدۇ. ئىلىم ئۆگىنىش پەرىز بولغانلىقى ئۈچۈن ئىنسانغا پايدىلىق بولغان بىلىملەرنى ئۆگىنىشمۇ ئىبادەتنىڭ مۇشۇ تەركىپىنى ئادا قىلىپ ماڭغانلىق ھىساپلىنىدۇ . ئىسلامدا ئىبادەتنى پەقەت ئاللاھقىلا قىلىش كۆرسىتىلگەن. شۇڭا، ئاللاھ ئىسلامدا بىزگە كۆرسەتكەن بەلگىلىملەرگە ئىتائەت قىلىشتا، ئاللاھ شۇنداق كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن قىلۋاتىمەن دىگەن ئاڭ بولۇپ، ئاندىن شۇ ئىشلارنى قىلىش ئاللاھقا ئىبادەت قىلغانلىقى ھىساپلىنىدۇ.

بىلىمخۇمار ئەپەندىنىڭ باش تېمىنى يېزىشىدا، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە مۇشۇنداق قىلغىنىم ياخشى ئىش دەپ بىلىپ، ئاللاھنىڭ ساۋابىنى كۆزلەپ يازغان بولسا، بۇ ئىبادەت ھىساپلىنىدۇ. چۈنكى، ئەمەللەرنىڭ نەتىجىسى نىيەتكە باغلىق بولىدۇ.

مېنىڭ مۇشۇ ئىنكاسىنى يېزىپ، مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىنىڭ «ئىبادەت» ۋە «تەقۋادارلىق» ئۇقۇمىنى ياخشى بىلىۋېلىشى ئۈچۈن كۇنۇپكا تاختىسىنى بېسىپ ئولتۇرغانلىقىم ئىبادەت تۈرىدىن ھېساپلىنىدۇ.

بىلىم ئېلىش پەرىز بولۇپ، تاقىتى يەتكەن دەرىجىدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ بىلىم ئېلىپ، ئۇنى ئىنسانلارنىڭ ياخشى ئىشقا پايدىلىنىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشى، مۇشۇ ئىشلارنى قىلىشتىمۇ ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن قىلغان بولسا، بۇمۇ ئىبادەت. بىلىمخۇمار ئەپەندى ۋە بىلگەجان قاتارلىق كىشلەرنىڭ ھالال رىزىق تېپىپ يېيىشى بىلەن بىرگە ، ئۆزىدىكى ئىقتىدارىنى ئۈنۈملۈك جارىي قىلدۇرۇپ ئىنسانلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشى، مۇشۇ ئىشلارنى قىلىشتا ئاللاھنىڭ ساۋابىنى كۆزلىگەن بولسا، ئاللاھقا ئىبادەت قىلغانلىقى ھېساپلىنىدۇ.

ئوخشاش بىر ئىشنى ئوخشاش بولمىغان مەقسەتتە قىلغىلى بولىدۇ. غەيرى مۇسۇلمانلارنىڭ قىلغان بەزى ئىشلىرى مۇسۇلماننىڭ قىلغان ئىشى بىلەن ئوخشاش بولسىمۇ، نىيەتتە پەرىق بولىدۇ. شۇڭا، مۇسۇلمان ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى نىيەت قىلسا، باشقىلار باشقىنى نىيەت قىلىدۇ.

ئىبادەت ئۇقۇمىدا، كۆپلىگەن مۇسۇلمانلارمۇ پەقەت ئاللاھ بىلەن بەندە ئوتتۇرىدىكى ئىبادەت تۈرىگىلا تارايتىۋېلىپ، پەقەت ناماز، روزا، زاكات، ھەج ۋە ئاللاھنى زىكرى قىلىش، دۇئا قىلىشلارنى ياخشى ئادا قىلىشنىلا «تەقۋادارلىق» دەپ ئويلىۋېلىپ، ئىسلامنىڭ يەنە بەندە بىلەن بەندە ئارىسىدىكى كۆرسەتمىلەردە ئىبادەت قىلىشقا سەل قاراپ، بولۇپمۇ ئىلىم ئۆگىنىش دىسە پەقەت شەرىئەت بىلىملىرىگىلا چەكلىنىۋېلىپ، ئىلىم-پەنگە سەل قاراپ، زىيان تارتىپ كەتتى.

ئەمدى تەقۋادارلىق توغرىسىدا توختىلاي.

## 2) تەقۋادارلىق

ئىبادەت قىلىش - ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئىتائەت قىلىشنى بىلدۈرسە، تەقۋادارلىق- ئەشۇ ئىتائەت قىلىشنىڭ مۇكەممەللىك دەرىجىسىنى كۆرسىتىدۇ. يەنى بىر ئادەمنىڭ ئاللاھنى سۆيۈش يۈزىسىدىن قىلىۋاتقان ئىبادەتلىرىنىڭ، تاقىتى يەتكەن دەرىجىدە مۇكەممەللىك دەرىجىسىنى كۆرسىتىدۇ.

بىر ئادەمنىڭ بىلىشى، تاقىتى، كۈچ -قۇۋۋىتى قاتارلىق جەھەتلەردە چەكلىك بولىدىغان بولغاچقا، ئادەملەر ئۈچۈن قايسى ئىشلار قايسى

ئىشلاردىن مۇھىم دىگەن جەھەتتىمۇ كۆرسەتمىلەرنى بەرگەن. ئادەمنىڭ تەبىئىتىگە قارىتا بەلگىلىمىلەرنى بەرگەن. ئىش ھەركەتلەرنىمۇ پەرىز، سۈننەت، مۇستەھەپ، مۇباھ، مەكرۇ، ھارام دەپ تۈرلەرگە بۆلۈپ ، بىجىرىش ۋە چەكلىنىشىنىڭ دەرىجىسىنىمۇ كۆرسىتىپ بەردى.

ساۋابى بولمايدىغان، ياكى ساۋابى كىچىك ئىشلارغا قارىغاندا، ساۋابى كۆپ ئىشلارغا بەكرەك ئەھمىيەت بېرىشىمىزنى كۆرسەتتى. بىر ۋاقىتتا ئىككى ساۋاپلىق ئىشنىڭ بىرىنى تاللاشقا توغرا كەلگەندە، ساۋابى چوڭىنى تاللايمىز. ئىككى زىياننىڭ بىرىنى تاللاشقا مەجبۇر بولغاندا، زىياننىڭ يىنىكىنى تاللايمىز.

ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئادەملەرنىڭ مەرتىۋىسى پەقەت تەقۋادارلىقىغا قاراپ بېكىتىلىدۇ (ئايەتتە شۇنداق مەزمۇن بار).

تەقۋادارلىقنىڭ مەزمۇنىنى توغرا چۈشەنگەندە، «ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھىساپلىنىسلەر» دىگەن ئايەتنى ئوقۇغاندا قانداق ئادەملەرنىڭ مەرتىۋىسى قىيامەتتە يۇقۇرى بولىدىغانلىقىنى، ۋە بۇ دۇنيادا قانداق تىرىشىش كېرەكلىكىنى توغرا بىلەلەيدۇ.

تەقۋادارلىق دىيىلسە، پەقەت بەش پەرىزگىلا چەكلىنىۋالغانلىقىدىن، يەنە نۇرغۇن ياخشى ئەمەللەرگە سەل قارايدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، مۇسۇلمانلار تەرەققىياتتا كەينىدە قالىدۇ. ئۇقۇم خاتالىقىنىڭ ئەنە شۇنداق زىيىنى چوڭ!

تەقۋادارلىقنىڭ نىمىلىكىنى ياخشى بىلمىگەندە، بەزىلەر ئىسلامدىكى بىر قىسىم بەلگىلىمىلەرگىلا مەھكەم ئېسىلىپ، شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك يەنە بىر بەلگىلىمىلەرگە سەل قاراپ، ئۆز خيالىدا تەقۋادار بولدۇم دەپ ئويلىسىمۇ، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە جازالىنىدىغان خاتالىقلارنى سادىر قىلىشى مۇمكىن. كىشىلەرگە زىيان سېلىشى مۇمكىن. ھەتتا چوڭ گۇناھ سادىر قىلىشى مۇمكىن. جىھاد قىلدىم دەپ چېكىدىن ئاشۇرۇپ گۇناھ ئىشنى قىلىشى مۇمكىن.

ئۇيغۇر مۇسۇلمانلار تولىسى بۇ دىننى غەيرى مۇسۇلمانىنىڭ چۈشەندۈرىشىدىن قوبۇل قىلغان بولغاچقا، «دىن» دىسە ھاياتتىن ئايرىۋېتىلگەن قىسمىغا يىغىنچاقلاپلا شۇ رامكىدا چۈشەنگەن.

ئەمدى ئىسلامدىكى «دىن» ئۇقۇمىنىمۇ قۇشۇمچە قىپ قۇياي.

**3) دىن**

ئىسلامدا «دىن» دېگەن ئىلاھ بارلىقىغا ئىشىنىپ، بەش پەرىزگىلا چەكلىنىپ قالغان كۆرۈنىشتىكى، شەكىلدىكى مۇراسىملارنىلا ئۆز ئىچىگە ئالغان بولماستىن، بەلكى، ھاياتىمىزغا مۇناسىۋەتلىك ھەممە جەھەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر ھايات «يولى». شەخسلەر، شەخسلەر ئارا، جامائەت، جەمىيەت، دۆلەت، قانۇن، سىياسەت، ئىقتىساد ... ئىنسانلارنىڭ ھەممە ئىشىغا ئائىت بەلگىلىمىلەر تولۇق كۆرسىتىلگەن- بىر پۈتۈن سىستېما. ئىسلام دىنى «دىن» دېگەن سۆزنى ئېيتقاندا مۇشۇنداق بىر سىستېمىنى كۆزدە تۇتىدۇ.

بىزنىڭ ھېچ بىر ئىشىمىز بۇ دىنىنىڭ ھۆكۈم دائىرىسىنىڭ سىرتىدا ئەمەس . كۈندىكى ھەرقانداق ئىشىمىزدا بۇ دىنىنىڭ ھۆكۈمى بار. شۇڭا، ئىش -ھەركەتلىرىمىز بۇ دىنىنىڭ بەلگىلىمىسىگە خىلاپ كېلىدۇ ياكى ئويغۇن كېلىدۇ. دىنىمىزدىكى ھۆكۈمنى بىلىش شۇ ئىش-ھەركەتنى دىنغا چېتىشقالغان بولماستىن، بۇ دىنىنىڭ ھۆكۈمىنى بىلىش ئۈچۈن پىكىر بېرىپ قويغانلىقىمىز ھېساپلىنىدۇ.

بىلىمخۇمار ئەپەندىنىڭ، ۋە ھەممىمىزنىڭ ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن، پايدىلىق ئىلىمنى ئەڭ زور تىرىشچانلىقىمىز بىلەن ئۆگىنىشىمىزمۇ ئىبادەتنىڭ مۇشۇ تۈرىنى ئادا قىلىۋاتقانلىقىمىز ھېساپلىنىدۇ. ئىبادەت بىر پۈتۈن ھالەتتە بولۇشى تەلەپ قىلىنىدىغان بولغاچقا، ئىلىم-پەن ئۆگىنىش بىلەنلا شۇغۇللىنىپ، باشقا پەرىزلەرنى ئادا قىلماي داۋاملاشسا، يەنىلا زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

ئەمدى، مۇشۇ ئۇقۇملارنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، باش تېمىنى قايتا ئوقۇپ بېقىڭلار.

ئەسكەرتىپ قويىدىغىنىم، مەن ئىسلام بىلىملىرىنى بىلىشتە ئالىم كىشى ئەمەس. توورداشلار پىكىرلىرىمنى ئوقۇغاندا، مېنىڭ قانداق سالاھىيىتىم بارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈشنىڭ ئورنىغا، ئوتتۇرغا قويغان پىكىرلىرىمنىڭ توغرا -خاتالىقى ئۈستىدە سەمىمىي ئىزدىنىشنى ئۈمىد قىلىمەن. ئايەتلەرنى سەمىمىيلىك بىلەن ئوقۇپ، پىكىر ھاسىل بوپ قالغاندا غەيرى مۇسۇلماندىن سورىماي، مۇسۇلمان ئالىملاردىن سورىشنى تەۋسىيە قىلىمەن.

يۇقۇرىدىكى مەن چۈشەنگەن «ئىبادەت» ئۇقۇمنى ئاساس قىلىپ، ئەمدى، «جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭىلا ئىبادەت قىلىشى ئۈچۈن ياراتتىم» دىگەن مەزمۇندىكى ئايەتنى ئوقۇپ بېقىڭلار. بىرەر نەرسە چۈشەنگىلى بولىدۇ.

ئاندىن باش تېمىغا قايتىپ، ئەڭ بېشىدىكى گەپكە كېلەيلى:

«پەقەت تەقۋادارلىقنى ياخشى قىلىپ، باشقا ئىشلارنى ئېتىۋارغا ئالمايدىغان كىشلەرگە ئاللاھ ۋە دىنىمىز قانداق قارايدىغاندۇ؟» دىگەن سۇئالنى ئوقۇغاندا، مەن يۇقۇرىدىكى چۈشەنچەم بويىچە، «باشقا ئىشلار» نى ئېتىۋارغا ئالمايدىغان كىشى قانداقمۇ «تەقۋادار» سۈپىتى بىلەن سۈپەتلىنسۇن؟

## (4) «TEWBE» قېرىندىشىمىز تەمىنلىگەن مەزمۇن (12 ـ قەۋەت)

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم:

شەيخۇل ئىسلام ئىبن تەيمىييە ئىبادەت دىگەن نىمە دىگەنگە جاۋاب بىرىپ: بارلىق الله ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان ئىشلار دەپ جاۋاب بەرگەن. دىمەك الله ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان بارلىق ئىش ـ ھەرىكەت، سۆز ۋە پىكىرلەرنىڭ ھەممىسى ئىبادەت سانىلىدۇ.

ئىبادەت ـ ئەدناسى ئادەتتىكى يېيىش ـ ئىچىش ۋە ئولتۇرۇش ـ قوپۇش قائىدىلىرىدىن باشلاپ، يۇقىرىسى دۆلەت سىياستى ۋە دۆلەتنىڭ باشقا ئەللەر بىلەن ئالاقە قىلىش ئۇسۇللىرىغىچە بولغان بىر پۈتۈن قائىدە ـ تەرتىبلەرنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يۇقىرىقى پائالىيەتلەر توغرا نىيەت بىلەن مۇسۇلماندىن سادىر بولغانىكەن، ئۇلار تائەت ـ ئىبادەت قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، پايدىلىق بولغان ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر ۋە ھالال رىزق ھاسىل قىلىش ئۈچۈن ئىشلەش نىيەتنىڭ دۇرۇس بولۇشى شەرتى بىلەن ئىبادەت قاتارىغا كىرىدۇ. بىرلا سۈرە بەقەرەدە مۇسۇلمانلارغا بۇيرۇلغان قىساس، ۋەسىيەت، روزا، ناماز... قاتارلىق ئوخشاش بولمىغان ئىبادەتلەرنىڭ سىلەرگە پەرز قىلىندى دېگەن بىرخىل ئىبارە بىلەن بايان قىلىنغانلىقىدىن شۇ ھەقىقەت ئاشكارا بولىدۇكى، كۆپلىگەن مۇسۇلمانلار ئىبادەت سۆزىدىن پەقەت ناماز، روزا، زاكات ۋە ھەج قاتارلىق بەش چوڭ ئىبادەتنىلا چۈشىنىدۇ. ئۇلار ئىبادەتنىڭ ئەخلاق، قائىدە ـ يوسۇن، مۇئامىلە ئىشلىرى، قانۇن ـ پرىنسىپ ۋە باشقىلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى ھېس قىلمايدۇ. ئىبادەت ھەرگىز

يۇقىرىقى بەش چوڭ ئىبادەت بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. ئۇلارنىلا بەجا كەلتۈرگەن كىشى ئاللاھ بۇيرىغان ئىبادەتلەرنىڭ ھەممىنى ئادا قىلغان بولمايدۇ. بەلكى بۇ بەش چوڭ ئىبادەت، ئىسلامنىڭ قۇرۇلۇشىدىكى ئاساسلىق ئىبادەتلەر بولسىمۇ، يەنىلا ئۇلار ئاللاھ بۇيرۇغان ئىبادەتلەرنىڭ بىر قىسمىدۇر، ھەممىسى ئەمەس!

ناماز ئوقۇماق، روزا تۇتماق، زاكات بەرمەك، ھەج قىلماق، راست سۆزلىمەك، ئامانەتنى ئادا قىلماق، ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلماق، تۇغقانلارغا سىلە ـ رەھىم قىلماق، ۋەدىگە ۋاپا قىلماق، ئەمىر ـ مەرۇپ، ۋەز ـ نەسىھەت قىلماق، بىلىم ئالماق، خوشنىلارغا، يېتىملەرگە ياخشىلىق قىلماق، دۇئا قىلماق، قۇرئان ئوقۇماق، ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇھەببەت ۋە ئىخلاس قىلماق، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلماق، ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىد كۈتۈپ، ئازابىدىن ھەزەر قىلماق، بالا ـ قازاغا رازى بولماق قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىبادەت تۈرىگە كىرىدۇ . خۇلاسە قىلغاندا، دىن دېمەك ئىبادەت دېمەكتۇر.

*ـ دوكتۇر يۇسۇپ قەرزاۋىنىڭ ئىسلامدا ئىبادەت ناملىق كىتابىدىن.*

خالىغانلار گۈگىلدىن ئۇيغۇرچە ئىزدەپ كۆرسىمۇ بۇ مەزمۇنلارنى تاپالايدۇ.

## 3. بىز ئاللاھ ئۈچۈن قانداق خىزمەت قىلىمىز؟

ئاللاھنىڭ قۇرئاندىكى ھەر بىر جۈملە سۆزىنىڭ مەنىسى ناھايىتى چوڭقۇر بولۇپ، قۇرئان باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلىنغاندا، تەرجىمانلار قۇرئاندىكى ھەر بىر جۈملە سۆزنى باشقا تىلدىكى بىر جۈملە سۆز بىلەنلا ئىپادىلەشكە تىرىشىدۇ. ئەمما، كۆپىنچە ئەھۋالدا ئۇنداق قىلىش مۇمكىن بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن قۇرئاننىڭ تەرجىمىسىنى ئوقۇغان كىشىلەردە كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ناھايىتى ئېغىر دەرىجىدىكى قايمۇقۇش يۈز بېرىدۇ. يۇقىرىدا كۆرگىنىمىزدەك، «ئىبادەت» سۆزى «ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، زاكات بېرىش، ھەج قىلىش، ئاللاھنى زىكرى قىلىش، دۇئا قىلىش» ۋە «ئاللاھنىڭ قۇلى بولۇش» دېگەن ئىككى ئۇقۇمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن. مېنىڭچە بۇ يەردىكى ئىككىنچى ئۇقۇمنى «ئاللاھ ئۈچۈن خىزمەت قىلىش» دەپ چۈشەنسەك بولۇۋېرىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇيغاننىڭ لېكسىيەلىرىنىڭ ئىچىدە «ئاللاھ ئۈچۈن خىزمەت قىلىش»، «ئاللاھنىڭ خىزمىتىنى

قىلىش» ، «ئاللاھنىڭ دىنىغا خىزمەت قىلىش ئارقىلىق ئاللاھ ئۈچۈن خىزمەت قىلىش» دېگەن تېمىلارنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغانلىرى خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. شۇڭلاشقا مەن تۆۋەندە ئۇيغانىنىڭ «مەن ئاللاھ ئۈچۈن قانداق خىزمەت قىلىمەن؟» دېگەن دوكلاتىنىڭ مەزمۇنىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن [2]. بۇ دوكلات مالايسىيادىكى «خەلقئارا ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتى» دە سۆزلەنگەن بولۇپ، ئۇ يۇتيۇب (YouTube) قا 2015 ـ يىلى 28 ـ سېنتەبىر كۈنى چىقىرىلغان.




1 ـ رەسىم: ئويغان مالايسىيادىكى «خەلقئارا ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتى» دە دوكلات بەرگەن ۋاقىتتىكى بىر كۆرۈنۈش.

تۆۋەندىكىسى ئويغانىنىڭ دوكلاتىنىڭ مەزمۇنىنىڭ بىر قىسمى. مەن ئەسلىدىكى دوكلاتتىكى ئۆزۈم «ۋەتەندىكى ئۇيغۇرچە تور بەتلەرگە ئانچە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ» ، دەپ ئويلىغان مەزمۇنلارنى بۇ ماقالىگە كىرگۈزمىدىم.

مەن بۈگۈن مەزكۇر سورۇندا دوكلات بېرىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەنلىكىمدىن زور شان ـ شەرەپ ھېس قىلىۋاتىمەن. مەن بۈگۈن دەيدىغان گەپلەرنى مېنىڭ ۋە سىلەرنىڭ ئاللاھقا قىلغان ئىبادىتى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنىشى ئۈچۈن ئاللاھقا دۇئا قىلىمەن. مەن بۈگۈنكى سۆزۈمنىڭ بېشىدا سۈرە يۈسۈفنىڭ بىر قانچە ئايەتلىرىنى قىرائەت قىلدىم (كومپيۇتېر ئېكرانىدا كۆرۈنگىنى 12 ـ سۈرە 108 ـ ئايەت بولۇپ، قۇرئاننىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدە ئۇ ئايەت مۇنداق يېزىلىپتۇ: **ئېيتقىنكى، «بۇ مېنىڭ**

**يولۇمدۇر، (كىشىلەرنى) ئاللاھقا دەۋەت قىلىمەن، مەن ۋە ماڭا ئەگەشكەنلەر روشەن دەلىلگە ئاساسلىنىمىز. ئاللاھ پاكتۇر، مەن مۇشرىكلاردىن ئەمەسمەن.»)**. مەن سۆزۈمنى سىلەر بىلىدىغان ئىشلاردىن باشلايمەن. سىلەر، مەن، ۋە باشقا بارلىق ئىنسانلارنىڭ بىر ئورتاق ئىدېئالى (ideal) بار. ھەر بىر ئىنساننىڭ، مەيلى ئۇ باشقىلارغا دېسۇن ياكى دېمىسۇن، بىردىن ھايات مەقسىتى بار بولىدۇ. غەيرى-مۇسۇلمانلار ۋە دىنسىز كىشىلەرنىڭمۇ بىرەردىن ئىدېئالى بار بولىدۇ. قىسقىسى، ھەممە ئادەم مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشقا ئىنتىلىدۇ. بەزىلەر ئۈچۈن مۇۋەپپەقىيەت بىر ئۆي سېتىۋېلىش بولۇشى مۇمكىن. بەزىلەر ئۈچۈن مەلۇم مىقداردىكى پۇلغا ئېرىشىش مۇۋەپپەقىيەت بولۇشى مۇمكىن. بەزىلەر ئۈچۈن پالانى قىز بىلەن ياكى پوكۇنى يىگىت بىلەن توي قىلىش مۇۋەپپەقىيەت بولۇشى مۇمكىن. بەزى ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا ياكى دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشىش مۇۋەپپەقىيەت بولۇشى مۇمكىن. بەزى خىزمەتچىلەر ئۈچۈن خىزمەتتە ئۆسۈش مۇۋەپپەقىيەت بولۇشى مۇمكىن. ھەر بىر ئادەمدە مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئايرىم بىر ئېنىقلىمىسى بار بولىدۇ. ھەر بىر ئىنسان مەلۇم بىر نەرسىنى ئىستەيدۇ. مەلۇم بىر نەرسە ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئورتاق بولۇپ، ئۇنداق ئىش يالغۇز مۇسۇلمانلاردىلا مەۋجۇت بولمايدۇ.

ئىسلام يۇقىرىقىدەك ئەھۋالنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا يول قويىدۇ. ئىسلام بىزنى مەلۇم بىر نەرسىنى ئىستەشتىن توسمايدۇ. سىزنىڭ بىر ئۆيلۈك بولۇشنى ئىستىشىڭىز ھارام ئەمەس. ياخشى كىيىم-كېچەكلەرنى ئىستەش يامان ئىش ئەمەس. بىر بەختلىك ئائىلە قۇرۇش، بىر ياخشى خىزمەتكە ئورۇنلىشىش، بىر يۇقىرى كىرىمگە ئىگە بولۇش، كۆپرەك پۇل يىغىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھېچ قايسىسى يامان ياكى قەبىھ ئىشلار ئەمەس. ئاللاھ بىزنى ئۇنداق ئىستەكلەردىن توسمايدۇ.

ئەمما، بۇ مەسىلە ئۈستىدە تېخىمۇ چوڭقۇرراق توختىلىپ باقايلى. بىزنىڭ دىنىمىزدا سىز ئەڭ تۆۋەن ئۆلچەمگە يەتكەن ھالدا ياشىسىڭىز بولۇۋېرىدۇ. بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن، بۇ يەردىكى ئەڭ تۆۋەن ئۆلچەم، دېگىنىمىز ھارام ئىشلاردىن يىراق تۇرۇش، ناھايىتى يامان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇش، ۋە ئىسلامنىڭ پەرھىزلىرىنى ئادا قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سىز ئاشۇ ئىشلارغا كاپالەتلىك قىلغان ئاساستا ئۆزىڭىز خالىغان ئىشلارنى قىلىپ، ئۆز تۇرمۇشىڭىزنى ياشاپ كېتىۋەرسىڭىز بولۇۋېرىدۇ.

مۇسۇلمان بولۇشنىڭ ئۆلچەملىرىنىڭ ئاشۇ تۆۋەنكى سىزىقنىڭ ئۈستىدىلا تۇرسىڭىز، ھېچ كىم سىزگە «قىلغىنىڭ يېتەرلىك ئەمەس» دېيەلمەيدۇ. ھېچ كىم سىزنى سوراق قىلالمايدۇ. ھېچ كىم «ئەگەر جەننەتكە كىرمەكچى بولساڭ، ئەڭ تۆۋەن ئۆلچەم بويىچە ياشىساڭ بولمايدۇ»، دېيەلمەيدۇ. مەن بۇ جەھەتتە سىلەر بىلەن ھەرگىزمۇ تالاشمايمەن.

بىراق، ئاللاھ بىر قىسىم كىشىلەرگە باشقىلارغا قارىغاندا نېمەتنى كۆپرەك بەرگەن. يەنى، بىر قىسىم كىشىلەر ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە باشقىلارغا قارىغاندا كۆپرەك ئېرىشكەن. ئاللاھ بىر قىسىم كىشىلەرگە پۇرسەتنى كۆپرەك بەرگەن. ئاللاھ مۇشۇ سورۇندىكى بارلىق كىشىلەرگە، بولۇپمۇ ئوقۇغۇچىلارغا ئالاھىدە پۇرسەت يارىتىپ بەرگەن. ياراتقۇچىمىز سىلەرگە باشقا نۇرغۇن كىشىلەرگە ئېچىپ بەرمىگەن ئىشىكلەرنى ئېچىپ بەرگەن. ئېچىڭلاردىكى نۇرغۇن كىشىلەر ئىسلامنى ئۆگىنىۋاتىدۇ. قالغان نۇرغۇن كىشىلەر بولسا ئىقتىساد، ئىنژېنېرلىق ياكى باشقا كەسپلەردە ئوقۇۋاتىدۇ. سىلەرنىڭ كەسپىڭلارنىڭ نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئاللاھ سىلەرگە كۆپرەك پۇرسەتلەرنى ئاتا قىلغان. بەزى كىشىلەر مۇسۇلمانلىقنىڭ ئەڭ تۆۋەن ئۆلچىمى بويىچە ياشاپ، شۇنىڭغا رازى بولىدۇ. ئەمما، سىلەرگە شۇنى دەپ قويۇشۇم كېرەككى، ئاللاھ سىلەردىن، بۈگۈن مۇشۇ سورۇندا ئولتۇرغان ئوقۇغۇچىلاردىن ئۇلۇغ ئىشلارنى كۈتىدۇ. سىلەردىن ئەڭ تۆۋەن ئۆلچەم بويىچە ياشاشنى كۈتمەيدۇ. ئەگەر سىلەر ئەڭ تۆۋەن ئۆلچەمگە يەتكەن بولساڭلار، ئۇمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن مەن سىلەرنى ئۆچ كۆرمەيمەن. سىلەرگە ۋارقىرىمايمەن. ئەمما، سىلەرنىڭ ئۇنىڭدىن كۆپ ۋە ئۇنىڭدىن ياخشى ئىشلارنى قىلالايدىغانلىقىڭلارغا ئىشىنىمەن. ئاللاھ سىلەردىن تېخىمۇ كۆپ ئىشلارنى كۈتىدۇ، سەۋەبى، ئۇ سىلەرگە شۇنچە كۆپ نەرسىلەرنى ئاتا قىلغان.

ئاللاھ يۇقىرىدىكى ئايەتتە «بۇ مېنىڭ يولۇمدۇر»، دەيدۇ. ئۇ بۇ يەردە «بۇ مېنىڭ دىنىمدۇر، بۇ مېنىڭ ئىسلامىمدۇر، بۇ مېنىڭ قۇرئانىمدۇر، بۇ مېنىڭ كىتابىمدۇر»، دېمەيدۇ. ئۇ بۇ يەردە پەقەت «بۇ مېنىڭ يولۇمدۇر» دېگەن سۆزنىلا ئىشلىتىدۇ. «يول» دېگەنلىك «سەپەر» دېگەنلىكتۇر. بۇ يەردە ئىسلامنىڭ ئۆزى بىر «سەپەر»، دەپ تەرىپلەنگەن. بۇنىڭ مەنىسى نېمە؟ ھەر قانداق بىر سەپەردە سىز ئىلگىرىلەش ھاسىل قىلىشىڭىز كېرەك. سىز پەقەت بىر قەدەم ئالغان بولسىڭىزمۇ، بۇرۇنقىغا قارىغان ئۆز مەنزىلىڭىزگە بىر قەدەم يېقىنلىشىسىز. سەپەر ئۈستىدىكى ھەر

بىر ۋاقىتتا سىز ئالغا ئىلگىرىلەيسىز. شۇڭلاشقا بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى، بىز بۈگۈن بۇ دىن ئۈچۈن تۆنۈگۈنكىگە قارىغاندا كۆپرەك ئىش قىلىپ بېرىشىمىز كېرەك، دېگەندىن ئىبارەت. ھەر بىر كۈندە ئالدىنقى كۈنگە قارىغاندا كۆپرەك ئىش قىلىپ بېرىشىم كېرەك، دېگەننى بىلدۈرىدۇ. شۇڭلاشقا سىلەر ئەڭ تۆۋەن ئۆلچەمگە يېتىشنى ئەمەس، ئەڭ يۇقىرى ئۆلچەمگە يېتىشنى ئۆزۈڭلارنىڭ نىشانى قىلىشىڭلار، ئىشنى ئىمكانقەدەر ئەڭ يۇقىرى دەرىجىگىچە كۆپ ۋە ياخشى قىلىشىڭلار كېرەك.

سىلەردە ئۆز دۆلىتىڭلارغا، ئۆز شەھىرىڭلارغا، ۋە ئۆز جامائىتىڭلارغا نىسبەتەن بىر خىل قاتتىق كۆيۈنۈش بار بولسۇن. سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىكى ھەر بىر ئادەم ئۆز-ئۆزىدىن «مەن بۇ دىنىمىز ئۈچۈن نېمە ئىشلارنى قىلىپ بېرەلەيمەن؟» دەپ سوراپ تۇرۇشى، ھەمدە قولىدىن كېلىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ بېرىشى كېرەك.

بەزى ياشلار زەھەرلىك چېكىملىكلەرگە ئۆگىنىپ قېلىۋاتىدۇ. بەزى ياشلار مەقسەتسىز ياشاۋاتىدۇ. بەزى ياشلار ئۆز ئۆمۈرلىرىنى كومپيۇتېر ئويۇنلىرىنى ئويناش، ۋىدىئو فىلىملىرىنى كۆرۈش ۋە ئۇخلاش بىلەنلا ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ. ئەگەر سىز ئۇلاردىن «ھاياتىڭىزنىڭ مەقستى نېمە؟» دەپ سورىسىڭىز، ئۇلار «ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، بىر خىزمەت تېپىش» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ھاياتنىڭ نىشانى شۇنچىلىك نەرسىمۇ؟ ئاللاھ بىزدىن ئۇنىڭدىن كۆپ ئۈستۈن تۇرىدىغان نىشانلىرىمىزنىڭ بار بولۇشىنى كۈتىدۇ. خىزمەت ھاياتنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى ياكى تېخىمۇ ئۇلۇغۋار مەقستىگە يېتىشنىڭ ۋاستىسى. سىز داۋاملىق مۇنداق ئىشلارنى ئويلايسىز:

--مەن قانداق قىلىپ بىر خىزمەتكە ئېرىشەلەيمەن؟

--مەن قانچىلىك پۇل تاپالايمەن؟

--مەن قەيەردە ياشايمەن؟

--ئاتا-ئانام قاچانغىچە مېنىڭ تويۇمنى قىلىپ قويىدۇ؟

سىز ئۆز-ئۆزىڭىزدىن داۋاملىق ئاشۇنداق سوئاللارنى سوراپ تۇرىسىز. مەن بۇ يەردە سىزگە يەنە بىر سوئالنى قوشۇپ قوياي:

--مەن ئۆزۈمنىڭ كەسپى ۋە ئۆزۈمنىڭ ئوقۇش تارىخى ياكى ئۇنۋانى بىلەن ئاللاھ ئۈچۈن قانداق خىزمەت قىلىمەن؟

ئولتۇرغانلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار ئىسلام دىنىنىڭ باكلاۋۇرلۇق، ماگىستىرلىق ۋە دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى ئېلىش ئۈچۈن ئوقۇۋاتىدۇ. ئىسلام دىنى بىر خىل دەرس ئەمەس. سىز ئىسلامنى باشقىلارغا خىزمەت قىلىش ئۈچۈن ئوقۇيسىز. سىز ھەر بىر نەرسىنى ئۆگەنگەندە، ئۆزىڭىزدىن «مەن بۇ بىلىملىرىم بىلەن باشقىلار ئۈچۈن قانداق خىزمەت قىلىمەن؟ مەن قانداق قىلىپ بۇ بىلىملىرىم بىلەن جەمئىيەتنى تېخىمۇ ياخشىراق قىلالايمەن؟ مەن قانداق قىلىپ بۇ بىلىملىرىم بىلەن مەسچىتلەرگە، ياشلارغا، ئاياللارغا ۋە بالىلارغا ياردەم قىلالايمەن؟ مەن ئاللاھ ئۈچۈن قانداق خىزمەت قىلىمەن؟» دەپ سورايسىز. مۇشۇنداق قىلىدىغان كىشىلەر ئۆزلىرىگە يۇقىرى تەلەپ قويىدىغان كىشىلەردۇر. مەن «ئاللاھ بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئۇلۇغۋار ئىشلارنى قىلالايدىغانلىقىغا ئىشىنىپ، ئۇلارغا ئوقۇش پۇرسەتلىرىنى ئاتا قىلىدۇ»، دەپ قارايمەن (expect). سىز ئاشۇنداق خىزمەتلەرگە لاياقەتلىك بولغانلىقىڭىز ئۈچۈن، ئاللاھ سىزنى تاللايدۇ.

مەن سىلەرگە بىر مىسال كۆرسىتەي. ئەگەر سىز ھەر خىل كۆرۈشۈش ۋە سۆھبەتلەردىن كېيىن، بىر ناھايىتى ياخشى خىزمەتكە ئېرىشسىڭىز، ئۇ سىز ئۈچۈن بىر شان-شەرەپ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. سىز پەقەت مۇۋاپىق ماھارەتلەرگە ۋە يېتەرلىك خىزمەت تەجرىبىلىرىگە ئىگە بولۇپ، دەسلەپكى تەكشۈرۈشتىن ئۆتۈپ، «بۇ خىزمەتكە لايىق ئىكەن» دەپ قارالغاندىن كېيىنلا ئاندىن ئۇ خىزمەتكە ئېرىشەلەيسىز. ئەگەر ئۇنداق بولمىسىڭىز باشقىلار سىزنى بۇ خىزمەتكە ئالمايدۇ. ئەگەر سىز بىر ياخشى خىزمەتكە ئېرىشىپ، ئاندىن ئۇ خىزمەتنى ياخشى قىلمايدىكەنسىز، سىز بىر كۈنى ئۇ خىزمەتتىن ئايرىلىپ قالىسىز. سىزنىڭ ئورنىڭىزنى باشقا بىر ئادەم ئالىدۇ. گەرچە سىز ئاشۇ خىزمەتكە لايىق بولسىڭىزمۇ، سىز ئۇنى ساقلىيالمايسىز. لاياقەتلىك بولۇشنىڭ ئۆزى يېتەرلىك ئەمەس. سىز يەنە ئىشنى ياخشى قىلمىسىڭىز بولمايدۇ. ئاللاھ مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسىگە ئۆز دىنى ئۈچۈن لاياقەتلىك كىشىلەر، دېگەن سالاھىيەتنى بېرىپ بولدى. ئەمما، ئۇ بىزنىڭ ئۆز خىزمىتىمىزنى قانائەتلىنەرلىك دەرىجىدە قىلىۋاتقانلىقىمىزدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئەگەر بىز ئۆز خىزمىتىمىزنى لايىقىدا قىلمىساق، ئۆزىمىز ھەققىدە ئويلانمىساق، دىنىمىزغا كۆڭۈل بۆلمىسەك، ياكى دىنىمىزدىن يۈز ئۆرۈسەك، ئاللاھ بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ئورنىغا باشقا بىر قەۋمنى دەسسىتىدۇ (47-سۈرە 38-ئايەتكە قاراڭ: **«ئەگەر سىلەر (ئاللاھنىڭ تائىتىدىن) يۈز ئۆرۈسەڭلار،**

**ئاللاھ سىلەرنىڭ ئورنۇڭلارغا باشقا بىر قەۋمنى ئالماشتۇرىدۇ، ئۇلار سىلەرگە ئوخشاش بولمايدۇ (بەلكى ئاللاھقا ئىتائەت قىلىدۇ)»** ). بىز خىزمەت قىلىش ھەققىدە ئويلىنىشىمىز كېرەك. مۇشۇ يەردە ئولتۇرغان ھەر بىر ئادەم ئاللاھنىڭ دىنى ئۈچۈن تۆھپە قوشالايدۇ. بىز مۇشۇ سۆزنى مېڭىمىزگە قاتتىق ئورنىتىشىمىز كېرەك. ئاللاھقا خىزمەت قىلىش ئۈچۈن سىز بىر ئالىم ياكى بىر داھىي بولمىسىڭىزمۇ بولۇۋېرىدۇ. ھەممە ئادەم ئۆزىگە چۇشلۇق خىزمەت قىلالايدۇ. سىز ئۆز ئائىلىڭىزدىكى باشقا كىشىلەرگە تەسىر كۆرسىتىش ئارقىلىق ئاللاھ ئۈچۈن خىزمەت قىلالايسىز. خىزمەتداشلىرىڭىزغا ياخشى تەسىر كۆرسىتىش ئارقىلىق ئاللاھقا خىزمەت قىلالايسىز. بىز ئاللاھنىڭ ئالدىدا مەسئۇلىيەتچان كىشىلەردىن بولۇشىمىز كېرەك. جەمئىيەتتىكى مەسئۇلىيەتچان گراژدانلاردىن بولۇشىمىز كېرەك. ھازىر دۇنيادىكى مېدىئالاردا «ئىسلامغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار مەدەنىيلەشمىگەن كىشىلەر، ئۇلار زوراۋانلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، ئۇلار ھازىرقى زامان دۇنياسىدا قانداق ياشاشنى بىلمەيدۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ» دېگەندەك گەپلەر كەڭ تۈردە تارقىلىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ يۇقىرىقىدەك سۆزلىرىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى كىم ئىسپاتلايدۇ؟ بىز ئۆزىمىز خالىغانچە نۇتۇق-دوكلاتلارنى سۆزلىيەلەيمىز. ئەمما بىزنىڭ نۇتۇقلىرىمىز ھېچنېمىگە ئىسپات بولالمايدۇ. دەلىل-ئىسپاتلار بىزنىڭ نۇتۇقلىرىمىزدىن كەلمەيدۇ. بىز ئەڭ ئادىل جەمئىيەت بەرپا قىلغاندا، بىز ئەڭ ياخشى ئىقتىسادىي سىستېما بەرپا قىلغاندا، بىز سودىدا ئەڭ ئادىل بولغاندا، بىز بىر-بىرىمىز بىلەن ئەڭ ئىناق ئۆتىدىغان بولغاندا، بىز غەيرى-مۇسۇلمان قوشنىلىرىمىز ۋە دوستلىرىمىز بىلەن ئەڭ ياخشى مۇناسىۋەتتە بولغاندا، ئاندىن ھېلىقىدەك تەشۋىقاتلارنىڭ تۆھمەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيمىز. دۇنيانىڭ ئىسلامنى ئاڭلىغۇسى يوق. دۇنيانىڭ ئىسلامنى كۆرگۈسى بار. ئىسلامنى دۇنياغا ئىسلام دۆلەتلىرى ۋە كۆپ سانلىق مۇسۇلمانلار كۆرسەتمىسە، ئۇنى كىم كۆرسىتىدۇ؟ بىز ھازىرقى ھالىتىمىزگە قانائەتلەنسەك بولمايدۇ.

«مەن كىشىلەرنى كۆزى ئوچۇق ياكى ھەممىنى تولۇق كۆرۈپ تۇرغان شەرت ئاستىدا ئاللاھقا دەۋەت قىلىمەن.» بۇنىڭ مەنىسى بىزدە «بىز نېمە ئۈچۈن مۇسۇلمان بولدۇق؟» دېگەن مەسىلىگە نىسبەتەن تولۇق چۈشەنچە بار، دېگەندىن ئىبارەت. بىزگە مۇسۇلمان بولۇشلا كۇپايە قىلمايدۇ. «بىز نېمە ئۈچۈن مۇسۇلمان بولدۇق؟» دېگەن سوئالغا نىسبەتەن كۆزىمىز

ئوچۇق بولۇشى كېرەك. ھازىر سىز نۇرغۇن كىشىلەردىن «سىز نېمە ئۈچۈن مۇسۇلمان بولدىڭىز؟» دەپ سورىسىڭىز، ئۇلار «مېنىڭ ئاتا-ئانام مۇسۇلمان بولغانلىقى ئۈچۈن» ياكى «مەن بىر مۇسۇلمان دۆلىتىدە بولغانلىقىم ئۈچۈن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. «مەن ئۇقمايمەن، ئېھتىمال ئەتراپىمدىكى ھەممە ئادەم مۇسۇلمان بولغانلىقى ئۈچۈن، مەنمۇ شۇنداقتۇرمەن» دەپ جاۋاب بېرىدىغانلارمۇ بار. بۇلار ياخشى جاۋابلار ئەمەس. مەن مۇسۇلمان ئائىلىسىدىكى باللاردىن «مەن نېمىشقا مۇسۇلمان بولۇپ قالغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن»، دېگەن گەپنى بىۋاستە ئاڭلاپ باققان. بۇ باللار «بىز نېمە ئۈچۈن مۇسۇلمان؟» دېگەن مەسىلىدە ئېنىق چۈشەنچىگە ئىگە بولۇپ تۇرۇپ چوڭ بولمىغان. بۇنداق ياشلارنىڭ ئېچىدە دىنسىزلىششى يولىغا مېڭىۋاتقانلار ئاز ئەمەس. دۇنياۋىلىشىش ھەممە ئىشلارنى ئۆزگەرتىۋاتىدۇ. ھازىر يۇتيۇب (YouTube) ھەممە يەردە بار. بىزنىڭ ياشلىرىمىز ھەر خىل ۋىدىئو فىلىملىرىنى كۆرۈپ، قايمۇقۇپ قېلىۋاتىدۇ. بۇنداق ئىشلارنى توسۇپ قويغىلى بولمايدۇ. بىز ئۇلارغا «بىز نېمە ئۈچۈن مۇسۇلمان؟» دېگەن مەسىلىنى ئېنىق چۈشەندۈرمىگىچە، ئۇلار جەمئىيەت ئۈچۈن ئوبدان خىزمەت قىلالمايدۇ.

يۇقىرىدىكى ئايەتتىكى ئىككى ئىدىيە ئۆز-ئارا باغلانغان. بىر تەرەپتىن، بىز كىشىلەرنىڭ خىزمەت قىلىشنى ئىستەيمىز. يەنە بىر تەرەپتىن، بىز كىشىلەرنىڭ «بىز نېمە ئۈچۈن مۇسۇلمان؟» دېگەن مەسىلىنى ئېنىق چۈشىنىشىنى ئىستەيمىز. ئەگەر سىز بۇ مەسىلىنى ئېنىق چۈشىنىدىكەنسىز، شەك-شۈبھىسىز ھالدا سىز چوقۇم ياخشى خىزمەت قىلىسىز. سىز چوقۇم ئۆزىڭىزدىكى بارلىق ئېنېرگىيىنى ئىشقا سېلىپ، سىز قىلالايدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ، ئاللاھنىڭ دىنى ئۈچۈن خىزمەت قىلىسىز.

«مەن كىشىلەرنى كۆزى ئوچۇق ياكى ھەممىنى تولۇق كۆرۈپ تۇرغان شەرت ئاستىدا ئاللاھقا دەۋەت قىلىمەن.» بىزنىڭ دىنىمىز باشقا دىنلارغا ئوخشىمايدۇ. بىزنىڭ نېمە ئۈچۈن مۇسۇلمان بولغانلىقىمىز دىنىمىزدا ناھايىتى ئېنىق چۈشەندۈرۈلگەن. «سەن نېمىشقا ئويلىمايسەن؟» بىزدە ئەقىل بار بولۇپ، بىزدىن ھەممە ئىشلار توغرىسىدا چوڭقۇر ئويلىنىش، ھەممە ئىشلار ئۈستىدە چوڭقۇر تەپەككۇر يۈرگۈزۈش تەلەپ قىلىنغان. شۈبھىسىزكى، بىز تولۇق ئىشەنگەنلىكىمىزنى پەقەت مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى چوقۇم ئۆزلىرىنىڭ نېمە ئۈچۈن مۇشۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقى ھەققىدە ناھايىتى ئېنىق چۈشەنچىلەرگە

ئىگە بولۇۋېلىشى كېرەك. ئاشۇ چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولغاندىن كېيىنلا، ياشلار ئاندىن ھەقىقىي ئىمانغا ئىگە بولالايدۇ. ھەقىقىي ئىمانغا ئىگە بولغاندىن كېيىنلا، ئۇلار ئاندىن ھەقىقىي تۈردە ياخشى تەسىر كۆرستەلەيدۇ. دۇنيانى تېخىمۇ ياخشى تەرەپكە ئۆزگەرتەلەيدۇ.

ئەگەر ياشلاردا ھەقىقىي ئىمان بار بولمايدىكەن، ئۇلار ئۈچۈن كېيىنكى مۇھىم ئىش بىر يېڭى كىنونىڭ چىقىشى، بىر يېڭى ئايفون (iPhone) نىڭ چىقىشى، ياكى بولمىسا باشقا بىر يېڭى ماشىنا سېتىۋېلىش دېگەندەك ئىشلار بولۇپ قالىدۇ. ئۇلار ھاياتنىڭ ئۇنىڭدىن ئۈستۈن بالداقلىرىغا چىقالمايدۇ. مېنىڭ ئوقۇتقۇچىم «ئىسلام بىر تاغقا يامىشىپ چىقىشقا ئوخشايدۇ»، دەيتتى. سىز تاغقا يامىشىپ چىققاندا ئىلمىكى بار ئارغامچىدىن بىرنى ئېگىزگە ئاتىسىز. ئاندىن ئارغامچىغا ئېسىلىپ، يۇقىرىغا ئۆرلەيسىز. ئەگەر ئىلمەك ئىلىنغان جاي ئانچە ئېگىز بولمىسا، سىز پەقەت شۇنچىلىك ئېگىزلىككىلا چىقالايسىز. ئەگەر سىزنىڭ نىشانىڭىز پۇل بولىدىكەن، ئەگەر سىزنىڭ نىشانىڭىز بىر ماشىنا بولىدىكەن، ئەگەر سىزنىڭ نىشانىڭىز خىزمەتتە ئۆسۈش بولىدىكەن، ئەگەر سىزنىڭ نىشانىڭىز كۆڭۈل ئېچىش بولىدىكەن، ئەگەر سىزنىڭ نىشانىڭىز بىر قىز بالا بولىدىكەن، سىز پەقەت ئاشۇ نىشانىنىلا ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا نەرسىگە ئېرىشەلمەيسىز. ئەگەر سىزنىڭ نىشانىڭىز ئۇلاردىن يۇقىرىراق بولىدىكەن، سىزنىڭ نىشانىڭىز ئۆزىڭىزدىن چوڭراق بىر نەرسە ئۈچۈن خىزمەت قىلىش بولىدىكەن، سىز پەقەت بىر شەخسىيەتچىلىك ھاياتنىلا كەچۈرمەي، ئاللاھ ئۈچۈن ۋە باشقىلار ئۈچۈن خىزمەت قىلالايسىز. سىز ئەنە شۇنداق ياشىشىڭىز كېرەك. شۇنداق قىلسىڭىز سىز چوقۇم ئۆزىڭىزمۇ مەنپەئەت ئالىسىز، شۇنداقلا ئاللاھنىڭ نەزىرىدىمۇ شەرەپكە ئېرىشىسىز.

مەن بۈگۈنكى دوكلاتنىڭ ئەڭ بېشىدا بىر ياخشى خىزمەتكە ئورۇنلىشىشنىڭ، ۋە بىر ياخشى ئۆيگە ئىگە بولۇشنىڭ خاتا ئىش ئەمەسلىكىنى تىلغا ئالدىم. ئەمما سىزنىڭ نىشانىڭىز پەقەت بىر ياخشى خىزمەتكە ئورۇنلىشىش ياكى بىر ياخشى ئۆيگە ئىگە بولۇش بولىدىكەن، ئۇ چاغدا توغرا قىلغان بولمايسىز. ئۇنداق نەرسىلەر مېنىڭ تىرىشىش نىشانىم بولالمايدۇ. ئەگەر مەن بىر ياخشى خىزمەتكە ئورۇنلاشسام، مېنىڭ ئەركىن ۋاقتىممۇ كۆپرەك بولۇپ، ئاللاھ ئۈچۈنمۇ ياخشىراق خىزمەت قىلالايمەن. خەلقىم ئۈچۈنمۇ بىر قىسىم ئىشلارنى قىلىپ بېرەلەيمەن. مەن ياشاۋاتقان جەمئىيەتنى بىر ياخشىراق جەمئىيەتكە ئۆزگەرتەلەيمەن. چىرىكلىككە قارشى

تۇرالايمەن. مېنىڭ بىر ياخشى خىزمەتكە ئورۇنلىشىشىمدىكى مەقسىتىم ئەنە شۇ. مەن يالغۇز ئۆزۈمنىلا ئويلىماي، قوشنىلىرىمنىمۇ ئويلايمەن. مەن يالغۇز ئۆز مەملىكىتىمدىكى مۇسۇلمانلارغىلا كۆڭۈل بۆلۈپ قالماي، غەيرىي مۇسۇلمانلارغىمۇ كۆڭۈل بۆلىمەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىسلامنىڭ مۇسۇلمانلاردىن باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلۈشنى، باشقىلارغا كۆيۈشنى، ۋە باشقىلارغا ئۆچمەنلىك قىلماسلىقنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى بىلىپ قالىدۇ. ئەگەر باشقىلار ئىسلامدىكى گۈزەللىكنى كۆرەلمىگەن بولسا، بۇ ئۇلارنىڭ گۇناھى ئەمەس، ئۇ بىزنىڭ، بىز مۇسۇلمانلارنىڭ گۇناھى، ۋە مېنىڭ گۇناھىم بولىدۇ. چۈنكى، بۇنداق ئەھۋالدا بىز باشقىلارغا نېمىنىڭ گۈزەل ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويالمىغان بولىمىز.

ئاللاھنىڭ دىنى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان كىشىلەر بەزىدە ئۆزلىرىنى باشقىلاردىن ئۈستۈنرەك قويۇۋالىدۇ. ئەگەر مەن بىر دەقىقە ئۆزۈمنى مۇشۇ يەردە ئولتۇرغان كىشىلەرنىڭ بىرەرسىدىن ئۈستۈنرەك ئورۇنغا قويۇۋالسام، مەن قىلغان ئىشلارنىڭ ھېچ قايسىسى ھېساب بولمايدۇ. سەۋەبى، مېنىڭ قىلغىنىم شېرىكلىك بولىدۇ. سىزنىڭ ئىچىڭىزدە كىبىرلىكنىڭ مەۋجۇت بولۇشى شېرىكلىك بولىدۇ. ئاللاھنىڭ دىنى ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقان كىشىلەرگە بېرىلىدىغان ئەڭ ئاخىرقى ئاگاھلاندۇرۇش شۇكى، ھەرگىزمۇ ئۆزىڭىزنى باشقىلاردىن ئۈستۈن قويۇۋالماڭ. ھەرگىزمۇ ئۆزىڭىزنى سىز خىزمەت قىلماقچى بولغان كىشىلەردىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇۋالماڭ.

مەن ئاللاھنىڭ بىزنى يىراقنى كۆرەلەيدىغان كىشىلەردىن قىلىشىغا دۇئا قىلىمەن.

مەن بۇ قېتىم تونۇشتۇرماقچى بولغان ئويغان دوكلاتىنىڭ مەزمۇنلىرى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى.

## 4. ئاخىرقى سۆز

مەن يېقىندا ئۇيغۇرلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى قاتتىق تىرىشىش نىشانى مۇنداق بولۇشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدۇم: **ئۆز ئېتىقادىنى ساقلاپ، مائارىپقا تايىنىپ، تەبىئىي-پەن، تېخنولوگىيە، ئىنژېنېرلىق ۋە ماتېماتىكىدىن ئىبارەت 4 ساھەدە دۇنيانىڭ ئىلغار سەۋىيىسىگە يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن قاتتىق كۈرەش قىلىپ، شۇ ئاساستا سانائەت بىلەن ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش.** مېنىڭ ئوتتۇرىغا قويغىنىم بىر شوئار بولۇپ، ئۇنىڭغا ماس كېلىدىغان چارە-تەدبىرلەرنى مەن ئوتتۇرىغا قويالمايمەن. ئۇلارنى

ۋەتەندىكىلەر ئويلاپ چىقىشى، ۋە يولغا قويۇشى كېرەك. ئەمما ئاشۇنداق بىر ئۇلۇغۋار نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا بۇرۇن ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇپ چىققان، هازىر ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان، ۋە بۇنىڭدىن كېيىن ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇيدىغان ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەر تايانچلىق رولىنى ئوينىيالايدۇ. ئاشۇنداق بولغاچقا، مەن يېقىنقى بىر قانچە يىلنىڭ مابەينىدە ياشلارنىڭ ئۆزلىرىنى تولۇق بايقاش، ئۆزلىرىدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتلەرنى تولۇق بىلىۋېلىش، ۋە ئۇلارنى توغرا مەقسەت ئۈچۈن ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇشىغا پايدىلىق بولغان بىر قىسىم تېمىلاردا ئىزدىنىپ، يىغقان بىلىملەرنى ماقالە قىلىپ يېزىپ، تورلاردا ئېلان قىلدىم. بۇ قېتىمقى ماقالىمۇ شۇلارنىڭ داۋامى. مەزكۇر ماقالىدىن كۆرگىنىمىزدەك، يۇقىرىدەك بىر نىشان ئۈچۈن تىرىشىش، ياكى مىللەتنىڭ كېلەچىكىنىڭ ياخشىلىنىشى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ئېتىقادلىق ياشلارنىڭمۇ ۋە باشقا ياشلارنىڭمۇ ئورتاق مەجبۇرىيىتى بولۇپ، بۇ ئىشتا هەممە ئادەم ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئۆزىنىڭ بىر كىشىلىك تۆهپىسىنى قوشالايدۇ. هەمدە شۇ ئارقىلىق ياراتقۇچىمىزنىمۇ خوش ۋە رازى قىلالايدۇ. مەن مەزكۇر ماقالىنىڭ كۆپلىگەن ياشلارنىڭ ياشاشىنىڭ توغرا يوللىرىنى تېپىۋېلىشىغا بىر ئاز ياردىمى بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

## پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:

Worship & Slavery - Islamic Definitions
https://www.youtube.com/watch?v=vzZhXlcgBfc

How Am I Going To Serve Allah?
https://www.youtube.com/watch?v=Lqw7CCTphVI

# دىن ۋە مىللەت

2016-يىلى 4-ئاينىڭ 22-كۈنى

ئېسىمدە قېلىشىچە، 80-يىللارنىڭ باشلىرىدا جۇڭگودىن باشقا فىرانسىيە ۋە خوڭكوڭ (شياڭگاڭ) قاتارلىق 3 دۆلەت ۋە رايونلارنىڭ مۇخبىرلىرى بىر گۇرۇپپا تەشكىللەپ، ئۇيغۇر دىيارىغا كېلىپ، بىر قېتىم تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. بۇ تەكشۈرۈشتە مۇخبىرلار ھەر قايسى جايلارغا بېرىپ، شۇ يەردىكى خەلقلەرنىڭ ۋەكىللىرىدىن «سىزنىڭ مىللىتىڭىز نېمە؟» دېگەن رايىنى سىناش سوئالىنى سوراپ، ئەڭ ئاخىرىدا ئېرىشكەن نەتىجىنى ستاتىستىكا قىلىپ چىقتى. كېيىن ئېلان قىلىنغان خۇلاسىگە ئاساسلانغاندا، شۇ چاغدا 60 پىرسەنتتىن ئارتۇق كىشىلەر «سىزنىڭ مىللىتىڭىز نېمە؟» دېگەن سوئالغا «مۇسۇلمان»، دەپ جاۋاب بەرگەن بولۇپ، «قەشقەرلىك»، «خوتەنلىك»، «ئاقسۇلۇق»، «غۇلجىلىق» دېگەنگە ئوخشاش جاۋاب بەرگەنلەرمۇ خېلى كۆپ سانىنى ئىگىلەيدىكەن. ھەمدە «ئۇيغۇر» دەپ جاۋاب بەرگەنلەرنىڭ سانى 20 پىرسەنتكىمۇ بارمايدىكەن. بۇ تەكشۈرۈشنىڭ مەقسىتى نېمە ئىكەنلىكى ئېنىق ئېسىمدە قالماپتۇ. ئۇ ۋاقىتلاردا دۇنيادىكى بىر قىسىم ئەللەر تۈركىي مىللەت خەلقلىرى ياشايدىغان دۆلەت ۋە رايونلاردا پانتۈركىزم ئىدىيىسىنىڭ كۆچىيىپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلىۋاتقان بولۇپ، بۇ تەكشۈرۈشكە ئەنە شۇنداق ئەندىشىلەر سەۋەب بولغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. قىسقىسى، مەن ھېلىقى بىر گۇرۇپپا مۇخبىرلارنىڭ يەرلىك مىللەت خەلقلىرى ئارىسىدا «ئۇيغۇرلۇق» ئېڭى ئىنتايىن ئاجىز ئىكەنلىكىنى بايقاپ، ئۆز دۆلەتلىرىگە ناھايىتى خاتىرجەم بولۇپ قايتىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم.

ئالدىنقى 15 يىلدەك ۋاقىتنىڭ ئىچىدە مەن ئۇيغۇرچە تور بەتلىرىدە «بىز مۇسۇلمانمۇ، ئۇيغۇرمۇ؟» دېگەن تېمىدا ئېلىپ بېرىلغان بەس-مۇنازىرىلەرنى، ۋە يېزىلغان ئىنكاسلارنى كۆپ كۆردۈم. بۇ سوئالغا تورداشلارنىڭ بەرگەن جاۋابى ھەر خىل بولۇپ، مەن «مەن مۇسۇلمان»، «مەن ئۇيغۇر»، «مەن بىرىنچىدىن مۇسۇلمان، ئىككىنچىدىن ئۇيغۇر»، ۋە

«مەن بىرىنچىدىن ئۇيغۇر، ئىككىنچىدىن مۇسۇلمان» دېگەندەك جاۋابلارنىڭ ھەممىسىنى كۆردۈم.

ھازىر چەت ئەلدە ئۇيغۇرلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان جامائەتلەر خېلى كۆپ. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئىنتايىن قويۇق دىنىي تۈس ئالغان بولۇپ، ئىسلام دىنى پائالىيەتلىرى بىلەن كۆپ شۇغۇللىنىدۇ. يېقىندا مەن بىر تونۇشۇمدىن مۇنداق بىر ئىشنى ئاڭلىدىم: چەت ئەلدىكى مەلۇم بىر شەھەردە بىر گۇرۇپپا ئۇيغۇرلار بىر ئۇيغۇر مەدەنىيەت-مائارىپ پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرماقچى بولۇپ، شۇ يەردىكى يەنە بىر ئۇيغۇر دىنىي جامائىتىنىڭ باشلىقىنى ئۆز پائالىيىتىگە تەكلىپ قىلىپتۇ. ئەمما ئۇ باشلىق «مەن مۇسۇلمان، ئۇيغۇر ئەمەس»، دەپ جاۋاب بېرىپ، ھېلىقى ئۇيغۇرلارنىڭ پائالىيىتىگە قاتنىشىشنى رەت قىلىپتۇ.

يۇقىرىدىكى پاكىتلاردىن بىز مۇنداق بىر ئەھۋالنى چۈشىنىۋالالايمىز: ھازىر ئۇيغۇرلار ئىچىدە مۇسۇلمانلىق بىلەن مىللىي تەۋەلىكنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا ۋە ئېنىق چۈشەنمەيدىغان كىشىلەر ئاز ئەمەس.

مەن بۇ يەردە چوڭ نەزەرىيىلەرنى بايان قىلمايمەن. ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆزۈم خەلقئارادا ئېتىراپ قىلىنغان ۋە ئۆزۈم تولۇق ئىشىنىدىغان بىر مەنبەدىن ئىگىلىگەن بىر قىسىم ئۇچۇرلارنى بايان قىلىمەن. بۇ ئۇچۇرلارنى ئىلىم ئەھلىلىرى كۈچلۈك ھەدىسلەردىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالىغا ئائىت رىۋايەتلەردىن ۋە شۇلارغا ئاساسلانغان يەكۈنلەردىن كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇپ، ئۇلار سىز بۇرۇن قوبۇل قىلغان ئۇقۇم ۋە چۈشەنچىلەرگە ئۇيغۇن كەلمەسلىكى مۇمكىن. شۇنداق ئەھۋالدا مەن سىزدىن ئۆزىڭىز ئىگىلىگەن بىلىمنىڭ مەنبەسىنى قايتا بىر قېتىم تەكشۈرۈپ بېقىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. بىز دىنىي ئۇقۇم ۋە چۈشەنچىلەردىكى قالايمىقانچىلىقنىڭ دەردىنى ۋە زىيىنىنى بەك كۆپ تارتىپ كەتتۇق. خۇددى يۇقىرىدىكى 3-پاكىتتا بايان قىلىنغىنىدەك، ئۇنداق دەردلەرنى ۋە زىيانلارنى ھازىرمۇ كۆپ تارتىۋاتىمىز. مېنىڭ مەقسىتىم ئاشۇنداق قالايمىقانچىلىقنىڭ ئوڭشىلىشىغا ئۆزۈمنىڭ بىر كىشىلىك تۆھپىسىنى قوشۇش بولۇپ، ئوقۇرمەنلەردىن ئۆزۈم ھەققىدە ئۇنىڭدىن كۆپ ئويلىنىپ كەتمەسلىكنى ئۈمىد قىلىمەن.



1 ـ رەسىم

## 1. ھۆنەين ئۇرۇشى

قۇرئاندا پەقەت ئىككى ئۇرۇشلا تىلغا ئېلىنىدۇ. ئۇنىڭ بىرى بەدرى ئۇرۇشى بولۇپ (بىلىمخۇمارنىڭ «*بۇيرۇلغان ياردەم ۋە تىرىشچانلىق — بەدرى ئۇرۇشىدىن ئويلىغانلىرىم*» دېگەن ماقالىسىگە قاراڭ)، يەنە بىرى بولسا «ھۆنەين ئۇرۇشى» دىن ئىبارەت. ھۆنەين ئۇرۇشىنى ئېلىپ بارغان بىر تەرەپ مۇسۇلمانلار بولۇپ، يەنە بىر تەرەپ بولسا ھاۋازىنىنىڭ بەدەۋىي قەبىلىسى ۋە ئۇنىڭ يەنە بىر تارماق قىسمى سەقىفتىن ئىبارەت. بۇ ئۇرۇش 630 ـ يىلى مەككىدىن ئەل ـ تائىفقا بارىدىغان يوللارنىڭ بىرىدىكى ئىككى ئۇزۇن ئېگىزلىك ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان جىلغىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنى ئەگەشتۈرۈپ، مەدىنىدىن مەككىگە قايتىپ كېلىپ 19 كۈن ئۆتكەندە، ئۇ بىر ناھايىتى چوڭ قوشۇننىڭ مەككىنىڭ سىرتىغا يىغىلىۋاتقانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرنى ئاڭلايدۇ. ئۇ چاغدا مەككىگە ھۇجۇم قىلغىلى بولىدىغان باشقا چوڭ شەھەردىن پەقەت بىرسىلا بار بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ تائىف ئىدى. تائىفنىڭ ئاساسىي تەبىقىسى سەقىف ئىدى. سەقىف بىلەن قۇرەيش تەبىقىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش نەچچە ئەسىر داۋام قىلىپ كەلگەن ئىدى. بۇ قېتىم قۇرەيش يېڭىلگەن بولغاچقا، سەقىف ئۇلارغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن كەلگەن ئىدى.

نېمە ئۈچۈن سەقىف پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇرۇشماقچى بولىدۇ؟ بەزىلەر «سەقىف ئەسلىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قوشۇنلىرى مەدىنىدىن مەككىگە ئەمەس، ئۆزلىرىگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن كەلگەن، دەپ ئويلاپ قالغان. شۇڭا ئەسكەر توپلاپ، مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇرۇش قىلماقچى بولغان»، دەپ قارايدۇ. ئەمما بۇنداق بولۇشىنىڭ ئېھتىماللىقى

ئانچە يۇقىرى ئەمەس. تائىف بىر تاغنىڭ ئۈستىدىكى تۈزلەڭلىككە جايلاشقان بولۇپ، سەقىفلەر باشقىلارنىڭ ئۆزلىرىگە ھۇجۇم قىلىشىدىن ئانچە ئەنسىرەپ كەتمەيتتى. بۇ يەردىكى چوڭراق ئېھتىماللىق مۇنداق: مەككىنىڭ يېڭىلىشى بۇتپەرەسلىك دەۋرىنىڭ ئاخىرلىشىشىدىن دېرەك بېرەتتى. شۇڭلاشقا ئۇلار مەككىنى ئىگىلەپ، كەبىنى ئۆزىنىڭ قولىغا قايتۇرۇپ كېلىپ، بۇتپەرەسلىكنى قوغداپ قېلىشنى ئويلىغان. بۇ ئۇلارنىڭ 1-مەقسىتى. ئۇلارنىڭ 2-مەقسىتى بولسا، ئۇلار ئىزچىل تۈردە قۇرەيش بىلەن ئورۇن تالىشىپ كەلگەن بولغاچقا، ئاشۇ ۋاقىتنى قۇرەيشنىڭ ئورنىنى تارتىۋېلىشنىڭ بىر ياخشى پۇرسىتى، دەپ ئويلىغان.

شۇڭلاشقا تائىفتىكى تەبىقىلەر ئەرەبتىكى بۇتپەرەس تەبىقىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئەلچى ماڭدۇرۇپ، ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ مەككىنى قايتۇرۇۋېلىش ئۇرۇشىغا قاتنىشىشقا چاقىرىدۇ. نەتىجىدە ئەرەبلەر تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر چوڭ دائىرىدە ئۆز-ئارا بىرلىشىپ، بىر چوڭ قوشۇننى بەرپا قىلىدۇ. تائىفنىڭ ئەتراپىدا ياشايدىغان ئىككىنچى چوڭ قەبىلىنىڭ ئىسمى ھاۋازىن بولۇپ، سەقىف بىلەن ھاۋازىن قوشۇلۇپ 10000 كىشىلىك قوشۇن ھاسىل قىلىدۇ. باشقا كىچىك تەبىقىلەر قوشۇلۇپ، يەنە 10000 ئەسكەر توپلايدۇ. شۇنداق قىلىپ مۇسۇلمانلارغا ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلانغان بۇتپەرەس ئەرەب قوشۇنلىرىنىڭ سانى 20000 غا بارىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىگە قايتىپ كېلىپ 19 كۈن ئۆتكەندە (ئاشۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدە قانچە كۈن تۇرغانلىقى ھەققىدە بېرىلگەن كۈن سانى ئوخشىمىغان ھەدىستە ئوخشاش ئەمەس بولۇپ، بۇ يەردە بۇخارىدىكى سان ئىشلىتىلدى)، ساھابىلەردىن تەركىب تاپقان 10000 كىشى ۋە مەككە نوپۇسىدىن قوشۇلغان 2000 كىشى بولۇپ، جەمئىي 12000 كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ يولغا چىقىپ، 4 كۈن ئۆتكەندە تائىفنىڭ يېنىدىكى ھۇنەين جىلغىسىغا يېتىپ كېلىدۇ. ئۇ جىلغا ھازىرمۇ بار. بۇ ئارىلىق ئەسلىدە 2 كۈنلۈك يول بولۇپ، ئادەم سانى كۆپ بولغاچقا ئۇلار ئۈچۈن 4 كۈن كېتىدۇ. مۇسۇلمانلار قوشۇنىغا قېتىلغان مەككىلىكلەرنىڭ كۆپىنچىسى مۇسۇلمانلار بولۇپ، قالغانلىرى تېخىچە مۇسۇلمان بولمىغان كىشىلەردىن تەركىب تاپىدۇ.

مۇسۇلمانلار ئۈچۈنمۇ 12000 كىشىنىڭ بىر يەرگە جەم بولۇپ، بىر قوشۇن ھاسىل قىلىشى بۇرۇن كۆرۈلۈپ باقمىغان تۇنجى قېتىملىق ئىش بولىدۇ. بۇتپەرەسلەر قوشۇنىنىڭ سانى 20000 بولۇپ، ئۇلار قورال-

ياراقنىڭ سانى ۋە سۈپىتى، ھەمدە ئات-تۆگىلەرنىڭ سانى جەھەتتىمۇ مۇسۇلمانلاردىن كۆپ ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئەمما دۈشمەن ئەھۋالىدىن تولۇق خەۋىرى يوق بىر مۇسۇلمان «بىزنىڭ ئادىمىمىزنىڭ سانى 12000 تۇرسا، بىزنى كىممۇ يېڭەلىسۇن؟» دەيدۇ. بۇ سۆز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ بارىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇرۇن ئۆتكەن بىر پەيغەمبەر ۋە ئۇنىڭ چوڭ قوشۇنى يولۇققان يامان تەقدىرنى تىلغا ئېلىپ، مۇسۇلمانلارنى ئۆزلىرىنى چوڭ چاغلاپ كەتمەسلىككە چاقىرىدۇ. بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئاشۇنداق مەغرۇرلىنىپ كېتىشىدىكى سەۋەب ئۇلارنىڭ يېڭىدىن مۇسۇلمان بولغان ئىكەنلىكى بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاشۇنداق مەغرۇرلۇقنى تەنقىدلەيدۇ.

مۇسۇلمانلار يىغىلغان جاي تائىفلىقلارنىڭ يۇرتى بولۇپ، تائىفلىقلار ئۇ زېمىننىڭ جۇغراپىيىلىك يەر تۈزۈلۈشىنى ناھايىتى ياخشى بىلەتتى. شۇڭا ئۇلار بۇ قېتىمقى ئۇرۇش ئۈچۈن بىر ناھايىتى ئاقىلانە تاكتىكا ئىشلىتىدۇ. يەنى، ئۇلار مۇسۇلمانلار يەنە بىر تەرىپىگە بېرىش ئۈچۈن چوقۇم ئۆتمىسە بولمايدىغان ئىككى ئۇزۇن دۆڭلۈكنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر جىلغىنى تاللايدۇ. ھەمدە جىلغىنىڭ تائىفقا يېقىن ئېغىزىغا ھاۋازىنلىقلاردىن تەركىب تاپقان، تولۇق ئۇرۇش ھالىتىگە كەلگەن بىر كىچىك قوشۇننى تۇرغۇزۇپ قويىدۇ. بۇ قوشۇن مۇسۇلمانلارغا خۇددى ھازىرلا ھۇجۇمغا ئۆتىدىغاندەكلا كۆرۈنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار «بىز بەربات قىلىدىغان قوشۇن ئاشۇ ئىكەن» ، دەپ ئويلاپ قېلىپ، تائىفلىقلارنىڭ ئاساسىي قوشۇنى جىلغىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى دۆڭلۈكتە ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە تەييارلىنىپ، مۆكۈپ ياتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ بۇ ئەسكەرلىرى جىلغىنىڭ بېشىدىن تارتىپ ئاخىرىغىچە تارقىلىپ ئورۇنلىشىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ. مۇسۇلمانلار جىلغىغا كىرىپ، قارشى تەرەپتىكى ھاۋازىن ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم باشلىغاندا، ئۇ ئەسكەرلەر يېڭىلگەندەك كۆرۈنۈپ، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قاچىدۇ. ئۇنىڭ بىر نەيرەڭۋازلىق ئىكەنلىكىنى بىلمەي، تېخىمۇ كۆپ مۇسۇلمان ئەسكەرلىرى جىلغىنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ. ھەممە مۇسۇلمانلار جىلغىنىڭ ئىچىگە كىرىپ بولغاندىن كېيىن، دۈشمەن ئەسكەرلىرى ئۇلارغا ئىككى دۆڭنىڭ ئۈستىدىن رەسمىي ھۇجۇمنى باشلايدۇ. دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ يېرىمى دۆڭنىڭ ئۈستىدىن ئوقيا قاتارلىق قوراللار بىلەن ھۇجۇم قىلىدۇ. قالغان يېرىمى بولسا جىلغىنىڭ قارشى تەرىپىدىن مۇسۇلمانلار تەرەپكە ھۇجۇم قىلىپ كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمان

ئەسكەرلىرى نىمە ئىش بولىۋاتقانلىقىنى ئېنىق بىلەلمەي، قاتتىق سەرەمسانلىققا چۈكىدۇ. مۇشۇ ۋەقە ھەققىدە ئاللاھ تۆۋەندىكى ئايەتنى نازىل قىلغان:

**«ئاللاھ سىلەرگە نۇرغۇن جەڭ مەيدانلىرىدا ۋە ھۈنەين كۈنىدە (يەنى جېڭىدە) ھەقىقەتەن ياردەم بەردى. ئەينى ۋاقىتتا سانىڭلارنىڭ كۆپلۈكىدىن خۇشاللىنىپ كەتتىڭلار (يەنى بۈگۈن بىزنىڭ سانىمىز كۆپ، مەغلۇپ بولمايمىز دېدىڭلار، بۇ چاغدا سىلەرنىڭ سانىڭلار 12 مىڭ، دۈشمىنىڭلارنىڭ سانى 4000 ئىدى)، سانىڭلارنىڭ كۆپلۈكى سىلەرگە قىلچە ئەسقاتمىدى. (قاتتىق قورقىنىڭلاردىن) كەڭ زېمىن سىلەرگە تار تۇيۇلدى. ئاندىن (مەغلۇپ بولۇپ، رەسۇلۇللانى ئازغىنا مۆمىنلەر بىلەن تاشلاپ) ئارقاڭلارغا قاراپ قاچتىڭلار [9:25].»**

ئەسكەرتمە: قۇرئاننىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسىدە «(يەنى بۈگۈن بىزنىڭ سانىمىز كۆپ، مەغلۇپ بولمايمىز دېدىڭلار، بۇ چاغدا سىلەرنىڭ سانىڭلار 12 مىڭ، دۈشمىنىڭلارنىڭ سانى 4000 ئىدى)» دېگەندەك گەپلەر يوق ئىكەن.

تۇيۇقسىز كەلگەن بۇ ھۇجۇمدىن گاڭگىراپ ۋە قورقۇپ كەتكەن مۇسۇلمان ئەسكەرلىرى كەينىگە قاراپ قاچىدۇ. ھېچ كىمنىڭ ھېچ كىم بىلەن كارى بولمايدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشىدىكى 1-سەۋەب مۇسۇلمان قوشۇنىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ يېڭىدىن ئىسلامغا كىرگەن مۇسۇلمانلار ئىكەنلىكى، يەنە بىر قىسمى بولسا تېخىچە مۇسۇلمان بولمىغان كىشىلەر ئىكەنلىكىدۇر. ئىككىنچى سەۋەبى بولسا مۇسۇلمانلار بۇنداق ئىشنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى قىلچىمۇ مۆلچەرلىمىگەن، ھەمدە ئۇنىڭغا ھېچ قانداق تەييارلىقمۇ قىلمىغانلىقىدۇر. ئۈچىنچى سەۋەبى بولسا، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىگە ئاسماندىن يامغۇردەك يېغىپ چۈشۈۋاتقان ئوقيا ئوقلىرىدىن ئۆزلىرىنى قوغداش ئاساسەن مۇمكىن ئەمەسلىكىدۇر. تۆتىنچى سەۋەبى بولسا مۇسۇلمان ئەسكەرلىرىنىڭ سانىمۇ 12000 كىشى بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى قالقانسىز قالغانلىقىدۇر. شۇڭلاشقا ھەممە كىشى قاتتىق قورقۇپ، ئۆزلىرىنى قوغدايدىغان يەر ئىزدەپ تەرەپ-تەرەپكە قاچىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەتراپىدا ئۇنى قوغدايدىغان كىشىلەرنىڭمۇ تايىنى قالمايدۇ. ئەلۋەتتە ئۇ قاچماي، يەنىلا

ئۆزىنىڭ قېچىرىغا مىنگەن ھالەتتە تۇرۇۋېرىدۇ. ئەبۇبەكرى، ئۆمەر ۋە ئەلى قاتارلىق كىشىلەرمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇ چاغدا ئەتراپىدىكىلەرگە ئۈنلۈك ئاۋازدا ۋارقىرايدۇ: «مەن تەرەپكە كېلىڭلار! مەن ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! مەن ئابدۇلمۇتەللىپنىڭ ئوغلى مۇھەممەد!» ئۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئۆزىنىڭ تاغىسى ھەزرىتى ئابباسمۇ بار بولۇپ، ئۇ ئاۋازىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن داڭلىق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاغىسىغا «پالانى قەبىلىنىڭ كىشىلىرىنى چاقىرغىن! پوكۇنى قەبىلىنىڭ كىشىلىرىنى چاقىرغىن!» دەپ، ئاشۇ قېتىملىق ئۇرۇشقا كەلگەن ئاساسلىق مۇسۇلمان قەبىلىلىرىنىڭ كىشىلىرىنى بىرمۇ-بىر تىلغا ئېلىپ چاقىرتىدۇ. ھەر بىر قەبىلە كىشىلىرى ئۆزىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغاندا ئۇيقۇدىن چۆچۈپ ئويغانغاندەك بولۇپ، ئەتراپىدا نېمە ئىش بولۇۋاتقانلىقىنى بىر ئاز ئاڭقىرتىۋالىدۇ. ھەمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا توپ-توپ قايتىپ كېلىشكە باشلايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈنلۈك ئاۋازدا ھەممىگە مەلۇم بولغان ھېلىقى داڭلىق سۆزلەر بىلەن ۋارقىراشنى داۋاملاشتۇرىدۇ: «مەن بىر پەيغەمبەر، بۇنىڭدا ھېچ قانداق يالغانچىلىق يوق! مەن يەنە ئابدۇلمۇتەللىپنىڭ ئوغلى!»

بۇ ئىش ئىنتايىن مۇھىم. يەنى، بۇ يەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دىن بىلەن تەبىقىلىقنى بىرلەشتۈرىدۇ. ئۇ ئىسلام بىلەن تەبىقىلىقنى بىرلەشتۈرىدۇ. ئۇ «مەن بىر پەيغەمبەر، بۇنىڭدا ھېچ قانداق يالغانچىلىق يوق! مەن يەنە ئابدۇلمۇتەللىپنىڭ ئوغلى!» دەيدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەبۇ تالىپنىڭ نەۋرىسى بولۇپ، ئەرەبلەر بەزىدە «نەۋرىسى» دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا «ئوغلى» دەپ ئىشلىتىۋېرىدۇ. بۇ يەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلامىي ساداقەتمەنلىكىنى ئىشقا سېلىش بىلەن بىللە، ئۇلارنىڭ تەبىقە ساداقەتمەنلىكىنىمۇ تەڭلا ئىشقا سېلىشقا تىرىشىدۇ. يەنى، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەر قۇرەيش تەبىقىسگە قارايدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى يېڭىدىن مۇسۇلمان بولغان. شۇڭا ئۇلار ئۈچۈن «پەيغەمبەر» گە قارىغاندا «ئابدۇلمۇتەللىپ» يېقىنراق تۇيۇلىدۇ.

بۇ ئەھۋال بىزنىڭ ھازىرقى زامانىمىزدىكى بىر ئىنتايىن، ئىنتايىن مۇھىم نۇقتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ھازىر تەبىقچىلىك ئاساسەن يوقاپ كەتتى. ئۇنىڭ ئورنىنى مىللەتپەرۋەرلىك ئالدى. يۇقىرىدىكى ۋەقە شۇنى

چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، مۇسۇلمانلار مىللەتپەرۋەرلىكنى بىر ياخشى مەقسەت ئۈچۈن قوللانسا بولۇۋېرىدۇ. بەزى كىشلەر بىر قۇتۇپقا ئېغىپ، «مىللەتپەرۋەرلىك هارام» ، دەيدىغان ئىدىيىنى تۇرغۇزۇۋالغان. ئەمەلىيەتتە بولسا ئىش ئۇنداق ئەمەس. ھەرگىزمۇ ھەممە خىلدىكى مىللەتپەرۋەرلىكنىڭ بارلىقى هارام ئەمەس. ھەممە خىلدىكى ھېسسىيات ياكى مۇھەببەتنى ياخشى ئىشلار ئۈچۈن قوللانغىلىمۇ بولىدۇ، شۇنداقلا يامان ئىشلار ئۈچۈن قوللانغىلىمۇ بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بۇ يەردە مۇھەببەتتىن ياخشى ئىش ئۈچۈن پايدىلىنىشنى ئىسپاتلاپ بەرگەن. «مەن كىمۇ؟ مېنىڭ چوڭ دادام ئابدۇلمۇتەللىپ.» ھەممىمىزنىڭ خەۋىرىدە بولغىنىدەك، سىزنىڭ دادىڭىز ياكى چوڭ دادىڭىزنىڭ كىم ئىكەنلىكى مۇھىم ئەمەس. قىيامەت كۈنىمۇ ئۇلار سىزگە قەتئىيلا ياردەم قىلالمايدۇ. ئەمما بۇ دۇنيادا ياردەم قىلالىشى مۇمكىن. يۇقىرىدىكى ۋەقەدىن ئۆزىنىڭ دادىسى ياكى چوڭ دادىسىنىڭ نوپۇزىدىن مۇۋاپىق ئىشلار ئۈچۈن پايدىلانسا بولۇۋېرىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۆز ئەجدادلىرىدىن ياكى ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىدىن ئومۇميۈزلۈك پەخىرلىنىش ۋە ئېپتىخارلىنىشمۇ خاتا ئەمەسلىكىنى، ۋە هارام ئەمەسلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئاشۇنداق پەخىرلىنىش ئىسلامغا بولغان پەخىرلىنىشنىڭ دائىرىسى ئىچىدە بولسىلا بولۇۋېرىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ چوڭ دادىسى ئابدۇلمۇتەللىپ بۇرۇن ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ياشاپ باققان كىشىلەر ئىچىدىكى مەرتىۋىسى ئەڭ يۇقىرى، ئەڭ تونۇلغان، ئەڭ يۇقىرى ھۆرمەتكە ۋە ئەڭ كۈچلۈك ھىمايىگە ئېرىشكەن، كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بىلىدىغان ئادەم ئىدى. مۇھەممەد ئەلەيهىسسالام بولسا ئابدۇلمۇتەللىپ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئوغلىنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان نەۋرىسى ئىدى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۆزىنىڭ ئابدۇلمۇتەللىپ بىلەن بولغان قانداشلىق مۇناسىۋىتىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. بۇنداق قىلىش ھەرگىزمۇ خاتا ئەمەس. ھەرگىزمۇ هارام ئەمەس.

## 2. قىسقىچە مۇلاھىزە

بىز ھۇنەيىن ئۇرۇشىدىن خېلى كۆپ مەنپەئەت ئالالايمىز. ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئوخشىمىغان كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىگە، ئۇلارنىڭ مىجەز-خاراكتېرلىرىگە، ۋە ئۇلارنىڭ

سەۋىيىسىگە قاراپ ئوخشىمىغان ئۇسۇلدا مۇئامىلە قىلغان. مەسىلەن، ئۇ مۇسۇلمانلار قولغا چۈشۈرگەن بايلىقلارنى ئەنسارلارغا (پىشقان مۇسۇلمانلارغا) بەرمەي، قۇرەيشلەرگە (يېڭىدىن مۇسۇلمان بولغانلارغا) بەرگەن. قۇرەيشلەر ئۇرۇش مەيدانىدىن قاچقاندا، ئۇ بۇرۇن بىر قېتىممۇ ئىشلىتىپ باقمىغان شوئارلاردىن بىرىنى ئىشلەتكەن. يەنى ئۇ ئۆزىنىڭ قانداشلىق مۇناسىۋىتىنى ئىشقا سالغان. ئۇ ئىشلەتكەن شوئار «مەن ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! مەن ئابدۇلمۇتەللىپنىڭ ئوغلى!» دىن ئىبارەت. ئىنسان پىسخولوگىيىسىنىڭ مۇتەخەسسىسى دېگەن ئەنە شۇ. دادىڭىزنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى، چوڭ دادىڭىزنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى دېيىش خاتا ئەمەس. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئابدۇلمۇتەللىپنىڭ نەۋرىسى. ئۇ ھۆنەين ئۇرۇشىدا يېڭىدىن مۇسۇلمان بولغان قۇرەيش ئەسكەرلىرىنىڭ رولىنى ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ قانداشلىقىدىن پايدىلانغان. ئۆزىنىڭ بىر ياقا يۇرتلۇق ئەمەسلىكىنى، ئۆزىنىڭ بىر يات ئادەم ئەمەسلىكىنى، ئاشۇ ئۇرۇش مەيدانىدىكى قۇرەيشلەرنىڭ قەبىلە باشلىقىنىڭ نەۋرىسى ئىكەنلىكىنى بىر شوئار قىلىپ ئىشلەتكەن.

يۇقىرىدىكى ئەھۋالنى ھازىرقى زاماندىكى مىللەتپەرۋەرلىك ئۇقۇمىغا تەتبىقلاش مۇمكىن. مىللەتپەرۋەرلىك بىر يېڭى ئۇقۇم. ئەمما بىر ئادەم ئۆزىنىڭ قايسى جۇغراپىيىلىك ماكانغا تەۋە ئىكەنلىكى ھەققىدە سۆزلىسە بولۇۋېرىدۇ. ئۇنداق قىلىش خاتا ئەمەس. مىللەتپەرۋەرلىكتىن ئىسلام دىنى دائىرىسى ئىچىدىكى يوللۇق مەقسەتلەر ئۈچۈن پايدىلانسا بولۇۋېرىدۇ. ئۇنداق قىلىش ھارام ئەمەس.

## 3. خۇلاسە

ئەسلىدە بۇ ماقالىگە «مۇسۇلمانلىق ۋە مىللەتپەرۋەرلىك» دەپ ماۋزۇ قويغان بولسام تېخىمۇ مۇۋاپىق بولار ئىدى. ئەمما بەزى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ماۋزۇنى ھازىرقىدەك قويدۇم.

يېقىندا «ئوبزورچى» ئىسىملىك توردىشىمىز ئۇيغۇرچە مۇنبەرلەرنىڭ بىرىگە مۇنداق دەپ ئىنكاس يازدى (نەقىل): **«ئەرەبچە مائارىپتا تەربىيە ئالغانلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇرلۇقىدىن بىخوت يۈرۈشى ھەتتا ئۇيغۇرلۇقتىن تېنىشى، ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن چىققان ئىلىم ئىگىلىرى ۋە باتۇرلىرىنى ئېتىراپ قىلماسلىقى، ھەتتا ئۇلارنىڭ نامىنىمۇ بىلمەسلىكى ، قىسقىسى ئۆزىنىڭ قەۋمىگە قىززىقماسلىقى، ئەكسىچە ئەرەبنىڭ قوينىغا ئۆزىنى باشچىلاپ ئېتىشى قاتارلىق بىر**

**قاتار مەسىلىلەر بۇ ئەرەب مائارىپىدا تەلىم ئالغانلارنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى بولۇشىنىڭ ئاساسى سەۋەبى گۇلەن ئەپەندى ئېيتقاندەك، بالىلارنىڭ ئاۋۋال ئانا تىلىدا ئوقۇغان-ئوقۇمىغانلىقىدا، ئۇيغۇرنىڭ مەدەنىيىتىنى ئۆگەنگەن - ئۆگەتمىگەنلىكىدە ئەمەس. شۇندالا ئەۋۋەل دىنىدىلام ئوقۇغان - ئوقۇمىغانلىقىدا ، ھۇنەر كەسىپ ئۆگەنگەن - ئۆگەنمىگەنلىكىدە، ياكى تۈركىيىدە ۋە باشقا يەردە ئوقۇغان - ئوقۇمىغانلىقىدا ئەمەس. بەلكى ئۇلارنىڭ ئەرەب مائارىپىدا تەربىيىلىنىش جەريانىدا مۇھەممەن ئىبنى ئابدۇۋاھھابنىڭ ئىمان - ئەقىدە جەھەتتىكى ئازغۇن ئىدىيە، كۆز-قارىشى بىلەن قاتتىق زەھەرلەنگەنلىكىدىندۇر. كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، ۋاھابى ئەقىدىسى بىلەن زەھەرلەنگەن ھەرقانداق مۇسۇلمان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋەت قىلغان، ئاللانىڭ توغرا يولىدىن ئازغىنى - ئازغان. يوقۇرىدا تىلغا ئالغان، ئەرەپ مائارىپىدا تەربىيىلەنگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ماھىيىتمۇ بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ. شۇنداق بولغاچقا، بىز تەرەپتە ھەجگە بارغۇچىلارنى، ئەرەب تەرەپتىكىلەر بىلەن ئارىلاشماي، ياكى ئۇلارنىڭ ئوخشمايدىغان ئىبادەت شەكىللىرى ۋە سۆز-ھەركەتلىرىنى دورىماي، ئىلگىرىكى ھالىتىنى ساقلاپ قايتىپ كېلىشىنى تەلىم بېرىپ يولغا سالىدۇ. چۈنكى سىز ئېيتقاندەك، مېڭىسىگە ئەرەب تىلىنى ۋە ئەرەب مەدەنىيىتىنى قاچىلىۋالغان ئۇيغۇر ئاتلىق ئەرەبلەرنىڭ ئاۋۋپ كېتىشى ئۇيغۇر ئۈچۈن ئاپەت ئىكەنلىكى تارىختىن بېرى قايتا قايتا ئىسپاتلىنىپ كېلىۋاتقان ھەقىقەت .»**

مېنىڭ بۇ ئىنكاسقا ئۇنداق ياكى مۇنداق دەپ باھا بەرگۈم يوق. مەن پەقەت ئوقۇرمەنلەردىن بۇ ئىنكاسنى بىر قېتىم ئوقۇپ، نېمە ئۈچۈن بىزنىڭ بىر قىسىم كىشىلىرىمىز ئەنە شۇنداق تونۇشقا كېلىپ قالىدىغانلىقى ئۈستىدە بىر ئاز ئويلىنىپ بېقىشى ئۈچۈن، ئۇنى بۇ يەرگە قىستۇرۇپ قويدۇم.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، مېنىڭچە چەت ئەلدە دىندا ئوقۇغان ۋە ئوقۇۋاتقان كىشىلىرىمىزنىڭ ئاشۇنداق يولنى تاللىشىدا مۇنداق 3 خىل مەقسەت بار: (1) دىندا ئىلىمدار بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئاللاھ ئالدىدىكى مەرتىۋىسى ياكى ئورنىنى ئىمكانقەدەر ئەڭ يۇقىرى دەرىجىگە ئۆستۈرۈش. (2) ئاللاھنىڭ دىنى ۋە باشقىلار ئۈچۈن ياخشىراق خىزمەت قىلىش. (3) ئۆزى قىزىققان كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ ياشاش. دىندا ئىلىملىك بولغان كىشىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ نەزىرىدىكى ئورنى يۇقىرى بولىدىغان بولۇپ، ئۇ جەھەتتىكى ئۇقۇملار بىر پارچە ئايرىم ماقالە بولىدۇ.

ئاللاھنىڭ دىنى ۋە باشقىلار ئۈچۈن ياخشىراق خىزمەت قىلىش مەسلىسىگە كەلسەك، باشقا ئەل ۋە باشقا رايونلاردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ئىچىدىن يېتەرلىك ساندىكى دىنىي ئۆلىمالارنى يېتىلدۈرگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىزنىڭ ئىچىمىزدىن يېتىشىپ چىققان دىنىي زىيالىيلارغا ئاساسەن ئېھتىياجى يوق. مەن چەت ئەلدىكى دىنىي زىيالىيلاردىن ئۆز ئۆمرىنى باشقىلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ ئۆتكۈزۈۋاتقانلار ئاساسەن يوق، بار بولغاندىمۇ ئىنتايىن ئازدەك ھېس قىلىمەن. دېمەك، ئۇيغۇر دىنىي زىيالىيلار چوقۇم ئۇيغۇرلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى ئۆزىنىڭ تۇپ نىشانى قىلىشى كېرەك. ئۇلار ئۇيغۇرلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنىڭ ئۈنۈملۈك يول-چارىلىرىنى تېپىپ چىقىشى، ھەمدە ئاشۇ يول-چارىلەردىن ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشى كېرەك. ئۇنداق قىلمايدىكەن ياكى قىلالمايدىكەن، ئۇلارنىڭ ئىلمىنىڭ قىممىتى تولۇق جارى بولمايدۇ. ئۇلار ئاللاھنىڭ دىنى ۋە باشقىلار ئۈچۈن ياخشى خىزمەت قىلالمايدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، «مەن مۇسۇلمان، ئۇيغۇر ئەمەس» دەپ ياشاۋاتقان كىشىلەر تۇتقان يول ئىنتايىن خاتا. مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، «مەن مۇسۇلمان، ئۇيغۇر ئەمەس» دەپ ياشاۋاتقان كىشىلەر ئۆزى يالىڭاچ تۇرۇپ، باشقىلارنىڭ ئۈچىسىغا كىيىم ھازىرلاپ بېرىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان كىشىلەرگە ئوخشايدۇ. شۇڭلاشقا مەن چەت ئەلدىكى دىنىي زىيالىيلىرىمىزنىڭ «مەن ئۆز يۇرتۇم ۋە ئۆز خەلقىم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يولىدا يېتەرلىك دەرىجىدە تىرىشتىممۇ؟ يېتەرلىك دەرىجىدە بەدەل تۆلىدىممۇ؟ مەن ھازىر تۇتقان يول ئۆز يۇرتۇم ۋە ئۆز خەلقىم ئۈچۈن ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلىشقا ماس كېلەمدۇ؟» دەپ ئويلىنىپ بېقىشىنى سورايمەن.

ئۇيغۇرلار چوقۇم ئەقىل بىلەن ئىش قىلىشنى ئۆگىنىشى كېرەك. ئۇنداق قىلمايدىكەن، تۇتقان يولى ئۈنۈم بەرمەي، قىلغان ئىشى ئاقمايدۇ.

## پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:


[1] Seerah of Prophet Muhammad 82 - Battle of Hunayn Part 1 ~ Dr. Yasir Qadhi | 16th April 2014 https://www.youtube.com/watch?v=ttEsGxFxDKA

[2] https://www.youtube.com/watch?v=3gb3ES-rEFQ

# نېمشقا يامانلىقلار يۈز بېرىدۇ؟

2015 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى

مەن چەت ئەلدە ياشاۋاتقىلى ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىت بولدى. ئەگەر 1985 ـ يىلى ياپونغا ئوقۇشقا بارغان ۋاقتتىن باشلاپ ھېسابلىسام، ماڭا چەت ئەلدە ياشاۋاتقىلى ھازىر 30 يىل بولغان بولىدۇ. چەت ئەلگە چىققاندىن بۇيان كۆپلىگەن باشقا جاينىڭ ئادەملىرى، باشقا مىللەتنىڭ ئادەملىرى، ۋە باشقا ئەللەرنىڭ ئادەملىرىنى ئۇچراتتىم. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ھەققىدە ناھايىتى ئوبدان چۈشەنچىمۇ ھاسىل قىلدىم. ھەر قېتىم باشقا مىللەتنىڭ كىشىلىرىنى ئۇچراتقاندا، ھەمدە ئۇلار ھەققىدە مەلۇم چۈشەنچىگە ئىگە بولغاندا، مەن ئۇلارنى ئۇيغۇرلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ تۇردۇم. ئۇلارنى مەن ئۇچرىتىپ باققان، مەن بىللە ياشاپ باققان، ۋە مەن بىللە ئىشلەپ باققان ئۇيغۇرلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ تۇردۇم. بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ بىلىمى دائىرىسىدە تەقۋالىقنى ئەڭ ياخشى داۋاملاشتۇرۇپ ماڭغان، ماددىي دۇنياغا بولغان نەپسى تۆپەيلىدىن روھىي دۇنياسىنىڭ ساغلاملىقىنى بۇلغىمىغان، ئاق كۆڭۈل، مېھرىبان، سەۋرچان، ناھايىتى ئەمگەكچان، ۋە ئىنتايىن چىداملىق ئۇيغۇر دېھقانلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ تۇردۇم. بىزنىڭ يېقىن تۇغقانلىرىمىز ئىچىدە ئەنە شۇنداق دېھقانلار كۆپ ئىدى. مەن كىچىك ۋاقتىمدا ئۆيلىرىدە كۆپ تۇرغان، ئۆزۈم ناھايىتى ياخشى بىلىدىغان ئاشۇنداق دېھقان تۇغقانلىرىمىزنىڭ بىر قىسمى ئۆز ئۆمرىدە ئۆزلىرى تەۋە بولغان ناھىيە بازىرىغىمۇ بىرەر قېتىم بېرىپ باقماي، بۇ دۇنيادىن ئايرىلدى. تېخى 2006 ـ يىلى مەن يۇرتقا بېرىپ، دېھقان تۇغقانلىرىمنى يوقلاپ يېزىغا بارغاندا، بىر تۇغقىنىم ماڭا يېڭىدىن ئاقلىغان بىر چارەك گۈرۈچنى تەڭلەپ، «بالام، بىزدە سىزگە سوۋغا قىلغۇدەك ياخشى نەرسە يوق. ماۋۇ گۈرۈچنى تېخى يېقىندا ئاقلىغان. بىزدە بار سوۋغا بولغۇدەك نەرسىنىڭ ھەممىسى مۇشۇ شۇ. بۇنى ئامېرىكىغا ئالغاچ كېتىپ، ھەر قېتىم تاماق ئېتىپ يېگەندە بىزنى ئەسلەپ قويۇڭ» دېدى. مەن ئالغىلى ئۇنىمىسام، ئۇ قەتئىي ئۇنىمىدى. يەنە بىر تۇغقىنىم ئۆيىدە ساقلىغىلى بىر-

ئىككى يىل بولۇپ قالغان بىر تەلەگگە چىقىلمىغان ياگاقنى ئېلىپ چىقىپ، خۇددى يۇقىرىدىكى مىسالغا ئوخشاشلا مېنىڭ ئامېرىكىغا ئېلىپ كېتىشىمنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى. يېشى مېنىڭكى بىلەن تەڭ، كىچىكىمىزدە بىللە ئوينىغان يەنە بىر تۇغقىنىمنىڭ ئۆيىدە پەقەت بىرلا توخۇسى بار ئىكەن، ئۇ ئاشۇ توخۇسىنى ئۆلتۈرۈپ، پولۇ ئېتىپ، مېنى مېھمان قىلدى. تاماق گېلىمدىن ئىنتايىن تەستە ئۆتتى، ئەمما ئۇ ماگا مەن ھازىرغىچە يەپ باققان پولۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ياخشىسىدەك تۇيۇلدى. ئۇ پولۇنىڭ تەمى ئاغزىمدا ھازىرمۇ بار.

قىسقىسى، مەن ئاشۇ دېھقانلارنى چەت ئەلدە ناھايىتى راھەت ياشاۋاتقان باشقا مىللەت كىشىلىرى بىلەن داۋاملىق سېلىشتۇرۇپ تۇردۇم. مەندە ھەممە ئىشلارنى نەزەرىيە جەھەتتىن چۈشىنىشكە ئىنتىلىدىغان بىر ئادەت بار بولغاچقا، كاللامدا تەبىئىي ھالدا مۇنداق بىر سوئال شەكىللەندى: «نېمە ئۈچۈن ياخشى ئادەملەر يامان كۈنگە قالىدۇ؟» كاللامغا بۇ سوئال ئەڭ دەسلىپىدە پەيدا بولغاندا، مەن بۇ سوئالنىڭ جاۋابى ئىلمىي ساھەدە بارمۇ ياكى دىنىي ساھەدە بارمۇ، ئۇ توغرۇلۇق ئانچە ئويلىنىپ كەتمىدىم. ئەمما، ئۇنىڭغا جاۋاب بولىدىغان بىلىملەرگە دىققەت قىلىشنى زادىلا توختاتمىدىم.

يۇرتىمىزدا يۈز بەرگەن 2009-يىلى تومۇزدىكى ۋەقەدىن كېيىن، مەن بەزى ئوگۇشسىزلىقلارغا دۇچ كەلدىم. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئېچىنىشلىقى ئاپامنىڭ تۈگەپ كېتىشى، ۋە مېنىڭ ئۇنىڭ توپا بېشىنى بىرەر قېتىممۇ يوقلىيالماسلىقىم بولدى. شۇ چاغدا مېنىڭ بىر يىراقتىكى دوستۇم «ياخشى ئادەملەرگە يامانلىق يۈز بەرگەندە» ناملىق بىر ئىنگلىزچە كىتابنى ماگا پوچتىدىن ئەۋەتىپ سوۋغا قىلدى. ئۇنى يازغان كىشى ئامېرىكىدا ياشايدىغان بىر دىنىي زات بولۇپ، ئەمما ئۇ ئاپتور ئىسلامدىن باشقا بىر دىنغا تەۋە كىشى ئىدى. مەن ئۇ كىتابنى كەم دېگەندە 3 قېتىم ئوقۇدۇم، ھەمدە خېلى كۆپ بىلىملەرگە ئىگە بولدۇم. ياخشى ئادەملەرنىڭ بېشىغا ئوگۇشسىزلىقلا ئەمەس، ئېغىر مۇسىبەت ۋە ناھايىتى ئېچىنىشلىق پاجىئەلەر كېلىدىغان ئىشلارنىڭمۇ ناھايىتى كۆپ ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم سىستېمىلىق ھالدا چۈشىنىپ يەتتىم. ھېلىقى كىتابنىڭ ئاپتورى يولۇققان پاجىئە كاللامدىن ئۈزۈلۈنغىچە چىقىپ كەتمىدى. مەن ئۇ كىتابنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلەرگە تونۇشتۇرۇشنى قارار قىلىپ، بىر پارچە ماقالە يېزىشنىمۇ باشلىدىم. ئەمما، ئۇ كىتابنىڭ ئاپتورى بىر مۇسۇلمان

زىيالىيسى بولمىغاچقا، ئۇ كىتابتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بىر قىسىم كۆز-قاراشلار دىنىمىزدىكى چۈشەنچىلەرگە زىت كېلىپ قېلىش ئېهتىماللىقى بار ئىدى. شۇڭلاشقا مەن ئۇ ماقالىنى پۈتتۈرۈپ ئېلان قىلىشتىن ۋاز كەچتىم.

مەن بۇ يىل يازدا چەت ئەللەردە ساياھەت قىلىش جەريانىدا، ئۆزۈمگە ئىنتايىن يېقىن سىرداش دوست بولالايدىغان بىر ئۇيغۇر قېرىنداشىمىزنى ئۇچراتتىم. ئۇن ئاينىڭ ئالدىدا بۇ قېرىنداشىمىز يۇرتقا تۇغقان يوقلاشقا بېرىپ، ئۇنىڭ بىر تۇغقىنى ئۇنىڭ 5 ياشلىق ۋە 10 ياشلىق ئىككى بالىسىنى ئوينىتىپ كېلىش ئۈچۈن شەھەر ئايلاندۇرۇۋاتقاندا، بىر ماشىنا ۋەقەسىگە ئۇچراپ، ھېلىقى ئىككى بالىسى قازا قىلىپ كېتىپتۇ. ئۇ قېرىنداشىمىز مەن بىلەن پاراڭلاشقاندا، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشىپ تۇردى. ئەمما، ئۇنىڭ كۆزىدىكى نەملىك قۇرۇپ باقمىدى. ئۇنىڭ ئايالى ھېلىقى ئىككى بالىسىنىڭ رەسىمىنى بىز بىلەن بىر سورۇندا ئولتۇرغان دوستلارغا يىغلاپ تۇرۇپ كۆرسەتكەندە، مەن ئۇ رەسىمگە قاراشقا جۈرئەت قىلالماي، ئورنۇمدىن تۇرۇپ باشقا ياققا كەتتىم. بىر ئاتا-ئانا ئۈچۈن ئۆزىنىڭ كىچىك بالىسىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قاتتىق پاجىئە يوق. ئۇنىڭدىنمۇ بەك ئېچىنىشلىق ئازاب يوق. ئۇنىڭدىنمۇ بەك چىدىغۇسىز ئاغرىق يوق. شۇنىڭدىن كېيىن مەن كۆپ قېتىم ئۆز-ئۆزۈمدىن «مەن بۇ ئىنىمىز ئۈچۈن نېمە ئىش قىلىپ بېرەلەيمەن؟» دەپ سورىدىم.

## 1. ماڭا ۋەتەندىن كەلگەن بىر پارچە خەت

بىر قانچە ھەپتىنىڭ ئالدىدا مەن ۋەتەندىكى بىر ئىنىمىزدىن تۆۋەندىكى بىر پارچە خەتنى تاپشۇرۇپ ئالدىم (نەقىل):

### ئىلتىجا

**(ئۆز قىسمەتلىرى ۋە ھايات ھەقىقەتلىرى توغرىسىدىكى جاۋابلارغا زارىقىپ، قەلبى پۈچۈلنۇۋاتقان بىر بىچارە دادىنىڭ نىداسى)**

**ئەسسالامۇ-ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك بىلىمخۇمار ئاكا، ياخشىمۇسىز! مەن ئۇزۇندىن بېرى سىزنىڭ كىشىلىك ھايات تېمىسىدىكى يازمىلىرىڭىزنى ئىنتايىن ياقتۇرۇپ ئوقۇپ كېلىۋاتىمەن. سىزنىڭ ھايات ھەقىقەتلىرى ھەققىدىكى ئۇنىۋېرسال بىلىمىڭىزگە مەستلىك بىلەن قايىل بولىمەن.**

**مەن ئۇزۇن ۋاقىت ئويلىنىپ، ئاندىن سىزگە بۇ سەممىي ئىلتىجانى يازدىم.**

مەن بىر ئوقۇتقۇچى، يېشىم 30 دىن ھالقىغان بولسىمۇ، بېشىمغا بىر ئىنسانىنىڭ بېشىغا كېلىدىغان ئەڭ ئېغىر كۈلپەتلەر كەلدى. مەن بۇ ئازاپ قاراڭغۇلۇقى ئىچىدە گاڭگىراپ ئاخىرى سىزگە ئىلتىجا قىلدىم.

ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن 2014-يىلى ۋە بۇ يىل (2015-يىلى) ئىككى بالام بالا-قازاغا يولۇقۇپ، بىزدىن بەك بالدۇر ئايرىلدى. ئۇنىڭ بىرى بىر ياش، يەنە بىرى 5 ياش ئىدى. بۇلتۇر كىچىك بالامدىن ئايرىلىپ مىڭ بىر تەسەللى ۋە سەبىرلەر بىلەن ئەمدى ئورنۇمدىن تۇراي دېگەندە، بۇ يىل بۇ قاباھەتلىك كۈنلەر بېشىمغا كەلدى. بۇ قېتىم 5 ياشلىق بالامدىن ئايرىلىپ قېلىش ئازابى مېنى تۈگەشتۈرۈۋەتتى. كۆز ياشلىرىم قۇرۇمىدى، تەۋبە قىلدىم، شۈكۈر ئېيتتىم، سەبىر قىلدىم. لېكىن خېلىلا ئەقىل كىرىپ چوڭ بولۇپ قالغان بالامنىڭ ئوتى يۈرىكىمنى كۆيدۈرسە، پۇشايمان ئارلاش خىياللار، قايغۇ-ھەسرەت، ۋە بالامنىڭ گۈزەل ئەسلىمىلىرى يۈرىكىمنى تىلغىدى. ئەگەر مەن پەقەت ۋە پەقەت ئاشۇ مېھرىبان، ئاددىي-ساددا دېھقان ئاتا-ئانامنى دەپ ئورنۇمدىن تۇرمىغان بولسام، بەلكىم ئۆزەمنى تۈگەشتۈرگەن بولاتتىم (ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئالدىدا چاندۇرماي يۈرگىنىم بىلەن، ئۆيدە ئۆزۈم يالغۇز ياكى قەبرە بېشىغا چىقىپ كۈن-كۈنلەپ يىغلايمەن). ئۆيدىن سىرتقا چىقىش، خىزمەتداشلارغا، جەمئىيەتكە قانداق يۈزلىنىش، ۋە بۇ ھاياتنى قانداق داۋاملاشتۇرۇشنى بىلەلمەي قالدىم. مەن نەگىلا بېرىپ، نېمىش قىلماي، بالامنىڭ ئوماق شوخ سىماسى، گۈزەل ئەسلىمىلىرى ئالدىمغا كېلىۋالدۇ. كۆز ياشلىرىم توختىماي تۆكۈلمەكتە. قايغۇللىرىمدىن بىخەۋەر ناتونۇش كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئۇنىسىز يىغلاۋاتىمەن. مەن كۈندىلىك ۋاقتىمنى زىچ ئورۇنلاشتۇرۇپ چېنىقىش، دەرس، كۇتۇپخانىغا كىرىپ كىتاپ ئوقۇش بىلەن دەردىمنى يېنىكلىتىشكە تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقان بولساممۇ، لېكىن، قەلبىم بەزىدە مەندىن سوئاللارغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب ئالالماي، مېنى ئىزچىل قىيناپ، بۇ قايغۇ-ئازاپلىرىمنى ئېغىرلاشتۇرماقتا.

--ئادەمنىڭ بېشىغا كەلگەن قىسمەتلىرىنىڭ مەنبەسى نېمە؟

--ئادەمنىڭ پەرزەنتى ۋە يېقىنلىرىغا كەلگەن بالايى-قازالار شۇ ئادەمنىڭ بۇ دۇنيالىقتىكى ئىش-ھەرىكىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىكمۇ؟

--ئادەم بۇ دۇنيالىقتا بەزى قىلمىشلىرى ئۈچۈن باللىرىنىڭ قازاسى بىلەن جازاسىنى تارتامدۇ؟

--ياكى بۇ ئاللاھنىڭ باشقا ئىشلار ئۈچۈن بەرگەن بېشارىتىمۇ؟

--بۇ ئىشلاردا قانداق ھېكمەت ۋە ھەقىقەت باردۇ؟

**مەن بۇلارنىڭ تېگىگە يېتەلمەي، بەزىدە ئۆزۈمنى ئەيىپلەپ، پۇشايمان ۋە نادامەت ئىلكىدە ئازابلىنىپ كېتىۋاتىمەن. مەن قانداق قىلىشىم كېرەك؟ مەن سىزنىڭ ماڭا تەلىم بېرىپ، ئازاپ قاراڭغۇلۇقىدا پۇچۇلىنىۋاتقان قەلبىمنى يورۇتىدىغانلىقىڭىزغا چەكسىز ئىشىنىمەن!**

**ئاخىرىدا سىزنىڭ ۋە ئائىلىدىكىلىرىڭىزنىڭ تېنىڭلارنىڭ سالامەت، ئىزدىنىشلىرىڭىزنىڭ نەتىجىلىك بولۇشىنى ئاللاھتىن تىلەيمەن.**

**ھۆرمەت بىلەن، يۈرىكى لەختە بولغان بىر دادا، كۆز ياشلىرىدا تۇنجۇقۇۋاتقان بىر ئىنسان، شۇنداقلا سىزنىڭ يىراقتىكى بىر قېرىندىشىڭىز.** (نەقىل تۈگىدى)

مەن يۇقىرىدىكى خەتنى ئوقۇغاندىن كېيىن، يۇقىرىدىكى ئىككى ئىنىمىز، ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش باشقا قېرىنداشلىرىمىزغا بىر ئاز ياردىمى بولسۇن ئۈچۈن، يۇقىرىدا سورالغان سوئاللارغا جاۋاب تېپىپ، ئۇنى بىر ماقالە قىلىپ يېزىپ چىقىش قارارىغا كەلدىم. ھەمدە دوكتور ياسىر قازى بىلەن ئويغانىنىڭ مۇناسىۋەتلىك لېكسىيەلىرىنى قايتىدىن ئىزدەپ، تاپقان لېكسىيەلەرنى بىر قېتىم ئاڭلاپ چىقتىم. ئۇلارنىڭ بىرى ئويغانىنىڭ يۇتيۇب (YouTube) تىكى «*نېمىشقا يامان ئىشلار يۈز بېرىدۇ؟*» دېگەن تېمىدا سۆزلىگەن بىر خۇتبە لېكسىيەسى بولۇپ، مەن مەزكۇر يازمىدا ئاشۇ 27 مىنۇتلۇق لېكسىيەنىڭ مەزمۇنىنى تونۇشتۇرىمەن. بۇ لېكسىيە تورلارغا 2014-يىلى 5-ماي كۈنى چىقىرىلىپتۇ.

كىشىلەرنىڭ مۇشۇنداق تېمىلارغا تۇتقان پوزىتسىيەسىگە قاراپ، مېنىڭچە ئۇلارنى چوڭ جەھەتتىن بىر قانچە گۇرۇپپىلارغا ئايرىغىلى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەقىقىي مۇسۇلمانلار مەزكۇر ماقالىدا بايان قىلىنىدىغان مەزمۇنلارنى ئاسانلا قوبۇل قىلالايدۇ. قالغانلارنىڭ بولسا بۇ مەزمۇنلارنى قوبۇل قىلىش دەرىجىسمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. شۇڭلاشقا مەن ھەر بىر ئوقۇرمەندىن ئۆزى مۇۋاپىق كۆرگەن مەزمۇنىنىلا قوبۇل قىلىپ، باشقا مەزمۇنلار ئۈستىدە باشقىلار بىلەن بەك كۆپ تالىشىپ كەتمەسلىكىنى سورايمەن. ئاللاھ بۇيرۇسا مەن كېيىنچە «نېمىشقا ياخشى ئادەمگە يامانلىقلار يۈز بېرىدۇ؟» دېگەن تېمىدا بىر كۆپ قىسىملىق ماقالە تەييارلاپ، يۇقىرىدا تىلغا ئالغان كىتابنىڭ مەزمۇنىنى تونۇشتۇرىمەن. مېنىڭ مەقسىتىم يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش سوئاللىرى بار ئوقۇرمەنلەرگە

جاۋاب تەييارلاپ بېرىش، ھەممە باشقا قىزىقىدىغان ئوقۇرمەنلەرگە ئويلىنىش تېمىلىرى ۋە تەپەككۇر يىپ-ئۇچلىرى تېپىپ بېرىشتىن ئىبارەت.

تۆۋەندىكىسى ئويغان لېكسىيەسىنىڭ مەزمۇنلىرى [1]. بۇ يەردىكى كىچىك ماۋزۇلارنى مەن ئۆزۈم قويدۇم. ئەگەر ئەسلىدىكى مەزمۇنغا ئۆز كۆز-قارىشىمنى قوشماقچى بولسام، ئۇنى بىر «ئىلاۋە» شەكلىدە شۇنداق قىلىمەن.


1-رەسىم: كۆلپەتلىك پەيت

## 2. نېمىشقا يامان ئىشلار يۈز بېرىدۇ؟

مەن بۈگۈن سۆزلىمەكچى بولغان تېما قۇرئاندا ناھايىتى كۆپ سۆزلەنگەن، ئەمما ئوتتۇراھال مۇسۇلمانلار ناھايىتى ئاسانلا قايمۇقۇپ قالىدىغان بىر مەسىلىدىن ئىبارەت. بۇ تېما بىزنىڭ ئېتىقادىمىز بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماي، ئۇ يەنە كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى پاراڭلاردىمۇ ئوتتۇرىغا چىقىپ قالىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر بۇ مەسىلىنى مۇۋاپىق چۈشىنەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئېغىر دەرىجىلىك ئازاب-ئوقۇبەتلەرگە دۇچار بولىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار.

مەن بۈگۈن توختالماقچى بولغان مەسىلە «نېمىشقا يامان ئىشلار يۈز بېرىدۇ؟» دېگەندىن ئىبارەت. ئەگەر بىز بۇ مەسىلىنى ئۆزىمىزنىڭ ئېتىقادى نۇقتىسىدا تۇرۇپ توغرا چۈشىنىۋالماي تۇرۇپ، ئۆزلىرى يامان ئەھۋاللارغا

يولۇقۇپ ئازابلىنىۋاتقان كىشىلەرگە قالايمىقان گەپلەرنى قىلىپ قويىدىكەنمىز، ئۇلارنىڭ ئازابىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىمىز. مەسىلەن، يېقىندا بىزنىڭ بىر چوڭ ئانىمىز ئۆلۈپ كەتتى. ئۇ ئۆلۈپ كېتىشتىن بۇرۇن بىر مەزگىل ئېغىر ئازابلارنى چەكتى. بىزنىڭ تۇغقانلارنىڭ بىر يىغىلىشىدا ئاشۇ گەپ چىقىپ قالغاندا، مېنىڭ بىر نەۋرە تۇغقىنىم «ئۇ چوڭ ئانىمىز ياش ۋاقتىدا باشقىلارغا ياخشى مۇئامىلىدە بولماي، بەزى ئەسكى ئىشلارنى قىلىپ قويغان. شۇڭا ئۆلۈپ كېتىشتىن بۇرۇن ئاللاھ ئۇنى جازالىدى» دېدى. كىشىلەر مانا مۇشۇنداق گەپلەرنى قىلىدىغان بولۇپ، ئۇنداق گەپلەر بەزىلەرگە يېڭى ئازاب پەيدا قىلىپ بېرىدۇ.

مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، بىز پاراڭلار جەريانىدا ئاشۇنداق گەپلەرنى داۋاملىق قىلىپ تۇرىمىز. «نېمىشقا ساڭا بۇ ئىش يۈز بېرىدۇ، بىلەمسەن؟ ئۇنىڭ سەۋەبى، ئاللاھنىڭ ساڭا ناھايىتى ئاچچىقى كەلگەن گەپ». بەزىدە ئاشۇنداق سۆزلەرنى ئاتا-ئانىلار ئۆز بالىلىرىغا ئىشلىتىدۇ: «پەلەمپەيدىن نېمىشقا يىقىلىپ چۈشتۈڭ، بىلەمسەن؟ تۈنۈگۈن ئەتىگەن مەن تامىقىڭنى يە دېسەم، سەن تامىقىڭنى يەپ تۈگەتمىدىڭ. شۇڭا ئاللاھ سېنى جازالىدى. شۇڭا ساڭا يامانلىق يۈز بەردى. گېپىمنى ئاڭلىمىغانلىقىڭ ئۈچۈن، سەن پەلەمپەيدىن يىقىلىپ چۈشتۈڭ». مۇشۇنداق سۆزلەرنى ئەر-خوتۇنلارمۇ بىر-بىرىگە ئىشلىتىدۇ. بۇ بىر ئىمان مەسىلىسى.

بۇ يەردە مەن «يامان ئىشلار» دېگەندە، پەقەت ناھايىتى كىچىك ئىشلارنىلا كۆزدە تۇتمىدىم. بۇ يەردە كىچىك ئىشلارنىمۇ، ۋە چوڭ ئىشلارنىمۇ كۆزدە تۇتۇۋاتىمەن. يامان ئىشلار بەزىدە ئايرىم شەخسلەرگە يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن، بەزىلەر ماشىنا ۋەقەسىگە ئۇچرايدۇ. بەزىلەر ئاسانلىقچە ساقايمايدىغان كېسەللەرگە گىرىپتار بولۇپ قالىدۇ. بەزىلەر ئوپېراتسىيە قىلىنمىسا بولمايدىغان بىر ھالەتكە كېلىپ قالىدۇ. بەزىلەر بىرەر ئائىلە ئەزالىرىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. بەزىلەر خىزمىتىدىن بوشىتىلىپ، ئىقتىسادىي قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىدۇ. بەزىدە بىرەر جامائەت ياكى بىرەر مەھەللە بالايىئاپەتكە ئۇچرايدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. مەسىلەن، بەزى جايلارنى قىيان ئېقىتىپ كېتىدۇ. بەزىدە بىر يەر تەۋرەش بىلەن يۈز مىڭلىغان كىشىلەر قىيىن ئەھۋاللارغا قالىدۇ. بەزىدە ئىچكى ئۇرۇش ياكى دۆلەتلەر ئارىسىدىكى ئۇرۇشلار پارتلاپ قېلىپ، بۇرۇن تىنچ ئۆتۈۋاتقان بىر رايوننىڭ خەلقى تۇرۇپلا بىر ئۇرۇشنىڭ ئىچىگە كىرىپ قالىدۇ. دېمەك، يۇقىرىقىدەك ئىشلار

ھەر كۈنى ئايرىم شەخسلەرگىمۇ يۈز بېرىپ، بەزىدە ئۈنىڭدىن چوڭراق دائىرىدىمۇ يۈز بېرىدۇ.

**(1) ئىشلار زەنجىرسىمان يۈز بەرمەيدۇ**

مەن بۈگۈنكى خۇتبىدە پەقەت ئىندىۋىدۇئاللار دائىرىسىدىكى يامان ئىشلار ئۈستىدىلا توختىلىمەن. بۇمۇ بىر ناھايىتى مۇھىم مەسىلە. مەسىلەن، مەن بەزىدە بىر ئادەمنىڭ ئاغرىنىپ سۆزلەپ كەتكىنىنى ئاڭلايمەن: «ئاللاھ بۈگۈن مەندىن رەنجىپ قالغان ئوخشايدۇ، شۇڭا ماڭا بىر قانچە يامان ئىشلار يۈز بەردى». سىز ئورنىڭىزدىن ۋاقتىدا تۇرمايسىز، يولغا ئالدىراپ چىقىپ خاتا يولغا كىرىپ قالىسىز، بۇ يولدا بىر ۋەقە يۈز بەرگەنلىكى ئۈچۈن سىز خىزمەتكە كېچىكىپ قالىسىز، ئاندىن سىز بۇ ئىشلارنى ئاللاھتىن كۆرىسىز.
بىرىنچىدىن بۇ بىر مۇرەككەپ مەسىلە. ئىككىنچىدىن، قۇرئاندا كۈلپەت ياكى مۇسىبەت (musibah) ھەققىدىكى ئايەتلەردىن نەچچە ئونى بار. ھازىرقى ئەرەبچىدە «مۇسىبەت» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى «كۈلپەت، چوڭ بالايىئاپەت» دېگەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قەدىمكى ئەرەبچىدە «مۇسىبەت» دېگەن سۆز «نىشانغا دەل تەگكۈزۈش» دېگەن سۆزدىن كەلگەن. شۇڭلاشقا بۇ سۆز «كۈلپەت، ۋەقە، ھادىسە» قاتارلىق يامان ئىشلارنى كۆرسىتىدىغان بولسىمۇ، ئاللاھ قۇرئاندا «كۈلپەت، ۋەقە، ھادىسە» دېگەندەك سۆزلەرنى ئىشلەتمەي، «مۇسىبەت» دېگەن سۆزنى ئىشلىتىدۇ. يەنى، ئىسلامدىكى تەقدىر چۈشەنچىسى بويىچە، بۇ سۆز ئاللاھ ئالدىن پىلانلاپ، دەل جايىغا تەگكۈزۈپ ئاتقان ئوقيادەك ئىشلار ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن. «دەل جايىغا تەگكۈزۈپ قىلىنغان ئىش» مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن.
مەسىلەن، بىر ئادەم ئۆزى يولۇققان بىر ئىشنى مۇنداق دەپ ئويلىشى مۇمكىن: ماشىنام يولدا بۇزۇلۇپ قېلىپ، ئىشقا كېچىكىپ قالدىم. نەتىجىدە خىزمىتىمدىن بوشىتىۋېتىلدىم. نەتىجىدە ئايالىمدىن ئاجرىشىپ كەتتىم. مەن ئاشۇنداق ئادەمدىن بىرىنى ئۇچراتقان. بۇنداق ئادەملەر سەۋەب-نەتىجە، سەۋەب-نەتىجە، يەنە سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتى بويىچە، يۈز بەرگەن ھەممە ئىشلارنى ئەڭ دەسلەپتىكى بىر ۋەقەگە چېتىۋالىدۇ. ئەمەلىيەتتە ھەر بىر كېلىشمەسلىك ئىندىۋىدۇئال بولىدۇ. ئۇلار بىر-بىرىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولماستىن، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئايرىم-ئايرىم

يۈز بەرگەن بولىدۇ. ئاللاھ ئاشۇ ئىشلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئايرىم-ئايرىم يۈز بېرىشىگە يول قويىدۇ. سىز يەنە بىر ئادەمنىڭكى بىلەن ئوپمۇ-ئوخشاش بىر ئەھۋالنىڭ ئىچىگە كىرىپ قېلىپ، يەنە بىر ئادەمگە بىر يامانلىق يۈز بېرىپ، ئەمما سىزگە ئۇنداق يامانلىق يۈز بەرمەيدىغان ئىشلار كۆپ. ئاللاھ يەنە بىر ئادەمگە سىزنىڭكىگە ئوخشمايدىغان بىر ئىشنى بۇيرۇغان بولىدۇ. شۇڭلاشقا «مۇسىبەت» ھەققىدە بىز بىلىشكە تېگىشلىك بىرىنچى ئىش، ئۇ بىر ئايرىم ئىش، كىشىلەرگە ئايرىم-ئايرىم قارىتىلغان ئىش بولىدۇ. ئۇ ھەرگىزمۇ زەنجىرسىمان يۈز بېرىدىغان ئىشلار ئەمەس.

**(2) سەۋر ۋە تەبرىك**

سۈرە بەقەرەدە مۇنداق بىر ئايەت بار: «سەبىر قىلغان ئادەمنى تەبرىكلىگىن.»

ئىلاۋە: بۇ 2-سۈرە 155-ئايەتنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئۇيغۇرچە قۇرئاندا ئۇ مۇنداق دەپ يېزىلىپتۇ: **«بىز سىلەرنى بىرئاز قورقۇنچ بىلەن، بىرئاز قەھەتچىلىك بىلەن ۋە ماللىرىڭلارغا، جانلىرىڭلارغا، باللىرىڭلارغا، زىرائەتلىرىڭلارغا يېتىدىغان زىيان بىلەن چوقۇم سىنايمىز. (بېشىغا كەلگەن مۇسىبەت، زىيان-زەخمەتلەرگە) سەۋر قىلغۇچىلارغا (جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگىن.»** يەنى، ئويغاننىڭ چۈشەندۈرۈشىدىكى «تەبرىكلىگىن» دېگەن سۆز، ئۇيغۇرچە قۇرئاندا «جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن» دەپ ئېلىنىپتۇ.

يەنى، سىز ۋە مەن بىر قىيىن ئەھۋالغا يولۇققاندا، ئاللاھ بىزدىن سەۋر قىلىشنى تەلەپ قىلغان. بىر ئادەم سەۋر قىلىشقا تېگىشلىك بىر ئىشنىڭ ئىچىگە كىرىپ قالغاندا، بىز ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ «مۇبارەك بولسۇن!» دېمەيمىز. ئۇنداق دېسەك مۇۋاپىق بولمايدۇ. بىز پەقەت بىرەر خۇشاللىق ئىش ئۈچۈنلا، كۆزلىگەن بىر ئىشىمىز ئوڭۇشلۇق پۈتكەندىلا بىر-بىرىمىزنى تەبرىكلەيمىز. ئۇنداقتا ئاللاھ نېمىشقا «سەۋر قىلغان كىشىلەرنى تەبرىكلىگىن»، دەيدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى، ئاللاھقا ئىشىنىدىغان كىشىلەرنىڭ بۇنداق ئىشلارغا تۇتىدىغان پوزىتسىيىسى پۈتۈنلەي باشقىچە بولىدۇ. ئېھتىمال بېشىڭىزغا كەلگەن بارلىق ئازابلىق ئىشلارغا يوشۇرۇنغان مەقسەت پەقەت بىرلا بولۇشى، يەنى سىزدە سەۋرنى يېتىلدۈرۈش بولۇشى، ئەگەر سىز ئاشۇ نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرالىسىڭىز، سىز تەبرىكلىنىشكە

لاياقەتلىك بولۇشىڭىز مۇمكىن. بىز مۇشۇ دۇنيادىكى نەرسىلەرگە ئېرىشىشنى نىشان قىلىمىز. ئەمما ئاللاھنىڭ ھەقىقىي نىشانى بولسا سىزگە سەۋر قىلىشنى ئۆگىتىش بولۇشى مۇمكىن. باشقا نىشانلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، سەۋر قىلىشنى ئۆگىنىش چوڭراق نىشان بولۇپ ھېسابلىنىشى، شۇڭلاشقا ئاشۇنداق بىر نىشاننى ئىشقا ئاشۇرالىسىڭىز، سىز تەبرىكلىنىشكە لايىق بولۇشىڭىز مۇمكىن.

بىزنىڭ كۆڭلىمىزدە ئىشقا ئاشۇرماقچى بولغان نۇرغۇن غايىلەر بار. ئەمما، ئاللاھ سىزنىڭ يۈرىكىڭىزدە ئۇنىڭدىن كۆپ قىممەتلىك بولغان باشقا بىر غايە بار بولۇپ، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش نەقەدەر قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى سىز بىلمەيسىز، دەيدۇ. ئۇنىڭ قىممىتى سىزنى تەبرىكلەشكە ئەرزىيدىغان دەرىجىدە يۇقىرى، دەيدۇ.

يۇقىرىدىكى ئايەتتىن كېيىنلا ئاللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بىز ئەلۋەتتە ئاللاھقا تەۋەمىز، ئەلۋەتتە ئاللاھقا قايتىمىز.»

ئىلاۋە: ئۇيغۇرچە قۇرئاندىكىسى: **«بىز ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز (يەنى ئاللاھنىڭ بەندىلىرىمىز)، چوقۇم ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز.» (2:156)**

كىشىلەرنىڭ بېشىغا بىر كۈلپەت كەلگەندە، ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا چىقىدىغان 1-سۆز «بىز ئاللاھقا قايتىمىز، ئۇنىڭدا گەپ يوق، بىز پەقەت ئۇنىڭغىلا قايتىمىز» دېگەندىن ئىبارەت بولىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى بىز ئىگىمىزگە قايتىمىز، دېگەندىن ئىبارەت. بىز بىر كۈلپەتلىك ئىشقا يولۇققاندا، يۇقىرىدىكىدەك گەپنى قىلىش ياكى ئاشۇنداق ئويلاشنىڭ ئارقىسىدا بىر ھېكمەت بار بولۇپ، بىز شۇ توغرۇلۇق ئويلانمىساق بولمايدۇ. يەنى، سىز بىر يامان خەۋەرنى ئاڭلىغاندا، «بىز ئەلۋەتتە ئاللاھقا تەۋەمىز، ئەلۋەتتە ئاللاھقا قايتىمىز» دېسىڭىز، سىز بىر مۇكاپاتقا ئېرىشىسىز. «سەۋر قىلغان ئادەمنى تەبرىكلىگىن» دېگەن ئايەتتە ئىشلىتىلگىنى بىر يالغۇز ئادەم نامى بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى قىيامەت كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەۋر قىلغان كىشىلەرنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇلارنى ئايرىم-ئايرىم تەبرىكلەيدۇ، دېگەندىن ئىبارەت. بىز يۇقىرىدىكى ئۇقۇملارنى بىلىۋالغاندىن كېيىن، ئاللاھتىن قىيامەت كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەبرىكلەيدىغان كىشىلەر قاتارىدىن ئورۇن بېرىشنى تىلەيمىز. سىزنى ئائىلىڭىزدىكى بىر كىشى تەبرىكلىگىنى بىلەن مەكتىپىڭىزنىڭ باشلىقى

تەبرىكلىگىنى ئوخشمايدۇ. يۇقىرىدىكى ئايەتتە ئاللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سەۋر قىلغانلارنى تەبرىكلەشكە بۇيرۇيدۇ. بىز ئاشۇنداق تەبرىكلەنگۈچىلەرنىڭ بىرى بولۇشنى ئىستەيمىز.

مەن ھازىر سىلەرگە بىر مىسال كەلتۈرەي. سىلەرنىڭ بېشىڭلارغا كەلگەن كۆلپەت بۇ مىسالدىكىدىن جىق ئېغىر، جىق ئېچىنىشلىق بولۇشى مۇمكىن. شۇڭلاشقا بۇ مىسالنى ئۆزۈڭلارنىڭ ئەھۋالىغا تەتبىقلاپ تۇرۇپ ئاڭلاڭلار. مەن بىر يېڭى ماشىنا سېتىۋېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، يولدا كېتىۋاتقاندا بۇ ماشىنا بۇزۇلۇپ قالسۇن. شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ ناھايىتى ئاچچىقىم كېلىدۇ. كاللامدا «بۇ مېنىڭ ماشىنام» دېگەن ئۇقۇم بار بولغاچقا، بۇ ئىشقا ناھايىتى ئاچچىقىم كېلىپ كېتىدۇ. ئەمما ماشىنا بۇزۇلۇپ قالغان ھامان «بىز ئەلۋەتتە ئاللاھقا تەۋەمىز، ئەلۋەتتە ئاللاھقا قايتىمىز» دېگەن ئايەت بويىچە «مېنىڭ ھېچ نېمەم يوق، مەن ئاللاھقا تەۋە» دەپ ئويلىسام، مېنىڭ كۆڭلۈمدە پەيدا بولىدىغان ھېسسىياتلار باشقىچە بولىدۇ. ئۇ چاغدا مەن ھېچ قانداق نەرسىنىڭ ئىگىسى بولمىغاچقا، بىرەر نەرسە ئۈچۈن ئاغرىنمايمەن. كىشىلەر بىر نەرسىگە ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىغا ئېرىشسە، ئۇ نەرسىدىن ئايرىلىپ قالغاندا ئاچچىقلىنىدۇ. ئەمما بۇ ئايەت بويىچە بولغاندا، سىز ھېچ نېمىنىڭ ئىگىسى ئەمەس. سىز ھېچ نېمىگە ئىگە ئەمەس. شۇڭلاشقا كۆلپەتكە ئاشۇ ئايەت بويىچە قارىسىڭىز، كۆڭلىڭىز ئارام تاپىدۇ. سىز بۇ ھاياتتا ئېرىشىدىغان ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭ سىزگە ئاتا قىلغان سوۋغىتىدۇر. شۇڭلاشقا سىز بىر نەرسىدىن ئايرىلىپ قالغاندا، سىز ئۆزىڭىزنىڭ نەرسىسىدىن قۇرۇق قالمايسىز. بىز ئۆزىمىزنىڭ قولى، پۇتى، كۆزى، ۋە تىلى قاتارلىق نەرسىلەرگە ھەقىقەتەن ئويلايمىز. ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئۆزىمىزگە تەۋە ئەمەس. بىز ئۇلارنى پۇل تۆلەپ ئالغان ئەمەس. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھقا تەۋە.

بۇ ئايەتنىڭ كېيىنكى قىسمىدا «بىز ئەلۋەتتە ئاللاھقا قايتىمىز»، دېيىلىدۇ. بىزدە ھازىر مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ ھېچ قايسىسى مەڭگۈلۈك ئەمەس. مەيلى ئۇ پۇل مەسىلىسى، سالامەتلىك مەسىلىسى، ئائىلە مەسىلىسى بولۇشىدىن، ياكى ئۇ كەيپىيات جەھەتتىكى مەسىلە، فىزىكىلىق مەسىلىگە ئوخشاش باشقا بىر مەسىلە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار مەڭگۈلۈك ئەمەس. ئۇنىڭ سەۋەبى، سىز بىلەن مەنمۇ مەڭگۈلۈك ئەمەس. بىز مەڭگۈلۈك بولماي تۇرۇپ، قانداقمۇ بىزنىڭ

مەسىلىلىرىمىز مەڭگۈلۈك بولسۇن؟ كېيىنچە بۇنداق مەسىلىلەر يوق بولۇپ كېتىپلا قالماي، مەنمۇ يوق بولىمەن. مەنمۇ ئاللاھقا قايتىمەن.

بىز ھەممە ئىشلارغا توغرا نۇقتىدىن قارىشىمىز كېرەك. ھەممە ئىشلار ھەققىدە توغرا ھۆكۈم چىقىرىشىمىز كېرەك. شۇنداق قىلغاندا بىز ئۇچۇن ئەڭ مۇھىم ئىشنىڭ قايسى ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. ئەگەر سىز ئىشلار ئۈستىدە توغرا ھۆكۈم چىقارمايدىكەنسىز، زېھنىڭىزنى خاتا ئىشقا مەركەزلەشتۈرۈپ قويىسىز.

مېنىڭ ئوقۇتقۇچىم ماڭا داۋاملىق مۇنداق بىر ئىشنى دەيتتى: سىز ئوت كەتكەن بىر بىنانىڭ ئىچىدە تۇرۇپ، ئۇنىڭ تېمىنى قانداق رەڭدە سىرلاش ئۈستىدە ئويلىنىپ تۇرماڭ. ئالدى بىلەن سۇ تېپىپ، ئوتنى ئۆچۈرۈڭ. خۇددى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش، ھەممە ۋاقىتتا ئىشلارنىڭ مۇھىملىق دەرىجىسى، مۇھىملىق تەرتىپى بار بولىدۇ. بىز ئالدى بىلەن ئومۇمىي مەنزىرىنى چۈشىنىشىمىز كېرەك. بۇ يەردىكى ئومۇمىي مەنزىرە بىز ھەممىمىزنىڭ ئاللاھقا تەۋە ئىكەنلىكىمىزدۇر. بەزىدە سىز بىلەن مېنىڭ بېشىمغا بىر كۈلپەت پەقەت ئۆزىمىزنىڭ ئاللاھقا تەۋە ئىكەنلىكىنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇش ئۈچۈنلا كېلىشى مۇمكىن. ئەگەر بىز بۇ نۇقتىنى چىن يۈرىكىمىزدىن چۈشەنسەك، بىز ئۈچۈن سەۋر قىلىش ئاسانغا توختايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىز بېشىمىزغا كەلگەن كۈلپەتلەرگە سەۋر قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەبىرىكلىشىگە ئېرىشىمىز.

**(3) ھەممە ئىشلارنى ئاللاھتىن كۆرۈشكە بولمايدۇ**

يۇقىرىدا مەن بىر مۇسىبەتكە نىسبەتەن بىز قانداق پوزىتسىيە تۇتىشىمىز كېرەكلىكى ھەققىدىكى بىر ئايەتنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتتۈم. ئەمدى مەن مۇسىبەت، قىيىنچىلىق، كۈلپەت، ۋە قىيىن ئۆتكەللەر قاتارلىق بىز ھاياتىمىزدا دۇچ كېلىدىغان بەزى ئىشلار ئۈستىدە توختىلىمەن.

قۇرئاندا ئىككى گۇرۇپپا ئايەتلەر بار. ئۇلارنىڭ بىر گۇرۇپپىسىدا بىر ئادەمنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەرنىڭ ھەممىسى، مەيلى ئۇلار يەر يۈزىدە يۈز بەرسۇن ياكى ئاسماندا يۈز بەرسۇن، ئۇلار ئاللىقاچان دەپتەرگە يېزىلىپ بولغان، ياكى ئاللاھ تەرىپىدىن بۇيرۇلغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. مەسىلەن، بىر ئادەمنىڭ بىر كىچىك بالىسى ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ ئادەم «بالام كەچۈرىدىغان ھايات ئەمدى كېلەتتى؛ ئۇنىڭ ئالدىدا بىر ئۇزۇن ھايات بار ئىدى»، دېيىشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇ بالىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى

شۇنداق بۇيرۇلغان ئىش بولىدۇ. مېنىڭ مۇشۇ يەر شارىدىكى سەپىرىمنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئاللىقاچان بېكىتىپ بولۇنغان. سىزنىڭمۇ شۇنداق. ھەر بىر ئىنساننىڭ بۇ يەر يۈزىدە قانچىلىك ئۇزۇن ياشايدىغانلىقىنى ئاللاھ بۇرۇنلا بېكىتىپ بولغان. شۇڭلاشقا ئۆلۈپ كەتكەن بىر ئادەم ھەققىدە سىز «ئەگەر ئۇ بۈگۈن ھايات بولغان بولسا» دېمەڭ. ئۇنىڭ بۈگۈن ھايات تۇرمايدىغانلىقى ئاللىقاچان بۇيرۇلۇپ بولغان.

بۇ گۇرۇپپىغا تەۋە ئايەتلەرنىڭ يەنە بىرسىدە «ئەگەر ئاللاھ يول قويمايدىكەن، ساڭا ھېچ قانداق بىر كۈلپەت كەلمەيدۇ (4:79)» (No calamity will strike you, except by Allah’s permission) دېيىلىدۇ. بۇ ئايەتنىڭ ئۇيغۇرچە قۇرئاندىكى تەرجىمىسى: **«ساڭا يەتكەن يامانلىق (قىلمىشلىرىڭ تۈپەيلىدىن) ئۆزۈڭدىندۇر»** ئىكەن. ئىمان ئېيتقان كىشىلەر مۇنداق بىر گۈزەل سۆزنى ئىشلىتىدۇ: ئاللاھ بىز ئۈچۈن يېزىپ قويغان كۈلپەتلەردىن باشقىسى بىزنىڭ بېشىمىزغا كەلمەيدۇ. بۇ يەردە «ئاللاھ بىزگە قارشى يېزىپ قويغان» دېگەن سۆز ئىشلىتىلمەي، «بىز ئۈچۈن يېزىپ قويۇلغان» دېگەن سۆز ئىشلىتىلگەن. مانا بۇ ئاللاھ بىزگە ئۆگەتكەن، بىزنىڭ قىيىنچىلىقلارغا تۇتىدىغان پوزىتسىيىمىزدۇر.

ئۇلاردىن باشقا، قۇرئاندا يەنە بىر خىل ئايەتلەر بار بولۇپ، ئۇلاردا «ئۇلارنىڭ بېشىغا كەلگىنى، ئۇلار ئۆزلىرى قىلغان ئىشنىڭ رەزىللىكى»، «بېشىڭغا قانداق قىيىنچىلىق كەلگەن بولسا، ئۇنى ئۆز قىلمىشىڭ كەلتۈرۈپ چىقارغان» دېيىلىدۇ. يەنى، بىر خىل ئايەتلەردە «كۈلپەتنى ئاللاھ بۇيرۇغان» دېيىلسە، يەنە بىر خىل ئايەتلەردە «كۈلپەتنى ئۆزلىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان» دېيىلىدۇ. ئۇنداقتا بىز بۇ ئىككىسىنى قانداق بىرلەشتۈرىمىز؟

بىرىنچىدىن، سۈرە ئال ئىمران (3-سۈرە) دىن باشقا يەردە ئاللاھ ھەرگىزمۇ «ئۇلارغا دېگىن، بۇ ئۇلارنىڭ ئۆز گۇناھىدىن بولغان» دېمەيدۇ. بۇنىڭ مەنىسى شۇكى، بىر ئادەمنىڭ بېشىغا بىرەر كۈلپەتلىك ئىش كەلگەندە، بىز ئۇنىڭغا «بۇ سېنىڭ ئۆز گۇناھىڭدىن بولغان، بۇ سېنىڭ ئۆز قىلمىشىڭدىن بولغان» دېمەيمىز. بىز تۆۋەندىكىدەك گەپلەرنى ھەرگىزمۇ دېمەيمىز: «سەن نېمىشقا راك كېسىلى بولدۇڭ، بىلەمسەن؟ چۈنكى سەن كۈنىگە 5 ۋاق ناماز ئوقۇمىدىڭ.» ئىككىنچىدىن، ئوھۇد ئۇرۇشى جەريانىدا ئاللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلارغا دېگىن، بۇنى ئۇلارنىڭ ئۆز قىلمىشلىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان.» ئوھۇد

ئۇرۇشنىڭ دەسلىپىدە مۇسۇلمانلار قارشى تەرەپنى يېڭىۋاتاتتى. مۇسۇلمانلار پايدىلىق جايلارنى ئىگىلىگەن بولۇپ، دۈشمەنلەر قېچىۋاتقان ئىدى. ئەمما كېيىنچە مۇسۇلمانلار قولىدىكى پايدىلىق جايلارنى تاشلاپ، ئولجا بۇلاشقا ئاتلىنىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن دولقۇننىڭ يۆنىلىشى قارىمۇ-قارشى تەرەپكە ئۆزگىرىپ، مۇسۇلمانلار پايدىسىز ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدۇ. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى، سىز ھەممە سەۋەبلەرنى ئاللاھتىن كۆرسىڭىز بولمايدۇ، دېگەندىن ئىبارەت. ئەگەر سىز يولدا ماشىنىنى ئۆلچەمدىن تېز ھەيدەپ، بىرەر ۋەقەگە يولۇقۇپ، ئاندىن گۇناھنى ئاللاھقا ئىتتىرىپ قويسىڭىز بولمايدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا سىز «بۇ ئىش ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن بولدى» ، دېيسىڭىز بولمايدۇ. بۇ ۋەقە سىزنىڭ سەۋەنلىكىڭىز تۈپەيلىدىن يۈز بەرگەن بولىدۇ. بېنزىن مېيىدا ماڭىدىغان ماشىنىڭىزغا دىزېل مېيىنى قويۇپ، ماشىنىڭىز ماڭمىسا، «بۇ ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن بولغان» ، دېيسىڭىز بولمايدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا مەسئۇلىيەتنى سىز ئۆز ئۈستىڭىزگە ئېلىشىڭىز، ئۇنى ئاللاھقا ئىتتىرىپ قويماسلىقىڭىز كېرەك. سىز ئوقۇش پۈتتۈرۈپ بولۇپ، ھەر كۈنى ئۆيىڭىزدە ئولتۇرۇۋېلىپ، ئاندىن «ئاللاھ ماڭا بىرەر خىزمەتنى بۇيرۇمىدى» ، دېيسىڭىز بولمايدۇ. ئاللاھ بىر خىزمەتنى بىر تەخسىگە قويۇپ، بىرەر پەرىشتىدىن سىزگە ماڭدۇرۇپ بەرمەيدۇ.

ئىلاۋە: يېقىندا ئىنىمىز قەيسەر مجت ئامېرىكىدا چىقىدىغان «نيۇ يورك دەۋر گېزىتى» گە بېسىلغان بىر پارچە ماقالىنى تەرجىمە قىلىپ، ئۇنى «قەيسەر مجت تەرجىمىسى: ئىسلامدىكى تراگېدىيىلىك تەقدىرچىلىك» دېگەن تېمىدا ئۇيغۇرچە تورلارغا چىقاردى (مەنبەن: http://bbs.bagdax.cn/thread-37050-1-1.html) ئاشۇ ماقالىدىكى مەزمۇن يۇقىرىدا سۆزلەنگەن مەزمۇنلارنى بېيىتىدىغان بولۇپ، مەن تېخى ئوقۇپ باقمىغان ئوقۇرمەنلەرگە ئاشۇ ماقالىنى بىر قېتىم ئوقۇپ بېقىشنى تەۋسىيە قىلىمەن.

قۇرئاندا مانا مۇشۇنداق تەكىتلەنگەن. ئەگەر سىزگە يۈز بەرگەن بىر ئىش سىزنىڭ كونتروللۇقىڭىز ئاستىدا بولمىسا، ئۇ ئىشنى ئاللاھ بۇيرۇغان بولىدۇ. كەلكۈن سىزنىڭ كونتروللۇقىڭىز ئاستىدا ئەمەس. باشقا بىر ئادەمنىڭ ماشىنىسى سىزنىڭ ماشىنىڭىزنى سوقۇۋەتسە، ئۇ سىزنىڭ كونتروللۇقىڭىزدىكى ئىش ئەمەس. ئەگەر سىز بىر ئىرسىيەتلىك نورمالسىزلىق كېسەلىگە گىرىپتار بولۇپ قالسىڭىز، ئۇ سىزنىڭ

كونتروللۇقىڭىزدىكى ئىش ئەمەس. ئەگەر سىز ھەر كۈنى 4 قاپ تاماكا چېكىش سەۋەبىدىن بىرەر كېسەلگە گىرىپتار بولسىڭىز، دوختۇر سىزگە شېكەرنى كونترول قىلىشنى دەپ تۇرسىمۇ سىز ھەر كۈنى چايغا شېكەر سېلىپ ئىچىپ، كېسىلىڭىزنى ئېغىرلاشتۇرۇۋالسىڭىز، ئۇ ھالدا سىز گۇناھنى ئاللاھقا ئىتتىرىپ قويالمايسىز. ئاللاھقا ئىشىنىدىغانلار مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئىش قىلىشنى ئۆگىنىشى كېرەك.

يۇقىرىدىكى ئىككى خىل كۆلپەتنىڭ قايسىسى بېشىڭىزغا كېلىشىدىن قەتئىينەزەر، ئەگەر ئۇ بىر ئۆلۈمنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالمايدىكەن، ئۇنىڭدا ئاللاھنىڭ سىزگە بەرگەن بىر سوۋغىتى بار. يەنى، سىز ئۇ ئىشتىن ساۋاق ئېلىپ، بۇنىڭدىن كېيىن ئىشلارنى ياخشىراق قىلىپ مېڭىشىڭىز كېرەك.

ئۆز خىزمىتىدىن بوشىتىلغان كىشىلەردىن 2 خىلىلا بار. ئۇلارنىڭ بىر خىلى بۇ ئىشنى ئاللاھتىن كۆرىدىغانلار. يەنە بىرى بولسا ئۆزىدىن كۆرىدىغانلار. بەزىدە ئىقتىسادنىڭ ھەممە يەردە تۆۋەنلەپ كېتىشى تۈپەيلىدىنمۇ كىشىلەر خىزمىتىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. ئەمما سىز ھەر كۈنى ئىشقا كېچىكىپ كېلىپ، ۋەزىپىڭىزنى تۈگەتمەي، باشقىلار بىلەن بولغان ئالاقە-مۇناسىۋەت ئىشلىرىنى ياخشى قىلماي، سىزگە ھەر كۈنى كەلگەن خەتلەرگە ۋاقتىدا جاۋاب بەرمەي، شۇنىڭ بىلەن خىزمەتتىن بوشىتىلغان بولسىڭىز، سەۋەبنى ئاللاھقا ئارتماڭ. بۇنداق ئەھۋالدا سىزنىڭ ئىشتىن چىقىرىلىشىڭىز بىر زۆرۈرىيەت بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر سىز يۇقىرىقىدەك سەۋەب بىلەن ئىشتىن چىقىرىلىدىكەنسىز، ئۇ ئاللاھنىڭ سىزگە بەرگەن سوۋغىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا سىز كېيىنكى خىزمەت ئورنىڭىزدا يۇقىرىدىكىدەك مەسىلىلەرنى سادىر قىلمايسىز. سىز ئۇ ئىشلاردىن ساۋاق ئالىسىز. بەزىدە بېشىمىزغا كەلگەن كۆلپەتلەر بىزنى ياخشىراق ئىنسان قىلىپ ئۆزگەرتىدۇ. بىزنى ياخشىراق مۇسۇلمانلارغا ئۆزگەرتىدۇ. بىزنى بۇرۇنقىدىن كۈچلۈك ئادەملەرگە ئايلاندۇرىدۇ. بىزنى تېخىمۇ مەسئۇلىيەتچان قىلىدۇ.

يۇقىرىدىكى مەزمۇنلاردىن بىز مۇنداق خۇلاسىگە كېلىمىز:

--(1) بىز ئۆزىمىزنى بېشىمىزغا بىر كۆلپەت كەلگەندە، دەرھاللا «بىز ئەلۋەتتە ئاللاھقا تەۋەمىز، ئەلۋەتتە ئاللاھقا قايتىمىز» دەيدىغان قىلىپ چېنىقتۇرۇشىمىز كېرەك.

-- (2) بىز باشقىلارغا «بېشىڭغا يامان كۈنلەرنىڭ كېلىشى ئاللاھنىڭ سەۋەبىدىن بولغان» دېمەيمىز. ئەگەر بىزنىڭ شۇنداق دېگۈمىز كېلىپ كەتسە، ئۇنى ئۆزىمىزگە دەيمىز. غايىب (كۆرۈنمەس) دۇنيادىن بىرەر ئىش يۈز بەرگەندە، ياكى ئاللاھ بىرەر ئىشنى قىلغاندا، ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن يۈز بەرگەنلىكىنى سىز بېكىتمەيسىز - ئاللاھ ئۇنداق ئىشلارنى ھەرگىزمۇ سىزگە چۈشەندۈرمەيدۇ، شۇڭا سىزدە ئۇنداق قىلىش ھوقۇقى يوق.

-- (3) ئەگەر ئۆزىمىزگە بىرەر ئىش يۈز بېرىدىكەن، ئۇ بىز كونترول قىلالايدىغان ئىشمۇ ياكى كونترول قىلالمايدىغان ئىشمۇ، ئالدى بىلەن شۇنى بېكىتىمىز. ئەگەر ئۇ بىز كونترول قىلالمايدىغان ئىش بولسا، ئۇنى ئاللاھ بۇيرۇغان بولىدۇ. ئەگەر ئۇ بىز كونترول قىلالايدىغان بىر ئىش بولسا، بىز ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۆز ئۈستىمىزگە ئالىمىز. خاتالىقىمىزنى ئېتىراپ قىلىمىز. ئۇ ئىشنى بىز ئۆزىمىز كەلتۈرۈپ چىقارغان، ئۇنى ئۆزىمىزنىڭ خاتا ئىش-ھەرىكىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولىدۇ.

ئويغاننىڭ خۇتبە لېكسىيەسىنىڭ مەزمۇنى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى.

## 3. سوئاللارغا جاۋاب

ماقالىنىڭ 1-بۆلۈمىدىكى ماڭا ۋەتەندىن كەلگەن خەتتە مەندىن بىر قانچە سوئاللار سورالغان بولۇپ، تۆۋەندە مەن ئۇلارغا قىسقىچە جاۋاب بېرىپ ئۆتىمەن. مەن بېرىدىغان جاۋابلار مېنىڭ ئويغاننىڭ يۇقىرىدىكى لېكسىيەسى ۋە ئۆزۈم ئاڭلىغان ئويغان بىلەن ياسىر قازىنىڭ باشقا لېكسىيەلىرىدىن ئالغان تەسىراتىمدىنلا ئىبارەت. مېنىڭ جاۋابىمدىكى تۈزىتىدىغان ۋە تولۇقلايدىغان جايلىرىغا باشقا قېرىنداشلارنىڭ ياردەم قىلىشىنى سورايمەن.

**(1) ئادەمنىڭ بېشىغا كەلگەن قىسمەتلىرىنىڭ مەنبەسى نېمە؟**

مەنبەسى ئىككى: بىرى ئاللاھ، يەنە بىرى ئۆزىمىز. بىر ئادەمنىڭ بېشىغا بىر كۆلپەت ياكى يامانلىق كەلگەندە، ئۇنىڭ قايسى خىلغا تەۋەلىكىنى ئۆزى ئايرىپ چىقىشى كېرەك.

**(2) ئادەمنىڭ پەرزەنتى ۋە يېقىنلىرىغا كەلگەن بالايى-قازالار شۇ ئادەمنىڭ بۇ دۇنيالىقتىكى ئىش-ھەرىكىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىكمۇ؟**

ياق، ئۇنداق ئەمەس. ئاللاھ ھەر بىر ئادەم قىلغان ساۋابلىق ئىشلار بىلەن سادىر قىلغان گۇناھلارنى بىردىن ئايرىم دەپتەرگە خاتىرىلەپ ماڭدىغان بولۇپ، قىيامەت كۈنى ھەر بىر ئادەمنىڭ سورىقىنى ئايرىم

قىلىدۇ. ئاللاھ ھەرگىزمۇ دادىسى سادىر قىلغان گۇناھلار ئۈچۈن بالىسىنى جازالىمايدۇ.

**(3) ئادەم بۇ دۇنيالىقتا بەزى قىلمىشلىرى ئۈچۈن بالىلىرىنىڭ قازاسى بىلەن جازاسىنى تارتامدۇ؟**

ياق، ئۇنداق ئىش ھەرگىزمۇ يۈز بەرمەيدۇ. قالغان جاۋاب 2-سوئالنىڭ جاۋابى بىلەن ئوخشاش.

**(4) ياكى بۇ ئاللاھنىڭ باشقا ئىشلار ئۈچۈن بەرگەن بېشارىتىمۇ؟**

شۇنداق بولۇشىمۇ مۇمكىن، بولماسلىقىمۇ مۇمكىن. ئەگەر يۈز بەرگەن يامانلىق سىز كونترول قىلالايدىغان ئىشلارغا تەۋە بولسا، ئاللاھ سىزگە 1-قېتىمدىكى ئىشتىن ساۋاق ئېلىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئوخشاش يامانلىقنىڭ تەكرار يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا بۇيرۇغان.

**(5) بۇ ئىشلاردا قانداق ھېكمەت ۋە ھەقىقەت باردۇ؟**

بۇنداق ئىشلاردىكى ھېكمەت ئويغىنىنىڭ يۇقىرىدىكى لېكسىيەسىدە خېلى ئوبدان چۈشەندۈرۈلگەن. شۇڭا ئۇلارنى بۇ يەردە تەكرارلىمايمەن.

## 4. ئاخىرقى سۆز

مەندە مۇسۇلمانلار «ھەممە ئىشلار ئاللاھنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بولىدۇ» دەپ قارايدۇ، دېگەن چۈشەنچە شەكىللەنگىلى خېلى ئۇزۇن ۋاقىت بولغان بولۇپ، مەن ئاشۇ ئىبارىنى ياكى ئۇنىڭ ئازراق ئۆزگەرگەن نۇسخىسىنى ئۆزۈم ئوقۇغان ماتېرىياللاردا داۋاملىق ئۇچرىتىپ تۇردۇم. شۇڭا ئاشۇ بىر جۈملە سۆزنى ئۆزۈمنىڭ «بۇيرۇلغان ياردەم ۋە تىرىشچانلىق-بەدرى ئۇرۇشىدىن ئويلىغانلىرىم» دېگەن ماقالىسىنىڭ كۆپ يەرلىرىدە تىلغا ئالدىم. ئەمما، بۇ قېتىمقى ئىزدىنىشىمدىن كېيىن، بولۇپمۇ ئويغىنىنىڭ يۇقىرىدىكى لېكسىيەسىنى ئاڭلاپ ئۆزلەشتۈرۈۋالغاندىن كېيىن، يۇقىرىدىكى بىر جۈملە سۆزنىڭ ئىسلامدىكى مۇناسىۋەتلىك ئۇقۇملارغا تولۇق ۋەكىللىك قىلالمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتىم. يەنى، ئۇ سۆز ئەسلىدە مۇنداق دەپ ئېلىنسا توغرا بولىدىكەن:

--ئىنسانلارنىڭ كونتروللۇقى ئاستىدا ئەمەس ئىشلار ئاللاھنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بولىدۇ.

--ئىنسانلار ئۆزلىرى كونترول قىلالايدىغان يامانلىق ياكى كۆلپەتلەرنى ئىنسانلارنىڭ ئۆز ئىش-ھەرىكەتلىرى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئۇيغاننىڭ لېكسىيەسىدىكى بىر قىسىم مەزمۇنلارنى بىر قىسىم ئوقۇرمەنلەر قوبۇل قىلالمايدۇ. مەن ئاشۇنداق ئوقۇرمەنلەرنىڭ تاللىشىغا ھۆرمەت قىلىمەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مەن بارلىق ئوقۇرمەنلەردىن باشقىلارنىڭ تاللىشىغا، بولۇپمۇ مەزكۇر ماقالىنىڭ مەزمۇنلىرىنى قوبۇل قىلالايدىغان ئوقۇرمەنلەرنىڭ تاللىشىغا ھۆرمەت قىلىشنى ئۈمىد قىلىمەن. ئىنسانلار ئىندىۋىدۇئاللاردىن تەركىب تاپقان بولغاچقا، مەلۇم بىر مەسىلىدە ھەممە ئادەملەرنىڭ ئوخشاش ئويلىنىشىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش مۇمكىن ئەمەس. مەزكۇر ماقالە بىرەر مۇسىبەتكە ئۇچرىغان، بېشىغا بىرەر يامانلىق ياكى بىرەر كۆلپەت كەلگەن قېرىنداشلىرىمىز بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، مەن بەزى ئوقۇرمەنلەرنىڭ قالايمىقان گەپ قىلىپ، يۈرىكى ئېزىلگەن قېرىنداشلىرىمىزنىڭ دەردىنىڭ ئۈستىگە يېڭى دەرد قوشۇپ بەرمەسلىكىنى ئىلتىجا قىلىمەن.

مەن ئۆزۈمنىڭ «*بۇيرۇلغان ياردەم ۋە تىرىشچانلىق - بەدرى ئۇرۇشىدىن ئويلىغانلىرىم*» دېگەن ماقالىسىدە ئاللاھنىڭ قانداق كىشىلەرگە ياردەم قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلدىم. مەن يۇقىرىدا تىلغا ئالغان «ياخشى ئادەملەرگە يامانلىق يۈز بەرگەندە» دېگەن كىتابتا، ئاللاھ بىرەر يامانلىققا ئۇچرىغاندىن كېيىن ئۆز-ئۆزىنى ئازابلاشنى توختاتقان كىشىلەرگە ياردەم قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىپتۇ. مەن يۇقىرىدىكى ماڭا خەت يازغان ئىنىمىز ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش بېشىغا ئېغىر كۈنلەر چۈشكەن باشقا قېرىنداشلارنىڭ بۇ سۆزنى ئېسىدىن چىقارماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن. ھەمدە ئۇلارغا كۆڭلىدىكى ئازاب-ئوقۇبەتلەر ئۈستىدىن غالىپ كېلىدىغان سەۋر تىلەيمەن.

## پايدىلىنىش ماتېرىيالى:

[1] Why Do Bad Things Happen (Khutbah 04-25-14)
https://www.youtube.com/watch?v=zj3WRz1JpJE

# نام ـ ئاتاق، كىشىلىك تۇرمۇش ۋە مەجبۇرىيەت

2015 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى

كۆپىنچە قېرىنداشلارغا مەلۇم بولغىنىدەك، بىر ئادەم ئۈچۈن نام-ئاتاق يارىتىشقا قارىغاندا ئۇنى قوغداپ ۋە ساقلاپ مېڭىش كۆپ تەسكە توختايدۇ. شۇڭلاشقا بىز داۋاملىق يېڭىدىن نام-شەرەپكە ئېرىشكەن كىشىلەر توغرىسىدىكى خەۋەر-دوكلاتلارنى ئاڭلاپ تۇرۇش بىلەن بىللە، بىرەر مۇھىم ئىشتا خاتالىق ئۆتكۈزۈپ، ئۆزىنىڭ نام-شەرىپىگە داغ كەلتۈرگەن كىشىلەر توغرىسىدىكى خەۋەر-دوكلاتلارنىمۇ ئاڭلاپ تۇرىمىز. بۇلۇپمۇ مەن بۇنداق ئىشنى ئامېرىكا تاراتقۇلىرىدىن ھەر يىلى بىر قانچە قېتىم ئاڭلاپ ياكى كۆرۈپ تۇرىمەن. مەن ئاڭلاپ ۋە كۆرۈپ تۇرىدىغان ئۆزىنىڭ نام-شەرىپىگە داغ كەلتۈرىۋالغان كىشىلەرنىڭ ئىچىدە ئامېرىكا پرېزىدېنتىگە ئوخشاش مەشھۇر سىياسونلار، ھەمدە ھوللىۋۇد (Hollywood) تىكى داڭلىق كىنو ئارتىسلىرى بار.

شۇڭلاشقا نامغا ئېرىشكەن ھەر بىر ئادەم ئۈچۈن قانداق قىلىپ ئۆزىنىڭ نام-شەرىپىنى ساقلاپ مېڭىش بىر ئىنتايىن ئېغىر ۋەزىپە بولۇپ تۇيۇلىدۇ. بۇنداق ئادەملەر ئادەتتىكى ئادەملەرگە قارىغاندا ھەر بىر گەپ-سۆز ۋە ئىش-ھەرىكەتتە نەچچە ھەسسە، ھەتتا نەچچە ئون ھەسسە دىققەت قىلمىسا، داۋاملىق ئەينەككە قاراپ تۇرمىسا، داۋاملىق ئۆزىنى بىلەپ تۇرمىسا، ۋە داۋاملىق ئۆز-ئۆزىدىن «مەن كىم؟ ھازىر ئىشلارنى قانداقراق قىلىپ كېتىۋاتىمەن؟ مەن باشقىلارنىڭ كۈتكەن يېرىدىن چىقىۋاتىمەنمۇ؟ ھازىر قايسى جەھەتلەردە بەكرەك تىرىشىشىم كېرەك؟» دەپ سوراپ تۇرمىسا بولمايدۇ.

بىر ئادەمنىڭ قاتتىق ئىشلەپ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، ئاندىن نام-ئاتاققا ئىگە بولۇش جەريانى خۇددى بىر ئادەمنىڭ جەمئىيەتتە بەلگىلىك قىممەت يارىتىشنى تۈپ مەقسەت قىلىپ، قاتتىق ئىشلەپ، شىركەت قۇرۇپ، شىركەتنى مۇۋەپپەقىيەتلىك قىلىشى بىلەن ئوخشىشىپ قالىدۇ. ئەگەر سىز جەمئىيەتتە بەلگىلىك قىممەت يارىتىش مەقسىتىدە شىركەت قۇرسىڭىز، سىز

ساختىپەزلىك قىلمايسىز، ئادەم ئالدىمايسىز، يالغان گەپ قىلمايسىز، ھەقىقىي مېنىدە، ئۆزىڭىزنىڭ بارلىقىنى ئاتاپ تۇرۇپ شىركەت ئۈچۈن ئىشلەيسىز. ئاندىن شىركەت مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ، ئۇنىڭ «قوشۇمچە مەھسۇلاتى» سۈپىتىدە سىز باي بولىسىز. شىركىتىڭىزدىكى باشقا بارلىق خادىملارمۇ باي بولىدۇ. ئامېرىكىدىكى داڭلىق كارخانىچىلارنىڭ تەرجىمىھالىنى كۆرسىڭىز، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىدە يۇقىرىقىدەك ئالاھىدىلىكلەرنى بايقايسىز. ئەگەر سىز پەقەت پۇل تېپىپ، تېز باي بولۇۋېلىش ئۈچۈن شىركەت قۇرسىڭىز، سىز كۆپىنچە ھاللاردا يۇقىرىدا دېيىلگەن ئىشلارنىڭ قارىمۇ-قارشىسىنى قىلىشىڭىز، شۇنىڭ بىلەن شىركەت ياخشى ماڭماي، بايمۇ بولالماسلىقىڭىز مۇمكىن. مەن شىمالىي كالىفورنىيەدىكى دۇنياغا داڭلىق يۇقىرى تېخنولوگىيەلىك شىركەتلەر بازىسى بولغان كىرىمنىي جىلغىسى (Silicon Valley) دا باشقىلار بىلەن شېرىكلىشىپ، بىر قانچە شىركەت قۇرۇش جەريانىدا، ئۆزۈم شېرىكلەشكەن كىشىلەر ئىچىدە ئاشۇنداق ئادەملەردىن بىر-قانچىنى ئۇچراتتىم. مەن ئۇ شىركەتلەرنىڭ ئىنژېنېرلىق ئىشلىرىغا ياكى تېخنولوگىيىسىگە مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستۈمگە ئالغان بولغاچقا، شىركەتنىڭ باش لىدېرلىرى (باشلىقلىرى) سادىر قىلغان ھېلىقىدەك ئەھۋالنى ئۆزگەرتىشكە كۈچۈم يەتمىدى. بىز ئەينى ۋاقىتدا يېڭى قۇرغان شىركەتلىرىمىزگە «ئۇرۇقلۇق مەبلەغ» ھەل قىلالماسلىقىمىزغا دۇنيانىڭ ئۇپتىكا سانائىتىنىڭ تۆۋەنگە قاراپ مېڭىشى ئاساسىي سەۋەب بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا يۇقىرىدىكىدەك يالغانچىلىق ئىللەتلىرىمۇ ئازراق سەۋەب بولغان.

ئەگەر سىز پەقەت نام-ئاتاققا ئېرىشىش ئۈچۈنلا قاتتىق تىرىشسىڭىز، كۆپىنچە ۋاقىتتا مەقسىتىڭىزگە يېتەلمەيسىز. ئەمما ئۆزىڭىزدىن باشقا ئادەملەر ۋە جەمئىيەت ئۈچۈن مەلۇم قىممەت يارىتىش يولىدا ئۆزىڭىزنىڭ بارلىقىنى ئاتاپ، ھەقىقىي مېنىدە قاتتىق تىرىشسىڭىز، سىز مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ، نام-ئاتاق ۋە بايلىق سىزگە ئاشۇ مۇۋەپپەقىيەتنىڭ «قوشۇمچە مەھسۇلاتى» بولۇپ ئۆزلىكىدىن كېلىدىغان ئىشلار كۆپ.

نام-ئاتاق ئۈچۈن تىرىشىدىغانلارنىڭ بەزىلىرى ئائىلىسىدىكىلەرنى گوللايدۇ، دوستىغا خىيانەت قىلىدۇ، ۋە مىللەتنى ئالدايدۇ. ھەمدە ئۆز تىرىشچانلىقىنى مەغلۇبىيەت بىلەن تاماملايدۇ. ياكى بولمىسا ئۇلار دەسلىۋىدە مۇۋەپپەقىيەت قازانسىمۇ، ئېرىشكەن نام-شۆھرىتى ۋاقىتنىڭ

سىنىقىدىن ئۆتەلمەيدۇ. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئۇلارنىڭ يېقىلغۇسى تۈگەپ كېتىپ، ئېرىشكەن نام-ئاتاقلىرى بىلەن مەغرۇرلىنىپ كېتىپ، بەلنى قويىۋېتىپ، بۇرۇنقىدەك تىرىشماي، ئاستا-ئاستا تۆۋەنگە قاراپ مېڭىپ، ئاخىرى بۇرۇنقى ئىزىغا چۈشۈپ قالىدۇ. بەزىلىرى ھەتتا بۇرۇنقى ئورنىدىنمۇ تۆۋەنرەك ئورۇنغا چۈشۈپ كېتىدۇ. مەن ھازىرغىچە بولغان ئۆمرۈمدە بۇنداق ئادەملەردىن بىر قانچىنى ئۇچراتتىم.

نام-ئاتاق ئىستىكى ھەممە ئادەملەردە بار. يەنى ئاللاھ ئىنسانلارنى ياراتقاندا، ئۇلارنى ئاشۇنداق خۇسۇسىيەت بىلەن بىللە ياراتقان بولۇپ، نام-ئاتاققا ئىنتىلىش ھەممە ئىنسانلارنىڭ تەبىئىي خۇسۇسىيىتى. شۇڭلاشقا نام-ئاتاققا ئېرىشسە ئېغىزىدا دېمىسىمۇ، كۆڭلىدە ھەممە ئادەم خوش بولىدۇ. ئەمما، ئوخشىمىغان ئادەملەردە نام-ئاتاق قوغلىشىش ئىستىكىنىڭ دەرىجىسىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. مېنىڭ يۇقىرىدىكى بايانلىرىم بىر ئومۇمىي بايان بولۇپ، ئۇ ھەرگىزمۇ مەن ئەمەلىيەتتە بىلىدىغان ياكى تور دۇنياسىدا تونۇشقان بىر قانچە ئادەملەرگە قارىتىلغان ئەمەس. ھەمدە ئۇ نام-ئاتاققا ھەددىدىن زىيادە بەك قىزىقىدىغان، ئۇنىڭغا ئېرىشىش ئۈچۈن ۋاستە تاللىمايدىغان، ھەمدە نام-شۆھرەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن مىللەتنىڭ مەنپەئەتىنى پۇتلىكەي بىر ياققا قايرىپ قويىدىغان كىشىلەرگە قارىتىلغان.

مەن كىچىك ۋاقتىمدا باللار باشلانغۇچتا 5 يىل، ئوتتۇرا مەكتەپتىمۇ 5 يىل ئوقۇيتتى. مەن ئوتتۇرا مەكتەپنى ئاقسۇ 1-ئوتتۇرا مەكتەپتە 1971-يىلدىن 1976-يىلغىچە ئوقۇغان. شۇ چاغدا سىنىپ باشلىقى، مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مەسئۇلى، بىر جەمئىيەت تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇلى، ۋە بىر ئوقۇغۇچىلار شېئىرلار توپلىمىنىڭ مەسئۇلى دېگەنگە ئوخشاش بىر قاتار ۋەزىپىلەرنى ئۆز ئۈستۈمگە ئالغان. ھەمدە ھەممە پەنلەردىكى ھەممە دەرسلەرنى پەۋقۇلئادە ياخشى ئوقۇغان. تولۇقسىز 3-يىللىقتىكى ۋاقتىمدا تولۇقسىز 2-يىللىقنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىغا ماتېماتىكا دەرسى ئۆتۈپ باققان. شۇنداق بولغاچقا مەن شۇ مەزگىلدىلا بىر ئاز نام-ئاتاققا ئېرىشكەن. بۇنداق ئەھۋال مەن ئالىي مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن يەنە باشلىنىپ، شۇنىڭدىن كېيىن ئىزچىل تۈردە داۋاملىشىپ كەلدى. شۇڭلاشقا مەن نام-شەرەپكە ئېرىشكەن بىر ئادەم يېرىم يولدا

مەغلۇپ بولۇپ كەتمەي، ئۆزى ئېرىشكەن نام-شەرەپنى ساقلاپ مېڭىشى ئۈچۈن قانداق ياششى كېرەكلىكىنى بىر ئاز بىلىمەن.

يېقىندا ئۇيغۇرچە تورلاردا «مەشھۇرلۇق»، «نام-ئاتاق»، ۋە «شۆھرەتپەرەسلىك» ئۈستىدىكى پاراڭلار كۆپ بولدى. ئۇنداق پاراڭلار ھازىرمۇ داۋاملىشىۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەن يېقىنقى بىر قانچە ھەپتە ئىچىدە ئاشۇنداق «مەشھۇرلۇق» ئۈستىدىكى بەس-مۇنازىرە ئۈچۈن ئازراق يېڭى بىلىم تەقدىم قىلالارمەنمۇ، دەپ ئويلاپ كەلگەن ئىدىم. توساتتىن مەن بىرەر يىلنىڭ ئالدىدا ئۇچراتقان، ھەمدە ئۆزۈم ناھايىتى ياخشى كۆرۈپ ساقلاپ قويغان بىر پارچە ئىنگلىزچە ماقالىنى ئۇچرىتىپ قالدىم. ئۇ ماقالە ئامېرىكىدىكى بىر داڭلىق ياش زىيالىي مەلۇم بىر سورۇندا ئۆزى توغرىسىدا سۆزلىگەن بىر لېكسىيىنىڭ تېكىستى بولۇپ، ئۇنىڭ تېمىسى «نام-ئاتاق، كىشىلىك تۇرمۇش ۋە مەجبۇرىيەت ھەققىدە» دىن ئىبارەت. مەن مەزكۇر ماقالىدە ئاشۇ ماقالىنىڭ مەزمۇنىنى تونۇشتۇرىمەن. بۇ يەردە مەن ئەسلىدىكى ماقالىنىڭ ئاپتورىنىڭ ئىسمىنى ۋاقتىنچە «ئويغان» دەپ ئېلىپ تۇرۇپ، ئۇ ئاپتورنى ئوقۇرمەنلەرگە كېيىنچە بىر مۇۋاپىق پەيتنى تېپىپ تەپسىلىي تونۇشتۇرىمەن.




1-رەسىم: تارىختىكى مەشھۇرلىرىمىزنىڭ مىسالى.

تۆۋەندىكىسى ئويغاننىڭ نۇتۇقىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنلىرى. ئەگەر مەن ئۇنىڭغا ئۆز كۆز-قارىشىمنى قوشماقچى بولسام، ئۇنى بىر ئايرىم «ئىلاۋە» شەكلىدە قىستۇرۇپ قويىمەن.

سالام! مېنىڭ ئىسمىم ئويغان. مەن بۇ يىل 36 ياش بولۇپ، مېنىڭ 6 بالام بار. مەن ھاياتىمنى ئۆزۈم ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان بىر كەسپنى قىلىپ ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىدىن تولىمۇ رازىمەن.

مەن ھاياتىمنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ۋاقتىدىن باشلاپلا ئۆزۈمدە مۇقەددەس كىتاب ۋە ئۇنىڭ تىلىنى ئۆگىنىشكە يۈكسەك قىزىقىش يېتىلدۈردۈم. مەن ھازىر مۇقەددەس كىتابنى تەشۋىق قىلىشنى ۋە ئۇنىڭ قەدرىگە يېتىشنى تۈپ مەقسەت قىلغان بىر ئىنستىتۇتنى ماگدۇرۇۋاتىمەن. مۇشۇنداق يۈكسەك قىزىقىش مېنىڭ ئالدىنقى 16 يىللىق ھاياتىمنى ناھايىتى ئالدىراش ئۆتكۈزۈشكە سەۋەب بولدى. شۇ جەرياندا مەن ئۆزۈم ئاڭلىق ھالدا بىلمەي تۇرۇپ، بەزى چەمبىرەكلەر ئىچىدە داڭلىق بولۇپ قالدىم. قالغانلىرىدا بولسا يامان نام بىلەن داڭ چىقاردىم. مەن دەرس ئۆتىۋاتقىلى ۋە لېكسىيە سۆزلەۋاتقىلى ئۇزۇن يىللار بولدى. ھازىر توساتتىن ھەر قېتىملىق لېكسىيىدىن كېيىن كىشىلەر بىر-بىرىنى يانغا ئىتتىرۋېتىپ مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ، مەن بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرىشىدىغان، مەن بىلەن رەسىمگە چۈشىدىغان، ۋە ماڭا مېنىڭ ئۆلارنىڭ ھاياتىنى قانداق ياخشى تەرەپلەرگە ئۆزگەرتكىنىمنى دەيدىغان بىر خىل ئەھۋال كۆرۈلۈشكە باشلىدى. بۇ ماڭا ئۆزۈم توغرىلىق ئەمەس، باشقا بىرسى توغرىلىق يۈز بەرىۋاتقان ئىشتەك تۇيۇلىدىغان بولۇپ، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئەتىراپىمدىكىلەر باشقا بىر كىشى توغرىلىق سۆزلەۋاتقاندەك تۇيۇلدى. مېنىڭ مۇشۇنداق ئۆزلۈكسىز كۈچلىنىۋاتقان ئوبرازىم مېنى ئۆز خىزمىتىمنىڭ قانداق باشلانغانلىقى ۋە ئۇنىڭ ھازىرقى تەرەققىيات ئەھۋالى ھەققىدە چوڭقۇر ئويلىنىشقا مەجبۇرلىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ مېنى ئۆزۈم ھازىر ئېرىشكەن ئورۇن ھەققىدە قايتا-قايتا ئويلىنىشقا قىستىدى. مەن تۆۋەندە سىلەر بىلەن ئورتاقلىشىدىغان ئىشلار ئۆزۈمنىڭ بۇرۇنقى ئەھۋالى ھەققىدىكى ئەسلىمىلىرى بولۇپ، ئۇ يەنە مەن ئويغاننىڭ پەقەت ئۆزۈم توغرىسىدىكى باھالىرىمدىنلا ئىبارەت. مەن ھازىر دەيدىغان گەپ-سۆزلەر ھەرگىزمۇ باشقا بىر ئاممۋىي نۇتۇقچى، زىيالىي، پائالىيەتچى ياكى لىدېرغا ماس كەلمەيدۇ.

## 1. نام ـ ئاتاقىقا ئېرىشىش گۇناھ ئەمەس

ھاياتتا يۈز بېرىدىغان ھەممە ئىشلار بىر خىل سىناقتىن ئىبارەت. مەن ئۆزۈم ئېرىشكەن نام-شەرەپنى ياراتقۇچىمىز ماڭا ئاتا قىلغان ئوزۇق ياكى قۇۋۋەتنىڭ بىر قىسمى دەپ ئويلايمەن. مەن ئۇنداق بىر شەرەپكە لايىق ئەمەس بولىشىم مۇمكىن، ئەمما مەن ھازىر ئۇنىڭغا ئېرىشتىم، شۇڭلاشقا مەن ئۇنى بىر ئۇلۇغۋار مەقسەت ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلىنى تېپىپ چىقىشىم كېرەك. بىز ھەممىمىز ياراتقۇچىمىز ئاتا قىلغان سوۋغاتلار، شارائىتلار ۋە قىيىن ئۆتكەللەرگە قارىتا ئەنە شۇنداق يول تۇتۇشىمىز كېرەك.

مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، نام-ئاتاق ياراتقۇچىدىن كەلگەن ھەقىقىي نېمەتتۇر. ئۇ دەسلىۋىدە مېنى دۇنيادىكى ناھايىتى داڭلىق زىيالىيلار ۋە تەتقىقاتچىلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا مۇقەددەس كىتاب ۋە ئۇنىڭ تىلى ئۈستىدە ناھايىتىمۇ قىممەتلىك تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىۋاتقان، ئەمما دۇنيا ئاساسەن بىلمەيدىغان بىر قىسىم كىشىلەر بار بولۇپ، ئۇلار مېنى ئۆزلۈكىدىن ئىزدەپ كېلىپ، ماڭا ئۆزلىرىنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى سوۋغا قىلدى. بۇ تەتقىقاتلارنىڭ بىر قىسمى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ۋە ئادەمنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرىدىغان دەرىجىدىكى قىممەتكە ئىگە بولۇپ، ئەگەر ئۇلار بولمىغان بولسا، مەن ئۆز خىزمىتىمنى ھازىرقىدەك قىلالمىغان بولاتتىم. مېنىڭ نام-ئاتىقىم ئۇلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى مەن ئارقىلىق يورۇقلۇققا چىقىرىشقا تۈرتكە بولغان بولۇپ، مەن ئۇلارنىڭ ماڭا ئاشۇنداق بىر پۇرسەتنى بەرگىنىدىن ئىنتايىن چوڭقۇر مىننەتدارمەن. مېنىڭ نام-ئاتىقىم ماڭا يەنە بىر-بىرىنىڭ خىزمىتىنى تولۇقلايدىغان، ئەمما بۇرۇن ئۆز-ئارا تونۇشمايدىغان كىشىلەرنى ئۆز-ئارا تونۇشتۇرۇپ قويۇش پۇرسىتىنى ئاتا قىلدى. شۇڭلاشقا ھازىر بۇ جەھەتتە كەڭ دائىرىلىك ئۆز-ئارا ھەمكارلىشىش ئىشلىرى يۈز بېرىۋاتىدۇ. ئەگەر مەندە ھازىرقىدەك ئاممىۋىي ئوبراز بولمىغان بولسا، بۇنداق ئىشلار مېنىڭ باھانەمدە يۈز بەرمىگەن بولاتتى.

## 2. نام ـ ئاتاقىقا ئېرىشىپ تۇرۇپمۇ كەمتەرلىكنى نامايان قىلغىلى بولىدۇ

مەن ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنى ئاسترىاق ئۆگىنەلەيدىغان بىر ئادەم. بۇرۇن مەن ئۈچۈن 15 ئادەمگە لېكسىيە سۆزلەش بىلەن 50 مىڭ ئادەمگە

لېكسىيە سۆزلەشنىڭ ھېچ قانداق پەرقى يوق ئىدى. ئەمما مېنىڭ نامىم چىققاندىن كېيىن، مەن نۇرغۇن ئەگرى-توقايلىقلارنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئاندىن مەن پەقەت ئۆزۈمنىلا چۈشىنىپ، باشقىلارنى چۈشەنمىسەم بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتىم.

مەن ئەڭ دەسلىۋىدە ئۆزۈم بىلەن رەسىمگە چۈشۈپ ئۆچۈن كەلگەن كىشىلەرنى ئۇچراتقاندا ھەم ئۇلارغا ھەيران قالغان، ھەم ئۇلاردىن سەسكەنگەن ئىدىم. «ماڭا بىر ناخشا چولپىنىغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىدىغان قانداق بىر تەتىقسىز قىلىق بۇ؟» دەپ ئويلىغان ئىدىم. ئەمما، كېيىنچە بۇرۇن مەن ئۆزۈمۇ ئاشۇ كىشىلەر بىلەن ئوخشاش بىر سالاھىيەتتىكى ئادەم ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتىم. ئۆزۈمنىڭ خاتا قىلغانلىقىنى، ئۆزۈمنىڭكى توغرا دەپ ئويلاپ، باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلمىگىنىمنى ھېس قىلدىم. شۇڭلاشقا مەن ئۇنداق قىلىقلىرىمنى ئۆزگەرتمىسەم بولمىدى. بىر مەزگىل ۋاقىتتىن كېيىن مەن بۇرۇن ھەرگىزمۇ ئۆزۈمنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنى چۈشىنىشكە ئۇرۇنۇپ باقمىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. مەن ھازىر جامائەت ئىچىگە چۆكۈۋاتىمەن. شۇنىڭ بىلەن كۆپچىلىك بىلەن مېنىڭ مۇناسىۋىتىم يېقىنلىشىپ، ئۇلار مېنىڭ لېكسىيىلىرىمدىن باشقىچە مەنپەئەت ئېلىۋاتىدۇ.

ئىلاۋە: سىز بىر ئادەمگە تەربىيە قىلغاندا، پەقەت ئۇ ئادەم سىزنىڭ ئۇنىڭغا ھەقىقىي تۈردە كۆيۈنۈۋاتقانلىقىڭىزنى تولۇق ھېس قىلغاندىلا، ئاندىن سىز قىلغان تەربىيە يېتەرلىك ئۈنۈمگە ئېرىشىدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن، مەيلى سىز قانچىلىك بىلىملىك بولۇپ كېتىڭ، مەيلى سىز قانچىلىك داڭلىق بولۇپ كېتىڭ، مەيلى سىز قىلغان گەپ-سۆزلەر قانچىلىك توغرا، قانچىلىك دانا ۋە قانچىلىك قىممەتلىك بولسۇن، قارشى تەرەپ سىزنىڭ ھېچ قانداق گەپ-سۆزلىرىڭىزنى ھەقىقىي تۈردە قوبۇل قىلمايدۇ.

ئەگەر مەن كىشىلەرنىڭ قانداق قىلىپ ھازىرقىدەك بىر ھالەتكە كەلگەنلىكىگە، ياكى ئۇلارنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىگە ھۆرمەت قىلمايدىكەنمەن، باشقىلار ئالدىدا ئۆزۈمنى ئۆزۈمدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان كىشىلەرنى كۆزگە ئىلمايدىغان، ۋە ئۇلار توغرىسىدا قالايمىقان ھۆكۈم چىقىرىدىغان بىر ئادەم قىلىپ كۆرسىتىپ قويىدىكەنمەن. مەن بىلەن بىر پارچە رەسىمگە چۈشۈپلىشنى ئىلتىماس قىلغان بىر ئادەم كېيىنچە بۇ

قىلغىنىمدىن مىننەتدار بولۇپ، شۇنىڭ نەتىجىسىدە مېنىڭ ئىلمىي ئەسەرلىرىمنى ئائىلىسىدىكى باشقا كىشىلەر بىلەن ۋە دوستلىرى بىلەن ھەمبەھىرىمەن بولىدىغان بىر ئادەم بولۇپ چىقىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. مەن بىلەن بىللە رەسىمگە چۈشكەن بىر ئادەم كېيىنچە مەن توغرۇلۇق ياخشى سۆزلەرنى تارقىتىشى مۇمكىن. بۇ ھەقتە ھېچ نېمە دەپ بولغىلى بولمايدۇ. كىشىلەر مېنىڭ لېكسىيىلىرىمنى نەچچە يۈز سائەت ئاڭلاپ، شۇ ئارقىلىق مەن بىلەن روھىي باغلىنىش ھاسىل قىلغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇلار مېنىڭ لېكسىيىلىرىمنى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ، ياراتقۇچىمىزنىڭ ئۇلارنىڭ ئۆز ھاياتلىرىدا بىر ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىپ بېرىش نىمىتىگە ئېرىشكەندەك ھېس قىلىشىمۇ مۇمكىن. ئاشۇنداق بىر ئەھۋالدا، ئۇلارنىڭ مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ، مەن بىلەن بىر پارچە رەسىمگە چۈشۈشىنى تەلەپ قىلىشىنىڭ ئۇلار ئۈچۈن چوڭ قىممىتى بار بولۇشى مۇمكىن. ئۇ ماڭا بولغان مۇھەببەت ۋە مىننەتدارلىقنىڭ نامايەندىسى بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر مەن ئۇلارنى رەت قىلسام، ئۆزۈمگە ھېچ قانداق زىيان بولمايدۇ. ئەمما، مېنىڭ ئاشۇ قىلىقىم ئۇلارنىڭ ھېسسىياتىنى يارىلاندۇرۇپ، ئۇلارنى ئۈمىدسىزلەندۈرىشى مۇمكىن. مەن بۇ ئىشنى قارشى تەرەپنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ ئويلاش ئارقىلىق ئۆگەندىم. ئەمما، مېنىڭ باشقىلارنىڭ مەن بىلەن رەسىمگە چۈشۈۋېلىشىغا يول قويىشىمنى «ئۆزىنى كۆرسىتىش» دەپ ئويلايدىغانلار داۋاملىق چىقىپ تۇرىدۇ. مەن ئۇلارغا «قانداق ئويلىسىڭىز ئويلاۋېرىڭ»، دەيمەن.

## 3. نام-ئاتاق رېئاللىققا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئۈمىد پەيدا قىلىدۇ

ئاشۇنداق ئىش كەم دېگەندىمۇ مېنىڭ بېشىمدىن ئۆتتى. بۇنىڭدىن 14 يىل بۇرۇن مېنى ھېچ كىم بىلمەيتتى. مەن ھازىرمۇ 14 يىلدىن بۇرۇنقى مەن بىلەن ئوخشاش. مەن ھازىر بۇرۇنقىغا قارىغاندا كۆپرەك تەجرىبە توپلىغان بولۇپ، بىر قىسىم ئىشلارنى بۇرۇنقىدىن ياخشىراق چۈشىنىمەن. ئەمما، فېيسبۇك (Facebook) تا ھازىر مېنىڭ يېرىم مىليون ئەگەشكۈچىلىرىم بار بولغانلىقى ئۈچۈنلا بىر ئورنى ئۆستۈرۈلگەن روھانىي زات بولۇپ قالمىدىم. مېنىڭ خىزمىتىم، تۆھپەم، كەسپىي بىلىمىمنىڭ دائىرىسى ۋە مېنىڭ ھازىرمۇ داۋاملىشىۋاتقان قىزىقىشىمنىڭ ھەممىسى ئاساسەن بىرلا ساھەگە مەركەزلەشكەن. ئۆزۈمنىڭ ئاشۇ كەسپىي ساھەسىنىڭ ئۆزىدىمۇ مەن ئۆزۈم بىر زىيالىي بولماستىن، مەن پەقەت ھەقىقىي زىيالىيلار بىلەن كەڭ خەلق ئاممىسى ئوتتۇرىسىدا كۆۋرۈكلۈك رول

ئوينىغۇچى. ئەمەلىيەت دەل ئەنە شۇنداق. ئەمما، مەن شۇنى بايقىدىمكى، دىنىمىزنىڭ ئىشەنگۈچىلىرىنىڭ ناھايىتى كۆپ قىسمى بىر جەمئىيەت ئەربابىغا مۇئامىلە قىلغاندا بىر قانچە جەھەتلەردە ئاشقۇنلۇق قىلىپ قويىدىكەن. مەن دۇچ كەلگەن ئىجابىي ئاشقۇنلۇقلاردىن مۇنداقلىرى بار:

(1) «مەن پەقەت سىزنىڭ لېكسىيەلىرىڭىزنىلا ئاڭلايمەن. مېنىڭ باشقا بىرسىگە ئېھتىياجىم يوق.»

مەن سىزنىڭ ماڭا كۆرسەتكەن مۇھەببىتىڭىزگە رەھمەت ئېيتىمەن، ئەمما سىز ئۆزىڭىز ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەرنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتمىسىڭىز بولمايدۇ.

(2) «مەن ئەر-خوتۇنلۇق مۇناسىۋەت، ئائىلە تۇرمۇشى، چۈشكۈنلىشىش، زەھەرلىك چېكىملىككە ئۆگىنىپ قېلىش، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقا ئىنتىلىشكە ئوخشاش ئېغىر مەسىلىلەرنى قانداق ھەل قىلىمەن؟»

مەن ئۆزۈم ھازىر قىلىۋاتقان ئىشتا ھەم بىر ئوقۇتقۇچى، ھەم بىر ئوقۇغۇچى. سىز دۇچ كەلگەن مەسىلىلەر ناھايىتى ئېغىر مەسىلىلەر بولۇپ، سىز ئۇلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن سالاھىيىتى توشىدىغان مەسلىھەتچىلەرنى تاپمىسىڭىز بولمايدۇ. سىز مېنى بۇنداق ئىشلارنى ياخشى قىلالايدۇ، دەپ ئويلىشىڭىز مۇمكىن، ئەمما مەن سىزگە پايدىدىن زىياننى كۆپرەك ئەكىلىپ بېرىشىم مۇمكىن.

لېكىن، مەن سىز دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلار، مەسىلىلەر ۋە قىيىن ئۆتكەللەرنى چۈشىنىشنى ئىستەيمەن. چۈنكى مەن ئۇلارنى چۈشەنسەم، ئۇلارنى باشقىلارغا ئاڭلىتالايمەن، ھەمدە سىزگە ۋە باشقىلارغا پايدىلىق بولىدىغان بەزى مەسلىھەتلەرنى بېرەلەيمەن. مەن مۇشۇنداق بىر پوزىتسىيە تۇتۇپ كېلىۋاتقىلى خېلى ئۇزۇن بولدى. مەن كىشىلەردىن كەلگەن ئېلخەتلەرنى ئوقۇپ، كەڭ جامائەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىشلارنى خاتىرىلىۋېلىپ، ئۇلارنى ئۆزۈمنىڭ لېكسىيىلىرىدە ئوتتۇرىغا قويىمەن. ماڭا ھەر كۈنى بىر مىڭ پارچىدىن ئارتۇق ئېلخەت كېلىدۇ. ئەگەر مەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە جاۋاب بەرسەم، مەسىلەن، بىر ئەلخەتكە بىر مىنۇت ۋاقىت سەرپ قىلسام، ئۇ ھالدا مەن ئۆز ئۆمرۈمنى باشقا ھېچ قانداق ئىشنى قىلماي ئۆتكۈزسەم بولىدۇ.

(3) «بۇ ئىشتا پەقەت سىزلا ماڭا ياردەم قىلالايسىز. بۇ سوئالغا سىزدىن باشقا ئادەم جاۋاب بېرەلمەيدۇ.»

ياردەم ياراتقۇچىمىزدىن كېلىدۇ. مەندىن ئەمەس. مېنىڭ سىزگە ياردەم قىلىش كۆڭلۈمنىڭ بارلىقىدا گەپ يوق، ئەمما مەن ياردەم قىلالماسلىقىم مۇمكىن. مەن يېقىندا باشقىلار ماڭا ئېلىپ كەلگەن بىر قىسىم سوئال ياكى مەسىلىلەرنى ئاشۇ ساھەلەردە كەسپىي سالاھىيەتكە ئىگە باشقا كىشىلەرگە يەتكۈزۈپ بەردىم.

سەلبىي جەھەتتە، كىشىلەر ماڭا مۇنداق دەيدۇ:

-- نېمىشقا ئىراق ياكى پەلەستىن ھەققىدە سۆزلىمەيسىز؟

-- نېمىشقا دىنىمىزنى ياقتۇرمايدىغان كىشىلەر ھەققىدە سۆزلىمەيسىز؟

-- نېمىشقا ئەقىدە ھەققىدە سۆزلىمەيسىز؟

-- نېمىشقا ھالال گۆش ھەققىدە سۆزلىمەيسىز؟

-- نېمىشقا ئاياللارنىڭ ھوقۇقى ھەققىدە سۆزلىمەيسىز؟

-- نېمىشقا ئەرلەرنىڭ ھوقۇقى ھەققىدە سۆزلىمەيسىز؟

-- سىز مېنىڭ ئېلخېتىمگە ياكى بىزگە لېكسىيە سۆزلەپ بېرىش تەلىپىمگە جاۋاب قايتۇرمىدىڭىز. شۇنىڭدىن قارىغاندا سىز پەقەت مۇشۇ دۇنياغىلا قىزىقىدىغان، ئۇممەتلەر بىلەن ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقلىرىغا كۆڭۈل بۆلمەيدىغان بىرسى ئىكەنسىز.

-- نېمىشقا بىزنىڭ جامائىتىمىزنى زىيارەت قىلمايسىز؟ بىز كىچىك بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، شۇنداقمۇ؟ سىز پەقەت چوڭ سورۇنلارنىلا ياخشى كۆرىسىز. مەن سىزدىن ھەممەيلەنگە تەڭ كۆڭۈل بۆلۈشىڭىزنى ئۈمىد قىلاتتىم. قارىغاندا سىز ئۇنداق قىلمايدىغان ئوخشايسىز.

مەن ئۇچرىغان سەلبىي ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسىنى بۇ يەردە تىزىپ چىقىش مۇمكىن ئەمەس، ئەمما مېنىڭچە سىز يۇقىرىدىكى قۇرلاردىن بىر ئومۇمىي چۈشەنچىگە ئىگە بولدىڭىز. مەن تەدرىجى ھالدا مۇنداق بىر ئىشنى تونۇپ يەتتىم: بىزنىڭ كۆپلىگەن دىنداش قېرىنداشلىرىمىز يا جامائەت ئەربابىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدۇ، يا ئۇلارنى چىش-تىرنىقىغىچە ئۆچ كۆرىدۇ. بۇ ئىككى قۇتۇپنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرىدىغانلار ئانچە كۆپ ئەمەس.

بەزىلەر مەن سۆزلىگەن لېكسىيەلەرنىڭ ئىچىدىكى بىرەرسىدىن ئۈمىدسىزلىنىپ قالسا، ئۇلار شۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ لېكسىيىلىرىمدىن ئۆمۈرلۈك قول ئۈزىدۇ. بۇ كىشىلىك مۇناسىۋەتكە قوللىنىلغان ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئۇسۇلدۇر. سىز قىلغان بىر ئېغىز سۆز ئۈچۈن سىزنىڭ

دوستلىرىڭىز ياكى ئائىلە كىشلىرىڭىز سىزدىن مەڭگۈلۈك قول ئۈزگەن بىر ئەھۋالنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ. بىز بىر-بىرىمىزنىڭ پىكرىگە قوشۇلمىساق بولىۋېرىدۇ. بەزىدە مەنمۇ خاتا گەپ قىلىپ سالىدىغان بولۇپ، سىزنىڭ مېنىڭ پىكرىمگە قوشۇلمىغانلىقىڭىزنى توغرا چۈشىنىشكە بولىدۇ. مەن شۇنىڭلىق بىلەن بىر شەيتانغا ئۆزگىرىپ قالمايمەن. ئىنسانلارنىڭ مۇكەممەللىكى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بىلەن ئاخىرلاشقان.

بىز دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىنى بىر تەرەپ قىلالايدىغان بىرەر ئادەم مەۋجۇت ئەمەس. بىر ئادەمدىن ئاشۇنداق ئۈمىد كۈتۈش رېئاللىققا ئۇيغۇن ئىش ئەمەس، مۇۋاپىق ئىش ئەمەس، ھەمدە ساغلام ئىشمۇ ئەمەس. مەن ئۆزۈمنىڭ لېكسىيىلىرىدە بەزى مۇھىم ئىشلارنى تىلغا ئالماي ئۆتۈپ كېتىدىغان ئىش داۋاملىق يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. مەن بەزى جامائەتلەرنى زىيارەت قىلالمايدىغان ئىشلارمۇ داۋاملىق ئۇچراپ تۇرىدۇ.

مەن بۇرۇن 15 ئوقۇغۇچىغا دەرس ئۆتۈپ يۈرگىنىمدە دەرسىمدىكى ئوقۇغۇچىلار مەندىن ھەر بىر مەسىلىگە نىسبەتەن ئۆزۈمنىڭ ئېنىق مەيدانىنى ئىپادىلەشنى تەلەپ قىلمىغان ئىدى. ئەمما مەن نام-ئاتاققا ئېرىشكەندىن بۇيان كىشىلەرنىڭ ماڭا بولغان ئۈمىدىمۇ ئۆزگەرگەندەك قىلىدۇ. مەن ئۇنداق ئەھۋالغا توغرا مۇئامىلە قىلىپ، بەزى مەسىلىلەر ئۈستىدە ئۆز-قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويماسلىقتىكى سەۋەبلەرنى چۈشەندۈرۈپ قويۇشقىمۇ تىرىشىمەن.

مەن كىچىك ۋاقتىمدا دۇنيا خۇددى بىر ئاق قەغەزدىكى قارا-رەڭلىك خەتلەردەك ئاددىي ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مەن ئۆزۈمنىڭ دىنىمىز ۋە خەلقئارالىق سىياسەتلەر ئۈستىدىكى نۇرغۇن قاراشلىرى، پىكىرلىرى ۋە يەكۈنلىرىنىڭ تولىمۇ ئاددىي ۋە خام ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتىم. مەن ئارقىغا بىر قەدەم چېكىنىشنى، ئۆزۈمگە سەمىمىي مۇئامىلە قىلىشنى، ۋە «مېنىڭ بىلىمىم يېتەرلىك ئەمەس» لىكىنى خوشاللىق بىلەن ئېتىراپ قىلىشنى ئۆگەندىم. ئەگەر مەن لېكسىيە سۆزلەش مەيدانىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزۈم تولۇق چۈشەنمەيدىغان مەسىلىلەر ئۈستىدە خالىغانچە پىكىر قاتناشتۇرسام، تولىمۇ مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغان بولىمەن.

كۆپىنچە ۋاقىتلاردا مەن كەڭ خەلق ئاممىسى مەندىن دىنىمىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەممە مەسىلىلەر ئۈستىدە ئاۋازىمنى داۋاملىق ئاڭلىتىپ تۇرۇشنى ئۈمىد قىلىۋاتقاندەك، مەندە ئۆزۈم تولۇق چۈشەنمەيدىغان مەسىلىلەرگە نىسبەتەن سۈكۈت قىلىپ تۇرۇش ھوقۇقى يوقتەك ھېس

قىلىمەن. مەن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، سىلەرگە مۇنداق بىر ئىشنى ئېيتىپ قوياي: يۇقىرىدىكى ئىشلار قەتئىي يۈز بەرمەيدۇ. سىلەرنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويسامۇ، مەن ئۆزۈمنىڭ تەسىر كۈچىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزۈم يېتەرلىك دەرىجىدە چۈشەنمەيدىغان مەسىلىلەر ئۈستىدە پىكىر بايان قىلمايمەن. مەن ئۆزۈمنىڭ خۇسۇسىي تۇرمۇشىدا سىلەرگە دېمەي تۇرۇپ ئۆزۈمنى مەلۇم بىر داۋاغا ئاتايمەن. دىندا سىلەرگە دېمەي تۇرۇپ مەلۇم بىر مەيدان تۇتىمەن. سىياسەتتىمۇ سىلەرگە دېمەي تۇرۇپ مەلۇم بىر يولنى تاللايمەن. مېنىڭ يۇقىرىقىدەك ئىشلارنى سىلەرگە دېيىشنى خالىماسلىقىمدىكى سەۋەب، سىلەرگە خاتا چۈشەنچە بېرىپ قويماسلىق. يەنى، سىلەرنىڭ يۇقىرىدىكى ساھەدە ئوتتۇرىغا قويغان كۆز-قاراشلىرىمنى ئۆزۈمنىڭ دىنىي بىلىمى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، دەپ ئويلاپ قېلىشىڭلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش. مېنىڭ ھەممە كۆز-قاراشلىرىمنىڭ مۇقەددەس كىتابىمىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى ناتايىن. دىنىي لىدېرلەرنىڭمۇ سىياسىي كۆز-قارىشى بار بولىدۇ. ئەمما ئۇنداق كۆز-قاراشلار دىنىي كۆز-قاراش بولالمايدۇ. مۇشۇ جەھەتلەردە مەن ئۆزۈمگە مەلۇم مىقداردىكى مەسئۇلىيەتلەر يۈكلەنگەنلىكىنى ھېس قىلىمەن. شۇنىڭ بىلەن ياكى سۈكۈت قىلىمەن، ياكى بولمىسا بىر قىسىم مەسىلىلەرنى ئاشۇ ساھەلەردە ھەقىقىي ئىلىم سالاھىتىگە ئىگە كىشىلەرگە ئۆتكۈزۈپ بېرىمەن. مېنىڭ بۈنىڭدىن 14 يىل بۇرۇنقى بىر قىسىم كۆز-قاراشلىرىم شەخسىي كۆز-قاراشلار بولۇپ، ئۇلار ئۇنچىۋالا دىنىي قىممەتكە ئىگە ئەمەس ئىدى. ھازىر فېيسبۇكتا مېنىڭ يېرىم مىليون ئەگەشكۈچىلىرىم بار. مەن ئۇلارغا شۇنى خۇشاللىق بىلەن جاكارلايمەنكى، بۈنىڭدىن 14 يىل بۇرۇن مەۋجۇت بولغان ھېلىقىدەك ئەھۋال ھازىرمۇ ھېچ قانداق ئۆزگەرگىنى يوق.

## 4. نام-ئاتاق ئۆز قىممىتىنىڭ نامايەندىسى ئەمەس

مېنىڭ ئەتراپىمدا مېنى ياخشى چۈشىنىدىغان ئائىلە ئەزالىرىم ۋە يېقىن دوستلىرىم بار بولۇپ، ئۇلار مەن نام-ئاتاققا ئېرىشىشتىن جىق بۇرۇنلا مېنى ئوبدان بىلەتتى. بۇ جەھەتتە مەن ئۆزۈمنى ناھايىتىمۇ تەلەيلىك ئادەم، ياكى ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشكەن ئادەم، دەپ ھېس قىلىمەن. بۇ كىشىلەر مېنى بىر دىنىي زات دەپ ئويلىمايدۇ. شۇڭلاشقا مەن ئۇلارنى ئۆزۈمنىڭ رىزقى (rizq) دەپ ھېسابلايمەن. مەن ئۇلار ئۈچۈن پەقەت بىر ئاددىي ئادەم. ئۇلار بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرۇمدا رەسمىي ئەدەپ-

قائىدە مەۋجۇت ئەمەس، ھەمدە ئۆزۈم ھەققىدە ھەددىدىن زىيادە كۆپتۈرۈۋېتىلگەن بىر ئوبرازمۇ مەۋجۇت ئەمەس. مەن بۇنىڭ ئۈچۈن ياراتقۇچىمىزغا رەھمەت ئېيتىمەن.

مەن ئاشۇ يېقىنلىرىم بىلەن بىللە ياشاپ، داۋاملىق ئۇلارغا ئۆزۈمنى باھالىتىپ تۇرىمەن. ئۇلار مېنىڭ بىر مۆجىزىلىك ئادەم بولۇش سالاھىتىگە ئىگە ئەمەسلىكىمنى، بىر جۈپ ئەر-خوتۇننىڭ 15 ياشلىق بالىسى بىلەن بىر قېتىم پاراڭلىشىپ قويۇشۇم بىلەنلا ئۇ بالىنىڭ مەسىلىسى ياكى ئاشۇ ئائىلىنىڭ مەسىلىسى پۈتۈنلەي ھەل بولۇپ كەتمەيدىغانلىقىنى ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ. ئۇلار سورىغاندا مەن ئۇلارغا مەسلىھەت بېرىمەن، ئەمما كۆپىنچە ۋاقىتلاردا مەن بىر مەسلىھەت بەرگۈچى سالاھىيىتى بىلەن ئەمەس، مەسلىھەت قوبۇل قىلغۇچى سالاھىيىتىدە تۇرۇپ ئىش قىلىمەن. ياخشى يېرى، ئۇلار مېنى بىر مۇۋاپىق ئورۇنغا قويۇپ، مەيلى مەن سوراي ياكى سورىماي، مەيلى مەن ئاڭلاشنى خالاي ياكى خالىماي، ئۇلار داۋاملىق تۈردە ماڭا ئۆزۈمنى بىر تېخىمۇ ياخشىراق ئادەم قىلىشقا پايدىلىق بولغان مەسلىھەتلەرنى بېرىدۇ. مەن بۇنىڭ ئۈچۈن ياراتقۇچىمىزغا رەھمەت ئېيتىمەن.

مەن ئۇزاققا سوزۇلغان ئەمەلىيەتتىن مۇنداق بىر ئىشنى بايقىدىم: ئۆزۈمنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكى ھەققىدىكى ھەقىقىي باھا يېغىن-كونفېرېنسلاردىن كەلمەيدۇ، لېكسىيەلەردىن كەلمەيدۇ، ۋە ئىنتېرنېتتىكى ئىنكاسلاردىنمۇ كەلمەيدۇ. بەلكى ئۇنداق باھا مېنىڭ ئەتراپىمدىكى ئاشۇ بىر گۇرۇپپا سەمىمىي دوستلۇرۇم ۋە يېقىن ئۇرۇق-تۇغقانلىرىمدىن كېلىدۇ. مانا شۇلار ماڭا ھەقىقىي ئەھۋالنى ئەينەن دەپ بېرىدۇ. مەن بۇنىڭ ئۈچۈن ياراتقۇچىمىزغا رەھمەت ئېيتىمەن.

## 5. نام-ئاتاق كۆپتۈرمىچىلىككە ئوڭ-تاناسىپ بولىدۇ، ئەمما مەن ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمايمەن

ماڭا باشقىلارغا ئىمان ئاتا قىلالىغۇدەك قابىلىيىتى بار، دەپ قارايدىغان كىشىلەر بار. شۇنداقلا ماڭا دەججال (Dajjal) غا ئوخشاش قەبىھ نىيەتلىك ئادەم، دەپ قارايدىغان كىشىلەرمۇ بار. بۇ ئىككى خىل كىشىلەردىكى ئورتاقلىق شۇكى، ئۇلار خاتا ھالدا مەندە باشقىلارنىڭ يۈرىكىنىڭ ئىچىگە قاراپ، ئۇلاردىكى سەمىمىيلىكىنىڭ دەرىجىسىنى دەپ بېرەلەيدىغان قابىلىيەت بار، دەپ ئويلايدۇ.

بىزنىڭ گۈزەل دىنىمىزدا، بىز كىشىلەرنى بىر پەيغەمبەر دەرىجىسىگە كۆتۈرىۋەتمەي تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ قەلبىدە مەلۇم دەرىجىدىكى گۈزەللىك بارلىقىنى ئېتىراپ قىلىمىز. بىز كىشىلەرنىڭ بۇزۇلغان نىيەتلىرى ھەققىدىكى قىياسلارنى قوبۇل قىلماي، باشقىلارغا باھا بېرىشتە پۈتۈنلەي ئۇلارنىڭ ئەمەلىي ئىش-ھەرىكەتلىرىگە قارايمىز. باشقىچە قىلىپ ئېيتساق، سىز ۋە مەن بىر-بىرىمىزنىڭ گەپ-سۆزلىرى بىلەن ئىش-ھەرىكەتلىرىنى تەنقىد قىلساق بولىدۇ. ئەمما، بىزنىڭ بىر-بىرىمىزنىڭ نىيەتلىرىنى تەنقىد قىلىشىمىز دىنىمىزدا پۈتۈنلەي چەكلەنگەن. بۇ بىزنىڭ بارلىق دىنداش قېرىنداشلىرىمىزغا چىقىرىلغان ئورتاق پرىنسىپتۇر. مانا مۇشۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، يۇقىرىقىدەك 2 خىل كۆپتۈرمىچىلىكنىڭ مەن ئۈچۈن ھېچ قانداق قىممىتى يوق.

مەن ئىنتېرنېت تورلىرىدا ئۆزۈمگە قانداق تۆھمەتلەرنىڭ چاپلانغانلىقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن تورلارنى تەكشۈرۈپ يۈرمەيمەن. شۇنداقلا ماڭا ئوقۇلغان مەدھىيىلەر ۋە كۆپتۈرمە چىرايلىق سۆزلەرگە ئاساس تاپالمايمەن. مەن پەقەت ئۆز قابىلىيەتلىرىمنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇشقا، ئۆزۈمنى ئۆزلۈكسىز ياخشىلاشقا، ھەمدە يۇقىرىدا تىلغا ئالغان ئۆز تۇرمۇشۇمدىكى ھەقىقىي كىشىلەر بىلەن بولغان سەمىمىي مۇناسىۋەتنى ساقلاپ مېڭىشقا پۈتۈن كۈچۈم بىلەن تىرىشىمەن. بىر قىسىم كىشىلەر نېمە دىسە دەۋەرسۇن، مەن قىلىدىغانغا ئۇلارنىڭ گەپ-سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىشتىن ياخشىراق ئىشلار ناھايىتىمۇ كۆپ. بىز ياراتقۇچىمىزنىڭ دىنىغا ئېتىقاد قىلساقلا، ئۇ بىزگە ئابروي-غۇرۇر ئاتا قىلىدۇ، ھەمدە بىزنىڭ ئابروي-غۇرۇرىمىزنى قوغدايدۇ. ئەگەر مەن ئۆز ئىشىمغا سادىق بولىدىكەنمەن، ياراتقۇچىمىز مەندىكى ئومۇمىي ئەخلاقىي سۈپەتلەر (my integrity) نى چوقۇم قوغدايدىغان بولۇپ، مەن ئۆزۈمگە تەۋە بولمىغان نەرسىلەرنىڭ قوغدالغان-قوغدالمىغانلىقى ھەققىدە ئەنسىرەپ يۈرمىسەممۇ بولىدۇ.

## 6. مېنىڭ نامىم چىقسۇن ياكى چىقمىسۇن، باشقىلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مەن ئۈچۈن شەرەپ

مەن ئۆز ئۆمرۈمنى مۇقەددەس كىتابنى ئۆگىنىش ۋە ئۇنى باشقىلارغا ئۆگىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىۋاتقان بولۇپ، بۇ مەن ئۈچۈن بىر زور شان-

شەرەپ. شۇنچە كۆپ كىشىلەرنىڭ مەن قىلىۋاتقان ئىشنىڭ پايدىسىنى كۆرگەنلىكى مەن ياراتقان تۆھپە بولماستىن، ئۇ ياراتقۇچىمىزنىڭ سوۋغىتىدۇر. مەن ئۆزۈم پايدا يەتكۈزۈۋاتقان كىشىلەردىن ئۈستۈن تۇرمايمەن. ئۇنىڭ ئەكسىچە، مەن ئۆزۈمنى ئۇلارنىڭ بىر ئاددىي خىزمەتچىسى، دەپ ھېسابلايمەن. مەندە پۈتۈن دۇنيادىكى ياشلىرىمىزغا نىسبەتەن بىر خىل مۇھەببەت ۋە ساداقەتمەنلىك بار بولۇپ، ئۇلارنى سۆز بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلمەيمەن. سىلەر مېنىڭ خەلقىم، ۋە مېنىڭ ئائىلەم.

سىزنىڭ كۆز-قارىشىڭىز مېنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولمىغان ئەھۋالدىمۇ، مېنىڭ كۆزۈمدە سىز ھەرگىزمۇ مەندىن تۆۋەن تۇرىدىغان ئادەم ئەمەس. مەندە سىزنىڭ ياراتقۇچىمىزنىڭ ئالدىدىكى قىممىتىڭىزنى باھالايدىغان سالاھىيەت يوق. مەن پەقەت ياراتقۇچىمىزدىن مېنىڭ ۋە سىزنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرۈم قىلىۋېتىشىنىلا تىلەيمەن.

## 7. مەن ئۆزۈمنىڭ نام-ئاتىقىنى قانداق ئىشلار ئۈچۈن ئىشلىتىمەن؟

ياراتقۇچىمىز ئۆزىنىڭ مۇقەددەس كىتابى ئارقىلىق ھەر بىر ئادەمنى شۇ ئادەمنىڭ ئۆزىگە ماس كېلىدىغان گۈزەل ئۇسۇللار بىلەن يېتەكلەيدۇ. خۇددى ئوخشاش يامغۇر ئوخشىمىغان رەڭلەردىكى گۈللەر ۋە ئوخشىمىغان تەمدىكى يېمىش دەرەخلىرىنى ئۆستۈرگەنگە ئوخشاش، مۇقەددەس كىتاب ئوخشىمىغان كىشىلەردە ئوخشىمىغان ياخشىلىقلارنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرىدۇ. مەن ئۆزۈمدىكى بارلىق ئاممىۋىي ئوبرازلاردىن پايدىلىنىپ، ئاشۇ مۇقەددەس كىتابقا بولغان رەھمىتىمىزنى تەشۋىق قىلىشقا كۈچەيمەن. ھەمدە ياراتقۇچىمىزدىن مېنى شۇنىڭغا چۈشلۇق مۇكاپاتلاشنى تىلەيمەن. مەن يۇقىرىدا دېگەن سۆزلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىش ئۆزىڭىزگە باغلىق. ئەمما، مەن سىزنىڭ كىم ئىكەنلىكىڭىزنى بىلمىسەممۇ، مەن سىزگە شۇنى دېيەلەيمەنكى، مەن ياراتقۇچىمىز ئۆزىنىڭ قۇدرەتلىك سۆزلىرى بىلەن سىزگە مەدەت بېرىپ ۋە سىزنى ئۇلۇغۋار ئىشلارغا ئاتلاندۇرۇپ، بىزگە سىز ئارقىلىق ئاتا قىلىدىغان نۇرغۇنلىغان گۈزەل نەرسىلەر ھەققىدە ھاياجانلىنىۋاتىمەن.

ئويغانىنىڭ نۇتقى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى.

## 8. ئاخىرقى سۆز

كۆپلىگەن تورداشلارنىڭ خەۋىرىدە بولغىنىدەك، يېقىنقى بىر-ئىككى ئاينىڭ مابەينىدە، ئۇيغۇرچە تور-بەتلەرنىڭ بىر قىسمىدا نام-ئاتاق ۋە «شۆھرەتپەرەسلىك» ھەققىدە خېلى كەسكىن بەس-مۇنازىرە ۋە مۇلاھىزىلەر ئېلىپ بېرىلدى. ئاشۇ بەس-مۇنازىرىگە قاتناشقان كۆپىنچە قېرىنداشلار ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، ياكى ئوقۇش ئىستاژى ئۇنىڭدىنمۇ ئۇستۇن بولغان كىشىلەر بولۇشى مۇمكىن. يەنى ئۇيغۇرلار ئىچىدە تايانچلىق رولىنى ئۆتەيدىغان زىيالىيلار بولۇشى مۇمكىن. ھەقىقىي سەممىيەتلىك بىلەن ئانالىز قىلغاندا، ئۇ بەس-مۇنازىرە ۋە مۇھاكىمىلەرنىڭ پايدىلىق تەرەپلىرى بىلەن پايدىسىز تەرەپلىرىنىڭ ھەر ئىككىسى مەۋجۇتلىقىنى بايقايمىز. ئاشۇنداق ئانالىزلار مەزكۇر ماقالىنىڭ دائىرىسىگە تەۋە ئەمەس بولۇپ، مەن ئۇ ھەقتە بۇنىڭدىن ئارتۇق توختالمايمەن. مەن مەزكۇر ماقالىدە ئامېرىكىدىكى ئۆزۈم ياخشى كۆرىدىغان بىر داڭلىق دىنىي زىيالىينىڭ نام-ئاتاق ھەققىدىكى كۆز-قاراشلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتۈم. مەن ئۇ كىشىدە بىزگە ئۈلگە بولالايدىغان كۆپلىگەن نەرسىلەر بار، دەپ ئويلايمەن. مەن يۇقىرىدا تونۇشتۇرغان ئۇنىڭ نام-ئاتاق ھەققىدىكى كۆز-قاراشلىرى ئەنە شۇلارنىڭ بىرى. بىر قىسىم قېرىنداشلار مەزكۇر يازما ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ نام-ئاتاق ھەققىدىكى تونۇشلىرىنى توغرىۋالسا، ياكى تولۇقلىۋالسا، مەن ئۆزۈمنىڭ مەزكۇر يازمىنى تەييارلاش ئۈچۈن سىڭدۈرگەن ئەجرىدىن رازى بولىمەن.

مەن كېيىنچە بىر خىل ئالاھىدە بەس-مۇنازىرە، يەنى «ھەل قىلغۇچ سۆھبەت» ھەققىدە مەخسۇس توختىلىمەن. مەقسىدىم ئوقۇرمەنلەرنى بەس-مۇنازىرىنى ئىلمىي، ئۈنۈملۈك ۋە ئاقىلانە ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ھازىرقى زامان پەننىي-بىلىملىرى بىلەن قوراللاندۇرۇپ، ئۇلارغا مۇشۇ جەھەتتە ياردەم قىلىش.

## پايدىلىنىش ماتېرىيالى


[1] About Fame, a Personal Life, and Responsibility
http://muslimmatters.org/2014/07/31/about-fame-a-personal-life-and-responsibility/

# دوست تاللاشتا بىلشكە تېگىشلىك مۇھىم ئىشلار

2015-يىلى 9-ئاينىڭ 25-كۈنى

تور ئىسمى «mayin» دەپ يېزىلىدىغان بىر قېرىندىشىمىز باغداش مۇنبىرى (http://bbs.bagdax.cn/thread-32282-2-1.html، 10-قەۋەت) دە ماڭا تۆۋەندىكى ئىنكاسنى قالدۇرۇپتۇ:

**«ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، بىلمخۇمار ئەپەندى!**

**تور دۇنياسى ئارقىلىق بىزگە يېڭى ئۇچۇر ۋە بىلىملەرنى بىرىۋاتقانلىقىڭىزدىن تولىمۇ سۆيۈنىمەن، ھەم ماقالىلىرىڭىزنى ئىمكانقەدەر تولۇق ئوقۇشقا تىرىشىپ، نۇرغۇن بىلىملەرگە ئىگە بولۇپ كېلىۋاتىمەن. بۇنىڭ ئۈچۈن سىزگە پەقەت رەھمەتلا دېيەلەيدىكەنمەن، ئاددى رەھمىتىمنى قوبۇل قىلغايسىز.**

**ئۆز پىكرىمگە كەلسەم، يېقىندىن بېرى بىر ئادەمنىڭ قانداق كىشىلەر بىلەن ئارىلىششى شۇ ئادەمنىڭ كۆز قارشى ۋە ئىدىيىسىنىڭ ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرامدۇ؟ دىگەن مەسىلىدە كۆپ ئويلىنىدىغان بولۇپ قالدىم، مەن ئەزەلدىن بۇ مەسىلىگە ‹ئادەم ئۆزى قانداق بولسا شۇنداق ئادەملەر بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتىدۇ› دەپ قارايتىم، ئەمما بىر دوستۇم بۇ قارشىمنى رەت قىلىپ، مۇنداق دېدى: ‹ھەر قانداق تەبىقىدىكى ھەر قانداق يولدا ماڭغان ئادەملەر (زەھەر سودىسى قىلىدىغان، ئادەم سودىسى قىلىدىغانلاردىن باشقا) بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتكەن ياخشى، بۇنىڭ جەمئىيەتنى چۈشىنىشتە پايدىسى بار›، دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن يەنە قايتا ئويلاندىم. ئۇنىڭ دىگىنىمۇ مەلۇم جەھەتتىن ئېيتقاندا ئورۇنلۇق ئىكەن. ئەمما يەنىلا ئۇنىڭ بۇ قارىشىنى قۇۋۋەتلەپ مۇتلەق توغرا دەپ قارىمايمەن.**

**مېنىڭ بىلمەكچى بولغىنىم: مەلۇم دائىردىكى ئىجتىمائىي مۇھىت، سىياسىي تۈزۈلمە ۋە ئەتراپتىكى ئادەملەرنىڭ ئىدىيە كۆز قاراشلىرى شۇ مۇھىت دائىرىسىدە ياشاۋاتقان ئادەمگە قانداق تەسىرلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇرۇنقىلار ئېيتقاندەك، ‹يامانغا يولۇقساڭ يارىسى، قازانغا يولۇقساڭ قارىسى يۇقار› دىگەن تەمسىلدەك ئىلغار ئىدىيىدىكى بىر توپتىن ئايرىلىپ، ئۆزۈن مەزگىل ئىدىيىسى ئانچە تەرەققىي قىلمىغان بىر توپ كىشىلەر ئارىسىدا ياشاپ قالغان كىشىلەردە قانداق**

**روھي ۋە ئىدىيە جەھەتتىن قانداق ئۆزگىرىش بولۇشى مۇمكىن؟ ھەممىزگە ئايان، يۇرتىمىزدا جۇغراپىيىلىك جەھەتتىن ئايرىلغان شىمال ۋە جەنۇپنىڭ سىياسى تۈزۈلمىسىدە، مۇھىتىدا، شۇ يەرلىك كىشىلەرنىڭ ئىدىيە كۆز قاراشلىرىدا نۇرغۇن ئوخشىماسلىقلار بار، شىمال ۋە جەنۇپ كىشىلىرىنىڭ قىممەت قاراش، ئىدىيە جەھەتتە بىرلىككە كېلىشىگە قانداق شارائىت كېرەك؟ يەنە بىرى، دۆلىتىمىزدە پۇقرالارغا پايدىلىق نۇرغۇن سىياسەت تەدبىرلەر، يۆلەش ياردەم قىلىش سىياسەتلىرى يولغا قويۇلۋاتىدۇ. دىققەت قىلسام، تۆۋەن كاپالەتلىك تۇرمۇش پۇلى ئېلىش ئۈچۈن باي بولسۇن نامرات بولسۇن يول ماڭىدىغان ئىشلار كۆپكەن. مەن بۇ ئىشنى پەقەت كاللامدىن ئۆتكۈزەلمىدىم. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بىكارغا بېرىدىغان پۇل بولغاندىكىن ئۇنىڭ بۇنىڭغا يالۋۇرۇپ يول مېڭىپ ئېلىۋالسا ياخشىكەن. ئەمما نۇرغۇن شۇ پۇلغا ئېھتىياجلىق كىشىلەر يەنىلا قىينىلىۋاتاتتى. سىز بۇ خىلدىكى كىشىلەرنىڭ قىممەت قارىشىغا قانداق قارايسىز؟**

**يۇقارقى مەسىلەرنى چۆرىدىگەن ئاساستا، ئىجتىمائىي مۇھىت ۋە ئادەمنىڭ ئادەمگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى ھەققىدە يېڭى بىلىملەردىن بىزنى خەۋەردار قىلسىڭىزكەن دىگەن ئۈمىدىم بار، رەھمەت.»**

«mayin» قېرىندىشىمىزنىڭ ئۈچۈرىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، بىر ئاز ئويلاندىم، ھەمدە ئازراق ئىزدەندىم. مەن مەزكۇر ماقالىدە دوست تاللاشتا بىلىشكە تېگىشلىك مۇھىم ئىشلار ئۈستىدە توختىلىمەن. كېيىنكى بىر ماقالىدە نېمە ئۈچۈن دوست تۇتۇشنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمەن.

بىر ئادەمنىڭ قانچىلىك دوستى بولسا ئەڭ مۇۋاپىق بولىدىغانلىقى ھەر بىر ئادەمگە قاراپ ئوخشىمايدۇ. مېنىڭ ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىم ۋە چەت ئەللەرگە چىققاندىن بۇيان كۆزەتكەنلىرىم ئاساسىدا يەكۈنلەپ چىققان خۇلاسە مۇنداق: ئەقىللىق ئادەملەرنىڭ دوستلىرى ئىككى چەمبىرەكنىڭ ئىچىدە بولىدۇ.

بىرى كىچىك چەمبىرەك بولۇپ، ئۇنىڭدا دىلداش دوستلىرى، بىلىم ۋە قابىلىيەت جەھەتتە ئۆزىنى تولۇقلايدىغان، تاللىغان ھايات يولى ئوخشاش ياكى ئوخشاپ كېتىدىغان كىشىلەر بار بولىدۇ. مەسىلەن، مېنىڭ بىر كىچىك چەمبىرىكىم ئىچىدە ئۆز ئەھۋالىمىز ئۈستىدە قاتتىق باش قاتۇرىدىغان، قاتتىق ئىزدىنىدىغان، ھەمدە ئۆز ئەھۋالىمىزنى ياخشىلاش يولىدا قولىدىن كېلىدىغان ھەممە ئىشلارنى قىلىشقا تىرىشىدىغان ئوت

يۈرەك قېرىنداشلىرىمىز بار. مېنىڭ يەنە بىر كىچىك چەمبىرىكىم ئىچىدە مەن قىلىۋاتقان يېزىقچىلىق ئىشلىرىمغا ئەمەلىي ۋە روھىي جەھەتتىن يېقىندىن ياردەمدە بولۇۋاتقان قېرىنداشلىرىمىز بار. مەن بۇ ئىككى چەمبىرەك ئىچىدىكى كۆپىنچە قېرىنداشلار بىلەن تور ئارقىلىق تونۇشقان. ھەمدە ئۇلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى بىلەن ھازىرغىچە بولغان ئۆمرۈمدە بىرەر قېتىم كۆرۈشۈپ باقمىغان. ئەمما، بىر يەردە كۆرۈشۈپ قالساق، خۇددى كىچىكىمىزدىن تارتىپ بىللە چوڭ بولغان دوستلاردەك بىر دەمدىلا ئىچقويۇن-تاشقويۇن بولۇپ كېتىمىز. ئايالىم بىلەن ئىككىمىز ئامېرىكىدىن باشقا دۆلەتلەرگە ساياھەتكە بارغاندا ئەنە شۇنداق ئۆمرىمىزدە بىرەر قېتىممۇ كۆرۈشۈپ باقمىغان دوستلارنىڭ ئۆيىگە چۈشۈپ، ياكى بولمىسا ئۇلار مەخسۇس بىزنى دەپ تەييارلىغان سورۇنلارغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا ۋە ناھايىتى زور ياردىمىگە ئېرىشتۇق. شۇلارنىڭ بولغىنىدىن بىزنىڭ ساياھىتىمىز تولىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. بۇ خىل ئەھۋال ھازىرمۇ داۋاملىشىۋاتىدۇ.

يەنە بىرى بولسا چوڭ چەمبىرەك بولۇپ، ئۇنىڭدا ھەر خىل ئادەملەر بار بولىدۇ، ھەمدە ئۇلار ئۆزىنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋەت تورىنىڭ ئەزالىرى بولىدۇ. مەسىلەن، مېنىڭ چوڭ چەمبىرىكىم ئىچىدە مەن بىلەن بىر شتاتتا تۇرىدىغان، ۋە بىز بىللە مېھماندارچىلىق قىلىپ ئۆتىدىغان ئۇيغۇر ۋەتەنداشلىرىمىز بار. ئۇلار بىلەن بىز سورۇندا بىللە ئوينايمىز، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىچىدە ماڭا ئوخشاش ماقالە يېزىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، مېنىڭ بىرەر پارچە ماقالەمنى تولۇق ئوقۇپ قويىدىغانلارمۇ ئاساسەن يوقنىڭ ئورنىدا. بىر ئادەمنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىدا بۇ ئىككى خىل گۇرۇپپىدىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى مۇھىم رول ئوينايدىغان بولۇپ، ئۇلار بىر-بىرىنى تولدۇرىدۇ. ئەمما بىر-بىرىنىڭ ئورنىنى ئالالمايدۇ. ئەگەر سىز ئاشۇ ئىككى گۇرۇپپىنىڭ ئىچىدىكى پەقەت بىرى بىلەنلا ئارىلىشىپ، يەنە بىرى بىلەن ئارىلاشمىسىڭىز، سىز چوڭ زىيانلارنى تارتىسىز. ياكى بولمىسا ئۆزىڭىزگە پايدىلىق كۆپ پۇرسەتلەردىن مەھرۇم قالىسىز.

ئامېرىكا مائارىپ سىستېمىسى ياش-ئۆسمۈرلەردە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشنى ئىنتايىن قاتتىق تەكىتلەيدۇ. ئاتا-ئانىلار باللىرىنى باشلانغۇچ يېشىغا توشقاندا، ياكى ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇن شەنبە-يەكشەنبە كۈنلىرى ياكى مەكتەپتىن قويۇپ بەرگەندىن كېيىن ھەر خىل پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان تەنھەرىكەت تۈرلىرىگە قاتناشتۇرىدۇ.

ئامېرىكا مەكتەپلىرىدە تاپشۇرۇق بەك ئاز بولغاچقا، بۇنداق قىلغاندا، بىرى باللارنى يامان ئىشلارغا ئارىلىشىپ قېلىشتىن توسۇپ قالغىلى بولىدۇ. يەنە بىرى ئۇلاردا كىشىلىك مۇناسىۋەتنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش، قانداق قىلىپ كۆپلىگەن كىشىلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش قابىلىيەتلىرىنى يېتىلدۈرىدۇ. ئۈچىنچىسى، بۇنداق قىلىش باللارنىڭ بەدىنىنىڭ ساغلام بولۇشىغىمۇ زور دەرىجىدە پايدىلىق. تۆتىنچىسى، بۇنداق قىلىش باللارنىڭ ئۆزىدىكى تالانتلارنى ۋە ئۆزىنىڭ قىزىقىشىنى بايقىۋېلىشىغا ناھايىتى ئوبدان پۇرسەتلەرنى يارىتىپ بېرىدۇ.

يۇقىرىقىدەك، مەكتەپنىڭ سىرتىدىكى تەنھەرىكەت تۈرلىرىدىن باشقا، ئامېرىكىنىڭ باشلانغۇچ، ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەر خىل كەسپىي گۇرۇپپىلىرى بار. ئۇلار «ئوقۇغۇچىلار كۇلۇبى» (student club) دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، قار تېيىلىش كۇلۇبى، سۇ ئۈزۈش كۇلۇبى، ماشىنا كۇلۇبى، ۋە رادىئو كۇلۇبى دېگەندەك. مەكتەپ بۇ كۇلۇبلارنىڭ تەشكىللىنىشىگە ياردەم قىلىدۇ. بەزىدە يېتەكچى ئوقۇتقۇچىمۇ بېكىتىپ بېرىدۇ. ئەمما ئۇلارنى ماگدۇرۇش ئىشىنى پۈتۈنلەي ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرى قىلىدۇ. بۇنداق ئىشلارنىڭمۇ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان 4 خىل ئەھمىيىتى بار بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا ياش ئۆسمۈرلەر ئۆزى قىزىققان ياكى ئۆزى ياخشى قىلالايدىغان بىرەر ساھەدە كىچىكىدىن باشلاپلا ئۆزىنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش پۇرسىتىگە ئېرىشىپلا قالماي، ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، ھاياتنى ناھايىتى خۇشال ۋە مەنىلىك ئۆتكۈزىدۇ.

ئوغلۇم دىلشات ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقىتتا، مەن بىر قېتىم ئۇنىڭ مەكتىپى ئورۇنلاشتۇرغان ئىشلارغا قاتناشتىم. ھەتتا بىر قېتىم «ئاتا-ئانىلاردىن تەركىب تاپقان مەسلىھەتچى گۇرۇپپىسى» غىمۇ ئەزا بولۇپ بەردىم. شۇ چاغدا مەكتەپ رەھبەرلىرى بىزگە مۇنداق بىر ئىشنى ئېيتتى: ياش-ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن دەرستىن سىرتقى پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش ئۇلارنىڭ دەرسلەردە ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇغىنى بىلەن ئوخشاش دەرىجىدە مۇھىم. ئەگەر بىر ئوقۇغۇچى ھەممە دەرسلەردە ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇپ، دەرسنىڭ سىرتىدىكى ئىشلاردا يوق بولىدىكەن، ئەڭ كۆپ بولغاندا ئۇ ئوقۇغۇچى پەقەت يېرىم ئادەم بولىدۇ. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئۇنىڭدىنمۇ تۆۋەنرەك تۇرىدىغان ئادەم بولۇپ قالىدۇ.

ئەنە شۇنداق بولغاچقا، ئامېرىكىدىكى داڭلىق مەكتەپلەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشتا ئوقۇغۇچىنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئوقۇش نەتىجىسى بىلەن ئۇنىڭ دەرستىن سىرتقى پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش ئەھۋالىغا ئوخشاش

دەرىجىدە قارايدۇ. خېلى كۆپ مەكتەپلەر قوبۇل قىلىنىدىغان ئوقۇغۇچىلارغا مۇنداق شەرت قويىدۇ: ئۆز مەكتىپىگە ئىلتىماس قىلىشتىن بۇرۇن، دوختۇرخانا ياكى ئاممىۋى تەشكىلاتتا ئوخشاش بىر يەردە كەم دېگەندە 60 سائەت پىدائىي بولۇپ ئىشلىگەن بولۇش. بۇ يەردە مەكتەپلەر بىر ئوقۇغۇچىنىڭ بۇرۇن دەرستىن سىرتقى پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش ئەھۋالىنى ئوقۇغۇچىلارنى دەرىجىگە ئايرىشنىڭ بىر خىل شەرتى سۈپىتىدە پايدىلىنىدىغان بولسىمۇ، بۇ ئىشتا كۆزدە تۇتۇۋاتقان ئاساسلىق نەرسە ئوقۇغۇچىلارنى ئۇنىۋېرسال تەرەققىي قىلدۇرۇش، بولۇپمۇ ئۇلارنى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە ناھايىتى قابىلىيەتلىك قىلىپ يېتىلدۈرۈشتىن ئىبارەت.

ئەمدى ئۆز ئەھۋالىمىزغا قاراپ باقىدىغان بولساق، ئۇيغۇرلار كىشىلىك مۇناسىۋەتتە، كىشىلەر بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىدە، ۋە لىدېرلىق (باشلىقلىق) قابىلىيىتىدە بىر قەدەر ئاجىز. ئۆز-ئارا مۇناسىۋەتتە ئۆزىنىڭ مەقسىتىنى ئېنىق ۋە ئىخچام ھالدا ئوتتۇرالماسلىق، ئۆز بىلىمىنى باشقىلارغا ئۈنۈملۈك ھالدا يەتكۈزەلمەسلىك ئەھۋاللىرىمۇ ئېغىر. نۇرغۇن ياشلىرىمىز باشقىلاردىن توغرا سوئالنى سوراش ياكى سوئالنى توغرا سوراش جەھەتتىمۇ ناھايىتى ئاجىز. بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى ئۇيغۇر مائارىپىدا يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئوخشاش بىر سىستېما مەۋجۇت ئەمەسلىكىدۇر.

كىشىلىك مۇناسىۋەتنى ئىلمىي، ئاقىلانە ۋە ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىش ئىقتىدارلىرىنى دەرسخانىدا ئۆگەتكىلى ياكى ئۆگەنگىلى بولمايدۇ. ئۇلارنى چوقۇم ئەمەلىيەت جەريانىدا ئۆگىنىش كېرەك.



1-رەسىم: دوستلار بىللە ئۆتكۈزگەن كۆڭۈللۈك پەيتلەردىن بىر كۆرۈنۈش. ئامېرىكىدا ياشاۋاتقان 5 جۈپ ئەر-ئايال 2014-يىلى 1-ئۆكتەبىر كۈندىن 8-

ئۆكتەبىر كۈنىگىچە ئىتالىيەنىڭ رىم شەھىرىدە بىر چوڭ تىپلىق ساياھەت پاراخوتىغا چۈشۈپ، ياۋروپادىكى 3 دۆلەتنىڭ 10 شەھىرىنى ساياھەت قىلغان. بۇ رەسىم شۇ چاغدا پاراخوتنىڭ ئۈستىدە تارتىلغان.

ستاشىيا پىئېرس (Stacia Pierce) ئامېرىكىدىكى «ئەڭ ئالىي تۇرمۇش ئۇسۇلى شىركىتى» (Ultimate Lifestyle Enterprises) دېگەن شىركەتنىڭ لىدېرى، تۇرمۇش مەسلىھەتچىسى ۋە كەسىپ مۇتەخەسسىسى بولۇپ، ئۇ 2014-يىلى يازغان بىر پارچە ماقالىدە توغرا دوست تاللاشتا بىلىشكە تېگىشلىك 11 خىل مۇھىم ئىشنى ئوتتۇرىغا قويغان. مەن تۆۋەندە ئاشۇ ماقالىنىڭ مەزمۇنىنى بايان قىلىپ ئۆتىمەن. ئەگەر ئۇنىڭغا ئۆز كۆز-قارىشىمنى قوشۇپ قويماقچى بولسام، ئۇنى بىر «ئىلاۋە شەكلىدە» قىستۇرۇپ قويىمەن.

كىشىلىك مۇناسىۋەت بىر لىفىتقا ئوخشايدۇ. ئۇ بەزىدە سىزنى يۇقىرىغا ئۆرلىتىدۇ، ۋە بەزىدە سىزنى پەسكە تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ. باشقىلار بىلەن ئورناتقان ھەر بىر مۇناسىۋەت ئۇزۇن-مۇددەتلىك بولمايدۇ. بەزىدە سىز ئۆزىڭىزنى بىر ۋاقىتى ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتكەن زىيانلىق مۇناسىۋەت ئىچىدىن تاپىسىز. شۇڭلاشقا توغرا مۇناسىۋەتلەرنى تاللاش تولىمۇ مۇھىم. ئۆزىڭىزنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك مۇۋەپپەقىيىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن چوقۇم دوستلارنى توغرا تاللىشىڭىز كېرەك. دوستلارنى توغرا تاللاشتا تۆۋەندىكى ئىشلارنى بىلىشىڭىز كېرەك:

## 1. ئۆزىڭىزدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئادەملەرنى تاللاڭ

ئەگەر سىز تۇرمۇشىڭىز، كەسپىڭىز ۋە شىركىتىڭىزنى يەنە بىر بالداققا يۈكسەلدۈرمەكچى بولىدىكەنسىز، چوقۇم ئۆزىڭىزدىن بىر بالداق ئۈستۈن تۇرىدىغان كىشىلەر بىلەن دوست بولۇشىڭىز كېرەك. شۇ ئارقىلىق سىز نەزىرىڭىزنى تېخىمۇ چوڭ مۇمكىنچىلىكلەرگە تاشلىيالايسىز. سىز ئۆزىڭىز بىلەن ئوخشاش خىلدىكى كىشىلەر بىلەن بىللە بولغاندا، ئۆزىڭىزنى ئەڭ راھەت ھېس قىلىشىڭىز بىر تەبىئىي ئەھۋال بولۇپ، ئاشۇنداق قىلىسىڭىز بولۇۋېرىدۇ. ئەمما، سىز بەزىدە ئۆزىڭىزنىڭ راھەت رايونىنىڭ سىرتىغا چىقىپ، سىزنى تېخىمۇ چوڭ ئىشلار، يېڭى ئۇچۇرلار ۋە تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيىلىك تۇرمۇش ئىچىگە ئېلىپ كېرەلەيدىغان كىشىلەر بىلەنمۇ دوست

بولۇشىڭىز كېرەك. ئەگەر سىز ئاشۇنداق دوستلارنىمۇ قەدىرلەيدىكەنسىز، سىز تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە چىقالايسىز.

## 2. دوستنى قىممەت قارىشى ئۆزىڭىزنىڭكى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدىغان كىشىلەردىن تاللاڭ

رەڭگارەڭ كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىشنىڭ كۆپ جەھەتتىن پايدىسى بار بولسىمۇ، قىممەت قارىشى ۋە ئەقىدە مەسىلىسىگە كەلگەندە، ئۆزىڭىزنىڭ ئەڭ يېقىن دوستلىرىنى دىلداش كىشىلەردىن تاللىسىڭىز ئەڭ ياخشى بولىدۇ. سىز باشقىلارنىڭ پىكىرلىرىگە ۋە باشقىلارنىڭ سىز بىلەن پەرقلىنىدىغان تەرەپلىرىگە ھۆرمەت قىلالايدىغان بولغان تەقدىردىمۇ، ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنىڭكى بىلەن ئوخشاش قىممەت قارىشىغا ئىگە كىشىلەرنى دوست تۇتسىڭىز، سىز بەزى ئىشلاردا مۇرەسسە قىلىشقا مەجبۇرى بولمايسىز، ھەمدە باشقىلارنىڭ يامان تەسىرىگە ئۇچرىمايسىز. دوستلارنىڭ قىممەت قاراشلىرى ئوخشاش بولغاندا، ئۇلار ئۆز-ئارا ياردەملىشىدۇ ۋە بىر-بىرىنى نازارەت قىلىدۇ.

## 3. ئورتاق نىشانى بار كىشىلەرنى دوست تۇتۇڭ

بۇنداق ئادەملەرنى «ئۆزىنىڭ ھاياتىي مەقسىتىنىڭ شېرىكلىرى» دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ. سىزنىڭ ئۆزىڭىزنىڭ نىشانلىرى بىلەن ئوخشاش نىشانلىرى بار دوستلىرىڭىز بار بولىدىكەن، سىلەر ئالغا ئىلگىرىلەشتە بىر-بىرىڭلارغا تۈرتكە بولالايسىلەر. سىلەر ئورتاق نىشانىڭلار ئۈچۈن بىرلىكتە كۈرەش قىلىپ، ئاشۇ نىشانلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا بىر-بىرىڭلارغا مەدەت بېرەلەيسىلەر.

## 4. قابىلىيەت جەھەتتە سىزدىكى بوشلۇقنى تولدۇرالايدىغان كىشىلەرنى دوست تۇتۇڭ

ھەممە ئادەمنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى ۋە ئاجىزلىقلىرى بار بولىدۇ. سىز ئۆزىڭىزدىكى ئاجىزلىقلارنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىسىز. دوستلارنى توغرا تاللاش ئارقىلىق، سىزدە يوق، ئەمما دوستلاردا بار تالانت، ماھارەت ۋە قابىلىيەتلەردىن پايدىلىنالايسىز. دوستلار بىر-بىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىدىن پايدىلانسا، ھەممە تەرەپ تەڭ پايدا ئالىدۇ.

### 5. سىزنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە تىرىشچان قىلىدىغان، سىزگە تۈرتكە بولىدىغان، ۋە سىزگە مەدەت بېرىدىغان كىشىلەرنى دوست تۇتۇڭ

ھېچ كىم سەلبىي پوزىتسىيەلىك ياكى داۋاملىق چۈشكۈن يۈرىدىغان بىر ئادەم بىلەن دوست بولۇشنى خالىمايدۇ. بىز ئادەتتە ئىجابىي پوزىتسىيەلىك ۋە داۋاملىق بىزنىڭ روھىمىزنى جانلاندۇرۇپ قويىدىغان كىشىلەر بىلەن بىللە يۈرۈشنى خالايمىز. سىزنىڭ دوستىڭىز قايسى كاتېگورىيەگە كىرىدۇ؟ سىزنىڭ ئۇلار بىلەن بولغان پاراڭلىرىڭىز قانداق پاراڭلار؟ سىزنىڭ ئەڭ ياخشى دوستىڭىز سىزنىڭ گېپىڭىزگە قۇلاق سالىدىغان، ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا سىزگە ئىجابىي جەھەتتىن يار-يۆلەكتە بولالايدىغان كىشىلەردىن بولۇشى كېرەك.

### 6. قىزىقىشلىرى سىزنىڭكى بىلەن ئوخشاش كىشىلەر بىلەن دوست بولۇڭ

قىزىقىشلىرى سىزنىڭكى بىلەن ئوخشاش دوستلىرىڭىز سىزنىڭ تۇرمۇشىڭىزنى تېخىمۇ ھۇزۇرلۇق قىلىدۇ ۋە بېيىتىدۇ. سىز ئۇنداق دوستلىرىڭىز بىلەن سىرتقا چىقىپ، ھەر خىل پائالىيەتلەرنى بىللە قىلالايسىز.

### 7. بىلىمگە قاتتىق تەشنالىقى بار كىشىلەر بىلەن دوست بولۇڭ

ھايات دېگەن ئۆگىنىش، ئۆسۈش ۋە يۈكسىلىش جەريانىدىن ئىبارەت. بىلىمگە قاتتىق تەشنالىقى بار كىشىلەر بىلەن دوست بولسىڭىز، سىز ئۇلاردىن بىلىم ئالالايسىز. ئۇلارمۇ سىزدىن بىلىم ئالالايدۇ. سىزگە بىرەر ياخشى كىتابنى تەۋسىيە قىلالايدىغان، ياكى سىزگە ئۆزىڭىزنىڭ يۇقىرى بالداقتا ئۆرلىشى ئۈچۈن پايدىلىق بولغان ئۇچۇرلارنى بېرەلەيدىغان كىشىلەر بىلەن دوست بولۇش تولىمۇ مۇھىم. كىتابنى كۆپ ئوقۇيدىغان دوستلار پاراڭلىشىشقىمۇ ناھايىتى ئۇستا كېلىدىغان بولۇپ، ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىشنىڭ ئۆزىمۇ بىر خىل ناھايىتى ھۇزۇرلىنارلىق ئىش.

### 8. كۆرەش نىشانىڭىزغا شېرىك بولالايدىغان كىشىلەرنى دوست تۇتۇڭ

نىشانلىرى ۋە غايىلىرى سىزنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولغان، سىزنى ئۆز نىشانلىرىڭىز ۋە غايىلىرىڭىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرىدىغان كىشىلەرنى «كۆرەش نىشانلىرىڭىزغا شېرىك بولالايدىغان كىشىلەر»

دەيمىز. سىز ئاشۇنداق كىشىلەرگە ئۆز مەقسىتىڭىزنى ئېيتسىڭىز، ئۇلار سىزنىڭ نىشانىڭىزدىن چەتنەپ كەتمەي، توختاۋسىز ئىرىشىشىڭىزغا ياردەم قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ سىزنىڭ قانداقراق قىلىپ كېتۋاتقانلىقىڭىزنى تەكشۈرۈپ تۇرۇشىغا، ۋە سىزدىن ئالغا بېسىش ئەھۋالىڭىزنى سوراپ تۇرۇشىغا يول قويۇڭ. سىزمۇ ئۇلارغا شۇنداق قىلىڭ.

## 9. سىزنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىڭىزنى تەبرىكلەيدىغان كىشىلەر بىلەن دوست بولۇڭ

سىزنىڭ دوستلىرىڭىز يالغۇز سىزنىڭ ئىشلىرىڭىزنى ئۈچىگە سىغدۇرالايدىغان بولۇپلا قالماي، سىزنىڭ نەتىجىلىرىڭىزنى تەبرىكلەيدىغانمۇ بولسۇن. سىزنىڭ ھەقىقىي دوستىڭىز سىز ئۆز سەپىرىڭىزنىڭ ھەر بىر پەللىسىنى تاماملىغاندا، ۋە ھەر قېتىم بىرەر نەتىجە ۋە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەندە سىزنى تەبرىكلەيدۇ. ئۇلار سىزنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىڭىز ئۈچۈن چىن كۆڭلىدىن خۇشال بولىدۇ، ھەمدە باشقا ھەممە كىشىلەردىن بۇرۇن سىزگە «مۇبارەك بولسۇن!» دەيدۇ. بۇنداق دوستلارنى تاپماق تەس، شۇڭلاشقا ئاشۇنداق كىشىلەرنى تاپقاندا ئۇلارنى ئۆزىڭىزگە يېقىن تۇتۇڭ.

## 10. ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدىغان كىشىلەر بىلەن دوست بولۇڭ

ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدىغان كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ نىشانلىرىغا ۋە مۇۋەپپەقىيەتكە ئىنتايىن ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىدۇ. ئۇلار ھاياتقا بوشاڭلىق بىلەن مۇئامىلە قىلمايدۇ، ھەمدە تايىنى يوق ئىشلار ئۈچۈن ۋاقىت ئىسراپ قىلمايدۇ. ئۇلار دەرھال ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئۆتىدۇ ۋە ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ. ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنى ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدىغان ئادەملەرنىڭ بىرى، دەپ ھېسابلايدىكەنسىز، ئۇ ھالدا ئۆزىڭىزگە ئوخشاش كىشىلەردىن دوست تاللاڭ.

## 11. باشقىلاردىن ئالغاننى ئۇلارغا ياندۇرۇڭ. ھەر بىر دوستلۇق «ئېلىپ بەر» مۇناسىۋىتى ئۈستىگە قۇرۇلغان

ئەگەر سىز دوستلىرىڭىزنىڭ ناھايىتى ئېسىل كىشىلەردىن بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدىكەنسىز، ئالدى بىلەن ئۆزىڭىز بىر ئېسىل ئادەم بولۇڭ. ئەگەر

سىز «ئالتۇن قائىدە» بويىچە ياشىسىڭىز، يەنى سىز باشقىلاردىن ئۆزىڭىزگە قانداق مۇئامىلە قىلىشنى كۈتكەن بولسىڭىز سىزمۇ باشقىلارغا شۇنداق مۇئامىلە قىلسىڭىز، سىز ھەرگىزمۇ ئۈمىدسىزلىنىپ قالمايسىز. ئۇ چاغدا سىزنىڭ يېقىنلىرىڭىز بىلەن بولغان دوستلۇقىڭىز ناھايىتى نەتىجىلىك ۋە پايدىلىق بولىدۇ.

يۇقىرىدىكى مەزمۇنلارنى ئوقۇغاندىن كېيىن، سىز يېقىنلىرىڭىز بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭىزنى بىر قېتىم باھالاپ بېقىڭ. سىزنىڭ دوستلىرىڭىز يۇقىرىدىكى ئۆلچەملەرگە توشامدىكەن؟ سىزنىڭ دوستلىرىڭىزنىڭ ئىچىدە سىزنىڭ كۆرەش نىشانىڭىزغا شېرىك بولالايدىغان كىشىلەرمۇ بارمىكەن؟ ئەگەر بار بولسا، ئۇ ناھايىتى ياخشى بولغىنى. ئەگەر يوق بولسا، سىز دوستلىرىڭىزنى قايتىدىن تاللايدىغان ۋاقىت يېتىپ كېلىپتۇ. سىز يۇقىرىدىكى ئۇچۇرلاردىن پايدىلىنىپ يېقىنلىرىڭىز بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەرنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرەلەيسىز، ھەمدە ئۇزۇن-مۇددەتلىك مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلەيسىز.

ستاشىيا پىئېرسىنىڭ ماقالىسىنىڭ مەزمۇنى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى. كېيىنكى ماقالىدە مەن يېقىنقى زامان ئىلمىي تەتقىقاتلىرىنىڭ دوست تۇتۇشنىڭ ئەھمىيىتىگە ئائىت يەكۈنلىرىنى بايان قىلىپ ئۆتىمەن.

## پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:


[1] Eleven Secrets to Choosing the Right Friends
http://www.huffingtonpost.com/stacia-pierce/11-secrets-to-choosing-th_b_6038658.html

# بىز نېمىشقا دوستلارغا موھتاج؟

2015 - يىلى 11 - ئاينىڭ 13 - كۈنى

مەن بۈرۈنقى بىر پارچە ماقالىدە دوست تالالاشتا بىلىشكە تېگىشلىك مۇھىم ئىشلارنى بايان قىلدىم. مەزكۇر ماقالىدە ئادەمنىڭ دوستى بولۇشنىڭ نېمە ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىملىقى ئۈستىدە توختىلىمەن.

جەمئىيەتشۇناس ۋە پەيلاسوپلارنىڭ دېيىشىچە، ئىنسانلار ماھىيەت جەھەتتىن بىر خىل ئىجتىمائىي جانلىقلار بولۇپ، ئۇلار توپلىشىپ ياشايدىغان قىلىپ يارىتىلغان. بەزىلەرنىڭ قارىشىچە ئەرەبچە «ئىنسان» دېگەن سۆز «ھەمراھقا موھتاج» دېگەن يەنە بىر سۆزدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئادەملەرنىڭ «ئىنسان» دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەب، ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئايرىم ياشىيالمايدىغانلىقىدىن كېلىپ چىققان. ئىنسانلار ئۆز-ئارا مۇناسىۋەت قىلىشقا، ۋە بىر-بىرىگە ھەمراھ بولۇشقا موھتاج. ئەگەر بىر ئادەم جەمئىيەتتىكى باشقا ھېچ قانداق ئادەملەر بىلەن ئالاقىلەشمەي، پۈتۈنلەي ئۆز ئالدىغا ئايرىم ياشىماقچى بولىدىكەن، ئۇ ئادەمنىڭ روھى چوقۇم تۇراقلىق بولمايدۇ. ئۇ چوقۇم ھازىرقى زامان مەدەنىيىتى ۋە جەمئىيەت ئىچىدە ياشاشقا ماس كەلمەيدۇ. ئەتراپىمىزغا قاراپ باقىدىغان بولساق، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنىڭ ھەر خىل بالداقلىرى بارلىقىنى بايقايمىز. بەزى مۇناسىۋەتلەر بىزنىڭ كونتروللۇقىمىز ئاستىدا ئەمەس. مەسىلەن، بىز قايسى ئائىلىدە تۇغۇلۇشنى ئۆزىمىز تاللىيالمايمىز. ئاتا-ئانىمىزنى ئۆزىمىز تاللىيالمايمىز. ئاكا-ئىنى ۋە ھەدە-سىڭىللىرىمىزنى ئۆزىمىز تاللىيالمايمىز. ئەمما، باشقا بىر قىسىم مۇناسىۋەتلەر بىزنىڭ كونتروللۇقىمىز ئاستىدا بولىدۇ. مەسىلەن، توي قىلىدىغان قىز ياكى يىگىتنى بىز ئۆزىمىز تاللىيالايمىز. بىر قىسىم سەپداشلىرىمىزنى جەمئىيەت بىزگە ئاتا قىلغان بولىدۇ. مەسىلەن، بىز خىزمەتداشلىرىمىزنى ئۆزىمىز تاللىمايمىز، ھەمدە ئۇلار بىلەن ئىناق ئۆتۈشكە، ۋە ئۇلار بىلەن بىللە ئىشلەشكە مەجبۇرى بولىمىز. بىزنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىمىز ئىچىدىكى بىر مۇھىم كاتېگورىيە بىزنىڭ دوستلىرىمىزدىن ئىبارەت. بىز

دوستلىرىمىزنى ئۆزىمىز تاللايمىز. بىز خىزمەتداشلىرىمىزنى ئۆزىمىز تاللىمايمىز. سەپەردە بىر ئاپتوبۇسقا چۈشىدىغان كىشىلەرنى بىز ئۆزىمىز تاللىمايمىز. ئەمما بىز كىملەر بىلەن دوست بولۇشنى ئۆزىمىز بېكىتىمىز. بىزنىڭ مۇقەددەس كىتابىمىزدا بىز «دوستلار» دەپ ئاتايدىغان ئاشۇ بىر گۇرۇپپا كىشىلەرنى مۇۋاپىق تاللاش توغرىسىدا مۇھىم بايانلار بار بولۇپ، بىز ئۆزىمىزگە دوست بولىدىغان كىشىلەرنى ئوبدان ئانالىز قىلىپ، مۇۋاپىق كىشىلەر بىلەن دوست بولۇش بىزنىڭ دىنىمىزنىڭ بىر قىسمى.

يۇقىرىدىكىسى دوكتور ياسىر قازىنىڭ سۆزلىرى بولۇپ [1]، بۇ مەزمۇننىڭ داۋامىنى مەن بىزنىڭ دىنىي زىيالىيلىرىمىزغا قالدۇرۇشنى مۇۋاپىق كۆردۈم. تۆۋەندە مەن ئالدى بىلەن نېمە ئۈچۈن دوست تاللاشتا ئېھتىياتچان بولۇش كېرەكلىكىنىڭ ئىلمىي ئاساسلىرىنى بايان قىلىمەن. ئاندىن ئادەملەرنىڭ دوستلىرى بولۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى ھەققىدە توختىلىمەن.



1 ـ رەسىم: لوس ئانژېلىستىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قېتىملىق «دالا ئولتۇرۇشى» (picnic) نىڭ خاتىرە رەسىمى. 2015 ـ يىلى 17 ـ ئۆكتەبىر تارتىلغان.

## 1. دوستلارنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن تاللاش لازىملىقىنىڭ بەش تۈرلۈك ئىلمىي ئاساسلىرى

بۇ بۆلۈمدىكى مەزمۇننى مېنىڭ ئالدىنقى قېتىملىق «دوست تاللاشتا بىلىشكە تېگىشلىك مۇھىم ئىشلار» دېگەن ماقالەمنىڭ داۋامى، دەپ چۈشەنسىڭىز بولىدۇ.

دۇنياغا داڭلىق كارخانىچىلار ژۇرنىلى «فوربېس» (Forbes) نىڭ ماقالە ئاپتورى، پسىخولوگىيە دوختۇرى، ۋە «روھىيىتى كۈچلۈك كىشىلەر قىلمايدىغان 13 ئىش» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى ئەيمى مورىن (Amy Morin) 2014-يىلى دوست تاللاش ھەققىدىكى ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرىنى خۇلاسىلەپ بىر پارچە ماقالە يازغان بولۇپ، تۆۋەندە مەن ئاشۇ ماقالىنىڭ مەزمۇنلىرىنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمەن [2].

يېقىنقى يىگى بايقاشلارنىڭ كۆرسىتىشىچە، بىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە سادىق دوستلىرىنىڭ بار بولۇشى ئۇنىڭ شەخسىي ۋە كەسپىي تۇرمۇشىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. سىز بىر چوڭ ئادەم بولۇپ بولغان تەقدىردىمۇ، سىزنىڭ دوستلىرىڭىز سىزنىڭ قانداق كەيپىياتتا بولۇش، قانداق تەپەككۇر قىلىش، ۋە ئىش-ھەرىكەتتە قانداق بولۇشىڭىزغا زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ. تۆۋەندىكىسى سىزنىڭ بىر قىسىم كىشىلەر بىلەن ساغلام دوستلۇق مۇناسىۋىتى ساقلىشىڭىز كېرەكلىكىنىڭ بەش تۈرلۈك سەۋەبى:

(1) كۈچلۈك ئىرادىلىك دوستلىرىڭىز سىزنىڭ ئۆز-ئۆزىڭىزنى كونترول قىلىش ئىقتىدارىڭىزنى ئۆستۈرىدۇ. ئەگەر سىز ھەر خىل نەرسىلەرنىڭ قىزىقتۇرۇشىغا تاقابىل تۇرۇشتا قىينىلىۋاتقان بولسىڭىز، سىزنىڭ ئۆز-ئۆزىنى كونترول قىلىشقا ناھايىتى ماھىر دوستلىرىڭىز سىزگە ياردەم قىلالايدۇ. ئامېرىكىدا چىقىدىغان «پسىخولوگىيە ئىلمى» ژۇرنىلىنىڭ 2013-يىلىدىكى بىر سانىغا بېسىلغان ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىسىنىڭ كۆرسىتىشىچە، ئۆز-ئۆزىنى كونترول قىلىشتا ئاجىز كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىرادىسىنى چىڭىتىشتا ئۆز-ئۆزىنى كونترول قىلىشقا ماھىر كېلىدىغان كىشىلەردىن ياردەم سورايدۇ. ئۆز-ئۆزىنى كونترول قىلىش ئۇزۇن-مۇددەتلىك نىشانلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان بولغاچقا، بۇ جەھەتتە كۈچلۈك ئىرادىگە ئىگە كىشىلەر بىلەن دوست بولۇش مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتا ھالقىلىق رول ئوينايدۇ. ئۆز-ئۆزىنى كونترول قىلىشقا ماھىر كەلگەن بىر دوستىڭىز سىزنىڭ ھۇرۇنلۇق ئۈستىدىن غالىپ كېلىپ، بىر قىسىم ساغلام ئادەتلەرنى ساقلىشىڭىزغا تۈرتكە بولالايدۇ.

(2) دوستىڭىز ئاز بولسا، سىز ئىقتىساد جەھەتتە بەكرەك تەۋەككۈلچىلىك قىلىسىز. ئامېرىكىدا چىقىدىغان «خېرىدارلار تەتقىقاتى ژۇرنىلى» نىڭ 2013-يىلىدىكى بىر پارچە ئىلمىي ماقالىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، باشقىلار بىلەن ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنى ئاز قىلىدىغان

كىشىلەر پۇل خەجلەش ياكى مەبلەغ سېلىش ئىشلىرىدا بەكرەك تەۋەككۈلچىلىك قىلىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال يالغۇزلۇق ھېس قىلىدىغان ۋە باشقىلار تەرىپىدىن رەت قىلىنغانلىق تۇيغۇسىغا پېتىپ قالغان كىشىلەردە تېخىمۇ ئېغىر بولىدۇ. سىزدە باشقا بىرەيلەن بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۆزگەندە، ئائىلىڭىزدىكىلەر بىلەن كۆڭۈلسىزلىككە ئۇچرىغاندا، ياكى بىرەر سودىدا مەغلۇپ بولغاندا پەيدا بولىدىغان ھېسسىياتلار سىزنىڭ پۇل خەجلەش ئادىتىڭىزگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. سىزدىكى راھەتسىز كەيپىياتلار سىزدىكى نورمال ئەھۋال بىلەن سېلىشتۇرغاندا بەكرەك پىلانسىز ئىش قىلىش ئېھتىماللىقىنى ئۆستۈرىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال سىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىقتىسادىي ئىشلاردا ئاقىلانە قارار ئېلىشىڭىزغا توسقۇنلۇق قىلىشى مۇمكىن.

(3) ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا سىزنىڭ دوستىڭىز قانچە كۆپ بولسا، سىز ئۇچرايدىغان بېسىممۇ شۇنچە كۆپ بولىدۇ. غەربتىكى بىر ئالىي مەكتەپنىڭ تەكشۈرۈش دوكلاتىدا كۆرسىتىلىشىچە، بىر ئادەمنىڭ فېيسبۇك (Facebook) تىكى دوستى قانچە كۆپ بولسا، ئۇ ئۇچرايدىغان بېسىممۇ شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ. تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ كۆرسىتىشىچە، بىر ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردىكى دوستى قانچە كۆپ بولسا، ئۇ ئادەم باشقىلارنى رەنجىتىپ قويۇشتىن شۇنچە بەك ئەنسىرەيدۇ. شۇڭلاشقا فېيسبۇكتەك نەرسىلەرگە يېڭى دوستلارنى قوشۇشتىن بۇرۇن يۇقىرىدىكى ئەھۋاللار ئۈستىدىمۇ ئازراق ئويلىنىپ قويۇڭ.

(4) يېقىن دوستلىرى بار بولۇش ئۇزۇنراق ياشاشقا پايدىلىق. ئاۋسترالىيەدىكى بىر ئالىي مەكتەپتە ئېلىپ بېرىلغان ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ كۆرسىتىشىچە، ياشقا چوڭ كىشىلەرنىڭ يېقىن دوستلىرى كۆپ بولۇشى، ئۇلارنىڭ ئۇزۇنراق ئۆمۈر كۆرۈشىگە پايدىلىق. تەتقىقاتچىلار 1500 نەپەر ياشانغانلار ئۈستىدە 10 يىل ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، دوستى كۆپ كىشىلەرنىڭ دوستى ئاز كىشىلەردىن ئۇزۇنراق ئۆمۈر كۆرۈش نىسبىتى 22 پىرسەنت بولغانلىقىنى خۇلاسىلەپ چىققان. باشقا تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ كۆرسىتىشىچە، راك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغان كىشىلەر ئۆز-ئارا ياردەملىشىش گۇرۇپپىلىرىغا قاتنىشىپ، ئۇزۇنراق ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان. كىشىلەرنىڭ يېقىن دوستلىرى ئۇلاردىكى چۈشكۈنلۈك دەرىجىسىنى تۆۋەنلىتىپ، ئۇلارنىڭ بەدىنىنىڭ كېسەلگە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارىنىمۇ ئۆستۈرىدۇ. دېمەك، دوستلار بەزىدە كىشىگە ئارتۇقچە

ئاۋارىچىلىكلەرنى تۇغدۇرۇپ بېرىدىغان بولسىمۇ، سىزنىڭ يېقىن دوستلىرىڭىزنىڭ بار بولۇشى سىزنىڭ سالامەتلىكىڭىز ئۈچۈن ناھايىتىمۇ پايدىلىق.

(5) دوستلار سىزنىڭ تاللىشىڭىزغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ. «خېرىدارلار تەتقىقاتى ژۇرنىلى» دا 2014-يىلى ئېلان قىلىنغان بىر ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىسىنىڭ كۆرسىتىشىچە، دوستلار بىر-بىرىگە روھىي جەھەتتىن ياردەم قىلىپ، ھەر خىل نەرسىلەرنىڭ قىزىقتۇرۇشىغا تاقابىل تۇرىدۇ، ھەمدە شۇ ئاساستا بىر-بىرى بىلەن بولغان دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ. ئەمما، دوستلار بەزىدە تاتلىق نەرسىلەرنى يېيىشتەك ئەسكى ئىشلاردىمۇ بىر-بىرىگە تۈرتكە بولۇپ قالىدىغان ئىشلارمۇ بار. دوستلار سىزدىن مۇكەممەللىك تەلەپ قىلماي تۇرۇپ، ئۆز ئىشلىرىڭىزنى ئەڭ ياخشى قىلىشقا تۈرتكە بولالايدۇ. ئۇلار سىزنىڭ تۇرمۇشتا بەك جىددىيلىشىپ كەتمەسلىكىڭىزنى ئەسكەرتىپ تۇرىدۇ، ھەمدە سىز ئۈمىدسىزلىككە دۇچ كەلگەن ۋاقىتلاردا سىزنى ياخشى تەرەپكە رىغبەتلەندۈرۈپ تۇرىدۇ.

سىزنىڭ ھاياتىڭىزدا دوستلار كېلىپ-كېتىپ تۇرىدۇ. سىز خىزمەت ئالماشتۇرىسىز، يېڭى جايغا كۆچۈپ بارىسىز، ھەمدە دادا ياكى ئاپا بولىسىز. تۇرمۇش ۋە ئالدىراش خىزمەتنىڭ ئېھتىياجلىرى بەزىدە دوستلىرىڭىزنى ئەڭ مۇھىم ئەمەس ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويۇشىمۇ مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ دوستلىرىڭىزنىڭ سىزنىڭ تۇرمۇشىڭىزدا ئوينايدىغان رولىنى ئۈستىدە قايتا ئويلىنىپ بېقىڭ. ئۇلارنى بەك تاشلىۋەتمەڭ. ئۇنىڭ سەۋەبى، دوستلار يالغۇز سىزنىڭ ھاياتىڭىزنىڭ سۈپىتىگە تەسىر كۆرسىتىپلا قالماي، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقىغىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ.

## 2. بىزنى دوستلارغا ئېھتىياجلىق قىلىدىغان 15 سەۋەب

دوكتور سۇزەن كروس (Susan Krauss) ئامېرىكىدىكى «University of Massachusetts Amherst» دېگەن ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ پسىخولوگىيە ۋە مېڭە ئىلمى پروفېسسورى بولۇپ، ئۇ ھازىرغىچە خەلقئارالىق ئىلمىي تەتقىقات ژۇرناللىرى ۋە كىتابلاردا 160 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغان، ھەمدە 16 پارچە كىتاب يازغان [3]. ئۇنىڭ بىر قىسىم كىتابلىرى كۆپ قېتىم نەشر قىلىنىپ، باشقا تىللارغىمۇ تەرجىمە قىلىنغان. ئۇنىڭ «بۈگۈنكى پسىخولوگىيە» دېگەن تور بېتىدە «ھەر قانداق ياشتا

نەتىجە يارىتىش» دېگەن بىر بلوگى بار بولۇپ، ئۇ ئاشۇ بلوگدا 2013-يىلى 26-مارتتا «بىزنىڭ دوستلارغا موھتاج بولۇشىمىزدىكى 15 سەۋەب» دېگەن تېمىدا بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلغان [4]. مەن تۆۋەندە ئاشۇ ماقالىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى بايان قىلىمەن.

پسىخولوگىيە ئىلمىدە ئەڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان، ئەمما چۈشىنىلىشى ئەڭ تېيىز بولغان ساھەلەرنىڭ بىرى دوستلارنىڭ بىزنىڭ ھاياتىمىزدىكى رولىدىن ئىبارەت. ھازىرغىچە ئېلىپ بېرىلغان دوستلۇق ھەققىدىكى تەتقىقاتلار ئاساسەن كىچىك باللار ۋە ئۆسمۈرلەرنى كۆزدە تۇتۇپ كەلدى. تەلىيىمىزگە يارىشا، ئاپتور كارلىن فلورا (Carlin Flora) نىڭ «دوستلارنىڭ تەسىرى» (Friendfluence) دېگەن يېڭى كىتابى يۇقىرىدىكىدەك بوشلۇقنى تولدۇردى. ئۇ ئۆز كىتابىدا دوستلۇق ھەققىدىكى كەڭ دائىرىلىك ئاكادېمىيىلىك ئىلمىي ماقالىلەردىكى مەزمۇنلارنى بىر يەرگە توپلاپ، ئۇنىڭغا ئۆز بىلىملىرىنى قوشۇپ، بىر قىسىم كىشىلەر بىلەن مەخسۇس سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، دوستلۇقنىڭ ھەممە ساھەلىرى ئۈستىدە مۇكەممەل تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

دوستلۇق ھاياتىنىڭ ئەڭ مۇھىم، ئەمما ئەڭ تېيىز چۈشىنىلگەن تەرەپلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئەگەر سىز ئۇنىڭدىن گۇمان قىلىدىكەنسىز، فلورانىڭ كىتابى سىزنى قايىل قىلىدۇ. خۇشاللىق ياكى بەخت مەسىلىسىگە كەلگەندە، سىزنىڭ دوستلىرىڭىز ھالقىلىق رول ئوينايدۇ.

مەن «دوستلارنىڭ تەسىرى» دىكى ئەڭ مۇھىم بىلىملەرنى سۈزۈپ چىقىشقا ئۇرۇنۇپ باقتىم. ئەگەر سىز «دوستلارنىڭ تەسىرى» ھەققىدە تولۇق بىلىمگە ئىگە بولۇشنى ئىستىسىڭىز، مەن سىزگە ئاشۇ كىتابنى تولۇق ئوقۇپ چىقىشنى تەۋسىيە قىلىمەن. بۇ يەردە مەن پەقەت دوستلارنىڭ مۇھىملىقىنىڭ 15 سەۋەبىنى قىسقىچە چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمەن.

(1) دوستلىرىڭىز سىزگە ئۆزىڭىز ئويلىغاندىن جىق كۆپ جەھەتلەردە تەسىر كۆرسىتىدۇ. فلورا «دوستلارنىڭ تەسىرى» نى مۇنداق ئىزاھلىغان: «ئۇ ناھايىتى كۈچلۈك، ھەمدە كۆپىنچە ۋاقىتلاردا قەدىرلەنمىگەن، بۇرۇنقى ۋە ھازىرقى دوستلار ئوينايدىغان رول بولۇپ، ئاشۇ رول بىزنىڭ ئۆزىمىز ھەققىدىكى چۈشەنچىمىزنى ۋە ھاياتىمىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى يۆنىلىشىنى بەلگىلەيدۇ.» مەيلى سىز ھېس قىلىڭ ياكى ھېس قىلماڭ، دوستلىرىڭىز سىزنىڭ ھازىرقى كىملىكىڭىزنى شەكىللەندۈرگەن بولىدۇ.

سىز ھەتتا بۇرۇن سىز بىلەن دوست بولۇپ، كېيىن دوستلۇقۇڭلار ئۈزۈلۈپ قالغان كىشىلەرنىڭمۇ مەھسۇلاتى بولىسىز.

(2) دوستلار سىزگە كەم بولسا بولمايدىغان ھايات ئىقتىدارلىرىنى ئاتا قىلالايدۇ. دوستلار سىزگە ئۆز ھاياتىڭىزدا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان قابىلىيەتلەرنى ئاتا قىلىدۇ. دوستلۇقنىڭ كۆپلىگەن قوشۇمچە پايدىسى بار بولۇپ، ئۇلار سىزنىڭ زېھنىڭىزنى ئېچىش، سىزنى تېخىمۇ بەختلىك قىلىش، ئۆزىڭىزنى ياخشىراق چۈشىنىش، نىشانلىرىڭىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا مەدەتكە ئېرىشىش، كەسپىڭىزدە يۇقىرى پەللىلەرگە چىقىش، ئۆزىڭىز ئۈچۈن بىر رومانتىك جۈپ تېپىش، ھەمدە ئۇزۇنراق ۋە ساغلامراق ياشاش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(3) بالىلىق دەۋرىڭىزدىكى دوستلىرىڭىز سىزنىڭ ئۆگىنىش جەريانىنى باشلىشىڭىزغا تۈرتكە بولىدۇ. سىزدىكى ھالقىلىق تەرەققىياتلار سىز كىچىك ۋاقتىڭىزدىلا يۈز بېرىشكە باشلايدىغان بولغاچقا، ئاشۇ دەۋردىكى دوستلىرىڭىز سىزنىڭ تەرەققىياتىڭىزدا كەم بولسا بولمايدىغان رولنى ئوينايدۇ. دوستلار بىزگە ھاياتنىڭ مۇھىم قابىلىيەتلىرىنى ئۆگىتىپ، بىزنىڭ ھايات ھېكايىمىزنىڭ قانداق بولۇشىنى بەلگىلەيدۇ. فلورا ئاتا-ئانا ۋە ئوقۇتقۇچىلارغا مۇنداق ئىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ: بالىلارغا ئالدىن بەلگىلەنگەن ئىشلارغا زورلانماي، ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىنى بەرپا قىلىدىغان ئەركىن ۋاقىتلار بېرىلىشى كېرەك.

(4) ياشلارنىڭ دوستلۇقى ئۇلارنىڭ كېيىنكى رومانتىك مۇناسىۋىتىنىڭ قانداق بولۇشىنى بەلگىلەيدۇ. گەرچە ئاتا-ئانىلار كۆپ ۋاقىتنى ئۆزلىرىنىڭ ئون نەچچە ياشلىق بالىلىرىنىڭ كىملەر بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتتۈۋاتقانلىقى ئۈستىدە ئەنسىرەش بىلەن ئۆتكۈزىدىغان بولسىمۇ، ياشلاردىكى ئاشۇنداق مۇناسىۋەت ئۇلار ئۈچۈن بىر چېنىقىش مەيدانى بولۇپ، ئۇلار چوڭ بولغاندا ئۆزلىرىنىڭ رومانتىك مۇناسىۋىتىنىڭ قانداق تەرەققىي قىلىشىنى بەلگىلەيدۇ. شۇڭلاشقا ئاتا-ئانىلار بالىسىنىڭ باشقىلار بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتۈشىگە قارشى تۇرۇش بىلەن ئاۋارە بولۇشىنىڭ ئورنىغا، بالىسىنىڭ دوستلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ئۆيىگە پات-پات چاقىرىپ ئەكېلىپ بەرسە، بالىسى ئۈچۈن زور پايدىسى بولىدۇ.

(5) ئۆزىڭىزنىڭ مۇھىم ئىشلىرىنى دەرىجىگە ئايرىپ چىقىشتا دوستلىرىڭىز سىزگە ياردەم قىلالايدۇ. كىشىلەر ئۆزىگە ئوخشاش كىشىلەر بىلەن دوست بولۇشقا مايىل كېلىدۇ. بۇ «ھەر بىر نەرسە ئۆزىگە ئۆزى

بىلەن ئوخشاش نەرسىلەرنى تارتىدۇ» دېگەن «ئۆزگە تارتىش قانۇنىيىتى» گە ماس كېلىدۇ. بىز بۇنداق يولغا ئاسانلا كىرىپ قالىدىغان بولغاچقا، ئۆزىمىزگە ئوخشىمايدىغان كىشىلەر بىلەنمۇ دوست بولۇپ، ئۆزىمىزنىڭ قابىلىيەت دائىرىسىنى كېڭەيتىش ناھايىتى مۇھىم. شۇڭا سىز دوستلار دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، يېڭى كۆز-قاراشلار بىلەن ئۇچرىشىشقىمۇ تىرىشىڭ.

(6) دوستلىرىڭىز سىزنىڭ تېخىمۇ كۆپ كىشىلەر بىلەن دوست بولۇشىڭىزغا ياردەم قىلالايدۇ. كىشىلەر مۇئامىلىسى ياخشى بولۇش ۋە باشقىلارغا ياردەم قىلىشقا ئامراق بولۇش جەھەتتە تونۇلغان كىشىلەرنى، ھەممە ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ. ئەگەر سىز يېڭى دوستلارنى ئۆزىڭىزگە جەلپ قىلالايدىغان كىشىلەردىن بولماقچى بولىدىكەنسىز، يۇقىرىدىكى سۈپەتلەر ئۆزىڭىزنىڭ دوستلار گۇرۇپپىسىنى شەكىللەندۈرۈشىڭىزگە ياردەم قىلىدۇ. دوستلىرىڭىزنىڭ سانى كۆپەيگەنسېرى سىزنىڭ تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنى ئۆزىڭىزگە جەلپ قىلىشىڭىز ئاسانلىشىپ ماڭىدۇ.

(7) يېقىن دوستلىرىڭىز ياخشى ۋە يامان كۈنلەرنىڭ ھەممىسىدە سىزنى يۆلەيدۇ. دوستلاردىن ئەڭ ياخشى پايدىلىنىش ئۈچۈن، يېقىن دوستلىرىڭىزدىن پايدىلىنىشقا بەكرەك تىرىشىڭ. گەرچە سىزنىڭ دوست تۇتۇشقا ئامراق بولۇشىڭىز دوستىڭىزنىڭ سانىنى كۆپەيتىشكە پايدىلىق بولسىمۇ، سىز نورمال تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈچۈن يۈزلىگەن دوستلارغا موھتاج بولمايسىز. يېشىڭىزنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ دوستلىرىڭىزنىڭ سانىنى ئازلىتىپ، ئۆزىڭىز ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم بولغان دوستلىرىڭىزغا ئەڭ كۆپ ئەھمىيەت بېرىڭ.

(8) دوستلار بەزىدە سىزنىڭ ھاياتىڭىزنى پاراكەندە قىلىۋېتەلەيدۇ. دوستلۇقنىڭ قاراڭغۇ تەرىپىمۇ بار. ئەگەر مۇناسىۋىتىڭىز بۇزۇلىدىكەن، سىزنى ئەڭ ياخشى بىلىدىغان كىشىلەر سىزگە ئەڭ كۈچلۈك دەرىجىدە ئازار قىلالايدۇ. دوستلار سىزنى ئاۋارىچىلىكلەرگىمۇ يولۇقتۇرالايدۇ. ئەگەر دوستلىرىڭىز يامان ياكى زىيانلىق ئىشلارنى قىلسا، سىزنىڭمۇ ئۇنداق ئىشلارنى بىللە قىلىش ئېھتىماللىقىڭىز يۇقىرى بولىدۇ. مەسىلەن، بۇنىڭ بىر مىسالى ھاراق ئىچىدىغان دوستلار. سىز بەزى مۇھىم ئىشلارغا تۇتۇش قىلغاندا دوستلىرىڭىز سىزگە پۇتلىكاشاڭ بولىدىغان ئىشلارمۇ يۈز بېرىدۇ. سىزنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغان، سىزگە ئازار قىلىدىغان، ۋە سىزگە

روھىي بېسىم پەيدا قىلىدىغان دوستلارغا «ياق» دېيىشنى ئۆگىنىڭ. شۇنداق قىلسىڭىز، دوستلۇقنىڭ پايدىسىنى ئەڭ تولۇق كۆرەلەيسىز.

(9) دوستلىرىڭىز كۆپ بولسا يالغۇزلۇق ھېس قىلىدىغان ۋاقىتلىرىڭىز ئاز بولىدۇ. بىر ئادەم ئۈچۈن ئەڭ ناچار ئەھۋال دوستلىرى يوق بولۇش. يالغۇزلۇقنىڭ دەردى ناھايىتى يامان بولۇپ، ئەگەر سىز ئۇزۇن مۇددەت يالغۇزلۇق ھېس قىلىپ تۇرۇپ ياشىسىڭىز، ئۇنىڭ دەردى تېخىمۇ ئېغىر بولىدۇ. بۇ ئۆزىڭىز ئۈچۈن بىر توپ يېقىن دوستلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش ئۈچۈن مەخسۇس ۋاقىت، ئېنېرگىيە ۋە زېھنىڭىزنى سەرپ قىلىشىڭىز كېرەك ئىكەنلىكىنىڭ يەنە بىر سەۋەبىدۇر.

(10) سىزنىڭ ئىنتېرنېتتىكى دوستلىرىڭىز سىزنىڭ تەپەككۇرىڭىز بىلەن ئىش-پائالىيەتلىرىڭىزنى جانلاندۇرىدۇ. گەرچە سىزنىڭ ئىنتېرنېتتىكى دوستلىرىڭىز نورمال دوستلىرىڭىز بىلەن سۈپەت جەھەتتىن پەرقلىق بولسىمۇ، ئۇلار سىزگە يەنىلا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇلار سىزنىڭ تۇرمۇشىڭىزنى يۆلەپ تۇرغۇچىلارمۇ بولالايدۇ. ئىنتېرنېتتىكى دوستلىرىڭىزمۇ سىزگە بەزىدە پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇپ بېرەلەيدۇ، بولۇپمۇ دوستلىرىڭىزنىڭ جېدەللىرىگە ئارىلىشىپ قالغاندا شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر فېيىسبۇكتىكى دوستلىرىڭىز سىزنىڭ تۇرمۇشىڭىزنى كونترول قىلىپ تۇرۇۋالمىسىلا، سىز كەڭ دائىرىلىك دوستلىرىڭىزدىن كۆپ پايدىغا ئېرىشەلەيسىز.

(11) مەيلى ئەر بولسۇن ياكى ئايال بولسۇن، دوستلار سىز ئۈچۈن تولىمۇ مۇھىم. مەيلى ئەر بولسۇن ياكى ئايال بولسۇن، سىزنىڭ دوستلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى سىزنىڭ تۇرمۇشىڭىزغا تەسىر كۆرسىتىش قۇۋۋىتىگە ئىگە. ئەگەر سىز پەقەت ئەرلەردىن ياكى پەقەت ئاياللاردىنلا دوست تۇتىدىكەنسىز، يەنە بىر جىنسلىق دوستلاردىن كېلىدىغان مەنپەئەتلەردىن قۇرۇق قالىسىز.

(12) ئەر-خوتۇنلار بىلەن تەڭ دوست بولۇش سىزنىڭ ئەر-خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتىڭىزگىمۇ ياردەم قىلالايدۇ. ھاياتتىكى ئوخشاش ئىشلارنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقان كىشىلەر بىر-بىرىگە ئەڭ ياخشى ياردەم قىلالايدۇ. شۇڭلاشقا ئەر-خوتۇنلارنىڭ ئايرىم-ئايرىم دوستلىرى بار بولغىنىدىن باشقا، ھەر ئىككىيلەن ئۈچۈن ئورتاق بولغان جۈپلۈك دوستلىرىمۇ بار بولغاندا، تېخىمۇ كۆپ مەنپەئەت ئالالايدۇ. مەسىلەن، يېڭىدىن پەرزەنتلىك بولۇش، ئون نەچچە ياشلىق باللىرىنى تەربىيىلەش، ۋە چوڭلاردىن خەۋەر

ئېلىش قاتارلىق ئىشلاردا جۈپلۈك دوستلار بىر-بىرىگە يېقىندىن ياردەم قىلالايدۇ. دوستلار خىزمەتتىن كېلىدىغان بېسىملارنى يېنىكلىتىش جەھەتتىمۇ ياردەم قىلالايدۇ. گەرچە دوستلۇق مۇناسىۋەتلىرىڭىزنى ياخشى ساقلاپ مېڭىش سىزدىن بىر قىسىم ۋاقىت تەلەپ قىلسىمۇ، سىزنىڭ پسىخولوگىيە جەھەتتىن ئالىدىغان پايدىڭىز بىلەن سېلىشتۇرغاندا، دوستلار ئۈچۈن تۆلىگەن ۋاقىت جەھەتتىكى بەدەللەر ناھايىتىمۇ ئەرزىيدۇ.

(13) دوستلىرىڭىز سىزنى نازارەت قىلىپ تۇرىدۇ. سىزدىكى غەلىتە ئەھۋاللارنى پەقەت سىزنىڭ ئەڭ يېقىن دوستلىرىڭىزلا سىزگە كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. دوستلار بىزنى ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ، شۇڭلاشقا ئۇلار بىز ئۆزىمىز كۆرەلمىگەن ئىشلارنى كۆرەلەيدۇ. ھەمدە كۆرگەن ئىشلارنى بىزگە دادىللىق بىلەن دېيەلەيدۇ. گەرچە دوستلار بەزىدە ئۆزىمىزگە پاراكەندىچىلىك پەيدا قىلىپ بېرىدىغان بولسىمۇ، بىزگە ھەقىقىي كۆيىدىغان دوستلار باشقىلارغا قارىغاندا بىزگە ياخشىراق باھا بېرەلەيدۇ. شۇنداقلا دوستلار ئۆزىمىز ھەققىدىكى ئۆزىمىز كۆرەلمىگەن ئىشلارنى بىزگە كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. مۇشۇ سەۋەب تۈپەيلىدىن كىشىلەرنىڭ مىجەزىنى تەتقىق قىلىدىغان كىشىلەر بىر ئادەم ئۈستىدىن تەتقىقات ئېلىپ بارغاندا يالغۇز ئاشۇ ئادەمنىڭ ئۆز-ئۆزىنى باھالاپ يازغان دوكلاتىنى كۆرۈپلا قالماي، باشقىلارنىڭ ئاشۇ ئادەم توغرىسىدىكى باھالىرىغىمۇ ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقلىرىنى ئۆزى ياخشى كۆرەلمەيدىغان كىشىلەر ئۈچۈن باشقىلارنىڭ باھاسى تولىمۇ قىممەتلىك بولىدۇ.

(14) دوستلار بىلەن بىرلىشىپ ئىش قىلىش سىزنىڭ ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرگە تەسىر كۆرسىتىش كۈچىڭىزنى ئاشۇرىدۇ. ئەگەر سىز بىر ئۇلۇغۋار نىشان ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا، مەلۇم بىر ساخاۋەتلىك ئىشى ئۈچۈن پۇل توپلاشقا، ياكى ئۆز جامائىتىڭىز ئىچىدە مەلۇم بىر ئىشنى ياخشىلاشقا سىز پەقەت ئۆزىڭىزگىلا تايىنىپ ئىش ئېلىپ بارىدىكەنسىز، ئانچە ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشەلمەيسىز. بىر ئىجتىمائىي ھەرىكەتنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرۈشتە دوستلار بىرىنچى بولۇپ ياردەم قىلالايدۇ. بەزىدە فېيسبۇكقا تايىنىپمۇ كىشىلەرنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئۈنۈمى ھەرگىزمۇ دوستلارنىڭ ياردىمىگە يەتمەيدۇ.

(15) دوست بولۇپ بېرىش دوستلىرىڭىز ئۈچۈن پايدىلىق. دوستلارنىڭ تەسىرى ھەر ئىككى يۆنىلىشتە ئۈنۈم بېرىدۇ. سىز كۆپلىگەن دوستلىرىڭىزدىن مەنپەئەت كۆرۈپلا قالماي، ئەگەر ئۆزىڭىز بىر ياخشى

دوست بولۇپ بېرىدىكەنسىز، سىزگە يېقىن كىشىلەر سىزدىنمۇ پايدا كۆرەلەيدۇ. باشقىلار ئۈچۈن بىر دوست بولۇپ بېرىش ھەم بىر شەرەپلىك ئىش، ھەم بىر مەسئۇلىيەت. ئەگەر سىز دوستلىرىڭىزغا قانداق تەسىر كۆرسىتىۋاتقانلىقىڭىزنى چۈشىنىدىكەنسىز، سىز ئۇلار بىلەن يېقىن ئۆتۈش ئۈچۈن تېخىمۇ تىرىشىسىز. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ پايدىسى سىزگىمۇ تېگىدۇ. باشقىلارغا بىر ياخشى دوست بولۇپ بېرىش زۆرۈر بولغاندا ئۇلاردىن ياردەم سوراشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەگەر سىز باشقىلارغا ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىدىكەنسىز، ئۇلارمۇ ئۆزىدىن باشقىلارغا تەسىر كۆرسىتىدىغان كىشىلەرگە ئايلىنالايدۇ.

قىسقىسى، سىز دوستلارغا موھتاج بولۇپ، دوستلىرىڭىزمۇ سىزگە موھتاج بولىدۇ. ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئاشۇنداق مۇھەببەتنى يېتىلدۈرۈش ئۈنچىۋالا كۆپ ماھارەتلەرنى تەلەپ قىلىپ كەتمەيدۇ، ئەمما، بىر قىسىم تىرىشچانلىقلارنى تەلەپ قىلىدۇ. ئاشۇنداق تىرىشچانلىق ئۆزىڭىزنىڭ ھاياتىنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ئۆز قىممىتىنى كۆرسىتىدۇ.

سۈزەننىڭ ماقالىسىنىڭ مەزمۇنى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى.

**قوشۇمچە: چەت ئەلدە ئوقۇماقچى بولغانلار ئۈچۈن ياسالغان تور بېتى**

بىر ئۈكىمىز چەت ئەلدە ئوقۇش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىۋاتقان ياشلارنى كۆزدە تۇتۇپ، 2012-يىلى «www.izden.cc» دېگەن تور بېتىنى ياساپ، ھازىر ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئۇچۇرلارنى يىغىپتۇ. ئۇ مەندىن ئاشۇ تور بەتنى ۋەتەندىكى قېرىنداشلارغا تەۋسىيە قىلىپ قويۇشنى ئىلتىماس قىلغان ئىدى، شۇڭا مۇشۇ مەزمۇننى مەزكۇر ماقالىگە كىرگۈزۈپ قويدۇم. بۇ تور بەت چەت ئەلدە ئوقۇش ئۇچۇرلىرى ۋە تىل ئۆگىنىش ماتېرىياللىرىنى ئاساس قىلىدىكەن. مەن ئوقۇرمەنلەردىن تۆۋەندىكى ئىشلارنى ئۈمىد قىلىمەن:

--(1) ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئېھتىياجى بار ئۈكىلارغا مەزكۇر تور بەتنى تەۋسىيە قىلىپ قويغان بولسىڭىز.

--(2) ئىمكانىيىتى بار ئۈكىلار چەت ئەلدە ئوقۇش پۇرسەتلىرى، چەت ئەلدىكى ئوقۇش مۇكاپاتلىرى ۋە تىل ئۆگىنىشكە پايدىلىق ئىنتېرنېت

ماتېرىياللىرىغا ئائىت ئۇچۇرلارنى «www. izden. cc» نىڭ قۇرغۇچىسىغا ئەۋەتىپ بەرگەن بولسىڭىز.

--(3) بىلىدىغانلار چەت ئەلدە ئوقۇماقچى بولغان ياشلارنى ئاساسىي نىشان قىلغان «www. izden. cc» گە ئوخشاش باشقا تور بەتلىرىنىڭ تور ئادرېسلىرىنى مۇشۇ يازمىنىڭ ئاستىغا ئىنكاس شەكلىدە يېزىپ قويغان بولساڭلار. مېنىڭ بىلىشىمچە ھازىرغىچە ياسالغان يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش ئۇيغۇرچە تور بەتلىرى خېلى كۆپ. مەن ئاشۇ تور بەتلىرىنىڭ يېڭى ئۇچۇرلارنى يىغىش ۋە تارقىتىش جەھەتتە ئۆز-ئارا ھەمكارلىششىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىمەن. مەن ئاشۇنداق تور بەتلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ تور ئادرېسلىرىنى يىغقاندىن كېيىن، كېيىنكى بىر يازمامغا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى كىرگۈزۈپ، ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۇكىلارغا تەشۋىق قىلىپ قويىمەن.

مەن بۇ ئىشتا مېنى قوللىغان ۋە ماڭا ياردەمدە بولغان ئۇكىلارغا ئالدىن-ئالا رەھمەت ئېيتىمەن.

مەن 2000-يىللىرىنىڭ باشلىرىدا «www. erkinsidick. org» دېگەن تور بېتىنى ياساپ، چەت ئەلگە ئوقۇشقا چىقىدىغانلارغا ياردەم قىلىش ئىشىنى باشلىغان ئىدىم. كېيىن ئۇ تور بەت ۋەتەندە ئېچىلماس بولۇپ قالغاندىن كېيىن، ئۇنى «www. meripet. com» غا ئۆزگەرتتىم. بۇ تور بەت ھازىرمۇ بار، ئەمما ئۇ ۋەتەندە ئېچىلمايدۇ. ھەمدە ئۇنىڭدىكى چەت ئەلدە ئوقۇشقا ئائىت ئۇچۇرلارنى يېڭىلاشقا ھازىر مەن يېتىشەلمەيدىغان بولۇپ قالدىم. شۇڭلاشقا مۇشۇ ساھەدە خالىسانە خىزمەت كۆرسىتىدىغان كۆپلىگەن ئۇكىلارنىڭ چىققانلىقىدىن مەن تولىمۇ خۇشال. مەن ئاشۇ ئۇكىلارنىڭ ئۆز-ئارا ھەمكارلىشىپ، بۇ ئىشنى تېخىمۇ يۇقىرى بىر پەللىگە كۆتۈرۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن. مىللەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنىڭ نۇرغۇن يوللىرى بار. مۇشۇ ئىش ئاشۇنداق يوللارنىڭ بىرى.

Meripet. com تور بېتىدە چەت ئەلدىكى مەكتەپلەر تەلەپ قىلىدىغان «كىشىلىك پىلان» (personal statement) ۋە «تەۋسىيە خېتى» (recommendation letter) نىڭ ئىنگلىزچە نۇسخىلىرى بار. ھەمدە جۇڭگودىكى ئوقۇش نەتىجىسىنى ئامېرىكا سىستېمىسىدىكى نومۇرغا ئۆزگەرتىش جەدۋىلى قاتارلىق باشقا مۇھىم ئۇچۇرلارمۇ بار. يۇقىرىدىكىدەك تور بەتلىرىنى ياسىغان ئۇكىلار بۇ ئۇچۇرلارنى خالىغانچە ئۆز تور بەتلىرىگىلارغا كۆچۈرۈپ ئىشلەتسەڭلار بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن مەندىن

ئىجازەت سوراش ھاجەتسىز. مەن ۋەتەندىكى ياشلار ئۈچۈن خالىسانە خىزمەت قىلىۋاتقان «www.izden.cc» نىڭ قۇرغۇچىسىغا ئوخشاش بارلىق ئۈكىلارنىڭ ئىشلىرىغا ئوڭۇشلۇق تىلەيمەن.

## پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:

[1] Benefits of Righteous Friends & Solving Conflicts Between 2 Parties https://www.youtube.com/watch?v=oFjjcnAjtUQ

[2] Five Scientific Reasons You Should Choose Your Friends Carefully http://www.forbes.com/sites/amymorin/2014/10/17/5-scientific-reasons-you-should-choose-your-friends-carefully/

[3] Susan Krauss Whitbourne Ph.D. https://www.psychologytoday.com/experts/susan-krauss-whitbourne-phd

[4] Fifteen Reasons We Need Friends https://www.psychologytoday.com/blog/fulfillment-any-age/201303/fifteen-reasons-we-need-friends

# ھۆرۈنلۇقنىڭ ئىلمىي چۈشەندۈرۈلۈشى

2015-يىلى 7-ئاينىڭ 31-كۈنى

يېقىندا تور ئىسمى «kulpat» دەپ ئاتىلىدىغان بىر قېرىنداشىمىز مېنىڭ باغداش مۇنبىرىدىكى «ئىشنى كەينىگە سوزۇش» دېگەن تېمامنىڭ ئاستىغا بىر پارچە ئۈچۈر يېزىپ، مۇنداق دەپتۇ:

**(نەقىل) «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئۇستاز، ھەقىقەتەن بىزنىڭ دىيارىمىزدا بۇ كېسەللىك بەك ئېغىر. سىز ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ياشىماي تۇرۇپمۇ مۇشۇ يەردە ياشىغانلاردىنمۇ بەكرەك ياخشى تەھلىل قىلىپسىز. بىزدە يەنە ھۇرۇنلۇق بىلەن ئاغرىنىش پسىخىكىسى بەك ئېغىر. ئۇنىڭ يېنىغا بارساقمۇ قاقشايدۇ، بۇنىڭ يېنىغا بارساقمۇ قاقشايدۇ. ئادەمگە ھېچكىم ھېچكىمدىن رازى ئەمەستەك، ۋە ئۆزىنىڭ ئەڭ راستتەك تۇيغۇ بېرىدۇ. ئۆزىمىزنىڭ ھۇرۇنلۇقىغا باشقىلاردىن قاقشاپ، ئاغرىنىپ، سەۋەب ئىزدەيمىز. بولسا مۇشۇ ھۇرۇنلۇق، قاقشاش ۋە ئاغرىنىش قاتارلىق يامان ئىللەتلەرنى قانداق يوقىتىمىز، مۇشۇ توغرۇلۇق بىر ماقالە يوللاپ بەرسىڭىز.»** (نەقىل تۈگىدى. ئەسلىدىكى ئىنكاستىقى گىراماتىكا جەھەتتىن قىسمەن تۈزۈتىش كىرگۈزۈلدى.

http://bbs.bagdax.cn/thread-31109-3-1.html)

مەن يۇقىرىدىكى ئىنكاسنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئىنگلىزچە تورلارنى بىر ئاز ئىزدەپ باقتىم. ھەممە «ھۇرۇنلۇق» قا ئائىت بىر قانچە پارچە ياخشى ماقالىلارنى تاپتىم. مەن بۇ قېتىم «ھۇرۇنلۇق» نىڭ نېمە ئىكەنلىكى ئىلمىي نۇقتىدىن بايان قىلىنغان بىر پارچە ماقالىنىڭ مەزمۇنىنى تونۇشتۇرىمەن. ئۇ ماقالىنىڭ تېمىسى «*ھۇرۇنلۇق: پاكىتمۇ ياكى توقۇلما سۆزمۇ؟*» بولۇپ، ئاپتورنىڭ ئىسمى لېئون سېلتزېر (Leon F. Seltzer) ئىكەن. ئاپتور بىر كلىنىكىلىق پسىخولوگىيە دوختۇرى بولۇپ، ئۇ ئىنگلىز تىلى ۋە پسىخولوگىيەدىن ئىبارەت ئىككى كەسپىنىڭ ھەر بىرسىدە بىردىن دوكتۇرلۇق ئۇنۋانى ئالغان ئىكەن. يەنى ئۇنىڭ 2 دوكتۇرلۇق ئۇنۋانى بار ئىكەن. ئۇ يازغان بىر كىتابمۇ بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى «پسىخولوگىيىلىك

داۋالاش ساھەسىدىكى زىددىيەتلىك ئىستراتېگىيىلەر» ئىكەن. دوكتۇر سېلتزېر ئامېرىكىدىكى «بۈگۈنكى پسىخولوگىيە» تور بېتى (www.psychologytoday.com) نىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ، بۇ تور بېتىنىڭ پسىخولوگىيە مۇتەخەسسىسلىرى، ئاكادېمىكلەر، پسىخولوگىيە دوختۇرلىرى، ۋە ئاپتورلاردىن تەركىپ تاپقان ئەزالىرىدىن جەمئىي 750 نەپەر ئەزاسى بار ئىكەن. دوكتۇر سېلتزېرنىڭ يۇقىرىدىكى ماقالىسى دەسلەپتە باشقا بىر يەردە ئېلان قىلىنغان بولۇپ، ئاندىن ئۇ يۇقىرىدىكى تور بېتىدە 2008-يىلى 23-ئىيۇن كۈنى ئېلان قىلىنغان ئىكەن.



1-رەسىم: ئىككى دوكتۇرلۇق ئۇنۋانى بار پسىخولوگىيە دوختۇرى ۋە ئاپتور لېئون سېلتزېر (Leon F. Seltzer) ئەپەندى. بۇ ئاپتورنىڭ «پسىخولوگىيىلىك داۋالاش ساھەسىدىكى زىددىيەتلىك ئىستراتېگىيىلەر» ئىسىملىك بىر كىتابىمۇ بار ئىكەن.

ھۇرۇنلۇققا قانداق تاقابىل تۇرۇش مەسىلىسى ئۆز ئالدىغا ئايرىم بىر تېما بولۇپ، مەن ئۇ ھەقتىمۇ بىر قانچە پارچە ياخشى ماقالىلەرنى تېپىپ قويدۇم. مەن ئۇلارنىڭ مەزمۇنلىرىنى مەزكۇر ماقالىدىن كېيىن ئايرىم تېما قىلىپ يوللايمەن.

تۆۋەندىكىسى دوكتۇر سېلتزېرنىڭ ماقالىسىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى. ئەگەر ئۆز كۆز-قارىشىمنى قوشۇپ قويماقچى بولسام، ئۇنى بىر «ئىلاۋە» شەكلىدە قىستۇرۇپ قويىمەن.

ھۇرۇنلۇق دېگىنىمىز بىر پاكىتمۇ ياكى بىر توقۇلما سۆزمۇ؟ نامى ئۆچمەس ئەربابلارنىڭ بىرى بولغان داگۋۇد بۇمستېد ( Dagwood Bumstead) مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە توختىلىپ، مۇنداق دېگەن ئىدى:

«سىز كىشىلەرگە ھۆرۈنلۈقنى ئۆگىتەلمەيسىز. ئۇ بەزى كىشىلەردە بار، بەزى كىشىلەردە يوق.»

ئۇنداقتا «ھۆرۈنلۈق» دېگىنىمىز نېمە؟
--بىر ئىشنى ئالدىرىماي قىلىش ھۆرۈنلۈق بولامدۇ؟
--بىر ئىشنى ئاستا قىلىش ھۆرۈنلۈق بولامدۇ؟
--بىر ئىشنى قەتئىيلا قىلماسلىق ھۆرۈنلۈق بولامدۇ؟
--ياكى بىر ئىشنى قىلىشنى ئانچە خالىماسلىق ھۆرۈنلۈق بولامدۇ؟
--ئەگەر بىز بىر ئىشنى قىلىشنى ئانچە خالىماسلىقنى «ھۆرۈنلۈق» دېسەك، ئۇ ھالدا بىر ئادەمنى «ھۆرۈن» دېگىنىمىزدە بىز ئۇنىڭ لايغەزەللىكىنى، مىسمىسلىقىنى، ياكى پاسسىپلىقىنى كۆزدە تۇتىمىزمۇ؟
--ياكى بىز تېخى تونۇپ يەتمىگەن باشقا كىشىلىك مىجەزدىن بىرەرسى بارمۇ؟

مەن تۆۋەندە ئۇتتۇرىغا قويىدىغان نەرسىلەر «ھۆرۈنلۈق» ھەققىدىكى مېنىڭ ئۆز-قاراشلىرىم بولۇپ، ئۇلار مۇكەممەل ئەنئەنىۋى كۆز-قاراشلار ئەمەس. «ھۆرۈنلۈق» مەسىلىسىدە داڭلىق بۇمستېد دۇنيادىكى ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان نوپۇزلۇق كىشىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، مەن تۆۋەندە ئۇنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان كۆز-قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويىمەن. بۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورايمەن. چۈنكى مېنىڭ قارىشىمچە، بىر ئادەمنى «تۇغما ھۆرۈن» ياكى «ھۆرۈن مىجەزلىك» دەيدىغان كۆز-قاراش ئاساسىي جەھەتتىن بىر سەپسەتەدىنلا ئىبارەت.

مەن ئۆزۈمنىڭ بىر ئىندىئونىدۇئال ۋە بىر دوختۇر بولۇش سالاھىتىم بىلەن ئىنسان ئىش-ھەرىكەتلىرىنى «ھۆرۈنلۈق» دەپ چۈشەندۈرۈشكە «بىر ھېچ قانداق ئەمەلىي قىممىتى يوق ئىش»، دەپ قارايمەن. مېنىڭ نەزىرىمدە بىر ئادەمنى «ھۆرۈن» دەپ ئاتاش، ياكى كەمسىتىش، ياكى بولمىسا ئۇنى ئىنكار قىلىش بىر ئادەمنىڭ مەلۇم بىر ئىشقا بولغان قىزىقماسلىقى ياكى ئىنېرتسىيىسىنى سۆزمەنلىك بىلەن ۋە ھەددىدىن زىيادە ئاددىيلىق بىلەن شەرھلەشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. مۇشۇ سۆز بىلەن بىر ئادەمنىڭ پاسسىپلىقىنى خاراكتېرلەش مېنىڭچە ئاشۇ ئادەمنىڭ ھۆرۈنلۈقى بولماستىن، بەلكى ئاشۇ ئادەمگە باھا بەرگۈچىنىڭ ھۆرۈنلۈقى بولىدۇ. قىسقىسى، مېنىڭچە كىشىلەر مەلۇم بىر ئادەمنى يېتەرلىك دەرىجىدە تولۇق

چۈشەنمىگەندە، ئۇنىڭغا «ھۇرۇن» دىن ئىبارەت كەمستىش سۆزىنى ئىشلىتىپ باھا بېرىشنى بىر خىل ئادەت قىلىۋالغان.




2 ـ رەسىم: دوكتۇر لېئون سېلتزېرنىڭ «پسىخولوگىيىلىك داۋالاش ساھەسىدىكى زىددىيەتلىك ئىستراتېگىيىلەر» دېگەن كىتابىنىڭ مۇقاۋىسى.

مېنىڭ تۆۋەندە بايان قىلىدىغىنىم، بىز «مۇنداق ئىشلارنى قىلسا بولار ئىدى» ، دەپ ئويلىغان، ئەمما ئۇنداق قىلمىغان كىشىلەرنى چۈشىنىشىنىڭ تېخىمۇ پايدىلىق ۋە پسىخولوگىيە نۇقتىسىدىن قارىغاندا توغرا بولغان ئۇسۇلىدىن ئىبارەت. مېنىڭ ئاددىيلاشتۇرۇلغان كۆز-قارىشىم شۇكى، بىز ئادەتتە «ھۇرۇنلۇق» دەپ ھېسابلايدىغان نەرسە ئەمەلىيەتتە ھەرىكەتچانلىقنىڭ يېتەرسىزلىكى بولماستىن، بەلكى كىشىنى مەلۇم بىر ئىشنى قىلىشقا ئۈندەيدىغان مەقسەت ياكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ (motivation) نىڭ كەمچىللىكىدىن ئىبارەت.

ئىلاۋە: مەن ئىنگلىزچە ماقالىلەرنى ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇشتا قىينىلىدىغان سۆزلەرنىڭ بىرى ئىنگلىزچە «**motivation**» دېگەن سۆز. يۇلغۇن لۇغىتىدە

ئۇنىڭغا «ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ، قوزغىتىش كۈچى، رىغبەت، رىغبەتلەندۈرۈش، مەقسەت» دەپ ئىزاھات بېرىلىپتۇ. مېنىڭچە «motivation» دېگەن سۆزنىڭ توغرا مەنىسى «ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ بولىدىغان مەقسەت» بولۇپ، مەن ئۇنىڭ بىلەن مەنداش ئۇيغۇرچە قىسقا سۆزدىن بىرەرنى تاپالمىدىم. قىسقا سۆزدىن بىرنى بىلىدىغان قېرىنداشلار بولسا، ئۇنى ئىنكاس شەكلىدە يېزىپ قويغان بولساڭلار. رەھمەت!

## مەقسەتكە كاشىلا بولىدىغان نەرسىلەر قايسى؟

**ھاياتتىكى ھەر خىل قىيىن ئۆتكەللەر ۋە قىيىنچىلىقلارغا جەڭ ئېلان قىلىپ، ئۇلار ئۈستىدىن غالىپ كېلىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ياكى مەقسەتنى ئاجىزلاشتۇرىدىغان ھەر خىل ئامىللار بار. تۆۋەندە مەن ئاشۇ ئامىللارنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمەن. ئۇلار بىز ئۆز ئۆمرىمىزنىڭ مەلۇم بىر مەزگىلىدە مەلۇم بىر ئىشنى باشلىيالماسلىقىمىز ياكى مەلۇم بىر ئىشنى تاماملىيالماسلىقىمىزغا سەۋەب بولغان ئامىللاردۇر.**

### 1. ئۆنۈمگە ئېرىشىش ئىشەنچىسىنىڭ كەمچىل بولۇشى

**ئۆنۈمگە ئېرىشىش ئىشەنچىسى (self_efficacy) كۈچلۈك بولغان كىشىلەر «كۆڭۈلنى مەلۇم بىر ئىشقا بەرسە، ئۇنىڭدا چوقۇم ئۆنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ»، دەپ ئويلايدۇ. بىزدە مۇۋاپىق مىقتاردىكى ئۆز-ئۆزىمىزگە بولغان ئىشەنچ مەۋجۇت بولمايدىكەن، ئۆزىمىزنىڭ مەلۇم بىر ئىشنى قىلالايدىغانلىقىغا ئىشەنمەيمىز. شۇنىڭ بىلەن بىز ئۇ ئىشنى قىلىشقا ئۇرۇنۇپ باقمايمىز. ئەگەر بىزدە «ئۇنى قىلالايمەن» دېگەن پوزىتسىيە مەۋجۇت بولمايدىكەن، بىز پەقەت ئۆزىمىزنىڭ «راھەت رايونى» ئىچىدىكى ئىشلارنى قىلىش بىلەنلا چەكلىنىمىز. نەتىجىدە ئۆز-ئۆزىمىزنى تولۇق چۈشەنمەي قالىمىز. بىز بەزى ئىشلارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىغان تەقدىردىمۇ، ئۆزىمىزدە ئۆنۈمگە ئېرىشىش ئىشەنچىسىنىڭ كەمچىل بولۇشى تۈپەيلىدىن، بىر قىسىم ئىشلىرىمىزنى كېچىكتۈرىمىز، ياكى بىر قىسىم ئىشلاردا ئارىسالدا بولىمىز.**

## 2. روھىي جەھەتتىكى ياردەمنىڭ كەمچىل بولۇشى

ئۆستىمىزدىكى ۋەزىپە ھەددىدىن زىيادە ئېغىرلىشىپ كەتكەن ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن روھىي جەھەتتىكى ياردەمگە ئېھتىياجلىق بولىمىز. ئەگەر بىزنى باشقىلار يېتەرلىك دەرىجىدە رىغبەتلەندۈرمەيدىكەن، بىز ئۆز-ئۆزىمىزدە ئاشۇ ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاپ بولۇشقا زۆرۈر بولغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرەلمەسلىكىمىز مۇمكىن. بىز چوڭ بولغان ئادەم بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ئۆزىمىزدە بىر ۋەزىپىنى ئورۇنلاش ئىرادىسىنى تۇرغۇزىشىمىز ئۈچۈن باشقىلارنىڭ «ھە-ھۇ» دەپ بېرىشىگە ئېھتىياجلىق بولماسلىقىمىز كېرەك. ئەمما ئۆزىمىزدە زۆرۈر بولغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈشتە، بىز يەنىلا باشقىلارغا تايىنىمىز. بۇ ئەھۋال ئۆزىمىز مۇستەقىل ھالدا قىلالايدىغان ئىشلار ئۈچۈنمۇ ئوخشاش.

## 3. باشقىلارنىڭ ئۆزىنى ئېتراپ قىلىشىنى ئىستىشى، ئەمما شۇنداق بولىدىغانلىقىغا ئىشەنمەسلىكى

بىز ئۆزىمىزنى مەلۇم بىر ئىشقا ئاتىغاندا، ئۇنىڭدىن مەلۇم مۇكاپاتقا ئېرىشىشنى كۆڭلىمىزگە پۈكۈپ تۇرۇپ شۇنداق قىلىمىز. ئۇ مۇكاپات ماددىي ياكى روھىي مۇكاپات بولىشى مۇمكىن. ئىچكىي ياكى تاشقىي مۇكاپات بولىشىمۇ مۇمكىن. ئەگەر بىزدە ئاشۇنداق بىر مۇكاپاتقا ئېرىشەلەيدىغانلىقىمىزغا بولغان ئىشەنچ كەمچىل بولىدىكەن، بىزدە ئاشۇ ئىشنى قىلىشقا نىسبەتەن زۆرۈر بولغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ۋۇجۇتقا كەلمەسلىكى مۇمكىن. ئەگەر بىزنىڭ بۇرۇنقى ئۈمىدىمىز ۋە ئىجتىھاتىمىز بىزگە ئۆزىمىز كۈتكەن ئىجابىي نەتىجىنى ئېلىپ كېلەلمىگەن بولسا، بىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن ئاشۇنداق بىر ئىش ئۈچۈن قايتىدىن تىرىشچانلىق كۆرسىتىدىغانلىقىمىز رەئاللىققا ئانچە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

## 4. ئۆز-ئۆزىنى تونۇم ئارقىلىق باشقۇرۇش ئىقتىدارىنىڭ كەمچىل بولىشى

«بىز كۆڭۈل قويغان ھەر قانداق ئىشنى قىلالايمىز»، دېگەن سۆز بىر ھەقىقەت بولىشى مۇمكىن. ئەمما، ئەگەر بىزنىڭ كۆڭلىمىز ئۆزىمىزنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولىدىكەن، يۇقىرىدىكى سۆزنىڭ بىزنى مەلۇم بىر ئىشنى قىلىشقا قوزغىيالايدىغان بىر ھېكمەتلىك سۆز ئىكەنلىكىگە

ئىشنەلمەي قېلىشىمىز مۇمكىن. يەنى، بىزدىكى مەغلۇپ بولۇش ھەققىدىكى ئەندىشە ۋە ئۇنىڭغا ئېرىشىش ئىشەنچىسى ھەققىدىكى ناچار تونۇش بىزنى مەلۇم بىر ۋەزىپىنى ئورۇنلاشنى باشلاشتىن توسۇپ قېلىشى، ياكى بولمىسا بىزنىڭ ئۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلاپ بولۇشىمىزغا توسقۇنلۇق قىلىشى مۇمكىن. ئەگەر بىزنىڭ ئالدىمىزدىكى بىر ۋەزىپە ئۆز خىزمىتىمىزنىڭ بىر تەلىپى بولۇپ، بىز ئۇنى قىلمىساق بولمايدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلاپ بولغان بولساقمۇ، بىزدىكى ئىشلارنى كېچىكتۈرۈپ قىلىش ئادىتى يەنىلا ساقلىنىپ قالىدۇ. كۆڭۈلىمىزگە چوڭقۇر پروگراممىلىنىپ كەتكەن ئۆز-ئۆزىمىزگە بولغان گۇمان مەلۇم بىر پايدىلىق ئىش-ھەرىكىتىمىز تۈپەيلىدىن ئاپتوماتىك ھالدا يۇيۇلۇپ كەتمەيدۇ. بىز كەلەر قېتىم مەلۇم بىر ئىشنى قىلىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندا، ھېلىقى ئۆز-ئۆزىمىزگە بولغان گۇمان مەلۇم شەكىلدىكى كېچىكتۈرمىچىلىك تەرىقىسىدە يەنە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

ئۆز-ئۆزىنى تۇزۇم ئارقىلىق باشقۇرۇش ئىقتىدارى (self-discipline) كەمچىل بولغان كىشىلەردە ئۆز-ئۆزىگە بولغان ھۆرمەتمۇ كەمچىل بولىدۇ. كېيىنكى يېتەرسىزلىك يەنە ئايلىنىپ كېلىپ ئالدىنقى يېتەرسىزلىكنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ. يەنى، ئۆزىمىزنىڭ ئوبرازى ھەققىدىكى ئېغىر دەرىجىلىك خاتا چۈشەنچە ئۆزىمىزنىڭ ئۆز ئىقتىدارلىرىمىزغا بولغان ئىشەنچىسىنى ئاجىزلاشتۇرىۋېتىدۇ. ئۆز-ئۆزىمىزگە بولغان ئىشەنچىنىڭ كەمچىل بولىشى بولسا ئۆز-ئۆزىمىزنى تۇزۇم ئارقىلىق باشقۇرۇش ئىقتىدارىمىزنىڭ يېتىلىشىگە سەلبىي جەھەتتىن تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۆز-ئۆزىمىزنى تۇزۇم ئارقىلىق باشقۇرۇش ئىقتىدارىمىز بولسا ئۆز-ئۆزىمىزگە بولغان ھۆرمەتنى كۈچەيتىدىغان ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان نەرسىدۇر. پسىخولوگىيە ئىلمى بويىچە قارىغاندا، بۇ خەتەرلىك ئايلىنىشلار ياكى بۇ خەتەرلىك دەۋرلىك ھالدا تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان ئىشلار (vicious cycles) ئىچىدىكى ئەڭ خەتەرلىكىدۇر.

## 5. ۋەزىپىنىڭ ئۆزىگە بولغان قىزىقىشنىڭ كەمچىل بولىشى

ئەگەر بىر ۋەزىپە ياكى پروجېكت (ئىش ياكى تەتقىقات تۈرى) نىڭ ئۆزى زېرىكىشلىك ياكى ئۆزىمىزنىڭ ئىقتىدارىغا ماس كەلمەيدىغان دەرىجىدە ئاسان بولىدىكەن، بىز ئۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلاشتىن پۈتۈنلەي ۋاز كېچىشىمىز مۇمكىن. ئەگەر بىر ۋەزىپە بىز قىلمىساق بولمايدىغان، ئەمما

زېرىكىشلىك ئىش بولىدىكەن، بىز كۆپ قېتىم ئىككىلىنىپ ۋە خاپا بولۇپ بولىسمۇ ئۇنى قولىمىزنىڭ ئۇچىدا قىلىشىمىز مۇمكىن. بىز بىر ئادەمگە «هۇرۇن» دەپ تۆھمەت چاپلىغىنىمىزدا، بىز كۆپىنچە ۋاقىتتا كۆزدە تۇتقان ئەمەلىي نەرسە ئاشۇ ئادەمگە بېرىلگەن ناھايىتى زېرىكىشلىك، ئۇ ئادەمنىڭ ئازراقمۇ قىلغۇسى يوق بىر ۋەزىپىنىڭ ئۆزى بولۇپ قالىدۇ. ئۆزى «ئارتۇقچە ئاۋارىچىلىق» ياكى «ئارتۇقچە ئېغىرچىلىق» دەپ ئويلىغان ئىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇش پەقەتلا ئىنسانلارنىڭ ئورتاق ماھىيىتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئادەتتە ئۆزىمىزنى قاچۇرۇشقا سەۋەب بولىدىغان نەرسە بىزنىڭ هۇرۇنلىقىمىز بولماستىن، بىزگە بېرىلگەن ۋەزىپىنىڭ بىزنى ئازراقمۇ ھاياجانغا سالالمايدىغان بىر ئىش ئىكەنلىكىدۇر. بىر قىسىم ئادەمنى قوزغىيالىغان بىر ئىش يەنە بىر قىسىم ئادەمنى قوزغىيالمايدۇ. بۇ يەردىكى ھەر ئىككى خىل ئادەمدە «هۇرۇنلۇق» مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەس. قىسقىسى، بىر ئادەمگە «ۋەزىپە» بولۇپ تۇيۇلغان بىر ئىش يەنە بىر ئادەمگە ھەۋەس قىلىدىغان بىر ئىش بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

## 6. «ۋەزىپە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە ئەرزىيدۇ» دەيدىغان ئەقىدىنىڭ كەمچىل بولىشى

ئەگەر بىزدە ئۆزىمىزنىڭ بىر قىسىم مۇھىم ئىشلىرى ياكى قىممەت قاراشلىرىغا نىسبەتەن گۇمان مەۋجۇت بولىدىكەن، ئاشۇ ئىشلارنى چوقۇم قىلىشقا نىسبەتەن كۆڭلىمىزدىكى مەقسەت ئېنىق بولماسلىقى مۇمكىن. كۆڭلىمىزدىكى «ئۇ ئىشنى قىلسام بولارمۇ، ياكى قىلمىسام بولارمۇ» دەيدىغان ئويلار ئوخشاش ئورۇندا تۇرۇپ قېلىپ، ھەمدە بىر-بىرىنى يوق قىلىۋېتىپ، شۇنىڭ بىلەن بىزدە بىر خىل روھسىزلىق پەيدا بولىشى مۇمكىن. بىز ئۆزىمىز ئويلاۋاتقان ياكى بىزگە تەۋسىيە قىلىنغان بىر ئىشنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكى، قىممەتلىك ئىكەنلىكى، ياكى قانائەتلىنەرلىك ئىكەنلىكىگە تولۇق ئىشەنچ قىلالماي، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى ئورۇنلاشقا ئاتلىنالماسلىقىمىز مۇمكىن. ئەگەر بىزدە مەلۇم بىر ئىش بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرىدۇ، دەيدىغان تونۇش بار بولمايدىكەن، بىز ئۆزىمىزدە ئۇ ئىشنى قىلىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان قوزغاتقۇچى مەقسەتنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرەلمەيمىز.

## 7. مەغلۇپ بولۇشتىن ئەندىشە قىلىش

بۇ نۇقتا ئۆتۈمگە ئېرىشىش ئىشەنچىسى كەمچىل بولۇشقا يانداشلىق رولنى ئوينايدۇ. ئۆتۈمگە ئېرىشىش ئىشەنچىسىنىڭ كەمچىل بولۇشى بىزنى قوزغىتىدىغان مەقسەتنىڭ ئاجىز بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، شۇنىڭ بىلەن بىزنى مەلۇم بىر ئىشنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاشقا ئىشىنەلمەسلىككە ئېلىپ بارىدۇ. ئەمما مەغلۇپ بولۇشتىن ئەندىشە قىلىش بولسا بىزنىڭ تىرىشچانلىقىمىزدىن كېلىپ چىقىش ئېھتىماللىقى بار بولغان سەلبىي ئاقىۋەتكە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان روھىي بايلىقنىڭ كەمچىل بولىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مۇنداق بىر قەدىمقى ماقال-تەمسىل بار: «تەۋەككۈلچىلىك قىلماي تۇرۇپ ھېچنىمىگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ». بۇ بىزگە بىر ئىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازانماقچى بولساق، كەم دېگەندە ئۇ ئىشنى چوقۇم سىناپ بېقىشىمىز كېرەكلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئەمما بىزنىڭ غۇرۇرىمىز ناھايىتىمۇ نازۇك، ناھايىتىمۇ ئاجىز ۋە ئاسانلا زەخمىگە ئۇچرايدىغان بىر نەرسە بولۇپ، مەغلۇپ بولۇش ئېھتىماللىقى بىزنىڭ باشقا مۇھىم نەرسىلەرنى ئۇنتۇلۇپ قېلىشىمىزنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، بىزنى بىر ئىشنى قىلىشتىن توسۇپ قويىدۇ.

بىزنىڭ مەلۇم بىر ئىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىمىزنىڭ ئېھتىماللىقى ناھايىتى يۇقىرى بولغان تەقدىردىمۇ، بىز ئۆز تىرىشچانلىقىمىز نەتىجىلىك بولماي قالسا ئۆزىمىز قانداق بىر تۇيغۇدا بولىدىغانلىقىمىزنى ئويلاپ، ئالدىغا قاراپ ماڭالماسلىقىمىز مۇمكىن. بىزدە مەغلۇپ بولغاندا ئۆزىمىزنى رۇسلىۋالىدىغان ئىچكى بايلىق بولمىغىنىدا، ھەمدە ئۆز تىرىشچانلىقىمىزنى ئۇنىڭ نەتىجىسىگە ئاساسلانماي تۇرۇپ شەرتسىز ھالدا مۇئەييەنلەشتۈرىدىغان قابىلىيەت بولمىغىنىدا، بىز ئۆزىمىز قىلماقچى بولغان پروجېكت (ئىش تۈرى) نى باشلىيالماي قالىمىز. قىسقىسى، بىزنىڭ ئەمەلىي ئىقتىدارىمىز ئەمەس، بەلكى بىزنىڭ كۆڭلىمىزنىڭ سەلبىي ھالدا پروگراممىلىنىشى بىزنى مەلۇم بىر ۋەزىپىنى ئورۇنلاشقا لاياقەتسىز قىلىپ قويىدۇ.

شۇنى كۆرسىتىپ قويۇش كېرەككى، يۇقىرىدىكى ئەھۋاللارنىڭ ھۇرۇنلۇق بىلەن ھېچ قانداق مۇناسىۋىتى يوق. كېچىكتۈرمىچىلىك ۋاقتىنى مۇۋاپىق باشقۇرۇش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن بولسىمۇ، كېچىكتۈرمىچىلىكنى كەلتۈرۈپ چىقارغۇچى ئاساسىي سەۋەب مەغلۇبىيەت

ئەندىشىسى بولىشمۇ مۇمكىن. بەزىلەرنىڭ ئىشنى كىچىكتۈرۈش تاكتىكىسىمۇ «ھۇرۇنلۇق» دەپ قارىلىدىغان بولۇپ، بىزنىڭ ئۇنداق تاكتىنى قوللىنىشىمىز بالىلىق چاغلىرىمىزدا تىكلىۋالغان مۇنداق بىر ئىدىيىدىن كەلگەن: ئەگەر بىز قىلغان ئىشتىن بىرەر چاتاق چىقىدىكەن، ئۇ بىزنىڭ ئاشۇ ئىشنى قىلىشقا يېتەرلىك دەرىجىدە لاياقەتلىك ئەمەسلىكىمىزنى كۆرسىتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن تەبىئىي ھالدا مۇنداق بىر ئىشنى ئۆگەندۇق: ئەگەر بىز مەلۇم بىر ئىشنى ياخشى قىلالايدىغانلىقىمىزنى ئالدىن-ئالا جەزىملەشتۈرمىگەن بولساق، ئەڭ ياخشىسى ئۇ ئىشنى باشلىمىغان ياخشى. ئەمەلىيەتتە «مۇكەممەللىك» دەپ ئاتىلىدىغان نەرسىنى بىز ئاتا-ئانىمىز بىزگە رەئاللىققا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان دەرىجىدە يۇقىرى تەلەپ قويىدىغان بىر ئائىلىدە چوڭ بولغانلىقىمىز ئۈچۈن يۇقتۇرۇۋالغان. يەنى، ئەگەر بىز ئۇنداق بىر ئائىلىدە ئىشنى ئاتا-ئانىلارنىڭ يۇقىرى ئۆلچىمىگە يەتكۈزۈپ قىلمىساق، ئۇلار بىزنى داۋاملىق تەنقىدلەپ تۇردى.

## 8. رەت قىلىنىشتىن ئەندىشە قىلىش

ئەگەر بىز مەلۇم بىر ئىشنى قىلىشتا باشقىلاردىن ياردەم سوراشقا توغرا كېلىپ، بىز ياردەم سورىماقچى بولغان كىشى بىزنىڭ تەلىپىمىزنى رەت قىلىشى مۇمكىن، دەپ ئەندىشە قىلساق، بىز ئاشۇ سەۋەب ئۈچۈنلا ھېلىقى ئىشنى باشلىماسلىقىمىز مۇمكىن. ئەگەر بىز ئۆزىمىزگە نىسبەتەن بىر خىل ياخشى تۇيغۇغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن چوقۇم باشقىلارغا تايىنىشقا توغرا كېلىدىكەن، باشقىلارنى ئۆزىمىزدىن زېرىكتۈرۈپ قويىدىغان ئىشلارنى، ھەمدە باشقىلارنىڭ ئۆزىمىزنى باھالاپ سېلىش ياكى بىزنى رەت قىلىشقا سەۋەب بولۇپ قالىدىغان ھېچ قانداق ئىشنى قىلمايمىز.

## 9. سوغۇق سۇ سېپىلىش، ياردەمسىزلىك ۋە ئۈنۈمسىز ئىشقا يولۇقۇش قاتارلىق تۇيغۇلاردا بولۇش

مۇشۇنداق تۇيغۇلارنىڭ ھەممىسى بىزدىكى مەلۇم بىر ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقىرىش كۆڭلىنىڭ غايىپ بولۇشىغا ئېلىپ بارىدۇ. بۇ خىل ھالەت بىز ئۈچۈن ناھايىتىمۇ ئازابلىق ۋە روھسىزلىق ھالەت بولۇپ، ئۇ بىزنىڭ ئارزۇيىمىزنى پۈتۈنلەي پالەچ قىلىدۇ. ئادەم ئاشۇنداق بىر ھالەتكە كىرىپ

قالغاندا، ھەممە ئىش ئۇنىڭ ئۈچۈن مەنىسىزدەك كۆرۈنىدۇ. چۈنكى ئۇنداق ئەھۋالدا بىرەر ئىشنى قىلىش ئارقىلىق بىز ئۆزىمىز ۋە ئۆزىمىزنىڭ پۈتۈن ھاياتى توغرىسىدا بىرەر ياخشى تۇيغۇغا كېلەلەيدىغانلىقىمىزنى ھەرگىزمۇ تەسەۋۋۇر قىلالمايمىز.

بىزنىڭ بىر ئىشتىن ئۆزىمىزنى ئاشۇنداق قاچۇرىشىمىز سىرتتىن كۆزىتىۋاتقان بىر ئادەم ئۈچۈن «ھۇرۇنلۇق» بولۇپ كۆرۈنىسىمۇ، ئۇنىڭ ئەمەلىيەتتە ھۇرۇنلۇق بىلەن ھېچ قانداق مۇناسىۋىتى يوق بولۇپ، ئۇ پۈتۈنلەي چۈشكۈنلىشىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. بەزى ئورگانلار «چۈشكۈنلۈك» كە مۇنداق دەپ ئېنىقلىما بەرگەن: «ھەممە ئىشلار، ياكى ئاساسەن بارلىق ئىشلارغا بولغان قىزىقىشى ياكى ئۇلاردىن ئېرىشىدىغان خۇشاللىقى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئاجىزلىشىش.» شۇنداق بولغاچقا، مەيلى بىر ئىش خىزمەت بىلەن ياكى كۆڭۈل ئېچىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسۇن، چۈشكۈنلەشكەن بىر ئادەم ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئەتىگىنى كارۋاتتىن قوپۇشنىڭ ئۆزىمۇ بىر خىل يەڭگىلى بولمايدىغان قىيىنچىلىقتەك تۇيۇلىدۇ. پېما چودرون (Pema Chodron) ئىسىملىك بىر بۇددىست بۇ خىل ئەھۋالنى «كىشىنى ئازابلايدىغان دەرىجىدىكى يۈرەكتىن ئايرىلىپ قېلىش ئەھۋالى» دەپ ئاتىغان.

ئىلاۋە: ئەسلىدىكى ماقالىنىڭ مۇشۇ قىسمىدا ئىنگلىزچە «discouragement, hopelessness, futility» دېگەن 3 سۆز ئىشلىتىلگەن بولۇپ، يۇلغۇن تور لۇغىتىدە بۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا «ئۈمىدسىزلىنىش» دېگەن بىرلا سۆز بىلەن ئىزاھلىنىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يۇقىرىدىكى كىچىك تېمىدا مەنمۇ پەقەت ئاشۇ بىرلا سۆزنى ئىشلىتىشكە مەجبۇر بولدۇم.

## 10. ئۈمىدسىزلىك، شەخسىيەتچىلىك، دۈشمەنلىك ياكى ئازابلىق پۈزىتسىيىسى

بىزنىڭ بىر ئىشنى باشلىيالماسلىقىمىزغا سەۋەب بولىدىغان ئەڭ ئاخىرقى بىر سەۋەب بىز ئىنتايىن قاتتىق زېرىكىپ ياكى ھېرىپ كېتىپ، «مېنىڭ تىرىشچانلىقىم ئۆزۈمگە ئەمەس، پەقەت باشقىلارغىلا پايدا

يەتكۈزىدۇ»، دەپ ئويلاپ قالىمىز. ياكى بولمىسا بىزدە ئۆزىمىزنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىغا نىسبەتەن قاتتىق گۇمان پەيدا بولۇپ، ئۆزىمىز ئۈچۈن ھەر قانداق بىر ئىشنى قىلىشنىڭ ھېچ بىر ئەھمىيىتى يوق، دەپ ئويلاپ قالىمىز.

بۇ خۇددى بىر ئىسيانچى قىياپىتىگە كىرىۋېلىشنى «ھورۇنلۇق» دەپ ئاتاشقا ئوخشايدۇ. بۇنداق ئەھۋالنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان نەرسە بىزنىڭ بۇرۇنقى ئۈمىدسىزلىنىشلىرىمىز، ۋە كۆڭلىمىزدىن زادىلا چىقىرىۋېتەلمەيدىغان خاپىچىلىق بولۇپ، ئۇلار بىزنى زادىلا ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان ھەممە ئىشقا قارشىلىق كۆرسىتىش روھىي ھالىتىگە ئەكىلىپ قويىدۇ. بۇرۇنقى چوڭقۇر پسىخولوگىيىلىك يارىلىرىمىز بىزدە بىر خىل ئۈمىدسىزلىكنى پەيدا قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىز ئۆز قۇدرىتىمىزنى پەقەتلا باشقىلارنىڭ قىلغىنىغا جاۋابەن ئىش ئېلىپ بارىدىغان ياكى ئۇلارغا قارشىلىق كۆرسىتىدىغان ئىشلار ئۈچۈنلا ئىشلىتىمىز. ھەمدە بىز ئانچە قىينالماي تۇرۇپ ئاسانلا قىلالايدىغان ئىشلارنى قىلىشنىمۇ رەت قىلىمىز. دېمەك، بۇ يەردىمۇ بىزنىڭ مەلۇم بىر ئىشنى قىلىشقا ئۇنىماسلىقىمىزنىڭ «ھورۇنلۇق» بىلەن ھېچ قانداق مۇناسىۋىتى يوق. ئۆزىمىزگە پايدىلىق ئىشلارنى قىلىشقا ئۇنىماسلىقىمىزمۇ ھەم شۇنداق.

ئەسلىدە بۇ ماقالىگە «ھورۇنلۇقنىڭ <قوزغاتقۇچى مەقسىدى>» دەپ تېما قويۇشنىمۇ ئويلاشقان. ئەمما ئۇنداق قىلغاندا ئەمەلىيەتنى توغرا چۈشەندۈرگىلى بولمايدىكەن. ئوقۇرمەنلەر مەزكۇر ماقالىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، «ھورۇنلۇق» تىن ئىبارەت بۇ ناھايىتىمۇ ئاددىيلاشتۇرۇلغان ئۇقۇم ئۈستىدىكى ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى چۈشەنچىلىرى ھەققىدە قايتا ئويلىنىپ باقسا بولىدۇ.

## پايدىلىنىش ماتېرىيالى:

[1]Laziness: Fact or Fiction?
https://www.psychologytoday.com/ ... ess-fact-or-fiction

# ھۇرۇنلۇقنى ياخشى ئىشقا ئايلاندۇرۇشنىڭ 10 خىل ئۇسۇلى

2015 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى

مەن ئالدىنقى ماقالىدە «ھۇرۇنلۇقنىڭ ئىلمىي چۈشەندۈرۈلۈشى» نى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتتۈم. مەزكۇر ماقالىدە بولسا ھۇرۇنلۇقنى ياخشى ئىشقا ئايلاندۇرۇشنىڭ 10 خىل ئۇسۇلىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن. مېنىڭ بۇ قېتىم پايدىلانغىنىم «لېئو بابوتا» (Leo Babauta) ئىسىملىك ئاپتور 2007 ـ يىلى 16 ـ ئىيۇن يازغان «ھۇرۇنلۇقنى ياخشى ئىشقا ئايلاندۇرۇشنىڭ 10 خىل ئۇسۇلى» دېگەن ماقالە بولۇپ، ئۇ ماقالىنى مەن ئالدىنقى قېتىملىق ماقالەمدە تونۇشتۇرغان دوكتۇر لېئون سېلتزېر تەۋسىيە قىلغان ئىكەن. لېئو بابوتا بىر ئاپتور بولۇپ، ئۇ يازغان بىر قانچە پارچە كىتاب ئامېرىكىدىكى «ئەڭ كۆپ سېتىلغان كىتابلار» قاتارىدىن ئورۇن ئالغان. ئۇ ياسىغان بىر ئىنتېرنېت بلوگى بار بولۇپ، ئۇ بلوگنىڭ ھازىر بىر مىليون ئوقۇرمەنلىرى بار ئىكەن.

تۆۋەندىكىسى لېئو بابوتانىڭ ماقالىسىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى.

ھۇرۇنلۇق ھەممە ئىنسانلاردا ئوخشىمىغان دەرىجىدە بار بولغان بىر خىل تەبىئىي ئەھۋال بولسىمۇ، بىز ئۆزىمىزدىكى ھۇرۇنلۇق تۈپەيلىدىن داۋاملىق ئۆز ـ ئۆزىمىزنى ئەيىبلەيمىز. جەمئىيەت بىزگە نېمە دېسە دەۋەرسۇن، بىز ھازىر ئۆز ـ ئۆزىمىزنى تەنقىد قىلىشنى توختىتىپ، قانداق قىلغاندا ھۇرۇنلۇقنى بىر ئىجابىي نەرسىگە ئايلاندۇرغىلى بولىدىغانلىقىغا قاراپ باقايلى.

مەن سەزگەن بىر ئەھۋال شۇكى، ئەڭ ئەقىللىق كىشىلەر ئەڭ ھۇرۇن كېلىدۇ. ئۇلار دائىم خىزمەتتىن يىراق تۇرۇشقا ئامال ئىزدەيدۇ، ياكى بولمىسا بەزى ئىشلارنى قىلىشنى ئاسانلاشتۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بەزى ئىشلارنى قىلىشتىكى ئەڭ ئاقىلانە ۋە ناھايىتى ئېسىل يېڭىلىقلارنى

ئويلاپ چىقىدۇ. مەسىلەن، كومپيۇتېر ۋە مىكرو-دولقۇن دۇخوپكىسى قاتارلىق نەرسىلەر ئەنە شۇنداق ئىجاد قىلىنغان. تۆۋەندە كۆرۈپ ئۆتىدىغىنىمىزدەك، ھورۇنلۇقتىن توغرا پايدىلانسا، ئۇنى ئۆنۈم بېرىدىغان نەرسىگە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ.



1 ـ رەسىم: تىرىشىپ ئوقۇش

## 1. دەرىجىسى تۆۋەنرەك ئىشلارنى قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈش

ئامېرىكىدا 1949 ـ يىللىرى ۋۇجۇتقا كەلگەن «تەشكىللەنگەن كېچىكتۈرمىچىلىك» (Structured procrastination) دېگەن بىر ئۇقۇم بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق: بەزى تەس ئىشلارنى قىلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئورنىغا سىز بىر قانچە ئاسان ئىشلارنى قىلىش. ئەگەر قولىڭىزدا مۇھىملىق تەرتىپى بويىچە تىزىلغان بىر قىسىم ئىشلار بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى ئەڭ تەس بولىدىكەن، سىز ئۇ ئىشلارنىڭ ئىككىنچىسىدىن باشلاپ قىلىڭ. ئەگەر سىز تەس ئىشلاردىن ئۆزىڭىزنى قاچۇرىدىغان ھورۇنلاردىن بولسىڭىز، تىزىملىكتىكى بىرىنچى ئىشنى قىلماي، قالغىنىنى قىلىسىز. ئەگەر ھازىرقى بىرىنچى ئىشتىنمۇ مۇھىم ۋە تەسرەك ئىشتىن يەنە بىرى چىقىدىكەن، سىز ئۇنى قىلماي، بۇرۇنقى ئەڭ تەس ئىشنى قىلىسىز. شۇنىڭ بىلەن ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشىسىز.

## 2. بىر قىسىم ئىشلارنى باشقىلارغا ۋەزىپە قىلىپ ئۆتكۈزۈپ بېرىش

ھۆرۈن كىشىلەر باشلىق بولۇشنى ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ، ئۇلار ئىشلارنى باشقىلارغا ۋەزىپە قىلىپ تاپشۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى ئۇنۇمدار ئادەم قىياپىتىگە كىرىۋالىدۇ. سىز بىر باشلىق بولمىغان تەقدىردىمۇ، بىر قىسىم ئىشلارنى خىزمەتداشلىرىڭىزغا، ھەتتا باشلىقىڭىزغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى ئۆگىنىڭ. ئۆزىڭىزدىكى ۋەزىپە تىزىملىكىگە ئەستايىدىل قاراپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ يېرىمىنى باشقىلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە بولىدىغان-بولمايدىغانلىقىنى بىر قېتىم تەكشۈرۈپ بېقىڭ. ئەگەر ئۆزىڭىزگە ئىشەنچىڭىز بولمىسا، ئۇ ئىشلارنى باشقىلارغا تاپشۇرۇپ كۆرۈپ بېقىڭ. شۇ ئارقىلىق ئۆزىڭىز ھېچ ئىش قىلماي تۇرۇپلا ۋەزىپىڭىزنىڭ يېرىمىدىن قۇتۇلالايسىز.

## 3. ئىشنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش

بەزى كۆپ قېتىم تەكرارلاپ قىلىدىغان ئىشلارنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش جەھەتتىمۇ ئىزدىنىپ بېقىڭ. بۇ ھۆرۈن كىشىلەردە بار بولغان ئىجادكارلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. سىز بەزى ئىشلارنى كومپيۇتېرغا ئاپتوماتىك ھالدا قىلدۇرالايسىز. ياكى بولمىسا ئۆزىڭىز بەلگىلىك قائىدە چىقىرىپ بېرىپ، بىر قىسىم ئىشلارنى باشقىلارغا ئۆز ئالدىغا قىلىدىغان ئىشنى يولغا قويالايسىز. شۇ ئارقىلىق ئۆزىڭىزنىڭ تىزىملىكىدىكى بىر قىسىم ۋەزىپىدىن قۇتۇلالايسىز.

## 4. قىسقارتىش

ئەمدى سىز ئۆزىڭىزدىكى تىزىملىكنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى قايسىلىرىنى قىلمىسا بولمايدىكەن، قايسىلىرىنى قىسقارتىشقا بولىدىكەن، شۇلارنى ئېنىقلاپ چىقىڭ. باشلىقىڭىزغا قولىڭىزدىكى ۋەزىپىلەرنىڭ بەك كۆپ بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭدىن بىر قىسىم ۋەزىپىلەرنى قىسقارتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلسىڭىزمۇ بولىدۇ.

## 5. توختىتىش

ۋەزىپە تىزىملىكىڭىزدىكى بىر قىسىم ئىشلارنى يوق قىلىشنىڭ يەنە بىر ئامالى، ئۇ ئىشلارنى قىلىش زۆرۈرىيىتى يوقىغىچە ئۇ ئىشلارنى قىلماي

ساقلاپ تۇرۇش. يەنى، كىچىكتۇرمىچىلىك قىلىش ئارقىلىق بىر قىسىم ئىشلارنى قىلماي قۇتۇلۇپ كەتكىلى بولىدۇ.

## 6. ئاددىيلاشتۇرۇش

ئەگەر سىز قىلماقچى بولغان بەزى ئىشلار مۇرەككەپ ۋە قىيىن بولىدىكەن، ئامال تېپىپ ئۇلارنى ئاددىيلاشتۇرۇڭ ۋە ئاسانلاشتۇرۇڭ. «ئاشۇ ئىشلارنى قىلىشنىڭ ئەڭ ئاسان ئۇسۇللىرى قايسى؟» دېگەن مەسىلە ئۈستىدە قاتتىق باش قاتتۇرۇپ بېقىڭ.

## 7. ئەڭ ئاخىرغىچە ساقلاش

بەزى ۋاقىتلاردا مەلۇم بىر ئىشنى قىلىشنى توختىتىپ قويىسىز، ئۇ ئىش ناھايىتىمۇ مۇھىم بىر ئىش بولۇپ چىقىپ قېلىپ، ئۇنى چوقۇم قىلمىسىڭىز بولمايدىغان ئەھۋال يۈز بېرىدۇ. بۇنداق ئەھۋالنى سىز باشقا بىرسى سىزدىن قاتتىق سۈيلىگەندىلا ئاندىن بايقايسىز. بۇ بىر جىددىي ئەھۋال بولۇپ، مەزكۇر ئىشنىڭ جىددىيلىك دەرىجىسى سىز ئۈچۈن بىر تۈرتكە (motivation) بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سىز ئۇ ئىشنى قىلىۋېتىسىز. ئەمما بۇنداق جىددىي ئەھۋال سىز مەزكۇر ئىشنى بىرەر ھەپتە كېچىكتۈرگەندىلا ئاندىن يۈز بېرىدۇ. شۇڭلاشقا بۇنداق ئەھۋالدا سىز ئەڭ ئاخىرىغىچە ساقلىسىڭىز، ئۇنى جىددىي تۇتۇپ قىلىشقا نىسبەتەن بىر ئۈنۈملۈك تۈرتكىگە ئىگە بولىسىز. شۇنداق بولغاچقا بەزى ئىشلارنى ئەڭ ئاخىرىغىچە ساقلاپ، ئاندىن ئۇنى پۈتتۈرسىڭىزمۇ ئۈلگۈرىسىز.

## 8. ھۇزۇرلىنىش مۇكاپاتى

مەن ئۆز-ئۆزۈمگە «ئەگەر مەن ماۋۇ ئىشنى قىلماقچى بولسام، مەن چوقۇم ھۇزۇرلىنىش قىلىشىم كېرەك» دېيىش ئارقىلىق، ئۆز-ئۆزۈمنى مۇكاپاتلاشنى ياخشى كۆرىمەن. سەۋەبى، مەن ھۇزۇرلىنىشنى ياخشى كۆرىمەن، شۇڭلاشقا يۇقىرىقىدەك قىلىق ماڭا بىر ئىشنى قىلىشقا تۈرتكە بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئەگەر مەن ئاشۇ ئىشنى كېلەر قېتىم 5 مىنۇت ئىچىدە قىلىپ تۈگىتەلىسەم، ئۇنىڭدىن كېيىن مەن تېلېۋىزور كۆرەلەيمەن.

## 9. ئۆز-ئۆزىنى روھلاندۇرىدىغان ئىشلارنى قىلىش

ئەگەر سىز بەزى ئىشلارنى قىلىشقا ناھايىتى ھۇرۇنلۇق قىلسىڭىز، ئۇ چوقۇم ئاشۇ ئىشلارنىڭ سىزگە ئىنتايىن زېرىكىشلىك تۇيۇلىشىدىن بولغان بولىشى مۇمكىن. ئەگەر شۇنداق بولىدىكەن، سىز ئۆزىڭىزنى روھلاندۇرىدىغان باشقا ئىشلارنى قىلىشقا ئۇرۇنۇپ بېقىڭ. سىز ئۈچۈن مۇھىم، ھوسۇللۇق، ھەمدە سىزنى روھلاندۇرالايدىغان ئىشلارنى بىر تىزىم قىلىپ يېزىپ چىقىڭ. ئاندىن ئاشۇ ئىشلارنى بىر-بىرلەپ قىلىشقا باشلاڭ. سىز زېرىكىشلىك ئىشلاردىن چوقۇم ئۆزىڭىزنى قاچۇرىسىز، ئەمما ئاشۇنداق قىلىش سىزنىڭ باشقا ئۆزىڭىزنى روھلاندۇرىدىغان ئىشلارنى قىلىشقا تۈرتكە بولىدۇ. ئەگەر سىز ھازىر ناھايىتى زېرىكىشلىك ئىشتىن بىرىنى قىلىشقا مەجبۇرى بولۇپ قالىدىكەنسىز، ئۇ ئىشنى ئۆزىڭىزنى ھاياجانغا سالىدىغان بىر ئىشقا ئايلاندۇرۇش چارىسىنى قىلىپ بېقىڭ. مۇنداق بىر تېخنىكىنى قوللىنىپ بېقىڭ: ھېلىقى ئىشنىڭ نەقەدەر قىيىن ئىكەنلىكىنى ئويلىماي، ئۇ ئىشنى قىلىش ئارقىلىق سىز قانداق پايدىلارغا ئېرىشىدىغانلىقىڭىزنى ئويلاڭ. ئېھتىمال سىز ئاشۇ ئىشنى قىلىش ئارقىلىق پۇلغا، نام-شۆھرەتكە، ياخشى يېمەكلىكلەرگە، ۋە باشقا نەرسىلەرگە ئېرىشىپ قېلىشىڭىز مۇمكىن.

## 10. ئەسكى ئىشنى قىلىشنى ياخشى ئىشنى قىلىشتىن تەسرەك قىلىپ قويۇش

سىزنىڭ بىر ئىككى قەۋەتلىك ئۆيىڭىز بار بولۇپ، سىز ئاستىنقى قەۋەتتە تېلېۋىزورنىڭ ئالدىغا قويۇلغان ساپادا ئولتۇرۇپ ئىشلەيسىز. ئەمما سىز ساپادا ئولتۇرغان ھامان تېلېۋىزورنى ئېچىپ، بىرەر پروگراممىنى كۆرىشنى ياخشى كۆرىسىز. سىز ئۈچۈن ساپادا ئىشلەش ياخشى ئىش، ئەمما ئۇ يەردە تېلېۋىزور كۆرۈش ئەسكى ئىش بولسۇن. مۇشۇنداق ئەھۋالدا سىز تېلېۋىزورنى يىراقتىن باشقۇرىدىغان كونتروللىغۇچنى ئۆيىڭىزنىڭ 2-قەۋىتىگە ئاچىقىپ قويۇڭ. يەنى، ئەسكى ئىشنى قىلىشنى ياخشى ئىشنى قىلىشتىن تەسراق قىلىپ قويۇڭ. بۇ بىر مىسال بولۇپ، سىز مۇشۇنداق بىر ئۇسۇلنى كۈندىلىك ھاياتىڭىزدا ئىشلەتسىڭىز بولىدۇ.

لېئو بابوتانىڭ ماقالىسىنىڭ مەزمۇنى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى.

## ئاخىرقى سۆز

مەن ئالدىنقى ماقالىدە ھاياتتىكى ھەر خىل قىيىن ئۆتكەللەر ۋە قىيىنچىلىقلارغا جەڭ ئېلان قىلىپ، ئۇلار ئۈستىدىن غالىپ كېلىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان تۆرتكىنى ئاجىزلاشتۇرىدىغان ھەر خىل ئامىللارنىڭ بارلىقىنى، ئۇلارنىڭ بىرى (يەنى 10 ـ ئامىل) بىزدە ئۆزىمىزنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىغا نىسبەتەن قاتتىق گۇمان پەيدا بولۇپ، ئۆزىمىز ئۈچۈن ھەر قانداق بىر ئىشنى قىلىشنىڭ ھېچ بىر ئەھمىيىتى يوق، دەپ ئويلاپ قېلىشىمىز ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. مەن ھازىر ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار ئىچىدە يۇقىرىقىدەك بىر ھالەتكە پېتىپ قالغان كىشىلەر ئاز ئەمەس، دەپ ئويلايمەن. ھەمدە ئۇنىڭ ئۈچۈن داۋاملىق ئېچىنىمەن ۋە ئازابلىنىمەن. ھازىرقى ئەمەلىيەت شۇكى، بىز يۇقىرىقىدەك بىر ياشاش يولىنى تاللاپ تۇرۇپ، ياكى ھۇرۇنلۇق قىلىپ تۇرۇپ، ئۆزىمىز دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرنى ئازراقمۇ ھەل قىلالمايمىز. ئۇنىڭ ئەكسىچە بىز تېخىمۇ يامان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىمىز. شۇنداق بولغاچقا، مەن ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز مەسئۇل بولۇش، ئۆز زىممىمىزدىكى مەسئۇلىيەتلەرنىڭ ھۆددىسىدىن ئۆزىمىز چىقىش ھېسسىياتى، روھى ۋە ئىرادىسى كۈچلۈك بولغان قېرىنداشلارنىڭ ئۆزلىرىدىكى ھۇرۇنلۇقنى يېڭىپ، توختاۋسىز ئالغا ئىلگىرلىشى ئۈچۈن ئالدىنقى ماقالە بىلەن مۇشۇ ماقالىنىڭ ئازراق ياردىمى بولىشىنى تولىمۇ ئۈمىد قىلىمەن.

## پايدىلىنىش ماتېرىيالى:

[1] Ten Ways to Make Laziness Work for You
http://www.bspcn.com/2007/06/16/ ... s-work-for-you/

# تارتىنچاقلىق ۋە ئۇنى يېڭىش ئۇسۇللىرى

2015 - يىلى 9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى

مەن يېقىندا ۋەتەندىكى بىر ئوقۇغۇچى ئىنىمىزدىن مۇنداق بىر پارچە قىسقا خەت تاپشۇرۇپ ئالدىم: **«ئەسسالامۇ-ئەلەيكۇم ئەركىن سىدىق ئاكا، مەن بىر ئالىي مەكتەب ئوقۇغۇچىسى. ئاساسىي مەقسەتنى دېسەم، مەن مەكتەپتە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە ئانچە ياخشى ئەمەس. مەندە بەزى بىر پسىخىكىلىق مەسىلىلەرمۇ بار. مەسىلەن، مەن باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئاسانلا تەمترەيمەن، ئاشخانىغا كىرسەممۇ ماڭا خۇددى ھەممە ئادەملەر ماڭا قاراۋاتقاندەك، ۋە مەن توغرۇلۇق بىر نەرسە دەۋاتقاندەك بىلىنىدۇ. ئۆزۈمنىڭ تونۇشلىرىدىن باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئۆزۈمنى ئەركىن تۇتالمايمەن. يەنە قىزلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەردىمۇ يۈقىرىقىدەك ئەھۋاللار بار. بۇنى ھەل قىلىش توغرىسىدا تەكلىپ بىرەلەرسىزمۇ؟»**

مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋاللىرى توغرىسىدا ماڭا بۇرۇنمۇ بىر قانچە ئۇكىلار خەت يازغان ئىدى. ئەمەلىيەتتە ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا، مەنمۇ ناھايىتى تارتىنچاق ئىدىم. ئۇ چاغدا مېنىڭ مەكتەپ چوڭ يىغىنلىرىدا ئوقۇغۇچى ۋەكىلى بولۇپ سۆزگە چىققان ۋاقتىم كۆپ بولغان بولۇپ، ھەر قېتىم مۇنبەرگە چىقىپ، يېزىۋالغان نۇتۇق تېكىستىنى ئوقۇپ بولغىچە، تارتىنىپ پۈتلۈرۈم تىترەپ كېتەتتى. بەزىدە نۇتۇق تېكىستىنى ئوقۇۋېتىپ، «مەن ھازىر نەدە؟ نېمە ئىش قىلىۋاتىمەن؟» دەپ ئويلاپ كېتەتتىم. يەنە بەزىدە بولسا ئۆزۈمگە خۇددى ئىككى پۇتۇم ئاسمانغا، بېشىم يەرگە قاراپ قالغاندەك تۇيۇلاتتى. شۇ چاغدا مەن بىز بىلەن ئوخشاش قارارلىدىكى مەكتەپ قىز ئارتىسلىرىنىڭ تەنەپپۇس ۋاقىتلىرىدا مەكتەپ ئىچىدە بىر يەردىن يەنە بىر يەرگە كېتىپ بېرىپ، ئۇسۇل ئويناپ مېڭىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. شۇ چاغدا كاللامدا «ئادەم ئارتىس بولسا، تارتىنماس ياكى ئەيمەنمەس بولغىلى بولىدىكەن» ، دېگەن خىيال پەيدا بولدى. شۇنىڭ بىلەن مەن مەكتەپ رەھبەرلىرىگە ئۆزۈمنىڭ ئارتىس

بولغۇسى بارلقنى ئېيتتىم. ئەمما ئۇ چاغدا مېنىڭ ناھايىتى ئېغىر ئوقۇغۇچى خىزمىتى ۋەزىپىلىرىم بار بولغاچقا، مەكتەپ رەھبەرلىرى مېنىڭ بۇ تەلىپىمنى رەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن مەن «ئارتىس بولالمىغان يىگىت» بولۇپ تۇرۇپ قالدىم.

شۇڭلاشقا مەن بۇ قېتىم تورلارنى ئىزدەپ، بىر پسىخولوگىيە ئىلمى مۇتەخەسسىسى مەخسۇس مۇشۇنداق مەسىلە ئۈستىدە توختالغان بىر پارچە قىسقا ماقالىنى تاپتىم. مەن مەزكۇر يازمىدا ئاشۇ ماقالىنىڭ مەزمۇنىنى تونۇشتۇرىمەن. ئەسلىدىكى ماقالىنىڭ تېمىسى «تارتىنچاقلىق ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتىكى ئەندىشىنى يېڭىشنىڭ 7 خىل ئۇسۇلى» بولۇپ (David Shanley) دەيۋىد شانلېي دوكتورى پسىخولوگىيە ئۇنى [1]، يازغان، ھەمدە يەنە بىر پسىخولوگىيە دوكتورى ۋە مۇتەخەسسىسى ئوقۇپ تەستىقلىغان. دەيۋىد ھازىر بىر پسىخولوگىيە دوختۇرى بولۇپ، ئۇ چوڭلاردىكى ئەندىشىلىك روھىي كېسەللىك ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتىكى ئەنسىرەش كېسەللىك قاتارلىقلارنىڭ مۇتەخەسسىسى ئىكەن [2].



1 ـ رەسىم: تارتىنچاقلىق

تۆۋەندىكىسى دەيۋىدنىڭ ماقالىسىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى.

مۆلچەرلىنىشچە 17 مىليون ئامېرىكىلىقلار ئۆز ھاياتلىرىنىڭ مەلۇم بىر مەزگىلىدە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە ئەنسىرەش كېسىلى (social anxiety disorder) گە گىرىپتار بولغانلارنىڭ شەرتىگە چۈشىدىكەن. تارتىنچاقلىقنىڭ دەردىنى تارتىۋاتقان چوڭلارنىڭ سانى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئېشىپ چۈشىدۇ. تەلىيىمىزگە يارىشا، تارتىنچاقلىق ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە ئەنسىرەش كېسىلىنى يېڭىپ، ئۆز-ئۆزىدە ئىشەنچ تۇرغۇزۇشنىڭ بىر قىسىم ئۈنۈملۈك ئىستراتېگىيىلىرى بار.

## 1. ئىش قىلغاندا ئۆز-ئۆزىگە ئىشىنىش

ئۆز-ئۆزىگە بولغان ئىشەنچ ئەمەلىي ئىش-ھەرىكەت، ئۆگىنىش، مەشىق قىلىش، ۋە يېڭى قابىلىيەتلەرنى يېتىلدۈرۈشتىن كېلىدۇ. بۇ خۇددى ۋېلسىپىت مىنىشنى يېڭى ئۆگەنگەن ۋاقتىڭىزدىكى ئەھۋال بىلەن ئوخشاش. ۋېلسىپىت مىنىش دەسلەپتە ناھايىتى قورقۇنچلۇق بىر ئىشتەك تۇيۇلىدۇ. ئەمما سىز غەيرەتكە كېلىپ، ئۇنىڭغا مېنىپ سىناپ باققاندىن كېيىن، سىزنىڭ بۇ ئىشنى قىلالايدىغانلىقىڭىزغا كۆزىڭىز يېتىپ، سىزدە ئۆز-ئۆزىڭىزگە بولغان ئىشەنچ پەيدا بولىدۇ. ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتىكى ئۆزىگە بولغان ئىشەنچمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش يېتىلىدۇ. سىزدە ئەنسىرەش تۇيغۇسىنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقى بىر مەسىلە ئەمەس، ئەمما ئىجتىمائىي ئالاقىدىن ئۆزىڭىزنى تارتىش بىر مەسىلە. ئىجتىمائىي ئالاقىدىن ئۆزىڭىزنى تارتىشنى توختاتسىڭىز، سىز چوقۇم ئۆزىڭىزدىكى ئەندىشىنى يېڭەلەيسىز.

## 2. ھەر خىل ئىشلارغا قاتنىشىش

تاماققا ئۆچىرەت تۇرغان ۋاقتىڭىزدا قېشىڭىزدىكى كىشىلەر بىلەن پاراڭلىشىڭ، ھەمدە سىرتلاردىكى ئادەملەر توپى ئىچىدە يۈرگەن ۋاقتلىرىڭىزدا سىز تونۇمايدىغان ئادەملەر بىلەن سۆزلىشىڭ. ئۇنىڭدىن باشقا، قارشى جىنستىكى سىز ياخشى كۆرگەن كىشىڭىزگىمۇ يېقىنلىشىڭ. ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىڭ. ئۇنى ئۇسۇلغا تارتىڭ. ئۇنى سىرتقا چىقىپ سىز بىلەن بىللە سەيلە قىلىشقا تەكلىپ قىلىڭ.

كىشىلىك ھايات ناھايىتىمۇ قىسقا بولىدۇ. ئەگەر سىز رەت قىلىنسىڭىز، ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماڭ. يەر شارىدا 7 مىليارد ئادەم بار. سىز ئاشۇ 7 مىليارد ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنى ياخشى كۆرۈپ كەتمەيسىز.

ئۇلارنىڭ ھەممىسىمۇ سىزنى ياخشى كۆرۈپ كەتمەيدۇ. بىر ئاز تەۋەككۈلچىلىك قىلىپ، يېڭى ئادەملەر بىلەن تونۇشۇڭ.

## 3. يېڭى ئىشلارنى سىناپ بېقىش

ئوقۇغۇچىلار كۇلۇبى، بىر تەنھەرىكەت ئەترىتى، ياكى بىر ئوقۇش نەتىجىسىنى ياخشىلاش سىنىپى دېگەنگە ئوخشاشلارغا قاتنىشىڭ. ئۆزىڭىزگە بىر يېڭى پروجېكت (تەتقىقات ياكى ئىش تۈرى) نى تاللىۋېلىڭ، خىزمەتتىكى بىر ئېغىر ۋەزىپىنى ئۆز ئۈستىڭىزگە ئېلىڭ، ياكى بولمىسا يېڭى ماھارەتتىن بىرنى ئۆگىنىڭ. سىزنى ئۆزىڭىزدىكى «راھەت رايونى» نىڭ سىرتىغا چىقىشقا مەجبۇرلايدىغان ئىشلاردىن بىرەرنى قىلىڭ.

تارتىنچاقلىقنى يېڭىشنىڭ ئۇسۇللىرىنىڭ بىرى، ئۆز تۇرمۇشىڭىزنىڭ بىر قانچە ساھەسىدە ئۆز-ئۆزىڭىزگە بولغان ئىشەنچنى يېتىلدۈرۈپ، ئەنسىرەش، مەغلۇپ بولۇش ئەندىشىسى، رەت قىلىنىش ئەندىشىسى، ياكى يۈزى تۆكۈلۈش ئەندىشىسىنىڭ سىزنىڭ يولىڭىزنى توسۇۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىن ئىبارەت. سىز يېڭى پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش ياكى يېڭى ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىش ئارقىلىق، سىز مەنبەسىنى بىلمەيدىغان ئەندىشىگە تاقابىل تۇرۇپ، ئەنسىرەش تۇيغۇسىنى يېڭىشنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلىنى ئۆگىنىۋالالايسىز.

## 4. سۆزلەش

ھەر بىر پۇرسەتتىن تولۇق پايدىلىنىپ، نۇتۇق سۆزلەش، دوكلات بېرىش، چاقچاق قىلىش ياكى ھېكايە ئېيتىش ئىشلىرىنى مەشىق قىلىڭ. تۇرمۇشىڭىزنىڭ ھەممە ساھەسىدە كۆپرەك سۆزلەيدىغان ۋە ئۆز ئىدىيىلىرىڭىزنى كۆپرەك بايان قىلىدىغان بولۇڭ. مەيلى سىز خىزمەت ئورنىدا بولۇڭ، دوستلىرىڭىز بىلەن بىللە بولۇڭ، ناتونۇش ئادەملەر بىلەن بىللە بولۇڭ، ياكى كوچىدا يول مېڭىپ كېتىۋاتقان بولۇڭ، بۇرۇنقىغا قارىغاندا تېخىمۇ ئاشكارە سۆزلەشنى مەشىق قىلالايسىز. كىشىلەرگە ئۆز ئاۋازىڭىزنى ۋە ئۆز ئىدىيىلىرىڭىزنى ئاڭلىتىڭ.

ئۆز-ئۆزىگە ئىشەنچىسى بار كىشىلەر باشقىلارنىڭ ئۆزى دېگەن گەپنى ياقتۇرۇش ياكى ياقتۇرماسلىقىغا ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمەيدۇ. ئۇلار باشقىلار بىلەن ئورتاقلىشىش ئۈچۈن ئۆز كۆڭلىدىكى گەپلەرنى دەيدۇ،

پاراڭلارغا ئارىلىشىدۇ، ۋە باشقىلار بىلەن مۇناسىۋەتلىشىدۇ. سىزمۇ شۇنداق قىلالايسىز. ئەندىشە ۋە تارتىنچاقلىق سۆزلىمەي جىم تۇرۇشقا سەۋەب بولالمايدۇ.

## 5. باشقىلارغا ئۆزىنى باھالاش پۇرستى يارىتىپ بېرىش

باشقىلارنىڭ ئۆزىگە ناتوغرا باھا بېرىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەش ئىجتىمائىي ئەندىشە ۋە تارتىنچاقلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئاشۇنداق ئەندىشىنى يېڭىشنىڭ بىردىن-بىر ئۇسۇلى باشقىلارنىڭ باھالاش ئوبيېكتى بولۇپ بېرىشتىن ئىبارەت. بۇ ئىشنى ئۆزىڭىز بىلەن يېقىن ئۆتىدىغان ۋە سىز ئىشىنىدىغان ئادەملەر بىلەن مەشىق قىلىپ بېقىڭ. سىز مۇشۇنداق مەشىقنى قانچە كۆپ قىلغانسېرى، باشقىلار سىزنى ئۆزلىرىگە تېخىمۇ يېقىن كۆرىدۇ، ھەمدە سىز ئاشۇنداق كىشىلىك مۇناسىۋەتتىن تېخىمۇ كۆپ ھۇزۇر ۋە قىممەتكە ئېرىشەلەيسىز. شۇنىڭ بىلەن سىز ئۆز-ئۆزىڭىزگە ۋە ئىجتىمائىي ئالاقىلەرگە تېخىمۇ ئىشىنىدىغان بولىسىز.

باشقىلارغا سىزنى باھالاش پۇرستى يارىتىپ بېرىش سىزدە باشقىلارنىڭ ئۆزىڭىزنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى بىلىۋېلىشىغا يول قويۇش ئىستىكىنىڭ بار بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۆزىڭىزنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىدىن پەخىرلىنىڭ. سىز قانچە سەمىمىي بولسىڭىز ۋە باشقىلارغا سىزنى باھالاش پۇرستىنى قانچە كۆپ يارىتىپ بەرسىڭىز، باشقىلار سىزنىڭ ئاشۇنداق ئەخلاقىڭىزدىنمۇ شۇنچە بەك سۆيۈنىدۇ.

## 6. ئۆز-ئۆزىگە ئىشىنىدىغان بەدەن تىلىنى نامايان قىلىشنى مەشىق قىلىش

بىر ئادەم بىلەن سۆزلەشكەندە، ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ سۆزلەڭ. يول ماڭغاندا بېشىڭىزنى ئېگىز كۆتۈرۈپ مېڭىڭ. سۆزلىگەندە كۆڭلىڭىزنى ئېنىق ۋە ئۈنۈملۈك بايان قىلىڭ. باشقىلار بىلەن قول تۇتۇشۇپ ياكى قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈڭ. باشقىلار بىلەن سۆزلىشىۋاتقاندا، ئۇلارغا يېقىن تۇرۇڭ.

## 7. ئەتراپىدىكىلەرنىڭ گەپ-سۆزلىرىگە قاتتىق دىققەت قىلىش

ئەتراپىڭىزدا بولۇۋاتقان ئىشلارنى ئېنىق بىلىپ تۇرۇڭ. ئۇخلاپ قالماڭ. ھەممە ۋاقىتتا ئۆزىڭىزنىڭ تەپەككۇرلىرى، ھېسسىياتلىرى،

سىزنىڭ سېزىملىرى ۋە ئەسلىمىلىرىنى بىلىپ تۇرۇڭ. سەرگۈزەشتىلىرىڭىزنىڭ ئىچىدە سىز يوشۇرمىسىڭىز ياكى ئۆزىڭىزنى تارتمىسىڭىز بولمايدىغان قىسمى يوق. ئۆزىڭىزنى ۋە ئەتراپىڭىزدىكى دۇنيانى قەدىرلەشنى ئۆگىنىڭ. «قورقۇنچلۇق» ئىدىيىلەر ۋە ھېسسىياتلارنىمۇ قەدىرلەڭ، ھەمدە ئۇلارنى باھا بەرمەي تۇرۇپ ئەستە تۇتۇڭ.

سىز ھەر بىر پەيتنىڭ ئىچىدە تولۇق مەۋجۇت بولۇپ تۇرغاندا، ئىجتىمائىي ئالاقىلەر سىز ئۆزىڭىزنى قاچۇرۇشقا تېگىشلىك بىر ئىش ئەمەسلىكىنى تونۇپ يېتىسىز. سىز پاراڭلارغا ۋە ئۆز مۇھىتىڭىزدىكى ھەر خىل ئۇچۇرلارغا ھەقىقىي تۈردە دىققەت قىلىپ تۇرىۋاتقان بولغاچقا، سىزنىڭ ئىپادىڭىز بۇرۇنقىدىن ياخشىراق بولىدۇ. كۆپلەپ مەشىق قىلىپ بېرىش ئارقىلىق سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئەتراپىدىكى دۇنيادىن ئۆگىنىپ يېتىلدۈرگەن ئىجتىمائىي ئىقتىدارلىرىڭىزنى توختاۋسىز ھالدا ياخشىراق ئىشقا سېلىپ ۋە ئۇلارنى تېخىمۇ ياخشىلاپ، ئەڭ ئاخىرىدا ئۆز-ئۆزىڭىزگە تولۇق ئىشىنىدىغان بولالايسىز.

## پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:


[1] 7 Ways to Overcome Shyness and Social Anxiety
http://psychcentral.com/blog/arc ... social-anxiety/

[2] http://www.drdavidshanley.com/

# قەلب خەرىتىسى ئارقىلىق مېڭىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ھەققىدە

2016 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى

يېقىندا مەن بىر قېرىندىشىمىزدىن مۇنداق بىر پارچە ئېلخەت تاپشۇرۇپ ئالدىم (نەقىل): **«ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم. بىلمخۇمار ئەپەندى. قىممەتلىك ۋاقتىڭىزنى چىقىرىپ، بىزلەر زۆرۈر ھەم ئېھتىياجلىق بولغان ماقالىلەرنى يېزىپ، بىزنى يېڭى بىلىملەرگە ئېرىشتۈرگىنىڭىزگە كۆپ رەھمەت. بىز شەخسىيساپانى ئۆستۈرۈشكە سەل قاراۋاتىمىز. ۋاقىتنى باشقۇرۇش، يېڭىلىق يارىتىش ھەققىدىكى ماقالىلىرىڭىز دەل بىز ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقان بىلىملەر. چوڭ مېڭىنىڭ ئىشلەش پرىنسىپى ئاساسىدا ئوتتۇرىدا قويۇلغان ‹تەپەككۇر سخېمىسى› (mind map) نىڭ قوللىنىش دائىرىسى كەڭ ھەمدە چوڭ مېڭىنىڭ ئىقتىدارىنى ئەڭ چوڭ دەرىجىدە قوللانغىلى بولىدىكەن. بولسا مۇشۇ توغرىلىق ماقالىلىرىڭىز بىلەن تەمىنلىگەن بولسىڭىز. تېنىڭىز سالامەت بولسۇن!»**

بۇ قېرىندىشىمىز سورىغان ئىلىم غەربتە بىر قەدەر ئومۇملاشقان، جۇملىدىن مەنمۇ ئۆز خىزمىتىمدە ئىشلىتىپ تۇرىدىغان بىر ئۇقۇم بولۇپ، يۇقىرىدىكى ئېلخەتنى ئوقۇغاندىن كېيىن مەن تورلاردىن بىر ئاز ئىزدىنىپ باقتىم. ھەمدە ئاشۇ ئىلىمنىڭ ئىلمىي ئاساسىنى چۈشەندۈرىدىغان ناھايىتى ئوبدان مەزمۇنلارنى تاپتىم. مەزكۇر ماقالىدە مەن ئاشۇ مەزمۇنلارنى تونۇشتۇرىمەن.

ئىنگلىزچە «mind map» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى «قەلب خەرىتىسى» بولۇپ، ئىنگلىزچە «mind mapping» دېگەن سۆزنى مەن «قەلبنى سخېملاش»، دەپ ئالىمەن. مېنىڭ مەزكۇر ماقالىدە تونۇشتۇرىدىغىنىم ئەنە شۇ «قەلبنى سخېملاش» ئىلمىدىن ئىبارەت. قەلب خەرىتىسى ئۇقۇمى غەربتە 1960 ـ يىللىرىدىلا ناھايىتى كەڭ تارقالغان بولۇپ، ھازىرغىچە بۇ ئىلىم ھەققىدە خېلى كۆپ ئىلمىي تەتقىقاتلارمۇ ئېلىپ بېرىلغان ئىكەن. مەن بۇ قېتىم پايدىلانغان ماقالىلەرنىڭ ئىچىدىكى

ئىنگلىزچە «قەلبنى سخېملاش نېمە ئۈچۈن ئۈنۈم بېرىدۇ؟» دېگەن ماقالىدە [1] 13 پارچە ئىلمىي ماقالە «پايدىلىنىدىغان ماتېرىياللار» قىلىپ كۆرسىتىلىپتۇ.

مەن بۇ قېتىمقى ئىزدىنىش جەريانىدا ئىنگلىز تىلىدا سۆزلىشىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن تەييارلانغان «قەلبنى سخېملاش» نىڭ ھەر خىل يۇمتاللىرى بارلىقىنىمۇ بايقىدىم.



1 ـ رەسىم: قەلب خەرىتىسىنىڭ بىر مىسالى —— سالامەتلىك.

تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنى مەن «قەلبنى سخېملاش نېمە ئۈچۈن ئۈنۈم بېرىدۇ؟» [1] ۋە «قەلب خەرىتىسىدىن پايدىلىنىپ، مېڭىڭىزنىڭ ئىجادىي قابىلىيىتى ۋە يوشۇرۇن كۈچىدىن تولۇق پايدىلىنىڭ» [2] دىن ئىبارەت ئىككى پارچە ئىنگلىزچە ماقالىلەردىن پايدىلىنىپ تەييارلىدىم.




2 ـ رەسىم: ئىنگلىزچە قەلب خەرىتىسىنىڭ ھەر خىل مىساللىرى.




3 ـ رەسىم: مەن 1982 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىتا «مۇۋەپپەقىيەت = تالانت + تىرىشچانلىق + پۇرسەت» دېگەن «مۇۋەپپەقىيەت تەڭلىمىسى» نى تۈزگەن ئىدىم [3]. بۇ يەردە مەن مەزكۇر ماقالە ئۈچۈن ئاشۇ تەڭلىمىنى ئازراق كېڭەيتىپ، ئۇنى بىر «قەلب خەرىتىسى» قىلىپ سىزىپ باقتىم.

## 1. قەلب خەرىتىسىنىڭ پايدىلىرى

**مەن بۇ يەردە 1 ـ مەنبەدىكى مەزمۇنلارنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.**

### (1) رادىئاتسىيلىك تەپەككۇر (Radiant Thinking)

ئىنسانلارنىڭ مېڭىسى سىزىقسىمان شەكىلدە ئىشلىمەي، بىر رادىئاتسىيلىك شەكىلدە، يەنى خۇددى بىر نۇقتىدىن پۈتۈن ئەتراپقا نۇر چاقناپ تارقىلىۋاتقان ۋاقىتتىكى بىلەن ئوخشاش شەكىلدە ئىشلەيدۇ. قەلب خەرىتىسىدە ئۇچۇرلار ئىنسان مېڭىسىنىڭ ئاشۇنداق ئىشلەش ئۇسۇلىغا ماس ھالدا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولىدۇ. يەنى ئۇنىڭدا سىز تەپەككۇرىڭىزنى كۆرۈپ يېلىغۇچى، باغلىغۇچى ۋە پەيدا قىلغۇچىلارنى ئىشلىتىش ئارقىلىق بىر سخېما ياكى خەرىتە شەكلىدە ئىپادىلەيسىز. شۇنىڭ بىلەن بۇ قەلب خەرىتىسى تېخىمۇ چوڭقۇر ئىدىيىلەرنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. قەلب خەرىتىسى مېڭىڭىزدىكى ئىدىيىلەرنى تارتىپ چىقىرىپ، ئۇلارنى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان ۋە رەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇلغان بىر نەرسىگە ئايلاندۇرىدۇ.

تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ كۆرسىتىشىچە، ئىنسان مېڭىسى ئىدىيىلەرنى كۆرۈپ يېلاش ئاساسىدا ئىشلەشكە مايىل بولۇپ، ئۇ ھەر بىر ئىدىيە، ۋە ئەستە ساقلانغان مەلۇمات ياكى ئۇچۇرنى باشقا ئونلىغان، يۈزلىگەن ۋە مىڭلىغان ئىدىيە ۋە ئۇچۇرلار بىلەن باغلايدۇ.

### (2) ئەستە ساقلانغان مەلۇمات (Memory)

قەلبنى سخېملاش جەريانى ئوخشىتىش، رەڭ، كۆرۈنۈش ۋە بوشلۇق قاتارلىقلارنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ كۆرسىتىشىچە، خاتىرە قالدۇرۇش ۋە يادلاش بىلەن سېلىشتۇرغاندا، قەلب خەرىتىسى ئەستە تۇتۇش ۋە يادىغا كەلتۈرۈش جەريانىنىڭ ئۈنۈمىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرىدۇ.

### (3) يېڭىلىق يارىتىش (Creativity)

قەلب خەرىتىسى يېڭىلىق يارىتىشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، ھەمدە يېڭى ئىدىيىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش (brainstorming) يىغىنلىرىدا سىزنىڭ يېڭى نەرسىلەرنى ئويلاپ چىقىشىڭىزنى ئاسانلاشتۇرىدۇ. قەلب خەرىتىسى كىچىك ۋە ناھايىتى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ يېڭى ئىدىيىلەرنى ئويلاپ چىقىش سۈرئىتىنى تېزلەشتۈرىدۇ. ئىدىيىلەرنىڭ بوشلۇقتىكى تىزىلىش قۇرۇلمىسى سىزنىڭ بارلىق ئىدىيىلەرنى بىرلا ۋاقىتتا تېز سۈرئەتتە كۆزدىن كەچۈرۈپ، يېڭى باغلىنىشلارنى ئاسان چۈشىنىپ، شۇ ئاساستا سانسىزلىغان

يېڭى ئىدىيە، تەپەككۇر، باغلىنىش ۋە گۇرۇپپىلاشلارنى ئويلاپ چىقىشىڭىزغا تۈرتكە بولىدۇ.

### (4) ئۆگىنىش (Learning)

قەلب خەرىتىسى كۆڭۈللۈك، قىزىقارلىق ۋە كىشىنى ئىلھاملاندۇرىدىغان ئۆگىنىش ئۇسۇللىرىنىڭ بىرى. قەلب خەرىتىسىنى ياساپ چىقىشتا رەڭ، بەلگە، ھالقىلىق سۆز ۋە لايىھە جەھەتتە تالالاشلار كۆپ بولغانلىقتىن، ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارلىرىنى جارى قىلدۇرالايدۇ. قەلب خەرىتىسى يەنە ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىنىپتا ئۆتۈلگەن مەزمۇنلارنى ھەزىم قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئىشەنچىنى كۈچەيتىدۇ.

### (5) ئوقۇتۇش (Teaching)

قەلب خەرىتىسى ئوقۇغۇچىلارنىڭ چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرىدىغان بىر ئۈنۈملۈك ئوقۇتۇش قورالىدۇر. قەلب خەرىتىسىنى ئىشلىتىپ، بىر دەرس پىلانىنى بىر پارچە رەسىم بىلەن چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ. قەلب خەرىتىسىدىن پايدىلىنىپ، ئوقۇغۇچىلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئوقۇش پىلانلىرىنى ئۆز ئەركىنلىكىنى جارى قىلدۇرغان ئاساستا تۈزۈپ چىقالايدۇ.

قەلب خەرىتىسىنىڭ مۇقىم قېلىپى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ سىنىپلاردا ئىشلىتىشكىمۇ ناھايىتى ماس كېلىدۇ. ئۇ باللارنىڭ يېڭى ساھەلەرنى تەكشۈرۈش ۋە يېڭى ئىدىيىلىرىنى باشقىلارغا چۈشەندۈرۈشتىكى ئۈنۈملۈك قورالىمۇ بولالايدۇ. باللار ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئۆز ئىدىيىلىرىنى ياخشى تىزىپ چىقالايدۇ، ھەمدە ئۇچۇرلارنى ئېنىق ۋە قىزىقارلىق قىلىپ ئوتتۇرىغا قويالايدۇ. قەلب خەرىتىسى باللار ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنىمۇ ئىلگىرى سۈرىدۇ.

### (6) دوكلات بېرىش (Presentation)

دوكلات بەرگەندە كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئىشقا سېلىپ ھەزىم قىلىدىغان نەرسىلەر بىلەن سۆزلەرنى بىرلەشتۈرۈشنىڭ پايدىسى كۆپ بولىدۇ. يەنى، ئېغىز تىلى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، «كۆز تىلى» (visual language) تېخىمۇ ئېنىق، ئىخچام، قىزىقارلىق، كەسپىي، ئىشەنچلىك ۋە ياخشىراق

تەييارلانغان بولغاچقا، ئۇنى چۈشىنىش ئېغىز تىلىنى چۈشىنىشتىن ئاسانراق بولىدۇ.

### (7) ھەمكارلىشىش (Group Collaboration)

قەلب خەرىتىسى باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، يېڭى پىلانلارنى تۈزۈش ياكى ھالقىلىق پروجېكت (تۈر) لەرنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ناھايىتى ئېسىل قورالىدۇر. سىز ئۇ ئارقىلىق بىر گۇرۇپپا كىشىلەرنىڭ ئىدىيىلىرىنى بىر دىنامىك ۋە ئىجادكارلىققا باي ئۇسۇلدا توپلىيالايسىز. ھەممە ئىدىيىلەرنى بىر قەلب خەرىتىسىدىكى مۇۋاپىق ئورۇنغا قويۇپ، ئۇلار ئۈستىدە ئوچۇق-ئاشكارا مۇزاكىرە ئېلىپ بارالايسىز.

### (8) مەسىلە ھەل قىلىش (Problem Solving)

قەلب خەرىتىسى كىشىلەرنىڭ مەسىلىلەر ئۈستىدە ئېنىق ئويلىنىشىغا، ھەر خىل ئىدىيىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى توغرا چۈشىنىشىگە، ۋە شۇ ئاساستا مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىغا ياردەم قىلىدۇ. ئۇ سىزنىڭ بىر مەسىلىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى تولۇق كۆرۈپ، شۇ ئاساستا سىز پايدىلىنالايدىغان تاللاشلار ئۈستىدە ياخشى ئانالىز يۈرگۈزۈشىڭىزنى ياخشى ئىمكانىيەتكە ئىگە قىلىدۇ. شۇنداقلا ئۇ سىزنىڭ يېڭى بىلىملەرنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۇچۇرلارنى لوگىكىلىق ھالدا ئورۇنلاشتۇرۇپ چىقىشىڭىزنى ئاسانلاشتۇرىدۇ.

كىشىلەرنىڭ سول مېڭىسى سۆز، لوگىكا، سان ۋە تىز سىزىقلىق جەريانىنى بىر تەرەپ قىلىدىغان بولۇپ، ئوڭ مېڭىسى بولسا ئەگرى سىزىقلىق جەريان، رەڭ، رىتىم، كۆرۈنۈش ۋە بوشلۇقنى بىر تەرەپ قىلىدۇ. قەلب خەرىتىسى سول مېڭە قابىلىيەتلىرى بىلەن ئوڭ مېڭە قابىلىيەتلىرىنى بىر يەرگە يىغىپ، ئىككى مېڭىنىڭ فۇنكسىيىلىرىنى تېخىمۇ ياخشى ماسلاشتۇرىدۇ. شۇ ئارقىلىق مېڭىنىڭ ئىش ئۈنۈمىنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىگە كۆتۈرىدۇ.

## 2. قەلب خەرىتىسى ياساشنىڭ قەدەم-باسقۇچلىرى [2]

1-- ) خەرىتە سىزىشنى قەغەزنىڭ ياكى ئېكراننىڭ ئەڭ ئوتتۇرىسىدىن باشلاڭ. شۇنداق قىلسىڭىز تارماق ئىدىيىلەرنى ئۆزىڭىز خالىغانچە قوشالايسىز.

ـ ـ2) مەركىزىي ئىدىيىنى بىر رەسىم بىلەن ئىپادىلەڭ. چۈنكى، بىر رەسىم مىڭ سۆزگە تەڭ بولۇپ، ئۇ سىزنىڭ تەپەككۇرىنى تولۇق ئىشقا سېلىشىڭىزغا ياردەم قىلىدۇ. بىر مەركىزىي رەسىم قىزىقارلىق بولۇپ، ئۇ سىزنىڭ دىققىتىڭىزنى بىر يەرگە يىغىشىڭىزنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ.

ـ ـ3) ئوخشىمىغان رەڭلەرنى ئىشلىتىڭ. چۈنكى، رەڭلەر مېڭىڭىز ئۈچۈن خۇددى بىر رەسىمگە ئوخشاشلا قىزىقارلىق بولىدۇ. ئوخشىمىغان رەڭلەر قەلب خەرىتىسىنى يېڭىچە ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىپ، سىزنىڭ تەپەككۇرىڭىزغا ناھايىتى زور ئېنېرگىيە قوشىدۇ.

ـ ـ4) ئاساسىي تارماقلارنى مەركىزىي رەسىم بىلەن تۇتاشتۇرۇڭ. ئاندىن 2ـ دەرىجىلىك تارماق، 3ـ دەرىجىلىك تارماق قاتارلىقلارنى ئىشلىتىڭ. سىزنىڭ مېڭىڭىز گۇرۇپپىلاش ئاساسىدا ئىشلەيدۇ. ئۇ ئىككى ۋە ئۇنىڭدىن كۆپ نەرسىلەرنى گۇرۇپپىلاشقا مايىل كېلىدۇ. ئەگەر سىز تارماقلارنى تۇتاشتۇرىدىكەنسىز، سىزنىڭ چۈشىنىشىڭىز ۋە ئەستە قالدۇرۇشىڭىز كۆپ ئاسانلىشىدۇ.

ـ ـ5) تارماقلارنى تۇتاشتۇرۇش ئۈچۈن تۈز سىزىق ئىشلەتمەي، ئەگرى سىزىق ئىشلىتىڭ. چۈنكى، تۈز سىزىق مېڭىڭىز ئۈچۈن بىر زېرىكىشلىك نەرسە بولۇپ تۇيۇلىدۇ.

ـ ـ6) ھەر بىر سىزىقتا پەقەت بىرلا ھالقىلىق سۆز ئىشلىتىڭ. شۇنداق قىلسىڭىز قەلب خەرىتىسى تېخىمۇ كۈچلۈك ۋە ماسلاشقان بولىدۇ.

ـ ـ7) قەلب خەرىتىسىنىڭ ھەممە يەرلىرىدە رەسىم، كۆرۈنۈش ۋە بەلگىلەرنى ئىشلىتىڭ. چۈنكى، خۇددى مەركىزىي رەسىمگە ئوخشاشلا ھەر بىر رەسىم مىڭ سۆزگە باراۋەر بولىدۇ. ئەگەر سىزنىڭ قەلب خەرىتىڭىزدە 10 پارچە رەسىم بار بولىدىكەن، ئۇ خەرىتە 10, 000 سۆزنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ.




4ـ رەسىم: «قەلب خەرىتىسى» سىزىشنىڭ ئۇسۇلىنى چۈشەندۈرىدىغان بىر پارچە ئىنگلىزچە قەلب خەرىتىسى [2].

## 3. قەلب خەرىتىسىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان باشقا تېخنىكىلار

مەن ئۆزۈمنىڭ بۇرۇنقى «غەربلىكلەرنىڭ يېزىش ئۇسلۇبى» [4] دېگەن يازمىسىدا ئىجتىمائىي پەن ئۇقۇملىرىنى رەسىم بىلەن چۈشەندۈرىدىغان «رەسىملىك تەشكىللىگۈچىلەر» ۋە «ئۇقۇم خەرىتىسى» دېگەن ئۇقۇملارنى قىسقىچە تونۇشتۇرغان ئىدىم. ئاشۇ ئۇقۇملار «قەلب خەرىتىسى» ئىلمى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئۇلاردىن باشقا يالغۇز تەبىئىي-پەن، تېخنولوگىيە ۋە ئىنژېنېرلىق ساھەسىدىلا ئىشلىتىلىدىغان، ھەمدە تەبىئىي-پەن بىلەن ئىجتىمائىي-پەن ساھەلىرىنىڭ ھەر ئىككىسىدە ئىشلىتىلىدىغان يەنە بىر قىسىم رەسىملىك قوراللار بار بولۇپ، مەن تۆۋەندە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھازىر ئېسىمگە كەلگەنلىرىنى قىسقىچە تىلغا ئېلىپ ئۆتىمەن.

(1)«كاتەكچە سخېما» (block diagram): ئۇنى كىشىلەر تەبىئىي-پەن ۋە ئىجتىمائىي-پەن ساھەلىرىنىڭ ھەر ئىككىسىدە ئىشلىتىدۇ. بۇنداق رەسىمدە ھەر بىر كاتەكچە بىر خىل ئايرىم فۇنكسىيىگە ياكى بىر ئايرىم قەدەم-باسقۇچقا ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇ قورال ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر ئۈچۈنمۇ قىممەتلىك بولۇپ، مەن ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ قەلب خەرىتىسى بىلەن كاتەكچە سخېمىنى كەڭ تۈردە قوللىنىشقا باشلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.




5-رەسىم: مېنىڭ ماقالە يېزىش ۋە ئۇنى تورلارغا چىقىرىشىمدىكى قەدەم-باسقۇچلارنى چۈشەندۈرىدىغان كاتەكچە سخېما. ئوقۇرمەنلەر مېنىڭ ھەر بىر يازمامنىڭ ئاخىرىدىكى «بۇ ماقالىنى ئىنىمىز پىداكار تەھرىرلىدى» دېگەن سۆزنى كۆپ كۆردى. ھەر بىر پارچە ماقالىنى يېزىپ تاماملاشتا مەن 1- ۋە 6-باسقۇچلارنى قىلىمەن. قالغان 4 باسقۇچنى «پىداكار» ئۇكىمىز قىلىدۇ.

(2) «بېلىق سۆڭىكى سخېمىسى» (fish bone diagram): يېڭىدىن تەرەققىي قىلدۇرۇۋاتقان بىر مەھسۇلات ياكى بۇرۇن چىقىرىلغان بىر مەھسۇلاتتا مەسىلە كۆرۈلگەن ۋاقىتتا، ئاشۇ مەسىلىنىڭ يادرولۇق سەۋەبى (root cause) نى تېپىپ چىقىش ئۈچۈن، شىركەت باشلىقلىرى بىلەن شىركەت تېخنىكىلىق خادىملىرى بىر يەرگە جەم بولۇپ، مەسىلىنىڭ سەۋەبلىرىنى تېپىپ چىقىپ، ئۇلارنى تۆۋەندىكى 5ـ رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك بىر «بېلىق سۆڭىكى سخېمىسى» شەكلىدە تىزىپ چىقىدۇ. بەزىدە مۇشۇنداق يىغىن بىر قانچە ئاي، ھەتتا بىر قانچە يىلمۇ داۋام قىلىدۇ. رەھبىرىي ۋە تېخنىكىلىق خادىملار ئۇ سەۋەبلەر ئۈستىدە چوڭقۇر ئانالىز يۈرگۈزۈپ، ئەڭ ئاخىرىدا يادرولۇق سەۋەبنى تېپىپ چىقىدۇ. ئاندىن ئۇ مەسىلىنى ھەل قىلىدۇ. مەن 1997ـ يىلدىن 2004ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا كالىفورنىيەنىڭ كىرىمنىي جىلغىسىدىكى يۇقىرى تېخنولوگىيە شىركەتلىرىدە ئىشلىگەن ۋاقتىمدا، ئاشۇنداق جەريانلارغا كۆپ قېتىم قاتناشقان، ھەمدە بىر قانچە مەھسۇلاتتىكى مەسىلىنى تېپىپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ روللارنى ئوينىغان ئىدىم. ھازىرقى ئىدارەم JPL دىمۇ نەچچە يۈز مىليون دوللارلىق ئىككى چوڭ تېلېسكوپ تۈرىدە ئەسلىدە لايىھىلەنگەن تېلېسكوپ بىلەن ياسالغان تېلېسكوپنىڭ ئىشلەش ئەھۋالى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ سەۋەبىنى كومپيۇتېر ھېسابلىشى ئارقىلىق تېپىپ چىقىشتا ئىنتايىن ھالقىلىق رول ئوينىدىم. ھازىر 3ـ تېلېسكوپ تۈرىدىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشنى قىلىۋاتىمەن.




6ـ رەسىم: بېلىق سۆڭىكى سخېمىسىنىڭ بىر مىسالى.

(3) «سخېمىلىق رەسىم» (schematic diagram): بۇنداق رەسىم تەبىئىي-پەن، تېخنولوگىيە ۋە ئىنژېنېرلىق ساھەسىدە ناھايىتى كۆپ ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ، ئۇ ھازىر ئىنتايىن ئومۇملىشىپ كەتتى. ئۇمۇ «قەلب خەرىتىسى» گە بىر ئاز ئوخشىشىپ كېتىدۇ. تۆۋەندىكى 7-رەسىمدە كۆرسىتىلگىنى مەن 2009-يىلى ئامېرىكىدا ئۆتكۈزۈلگەن بىر چوڭ خەلقئارالىق ئىلمىي دوكلات يىغىنىدا دوكلات بەرگەندە ئىشلەتكەن سخېمىلىق رەسىم بولۇپ، ئۇ بىزنىڭ ئىدارىدىكى بىر مۇرەككەپ ئالەم تېلېسكوپى تەجرىبە قۇرۇلمىسىنىڭ مۇھىم ئېلېمېنتلىرى ياكى قىسىملىرى، ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلەش پرىنسىپلىرىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئۇنىڭدا قۇرۇلمىنىڭ ئوخشىمىغان يەرلىرىدىكى نۇر ئەينىكى يۈزلىرىنىڭ مۆلچەرلەنگەن تەكشىلىك رەسىملىرىمۇ تولۇق كۆرسىتىلگەن بولۇپ، بۇ بىر پارچە رەسىم ئىنتايىن كۆپ ئۇچۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىزنىڭ خىزمىتىمىزدە مۇشۇنداق سخېمىلىق رەسىملەر ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ.




7-رەسىم: سخېمىلىق رەسىملەرنىڭ بىر مىسالى (مەن بۇ رەسىمنى 2009-يىلى ئىدارىمىزگە تەستىقلىتىپ، بىر خەلقئارالىق يىغىندا ئىلمىي دوكلات بەرگەندە ئىشلەتكەن بولۇپ، قېرىنداشلارنىڭ ئۇنىڭ مەخپىيەتلىكى ئۈستىدە ئەنسىرەپ قالماسلىقىنى سورايمەن).

(4) «ئېقىم رەسىمى» (flow chart): تەبىئىي-پەن ۋە ئىجتىمائىي-پەن ساھەسىدە كۆپ ئىشلىتىدىغان «ئېقىم رەسىمى» دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر قورالمۇ بار بولۇپ، 8-رەسىمدە مەن ئۇنىڭ بىر مىسالىنى كۆرسىتىپ قويدۇم. بۇ رەسىم مەن كەشىپ قىلىپ، NASA نىڭ «يېڭى كەشپىيات ۋە ئالاھىدە تۆھپە مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن بىر ئالگورىزم (ماتېماتىكىلىق ئۇسۇل) نىڭ ئىشلەش پرىنسىپىنى چۈشەندۈرىدىغان ئېقىم رەسىمى بولۇپ، مەن ئۇنى 2007-يىلى بىر خەلقئارالىق ئىلمىي دوكلات يىغىنىدا دوكلات بەرگەندە چوڭ ئېكراندا كۆرسەتكەن ماتېرىياللار قاتارىدا ئىشلەتكەن ئىدىم. «ئېقىم رەسىمى» نى «كاتەكچە رەسىم» نىڭ تەبىئىي-پەنلەر ئۈچۈن ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلگەن نۇسخىسى، دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ.




8-رەسىم: «ئېقىم رەسىمى» نىڭ بىر مىسالى.

## 4. ئاخىرقى سۆز

ھازىر غەربتىكى تەرەققىي قىلغان ئەللەردە ئىجتىمائىي-پەن ساھەسىدىكى كەسپىي خادىملار تەبىئىي-پەن تىلى، تەبىئىي-پەن ئۇقۇمى ۋە تەبىئىي-پەن قوراللىرىنى بارغانسېرى كۆپلەپ قوللىنىش تەرەپكە قاراپ يۈزلىنىۋاتىدۇ. شۇ ئارقىلىق ئىجتىمائىي-پەن ساھەسىدىكى ئۆگىنىش قىيىن، چۈشىنىش قىيىن، ئەستە قالدۇرۇش قىيىن، يادىغا كەلتۈرۈش

قىيىن، ۋە ئىشلىتىش قىيىن بولغان بىر قىسىم ئۇقۇملارنى ئاسانلاشتۇرۇش جەھەتتە تېز ئىلگىرىلەپ، ناھايىتى زور پايدا كۆرۈۋاتىدۇ. مەن ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى ئىجتىمائىي-پەن زىيالىيلىرىنىڭ بۇ يۈزلىنىشكە يېتەرلىك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشنى، ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ كەسپىي ۋە ئىجادىي خىزمەتلىرىدە ناھايىتى يۇقىرى ئۈنۈم بېرىدىغانلىقى تولۇق ئىسپاتلىنىپ بولغان «قەلب خەرىتىسى» گە ئوخشاش زامانىۋى مېڭە قوراللىرىدىن تولۇق پايدىلىنىشقا قاراپ يۈزلىنىشنى تولىمۇ ئۈمىد قىلىمەن. مەن ئۆزۈممۇ بۇنىڭدىن كېيىن ئۆز يازمىلىرىمدا «قەلب خەرىتىسى» ۋە «كاتەكچە رەسىم» لەرنى ئاڭلىق ھالدا ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە كۆپلەپ ئىشلىتىشكە تىرىشىمەن. مەن يۇقىرىدىكى 3-رەسىم بىلەن 5-رەسىمنى مىكروسوفت شىركىتىنىڭ «PowerPoint» يۇمتالى بىلەن سىزدىم. دېمەك، يۇقىرىقىدەك قوراللارنى ئىشلىتىش ئۈچۈن مەخسۇس پۇل چىقىم قىلىش زۆرۈرىيىتىمۇ يوق. مەن بارلىق قېرىنداشلاردىن ئۆز كومپيۇتېرلىرىدىكى مۇشۇنداق ئىقتىدارلاردىن تولۇق پايدىلىنىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

## پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:

[1] Why Mind Mapping Works
http://imindmap.com/articles/mindmappingworks/

[2] How to Use Mind Maps to Unleash Your Brain's Creativity and Potential
http://lifehacker.com/how-to-use-mind-maps-to-unleash-your-brains-creativity-1348869811

[3] [4] Bilimxumar: «Muweppeqiyetning yéngi tenglimisi». Bu maqale «Erkin Sidiqning kishilik tereqqiyat heqqidiki yazmiliri, 1-kitab» ta bar bolup, uni towendiki ulinishtinmu korgili bolidu:
http://www.uyigilik.com/forum.php?mod=viewthread&tid=712

[4] بىلىمخۇمار: «غەربلىكلەرنىڭ يېزىش ئۇسلۇبى». بۇ ماقالە «ئەركىن سىدىقنىڭ كىشىلىك تەرەققىيات ھەققىدىكى يازمىلىرى، 1-كىتاب» تا بار بولۇپ، ئۇنى تۆۋەندىكى ئۇلىنىشتىنمۇ كۆرگىلى بولىدۇ:
http://bbs.bagdax.cn/thread-42879-1-1.html

# روھىي جەھەتتە كۈچلۈك كىشىلەر ساقلىنىدىغان 13 ئىش

2016 - يىلى 4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى

دۇنياغا داڭلىق كارخانىچىلار ژۇرنىلى «فوربېس» (Forbes) نىڭ ماقالە ئاپتورى، پسىخولوگىيە دوختۇرى ئەيمى مورىن (Amy Morin) خانىم 2014 - يىلى «روھىي جەھەتتە كۈچلۈك كىشىلەر ساقلىنىدىغان 13 ئىش» دېگەن ئىسىمدا بىر كىتاب چىقارغان بولۇپ، مەن مەزكۇر ماقالىدا ئاشۇ 13 ئىشنى قىسقىچە تونۇشتۇرىمەن.

نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ جىسمانىي جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقلىرى بىلەن بەدەن ساغلاملىقىغىلا ئەھمىيەت بېرىپ، روھىي جەھەتتە كۈچلۈك بولۇشقا ئانچە ئەھمىيەت بېرىپ كەتمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا روھىي جەھەتتە كۈچلۈك بولۇشنىڭ قىممىتى تېخىمۇ يۇقىرى بولىدۇ. روھىي جەھەتتە كۈچلۈك بولۇشنىڭ ھالقىلىق خۇسۇسىيەتلىرى ئۈستىدە توختالغان نۇرغۇن ماقالىلەر پەقەت كەسكىنلىك، جاسارەتلىك، ئۈمىدۋارلىق ۋە يېڭىلمەسلىك ئىقتىدارلىرىنىڭ گېپىنىلا قىلىدۇ. ئەمما، بىز روھىي جەھەتتىكى كۈچلۈكلۈكنى روھىي جەھەتتە كۈچلۈك كىشىلەر قىلىشتىن ساقلىنىدىغان ئىشلار ئارقىلىقمۇ تونۇپ يېتەلەيمىز. تۆۋەندىكىسى روھىي جەھەتتە كۈچلۈك كىشىلەر ساقلىنىدىغان 13 ئىشتىن ئىبارەت.

## 1. قىلغان ئىشىغا پۇشايمان قىلىپ ۋاقىت ئىسراپ قىلىش

روھىي جەھەتتە كۈچلۈك كىشىلەر ئۆزلىرى پەيدا قىلغان ئەھۋاللار ئۈچۈن پۇشايمان قىلمايدۇ، ياكى ئۆزلىرى يولۇققان مۇئامىلىلەر ھەققىدە كۆپ ئويلىنىپ كەتمەيدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئاقىۋەتلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشنى ئۆگەنگەن بولۇپ، تۇرمۇشتا ئادىل بولمىغان ئىشلارنىڭ يۈز بېرىپ تۇرىدىغانلىقىنى تولۇق چۈشەنگەن بولىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى پەيدا قىلغان ناچار ئەھۋاللار ئىچىدىن ئاڭلىق ھالدا قۇتۇلۇپ چىقالايدۇ، ھەمدە ئۇنىڭدىن ئېرىشكەن تەجرىبە - ساۋاقلاردىن مىننەتدار بولىدۇ. بەزى ئەھۋاللار ناچارلىقتا يۈزلەنگەندە، ئۇلار

«شۇنداق بولۇپ قالدى»، دېگەن پوزىتسىيىدە بولىدۇ. ياكى بولمىسا «ئەمدى ئېلىشقا تېگىشلىك ئەڭ ياخشى قەدەم قايسى؟» دەپ ئويلايدۇ.

## 2. ئۆز ھوقۇقى ياكى نوپۇزىنى باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىش

روھىي جەھەتتە كۈچلۈك كىشىلەر باشقىلارنى ئۆزلىرىنى تۆۋەن ياكى يامان كۆرسىتىدىغان ھوقۇقىنى ياكى ئورنىغا ئىگە قىلىپ قويۇشتىن ساقلىنىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ كەيپىياتلىرىنى ئۆزلىرى كونترول قىلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى ئۆزلىرىنىڭ تاشقىي ئەھۋاللارغا قانداق ئىنكاس قايتۇرۇشىدا ئىپادىلىنىدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

## 3. ئۆزگىرىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇش

روھىي جەھەتتە كۈچلۈك كىشىلەر ئۆزگىرىشلەرنى قوبۇل قىلىدۇ، ۋە ئۆزلىرىگە يۈكلەنگەن قىيىن ئۆتكەللەرنى قارشى ئالىدۇ. ئۇلاردا ئەندىشە مەۋجۇت بولغان تەقدىردىمۇ ئۇ ئەندىشە ئۆزلىرىگە نامەلۇم ئىشلاردىن كەلمەي، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ قانائەتچان ۋە پاسسىپ بولۇپ قېلىشىدىن كېلىدۇ. ئۆزگىرىش ۋە ئېنىقسىزلىق روھىي جەھەتتە كۈچلۈك ئادەمگە يېڭى ئېنېرگىيە ئاتا قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم ئۆز قابىلىيەتلىرىنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە جارى قىلدۇرىدۇ.

## 4. ئۆزى كونترول قىلالمايدىغان ئىشلارغا كۈچىنى ئىسراپ قىلىش

روھىي جەھەتتە كۈچلۈك كىشىلەر ماشىنا قىستاڭچىلىقى، يوقاپ كەتكەن سومكىسى، ياكى باشقا كىشىلەر ھەققىدە ئانچە كۆپ ۋايسىمايدۇ. چۈنكى ئۇلار يۇقىرىدىكى ئىشلارنىڭ ئۆز كونتروللۇقى ئاستىدا ئەمەسلىكىنى چۈشىنىدۇ. مەلۇم بىر ناچار ئەھۋالغا يولۇققاندا، ئۇلار دائىم كونترول قىلالايدىغان بىر نەرسە ئۇلار ئۆزلىرى قايتۇرىدىغان ئىنكاس ۋە ئۇلارنىڭ ئۆز پوزىتسىيىسى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىدۇ. ھەمدە ئۇلار بۇ ھەقىقەتتىن ئوبدان پايدىلىنىدۇ.

## 5. باشقىلارنى خوش قىلىش ئۈستىدە قايغۇ ئۇرۇش

بەزى كىشىلەر باشقىلارنى خوش قىلىشقا ئامراق كېلىدۇ. يەنە بەزى كىشىلەر بولسا باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتىشنى ئۆزلىرىنىڭ

ئارتۇقچىلىقىنىڭ نامايەندىسى ھېسابلايدۇ. بۇ ئىككى ئىشنىڭ ھەر ئىككىسى ياخشى ئىش ئەمەس. روھىي جەھەتتە كۈچلۈك كىشىلەر پەزىلەتلىك بولۇشقا، ئادىل بولۇشقا، ۋە مۇۋاپىق پەيتتە باشقىلارنى خوش قىلىشقا تىرىشىدۇ. شۇنداقلا گەپنى ئوچۇق قىلىشتىن قورقمايدۇ. بەزىلەر خاپا بولغاندا ۋە مەلۇم بىر ئەھۋالنى باشقىلار كونترول قىلغاندا روھىي جەھەتتە كۈچلۈك كىشىلەر ئۇنىڭغا رازىلىق بىلەن تاقەت قىلالايدۇ.

## 6. ئىلمىي ئۇسۇلدا تەۋەككۈلچىلىك قىلىشتىن قورقۇش

روھىي جەھەتتە كۈچلۈك كىشىلەر ئىلمىي ئۇسۇلدا (ياكى ھېسابلاپ تۇرۇپ) تەۋەككۈلچىلىك قىلىشنى خالايدۇ. بۇ قارىغۇلارچە تەۋەككۈلچىلىك قىلىش بىلەن زادىلا ئوخشىمايدىغان بىر ئىش. روھىي جەھەتتە كۈچلۈك كىشىلەر قىلماقچى بولغان ئىشنىڭ خەتىرى بىلەن پايدىلىرى ئۈستىدە مۇكەممەل ئويلىنىپ، يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بار بولغان ئىشلارنى تولۇق باھالاپ، يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بار بولغان ئەڭ ناچار سىنارىيەلەرنىمۇ تولۇق مۆلچەرلەپ، ئاندىن ئىش باشلايدۇ.

## 7. بۇرۇنقى ئىشلارغا پېتىپ قېلىش

ئۆتمۈشنى ئېتىراپ قىلىش، بولۇپمۇ بۇرۇنقى ئىشلاردىن قولغا كەلتۈرگەن تەجرىبە-ساۋاقلارنى ئېتىراپ قىلىشنىڭ پايدىسى كۆپ. ئەمما، روھىي جەھەتتە كۈچلۈك كىشىلەر بۇرۇن يۈز بەرگەن سەلبىي ئىشلار ياكى ئۆتۈپ كەتكەن ئالتۇن دەۋرلەر ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ روھىي كۈچلىرىنى ئىسراپ قىلمايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ روھىي ئېنېرگىيىسىنىڭ كۆپ قىسمىنى ھازىر ۋە كەلگۈسىنى پارلاق قىلىشقا سەرپ قىلىدۇ.

## 8. ئوخشاش خاتالىقلارنى تەكرار سادىر قىلىش

بىر ئادەم مەلۇم بىر ئىشنى كۆپ قېتىم تەكرارلاپ قىلىپ، ئۇنىڭدىن بۇرۇنقىسى بىلەن ئوخشىمايدىغان بىر نەتىجىنى كۈتكەندە، بىز ئۇ ئادەمنى «ساراڭ بولۇپ قاپتۇ»، دەيمىز. روھىي جەھەتتە كۈچلۈك كىشىلەر بۇرۇنقى ئىش-ھەرىكەتلىرىنىڭ مەسئۇلىيەتلىرىنى ئۆز ئۈستىگە تولۇق ئېلىپ، سادىر قىلغان خاتالىقلىرىدىن تەجرىبە-ساۋاق ئېلىشقا رازى بولىدۇ. ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ كۆرسىتىشىچە، ئۆز-ئۆزىنى تۈغرا

ۋە ئۇنۇملۇك چۈشىنىپ تۇرۇش ئاجايىپ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قازىنىدىغان كىشىلەرنىڭ ئەڭ كۆچلۈك ئارتۇقچىلىقلىرىنىڭ بىرى.

## 9. باشقىلارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىگە نارازى بولۇش

باشقىلارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئۈچۈن ھەقىقىي تۈردە خوشال بولۇش ناھايىتى كۈچلۈك كىشىلىك خاراكتېر تەلەپ قىلىدۇ. روھىي جەھەتتە كۈچلۈك كىشىلەر ئەنە شۇنداق خاراكتېرگە ئىگە بولىدۇ. ئۇلار باشقىلار مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندا ھەسەتخورلۇق قىلمايدۇ، ياكى نارازى بولمايدۇ. روھىي جەھەتتە كۈچلۈك كىشىلەر ئۆزلىرى ئۈچۈن مۇۋەپپەقىيەت پۇرسەتلىرىنى يارىتىش ئۈچۈن قاتتىق تىرىشىدۇ، ھەمدە ئاسان يولغا ئىنتىلمەيدۇ.

## 10. مەغلۇپ بولغاندا قىلغۇاتقان ئىشىدىن ۋاز كېچىش

ھەر بىر مەغلۇبىيەت ئۆزىنى تېخىمۇ ياخشىلاشنىڭ پۇرسىتى. زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قازانغان كىشىلەرمۇ دەسلەپتە كۆپلىگەن مەغلۇبىيەتلەرگە ئۇچرىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. روھىي جەھەتتە كۈچلۈك كىشىلەر زۆرۈر بولغاندا قايتا-قايتىلاپ مەغلۇپ بولۇشقا رازى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇنداق ئەھۋالدىكى بىردىن-بىر شەرتى، ھەر بىر قېتىملىق مەغلۇبىيەتتىن ئېرىشكەن تەجرىبە-ساۋاق ئۇلارنى ئەڭ ئاخىرقى نىشانغا ئۆزلۈكسىز يېقىنلاشتۇرۇپ مېڭىش.

## 11. يالغۇز قېلىشتىن ئەنسىرەش

روھىي جەھەتتە كۈچلۈك كىشىلەر ئۆزلىرى يالغۇز ئۆتكۈزگەن ۋاقىتلاردىن ھوزۇرلىنىدۇ، ھەتتا ئۇنداق ۋاقىتلارنى قەدىرلەيدۇ. ئۇلار ئىشلىمىگەن ۋاقىتلارنى بۇرۇنقى ئىشلار ئۈستىدە ئويلىنىش، كېيىنكى ئىشلارنى پىلانلاش، ۋە ھوسۇللۇق ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ. ئەڭ مۇھىمى ئۇلار كۆتۈرەڭگۈ-روھلۇق بولۇش ۋە ئىرادىسىنى چىڭىتىشتا باشقىلارغا تايانمايدۇ. ئۇلار باشقىلار بىلەن بىللە بولغاندا خوشال ئۆتىدۇ، شۇنداقلا يالغۇز قالغان ۋاقىتلارنىمۇ خوشال-خۇرام ئۆتكۈزەلەيدۇ.

## 12. «دۇنيا ماڭا قەرزدار» دەپ ئويلاش

روھىي جەھەتتە كۈچلۈك كىشىلەر «مېنىڭ قانداق تەييارلىقلارنى ئېلىپ بارغانلىقىم ۋە قانداق ئوقۇشلارنى تاماملىغىنىمدىن قەتئىينەزەر،

دۇنيا ماڭا مائاش بېرىشكە، ماڭا پاراۋانلىق نەرسىلىرىنى تەمىنلەشكە، ۋە مېنى بىر ياخشى تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈشكە قەرزدار»، دەپ ئويلىمايدۇ. روھىي جەھەتتە كۈچلۈك كىشىلەر ھەر بىر قەدەمدە ئۆز قابىلىيەتلىرىگە ئاساسەن ئىشلەش ۋە شۇ ئاساستا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشقا تەييار تۇرىدۇ.

## 13. دەرھال نەتىجە قازىنىشنى ئۈمىد قىلىش

قانداق ئىش قىلىشتىن قەتئىينەزەر، روھىي جەھەتتە كۈچلۈك كىشىلەر ئۇزۇن مۇددەتلىككە ئىدىيىۋى تەييارلىق قىلىدۇ. ئۇلار ھەرگىزمۇ قىلغان ئىشىدىن دەرھال نەتىجە چىقىشنى ئۈمىد قىلمايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئېنېرگىيىسى بىلەن ۋاقتىنى ئىنتايىن ياخشى پىلانلاپ ئىشلىتىپ، مۇساپە جەريانىدا ئەمەلگە ئاشۇرغان ھەر بىر ئىلگىرىلەش ۋە قازانغان ھەر بىر كىچىك مۇۋەپپەقىيەتنى تەبرىكلەيدۇ. ئۇلاردا ئۇزۇن مۇددەتلىككە بەرداشلىق بېرىش قابىلىيىتى بار بولىدۇ. ئۇلار ھەقىقىي تۈردە ئۆزگىرىش ياساش ئۈچۈن ۋاقىت كېتىدىغانلىقىنى چۈشىنىدۇ.

## پايدىلانغان مەنبە:

[1] Mentally Strong People: The 13 Things They Avoid

# روھىي جەھەتتە كۈچلۈك بولۇشنىڭ بىر قانچە ئۇسۇللىرى

2016 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى

مەن ئالدىنقى يازمامدا دۇنياغا داڭلىق كارخانىچىلار ژۇرنىلى «فوربىس» (Forbes) نىڭ ماقالە ئاپتورى، پسىخولوگىيە دوختۇرى، ئامېرىكا مېئانې شتاتى لىنكولن (Lincoln, Maine) شەھرىدىكى بىر ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ پسىخولوگىيە ئوقۇتقۇچىسى، ۋە About.com تور بېتىنىڭ ئون نەچچە ياشلىق ئۆسمۈرلەر تەربىيىسى مۇتەخەسسىسى ئەيمى مورىن (Amy Morin) خانىمنىڭ 2014 ـ يىلى نەشر قىلدۇرغان «*روھىي جەھەتتە كۈچلۈك كىشىلەر ساقلىنى*دىغان 13 ئىش» دېگەن كىتابىنىڭ مەزمۇنىنى قىسقىچە تونۇشتۇرغان ئىدىم. ئەيمى خانىم 2013 ـ يىلى دېكابىردا «روھىي جەھەتتىكى كۈچلۈكلۈكىڭىزنى ئۆستۈرۈشنىڭ 5 خىل ئۈنۈملۈك مەشىقى» دېگەن تېمىدا بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلغان بولۇپ، مەن مەزكۇر يازمىدا ئاشۇ ماقالىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى تونۇشتۇرىمەن.

## روھىي كۈچلۈكلۈكنىڭ ئېنىقلىمىسى

پسىخولوگىيە ئىلمى كۆپىنچە ۋاقىتلاردا روھىي ساغلاملىق مەسىلىسى ئۈستىدىلا توختىلىپ، روھىي جەھەتتىكى كۈچلۈكلۈك ياكى روھىي كۈچلۈكلۈكنىڭ روشەن ئېنىقلىمىسىنى ئانچە تىلغا ئېلىپ كەتمەيدۇ. **روھىي كۈچلۈكلۈك دېگىنىمىز، سىز كىرىپ قالغان ئەھۋالنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، كەيپىياتىڭىزنى باشقۇرۇپ ۋە تەڭشەپ، تەپەككۇرىڭىزنى كونترول قىلىپ، ئىجابىي يوسۇندا ئىش ئېلىپ بېرىشىڭىزنى كۆرسىتىدۇ.** روھىي كۈچلۈكلۈكنى يېتىلدۈرۈش دېگىنىمىز ئۆز قىممەت قارىشىڭىز بويىچە ياشاش ئىرادىسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش، ۋە مۇۋەپپەقىيەت ھەققىدە ئۆزىڭىز بىر ئېنىقلىما ئويلاپ چىقىشقا جۈرئەت قىلىدىغان بولۇشنى كۆرسىتىدۇ.

روھىي كۈچلۈكلۈك ئىرادىدىن كۆپرەك نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئاتاش ۋە قاتتىق تىرىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ

ساغلام ئادەتلەرنى يېتىلدۈرۈش، ۋە ئۆزىڭىزنىڭ ۋاقتى بىلەن ئېنېرگىيىسىنى ئۆز- ئۆزىڭىزنى ياخشىلاشقا ئاتاشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

تۇرمۇش ئاسان بىلىنگەندە كىشىلەر ئۆزلىرىنى روھىي جەھەتتىن كۈچلۈك ھېس قىلىدۇ. ئەمما كىشىلەرنىڭ ھەقىقىي روھىي كۈچلۈكلۈكى تراگېدىيىلەر (ياكى پاجىئەلەر) يۈز بەرگەندە ئاندىن ئۆز قىياپىتىنى تولۇق ئاشكارىلايدۇ. سىزنىڭ روھىي كۈچلۈكلۈكىڭىزنى ئۆستۈرىدىغان ماھارەتلەرنى يېتىلدۈرۈش يولىنى تاللاش ئۆزىڭىزنى ھاياتتىكى ساقلانغىلى بولمايدىغان توسقۇنلارغا تەييارلاشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى.

روھىي كۈچلۈكلۈكنى يېتىلدۈرۈشكە پايدىلىق بولغان مەشىقلەر خېلى كۆپ بولۇپ، تۆۋەندىكىسى شۇلارنىڭ ئىچىدىكى 5 خىل مەشىقتىن ئىبارەت.

## 1. ئۆزىڭىزنىڭ يادرولۇق ئېتىقادىنى باھالاپ چىقىش

بىز ھەممىمىز ئۆزىمىز، ئۆز ھاياتىمىز ۋە دۇنيا ھەققىدە ئوخشىمىغان يادرولۇق ئېتىقادلارنى يېتىلدۈردۇق. يادرولۇق ئېتىقاد ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تەدرىجىي يېتىلىدۇ، ھەمدە ئۇ ئۆزىمىزنىڭ بۇرۇنقى سەرگۈزەشتىلىرى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. سىزنىڭ ئۇنىڭدىن خەۋىرىڭىز بار ياكى يوق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، سىزنىڭ يادرولۇق ئېتىقادىڭىز سىزنىڭ ئوي-پىكىرلىرىڭىزگە، سىزنىڭ ئىش-ھەرىكىتىڭىزگە، ۋە سىزنىڭ كەيپىياتىڭىزغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

بەزىدە يادرولۇق ئېتىقادلار خاتا ۋە ئۈنۈمسىز بولىدۇ. مەسىلەن، ئەگەر سىز «مەن ئۆز ھاياتىمدا مەڭگۈ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولالمايمەن» دېگەن تونۇشقا ئىگە بولىدىكەنسىز، سىز ئۆزىڭىزگە ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدىغان بىر خىزمەتنى تېپىشقا ئىنتىلمەسلىكىڭىز، ھەمدە يېڭى خىزمەتكە كىرىش كۆرۈشۈشىدە ئۆزىڭىزنى تولۇق تەسۋىرلەپ بېرەلمەسلىكىڭىز مۇمكىن. شۇڭلاشقا، سىزنىڭ يادرولۇق ئېتىقادىڭىز بىر ئۆز-ئۆزىڭىزدىن قانائەت ھېس قىلدۇرىدىغان ھۆكۈمگە ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىڭىزنىڭ يادرولۇق ئېتىقادىنى تېپىپ چىقىپ، ئۇنى ئوبدان باھالاپ بېقىڭ. ئالدى بىلەن چۈشىنىش ئاسان ئېتىقادلارنى تېپىپ چىقىڭ. ئاندىن ئادەتتىكى قائىدىلەرگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئېتىقادلارغا يۈزلىنىڭ. ھاياتتا «داۋاملىق بولىدىغان» ۋە «مەڭگۈ بولمايدىغان» ئىشلار ئىنتايىن ئاز. يادرولۇق ئېتىقادنى ئۆزگەرتىش مەقسەتلىك نىيەت ۋە قاتتىق

تىرىشچانلىقنى تەلەپ قىلىدىغان بولۇپ، ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنىڭ يادرولۇق ئېتىقادىنى توغرىلايدىكەنسىز ئۇ سىزنىڭ ھاياتىڭىزنى ئۆزگەرتىدۇ.

## 2. روھىي ئېنېرگىيىڭىزنى ئاقىلانىلىك بىلەن ئىشلىتىش

ئۆزىڭىز كونترول قىلالمايدىغان ئىشلارنىڭ ئەندىشىسىنى قىلىش بىلەن ئۆزىڭىزنىڭ مېڭە قۇۋۋىتىنى ئىسراپ قىلىدىكەنسىز سىزدىكى روھىي ئېنېرگىيە ناھايىتى تېزلا تۈگەپ كېتىدۇ. ئۆزىڭىز بىر تەرەپ قىلالمايدىغان سەلبىي مەسىلىلەر ئۈستىدە قانچە كۆپ ئويلىنىدىكەنسىز، ئىجابىي ئىشلار ئۈچۈن ئىشلىتەلەيدىغان ئېنېرگىيىڭىزنىڭ مىقدارى شۇنچە بەك ئازلاپ كېتىدۇ. مەسىلەن، بىر يەردە ئولتۇرۇۋېلىپ ھاۋا كىلىماتى ھەققىدە بېرىلگەن ئالدىن مەلۇمات ئۈستىدە ئەندىشە قىلىشنىڭ ھېچ بىر پايدىسى يوق. ئەگەر بىر ۋەھشىي بوران-چاپقۇن سىز تۇرۇۋاتقان جايغا قاراپ كېلىۋاتقان بولسا، سىزنىڭ ئۇنىڭ ئۈستىدە ئەندىشە قىلىشىڭىز ئۇ بوران-چاپقۇننى توسۇپ قالالمايدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئەڭ ياخشىسى سىز ئۇنىڭغا تەييارلىق كۆرۈش يولىنى تاللاڭ. پۈتۈن كۈچىڭىزنى ئۆزىڭىز قىلالايدىغان ئىشلارغا مەركەزلەشتۈرۈڭ.

روھىي ئېنېرگىيىڭىزنى بىرەر مەسىلىنى ھەل قىلىش ياكى كەلگۈسى ئۈچۈن نىشان تۈزۈشكە ئوخشاش پايدىلىق ئىشلارغا سەرپ قىلىڭ. مەلۇم بىر ئىش ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىپ، ئۇنىڭدىن بىر نەتىجە چىقىرالمايدىكەنسىز، ئۆزىڭىزنىڭ روھىي ئېنېرگىيىسىنى ئاڭلىق ھالدا باشقا بىر پايدىلىق تېمىغا يۆتكەڭ. روھىي ئېنېرگىيىڭىزنى ئاقىلانىلىك بىلەن ئىشلىتىشنى تەكرار مەشىق قىلغانسېرى ئۇ بىر ئادەتكە ئايلىنىدۇ.

## 3. سەلبىي تەپەككۇرلىرىڭىزنىڭ ئورنىنى پايدىلىق تەپەككۇرلارغا بېرىش

كۆپىنچىلىرىمىز ئۆز تەپەككۇرلىرىمىز ئۈستىدە ئويلانمايمىز. شۇنداقتىمۇ ئۆزىڭىزنىڭ تەپەككۇر قىلىش ئادىتىنى ياخشى چۈشىنىش ئۆزىڭىزدە چىدامچانلىق قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈشكە پايدىلىق. «مەن ھېچ قانداق ئىشنى توغرا قىلالمايمەن» دېگەنگە ئوخشاش كۆپتۈرۈۋېتىلگەن ۋە سەلبىي ئىدىيىلەر سىزنىڭ ئۆز ئىقتىدارلىرىڭىزنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشىڭىزغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ. شۇڭلاشقا سەلبىي تەپەككۇرلىرىڭىزنى ئەڭ دەسلەپىدىلا

تىرگىنلەپ، ئۇلارنىڭ سىزنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىڭىزگە تەسىر كۆرسىتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىڭ.

ھەددىدىن زىيادە سەلبىي ئىدىيىلىرىڭىزنى تېپىپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا پايدىلىق ئىدىيىلەرنى تۇرغۇزۇڭ. ئىجابىي ئىدىيىلەر ھەددىدىن زىيادە ئىجابىي بولۇپ كەتمىسىمۇ بولىدۇ، ئەمما ئۇلار ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ياكى رېئالستىك بولۇشى كېرەك. تەڭپۇڭلاشقان ئىدىيىلەر «مېنىڭ بەزى ئاجىزلىقلىرىم بار، ئەمما مەندە ئارتۇقچىلىقلارمۇ ناھايىتى كۆپ» دېگەنگە ئوخشاش بولىدۇ. ئۆزىڭىزدىكى ئىدىيىلەرنى ئۆزگەرتىش سىزدىن داۋاملىق كۆزىتىپ تۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، ئەمما ئاشۇنداق بىر جەريان ئۆزىڭىزدىكى بارلىق يوشۇرۇن قابىلىيەتلەرنى تولۇق ئىشقا سېلىشتا ھالقىلىق رول ئوينىيالايدۇ.

## 4. راھەتسىزلىككە چىداشنى مەشىق قىلىش

روھىي جەھەتتە كۈچلۈك بولۇش دېگەنلىك كەيپىياتى بۇزۇلۇشتىن ھەر ۋاقىت ساقلىنىش دېگەننى كۆرسەتمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە روھىي كۈچلۈكلۈك سىزدىن ئۆز كەيپىياتىڭىزنى ھەر ۋاقىت ناھايىتى ئېنىق بىلىپ تۇرۇشنى، شۇ ئارقىلىق يولۇققان ئەھۋالغا ئىنكاس قايتۇرۇشتا ئەڭ ياخشى يولنى تاللاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. روھىي كۈچلۈكلۈك ئۆز ھېسسىياتلىرىڭىزنىڭ كونتروللۇقى ئاستىغا چۈشۈپ قالماي تۇرۇپ ئۇلارنى تولۇق قوبۇل قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

روھىي كۈچلۈكلۈك قانداق ۋاقىتتا ئۆز ھېسسىياتىڭىزغا قارشى ئىش تۇتۇش كېرەكلىكىنى چۈشىنىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. راھەتسىز ھېسسىياتلارغا چىداش سىزدىن كۆپلەپ مەشىق قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ، ھەمدە سىزنىڭ ئىشەنچىڭىزنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ ئۇنداق قىلىشمۇ ئاسانلىشىپ ماڭىدۇ.

سىز قانداق ئادەم بولۇشنى ئىستىسىڭىز، شۇنداق ئادەمگە ئوخشاش ئىش ئېلىپ بېرىشنى مەشىق قىلىڭ. «مەن ئوچۇق-يورۇق ئادەم بولسام» دەپ ئولتۇرۇشنىڭ ئورنىغا، مەيلى سىز ياخشى كۆرۈڭ ياكى كۆرمەڭ، ئوچۇق-يورۇق بولۇپ ياشاشقا ئۆرۈنۈپ بېقىڭ. بەزىدە چوڭراق پايدا ئۈچۈن بىر قىسىم راھەتسىزلىكلەرنى باشتىن كەچۈرۈشكە توغرا كېلىدىغان بولۇپ، ئاشۇنداق راھەتسىزلىككە چىداش ئارقىلىق، سىز ئازراق-ئازراقتىن ئۆز ئارزۇيىڭىزغا يېتەلەيسىز.

## 5. ھەر كۈنى ھاسىل قىلغان ئىلگىرىلەشلەرنى باھالاپ تۇرۇش

ھازىرقى زاماندىكى جىددىي ھايات ئادەمگە بۇرۇنقى ئىشلارنى ئەسلەپ ئويلىنىش پۇرسىتىنى ناھايىتى ئاز بېرىدۇ. سىز چوقۇم مەخسۇس ۋاقىت ئاجرىتىپ، ئۆزىڭىزدە روھىي كۈچلۈكلۈكنى يېتىلدۈرۈش جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن ئىلگىرىلەشنى باھالاپ ۋە ئۇ ھەقتە ئويلىنىپ تۇرۇڭ. ھەر كۈنى كەچتە ئۆزىڭىزنىڭ تەپەككۇرلىرى، ھېسسىياتلىرى ۋە ئىش-ھەرىكەتلىرى ھەققىدە نېمىلەرنى بىلىۋالغانلىقىڭىزنى بىر قېتىم دەڭسەپ بېقىڭ. شۇنداقلا ئەتىسى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان ئىشلارنى پىلانلاپ چىقىڭ.

روھىي كۈچلۈكلۈكنى يېتىلدۈرۈش بىر خىل ئۇزۇن مۇددەتلىك ۋەزىپە. بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلاش جەريانىدا ياخشىلاشقا تېگىشلىك ئىشلار ھەر دائىم چىقىپ تۇرىدۇ. بۇ جەريان بەزىدە ئاسان، بەزىدە قىيىن تۇيۇلىدۇ. قولغا كەلتۈرگەن ئىلگىرىلەشنى داۋاملىق باھالاپ تۇرۇش سىزنى ئۆز قىممەت-قارىشىڭىز بويىچە ياشاپ تۇرۇپ كۆزلىگەن مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

### پايدىلىنىش مەنبەسى:

Five Powerful Exercises To Increase Your Mental Strength

# ئالدىغا قاراپ مەغلۇپ بولۇش

2016 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى

بالىلىرىمىزغا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشنى ئۆگىتىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى ئۇلارغا مەغلۇپ بولۇشنى ئۆگىتىش.

ئەگەر بىز تۇنجى قېتىم سىنىشىمىزدىلا ئۆزىمىز ئىستىگەن نەرسىگە ئېرىشىشنى «مۇۋەپپەقىيەت»، قالغان ئەھۋاللارنى بولسا «مەغلۇبىيەت»، دەپ ھېسابلايدىكەنمىز، بىز ھەممىمىزنىڭ مەغلۇپ بولغان ۋاقتىمىز مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ۋاقتىمىزدىن جىق كۆپ بولىدۇ.

قاتتىق تىرىشىپ مەغلۇپ بولۇش ئاساسىدا يۇقىرىغا ئۆرلىگەن كىشىلەر كۆپرەك ۋە يۇقىرىراق دەرىجىدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى ئۇلار مەغلۇبىيەتلەر ئارقىلىق تېخىمۇ ئەقىللىق ۋە تېخىمۇ چىداملىق بولىدۇ.




1 ـ رەسىم: ھېچ كىم ھەممە ئىشنى قىلالمايدۇ، ئەمما ھەر بىر ئادەم مەلۇم ئىشلارنى قىلالايدۇ. سىز ئۆزىڭىز قىلالىغان ئىشلارنى قىلىۋاتامسىز؟ دۇنيا ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشىغا موھتاج.

مەغلۇبىيەت ئاساسىدا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان ئامېرىكىلىق ئىككى نەپەر ئۇلۇغ كەشپىياتچىلار بار. ئۇلارنىڭ بىرى تورداشلارغا ناھايىتى تونۇشلۇق بولغان توماس ئېدىسون بولۇپ، يەنە بىرى بولسا 1920 ـ 1947 ـ يىللىرى General Motor شىركىتى تەتقىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان چارلس كەتتېرىڭ.

ئېدىسون داۋاملىق «مۇۋەپپەقىيەت يولىدا مەغلۇپ بولدۇم» دەيتتى. ئۇ ھەر قېتىم بىر يېڭى نەرسىنى سىناپ، سىنىغان نەرسىسى ئىشلىمىسە، «ئىشلىمەيدىغان نەرسىدىن بىرىنى بايقاپ، ئىشلەيدىغان نەرسىنى تېپىشقا بىر قەدەم يېقىنلاشتىم» ، دەپ ئويلايتتى.

كەتتېرىڭ بولسا «ئالدىغا قاراپ مەغلۇپ بولۇش» نى داۋاملىق تىلغا ئېلىپ، خاتا قىلىنغان ھەر بىر ئىشنى «پراكتىكا سىنىقى» دەپ ئاتايتتى.

بۇ ئىككى زاتنىڭ ئورتاق ئارتۇقچىلىقى، ئوڭۇشسىزلىقلار ۋە مەغلۇپ بولغان تىرىشچانلىقلار ئۇلارنىڭ ئىجادچانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ئىشەنچىنى ئاجىزلاشتۇرمىغان. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە بۆسۈش خاراكتېرلىك يېڭىلىق يارىتىشتا كەم بولسا بولمايدىغان ئىستراتېگىيە قايتا ـ قايتا سىناق قىلىش بولۇپ، ئۇلار «مەغلۇپ بولۇش» دېگەن قاراشنى زادىلا قوبۇل قىلمىغان. ئامېرىكىدىكى دۇنياغا داڭلىق IBM شىركىتىنىڭ قۇرغۇچىسى توماس ۋاتسون ھەتتا «مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ ئۇسۇلى مەغلۇپ بولۇش نىسبىتىنى بىر ھەسسە ئۆستۈرۈش» دېگەن.

ئەلۋەتتە بىز مەغلۇپ بولۇشنى ئارزۇ قىلمايمىز، ئەمما بىز مەغلۇبىيەتتىن ساقلىنالمايمىز. ھەمدە مۇۋاپىق پوزىتسىيە تۇتۇش ئارقىلىق بىز مەغلۇبىيەتنى ئۆزىمىزگە پايدىلىق نەرسىگە ئايلاندۇرالايمىز.

مەغلۇبىيەتتىن پۈتۈنلەي ساقلىنىشنىڭ بىردىن ـ بىر ئۇسۇلى خەتەرلەردىن ۋە قىيىن ئۆتكەللەردىن ئۆزىنى قاچۇرۇش بولۇپ، ئۇنداق قىلىش ھەقىقىي مەغلۇبىيەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. ئەگەر سىناپ باقمايدىكەنسىز، سىزدىكى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئېھتىماللىقى نۆلگە تەڭ بولىدۇ.

سىزنىڭ نىشانىڭىز بىرەر نەرسىگە ئېرىشىش، بىرەر ئىشنى قىلىش، ياكى ئۆزىڭىزنىڭ كىشىلىك ياكى كەسپىي ئىقتىدارلىرىنى ياخشىلاش بولۇشى مۇمكىن. سىزنىڭ نىشانىڭىزنىڭ نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ سىرى، ئوڭۇشلۇق بولمىغان سەرگۈزەشتىلەرنى

سىزنىڭ ئالدىڭىزنى توسۇۋالىدىغان بىر يوغان تاشتىن سىز يۇقىرىغا ئۆرلىگەندە دەسسەپ ئېگىزلەيدىغان پەلەمپەي تاشلارغا ئايلاندۇرۇشنى ئۆگىنىۋېلىشتىن ئىبارەت.

ئوڭۇشسىزلىقنى پايدىغا ئايلاندۇرۇش ھەر بىر ئادەمدىن مۇنداق 3 خىل ئىقتىدار بار بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ: **ئىجابىي كۆزقاراش تىكلەش، كۆپ ئەسلەش ۋە ئويلىنىش، ۋە قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش.**

**بىرىنچىدىن، كەشپىياتچىلاردىن ئۆگىنىڭ.** بىرەر مەغلۇبىيەتكە يولۇققاندا، ھەرگىز ئۇنى «ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچ» دەپ ئويلىماڭ. ئوڭۇشسىزلىق ئىرادىڭىزنى بوشاتمىسۇن، ياكى سىزنى قىلىۋاتقان ئىشىڭىزدىن ۋاز كەچكۈزمىسۇن. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، مەغلۇبىيەت بىر ھادىسە بولۇپ، ئۇ ھەرگىزمۇ بىر ئادەم ئەمەس. پەقەت ئۆزىڭىزنى بىر مەغلۇپ بولغۇچى ھېسابلىمىسىڭىزلا، سىز قايتا-قايتىلاپ دۇچ كەلگەن مەغلۇبىيەتلەر سىزنى ھەرگىزمۇ يېڭەلمەيدۇ. سىزنىڭ بۇرۇنقى ئىشلار ئۈستىدە قانداق تەپەككۇر قىلىشىڭىز سىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تىرىشچانلىقىڭىزنىڭ قانداق بولۇشىنى بەلگىلەيدۇ: ئۇ ھەم سىزنىڭ ئىرادىڭىزنى كۈچەيتەلەيدۇ، ھەم ئىرادىڭىزنى ئاجىزلاشتۇرالايدۇ.

**ئىككىنچىدىن، بۇرۇن ئېرىشكەن تەجرىبە-ساۋاقلارنى ئىسراپ قىلىۋەتمەڭ.** ئەگەر بۇرۇنقى ئىشلاردىن تەجرىبە-ساۋاق توپلىمايدىكەنسىز، بۇرۇن يولۇققان ئوڭۇشسىزلىقلارنى ئىسراپ قىلىۋېتىسىز. ئۆزىڭىزنىڭ بۇرۇنقى ئىش-ھەرىكەتلىرى، پوزىتسىيىلىرى ۋە نەتىجىلىرىنى قايتا-قايتا ئەسلەڭ ۋە ئۇلار ئۈستىدە قايتا-قايتا ئويلىنىپ، ئۇلاردىن تەجرىبە-ساۋاق يەكۈنلەپ، ئىگىلىگەن بىلىملەردىن بۇنىڭدىن كېيىنكى تىرىشچانلىقلار ئۈچۈن يېتەكچى ئىدىيە سۈپىتىدە پايدىلىنىڭ.

**ئۈچىنچىدىن، ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرۇڭ. قايتا-قايتا سىناپ، بارغانسېرى ئاقىلانە ئىش قىلىدىغان بولۇپ مېڭىڭ.**

شۇنداقلا يۇقىرىدىكى ئىشلارنى قىلىش جەريانىدىن ھوزۇرلىنىڭ. ئۆزىڭىزنىڭ تۇرمۇشنى ياكى باشقىلارنىڭ تۇرمۇشنى ياخشىلاش يولىدىكى بىرەر ئۆزگىرىشنى نىشان قىلىپ كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى سىز ياراتقان بىر قىممەتلىك تۆھپە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## توققۇز داڭلىقلارنىڭ «مەغلۇبىيەت» ھەققىدە ئېيتقانلىرى

تۆۋەندىكىسى ئامېرىكىدىكى 9 نەپەر داڭلىق زاتلارنىڭ خارۋارد ۋە ستانفورد قاتارلىق داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتلەردە سۆزلىگەن نۇتۇقلىرىدىن ئېلىنغان سۆز-ئىبارىلەر:

--سىز ئۆزىڭىز ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان كەسپنى تاپمىسىڭىز بولمايدۇ. بۇ خۇددى سىز ئۆزىڭىزنىڭ ھەقىقىي مۇھەببەت جۆرىڭىزنى تاپقان بىلەن ئوخشاش. سىزنىڭ خىزمىتىڭىز ھاياتىڭىزنىڭ ناھايىتى چوڭ قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. شۇڭا ئۆز-ئۆزىڭىزنى ھەقىقىي تۇردە قانائەتلەندۈرۈشنىڭ بىردىن-بىر ئۇسۇلى ئۆزىڭىز ئۈچۈن ئەڭ ئۇلۇغ ھېسابلىنىدىغان ئىش بىلەن شۇغۇللىنىش. قىلىدىغان ئىشىڭىزنى زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتۈرۈشنىڭ بىردىن-بىر ئۇسۇلى قىلىۋاتقان ئىشىڭىزنى ھەقىقىي تۈردە ياقتۇرۇشتىن ئىبارەت. ئەگەر سىز ئاشۇنداق ئىشنى تېخىچە تېپىپ بولالمىغان بولسىڭىز، ئۇنى ئىزدەشنى داۋاملاشتۇرۇڭ. ھەمدە ئۇنى تاپمىغىچە توختاپ قالماڭ. ئۇنى تاپقان-تاپمىغانلىقىڭىزنى سىز ئۆزىڭىز بىلەلەيسىز — كۆڭۈلگە تەۋە ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇنداق بولىدۇ. (Steve Job, 2005)

--سىز بەزىدە دۆتلۈك قىلىسىز. بەزىدە ئاتا-ئانىڭىزنى ئەنسىرىتىسىز — مەنمۇ شۇنداق قىلغان. سىز ئۆز تاللاشلىرىڭىزدىن گۇمانلىنىسىز. سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىدىن، خىزمىتىڭىزدىن، ۋە ئۆزىڭىز ياشاۋاتقان ماكان ۋە ئۆزىڭىز ئوقۇۋاتقان ئۇنىۋېرسىتېتىكى دوستلىرىڭىزدىن گۇمانلىنىسىز. مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، يۇقىرىدىكىدەك ئىشلارغا ھەيران قالماسلىقىمىز كېرەك. ئۇلارنىڭ ھەممىسى نورمال ئەھۋاللار. (Ira Glass، 2012)

--سىز ھاياتىڭىزنىڭ مەلۇم باسقۇچىدا مەغلۇپ بولىسىز. سىز ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرايسىز. ئۆز-ئۆزىڭىزنى ئوڭايسىزلاندۇرىسىز. بۇنىڭدا ھېچ قانداق شەك يوق. ئۇنى قوبۇل قىلىڭ. ئەگەر سىز مەغلۇپ بولمايدىكەنسىز، ئۇ سىزنىڭ تېخىچە بىر ئىشنى قىلىشنى سىناپ باقمىغانلىقىڭىزنى كۆرسىتىدۇ. مەغلۇپ بولۇش بەزىدە ئۆزىڭىزنىڭ قەيەرگە قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى بايقاشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى بولۇپ قالىدۇ. (Danzel Washington، 2011)

--سىز ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچراش ئارقىلىق تېخىمۇ ئەقىللىق ۋە تېخىمۇ كۈچلۈك بولىسىز. سىز ئاشۇنداق جەريانلار ئارقىلىق ئېرىشكەن بىلىملەر

بىلەن كېيىنكى ھاياتىڭىزدا سەپتىن چۈشۈپ قالماسلىقنى بىر خىل كاپالەتكە ئىگە قىلىسىز. ئوڭۇشسىزلىقلارنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ، سىز ئۆز-ئۆزىڭىزنى ياكى ئۆزىڭىزنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىڭىزنىڭ كۈچلۈك-ئاجىزلىقىنى ھەقىقىي تۈردە چۈشەنمەيسىز. ئاشۇنداق بىلىملەر سىز ئۈچۈن بىباھا سوۋغات بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. (J. K. Rowling، 2008)

——«مەغلۇبىيەت» دەيدىغان نەرسە مەۋجۇت ئەمەس. مەغلۇبىيەت بىزنى باشقا بىر يۆنىلىشكە باشلايدىغان نەرسە بولۇپ، ئۇمۇ ھاياتنىڭ بىر قىسمى. ھەر بىر خاتالىقتىن بىلىم ئېلىڭ. ئاندىن سىز ئۈچۈن كېيىنكى توغرا يۆنىلىشنىڭ قايسى ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىڭ. (Oprah Winfrey، 2013)

——بىزنىڭ مەغلۇبىيىتىمىز ئۆزىمىزدىكى ئىدىلوگىيىنى شەكىللەندۈرۈپ، بىزنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا قانداق ئادەم بولۇپ چىقىشىمىزنى، ھەمدە ئۆزىمىزنىڭ باشقىلاردىن قانداق پەرقلىنىدىغانلىقىمىزنى بەلگىلەيدۇ. مەغلۇبىيەتنى قوبۇل قىلىش ئاسان ئىش ئەمەس، ئەمما سىز ئۇنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى توغرا بىر تەرەپ قىلىدىكەنسىز، سىز «مەغلۇبىيەت» دەپ ھېسابلىغان نەرسە ئۆز-ئۆزىڭىزنى يېڭىدىن بايقاشتىكى يادرولۇق نەرسىگە ئايلىنىدۇ. (Conan O’Brien، 2011)

——سىز دۇنيانى ئۆز ئۆلچەملىرىڭىز بويىچە ياخشىلاشقا ئۇرۇنۇپ بېقىڭ. ئۇ بىر ئاسان ئىش ئەمەس. مەن بىلەن ئوخشاش دەۋرنىڭ كىشىلىرى سىزگە بىر قىسىم ئىشلارنى «قىلغىلى بولمايدۇ»، دەيدۇ. بۇنىڭغا ئىدىيىۋى تەييارلىق قىلىپ قويۇڭ. ئۇ ئىشلارنى مېنىڭ يېشىمدىكى كىشىلەر ھەقىقەتەن قىلالمىغان، شۇڭلاشقا ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئۇلار قىلغىلى بولمايدىغان ئىشلار. ئەمما سىلەرنىڭ ۋەزىپەڭلار بىزنىڭ دېگىنىمىزنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش. (Stephen Colbert، 2015)

——ئۇ ئىشلارنى سىز يالغۇز قىلالمايسىز. بۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتىڭىزنى ياشاپ مېڭىش جەريانىدا باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىشقا ھەر ۋاقىت تەييار تۇرۇڭ. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا باشقىلار سىزدىن، ۋە باشقىلارنىڭ ئىدىيىلىرى سىزنىڭكىدىن ياخشىراق بولۇپ چىقىدۇ. سىزگە جەڭ ئېلان قىلىدىغان ۋە سىزگە مەدەت ئاتا قىلىدىغان بىر گۇرۇپپا ئادەملەرنى تېپىپ، كۆپلىگەن ۋاقتىڭىزنى شۇلار بىلەن بىللە ئۆتكۈزۈڭ. ئاشۇنداق قىلىش ئارقىلىق سىز ئۆز ھاياتىڭىزنى ئۆزگەرتەلەيسىز. (Amy Poehler، 2011)

——مېنىڭ دادام بىر داڭلىق كومېدىيە ئارتىسى بولالايتتى، ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ شۇنداق قىلالايدىغانلىقىغا ئىشەنمىگەن. شۇڭا ئۇ ئاسانراق يولنى

تاللاپ، بىر بوغالتىر بولغان. مەن 12 ياشقا كىرگەندە دادام ئىشتىن بوشىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىز بىر ئائىلە كىشىلىرى قولىمىزدىن كېلىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ، ھاياتىمىزنى ساقلاشقا مەجبۇرى بولدۇق. مەن دادامنىڭ ئەھۋالىدىن نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك بىلىملەرگە ئىگە بولدۇم. ئۇلارنىڭ بىرسى، سىز ئۆزىڭىز ئارزۇ قىلمايدىغان بىر ئىش بىلەن شۇغۇللانغاندىمۇ مەغلۇپ بولۇپ قالىسىز. شۇڭلاشقا سىز ئۆزىڭىز ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىشلارنى تەۋەككۈلچىلىك قىلىپ سىناپ بېقىڭ. (Jim Carrey، 2014)




2 ـ رەسىم: يۇقىرىدىكى سۆزلەرنى قىلغان داڭلىقلار ئىچىدىكى 8 كىشى. ئىككىنچى كىشى (ئىرا گلاسس، 2012) نىڭ رەسىمى ئوچۇق چىقمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ رەسىمى ئىشلىتىلمىدى.

## پايدىلىنىش مەنبەسى:


[1] Michael Josephson: « How to Succeed by Failing Forward - Turning Stumbling Blocks to Stepping Stones».
[2] Nine inspiring quotes from memorable commencement speeches

# ياشاۋاتقان تۆھپىكارلارنى خاتىرىلەش

2016-يىلى 1-ئاينىڭ 29-كۈنى

بۇ يىل 24-يانۋار كۈنى ناسانىڭ «سەپەرچى 2» ناملىق ئالەم ئۇچقۇرى قۇياش سىستېمىسىدىكى 7-پلانېتا ئۇراننىڭ يېنىدىن ئۇچۇپ ئۆتكەنلىكىگە 30 يىل توشقان كۈن بولۇپ، 23-يانۋار كۈنى بولسا «سەپەرچى 2» نىڭ پروجېكت ئالىمى (project scientist) ۋە ج پ ل نىڭ 1991 - 2001-يىللاردىكى سابىق دىرېكتورى (1-قول باشلىقى) دوكتور ئېدۋارد ستون (Edward C. Stone) نىڭ 80 ياشقا كىرگەن كۈنى [1]. ئاشۇ مۇناسىۋەت بىلەن بىزنىڭ ئىدارىمىز 2016-يىلى 25-يانۋار (دۈشەنبە) كۈنى ج پ ل دىكى ئەڭ چوڭ يىغىن زالىدا بىر يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، يۇقىرىدىكى ئىككى كۈننى خاتىرىلىدى. ھەممە دوكتور ئېدۋارد ستوننىڭ ج پ ل غا قوشقان زور تۆھپىلىرىنى تەبرىكلىدى.




1-رەسىم: ئىدارىمىزدا 25-يانۋار كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن پائالىيەتتىن بىر كۆرۈنۈش.

بۇ يىغىلىشتا بۇرۇن ئېدۋارد بىلەن بىللە ئىشلەپ باققان رەھبەر ۋە كەسپىي خادىملار ئېدۋارد ھەققىدىكى بۇرۇنقى ئىشلارنى ئەسلەپ ئۆتتى، ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى مەدھىيىلىدى، ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلىدى، مەخسۇس ئېدۋارد ھەققىدە ئىشلەنگەن بىر ھۆججەتلىك فىلىمنى قويۇپ بېرىلدى، ۋە ئۇنىڭغا بىر دانە «مىننەتدارلىق گۇۋاھنامىسى» تەقدىم قىلىندى. ئون نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ئامېرىكىدىكى ئېدۋارد ئوقۇغان ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئىسمى «ئېدۋارد ستون ئوتتۇرا مەكتىپى» دېگەنگە ئۆزگەرتىلگەن بولۇپ، يىغىن جەريانىدا ئاشۇ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ھازىرقى 3 ئوقۇغۇچىسمۇ سۆز قىلىپ، ئېدۋاردنىڭ ئۆزلىرىگە كۆرسەتكەن ئىلىم-پەننىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىقىش جەھەتتىكى ئىجابىي تەسىرلىرىنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتتى (ئوقۇغۇچىلار ئۆز مەكتىپىدە سۆزلىگەن بولۇپ، ئۇ ئەھۋال يىغىن زالىدا نەق مەيداندىن قويۇلدى).



2-رەسىم: دوكتور ئېدۋارد ستون «سەپەرچى 2» نىڭ ج پ ل دىكى مودېلىنىڭ يېنىدا.

ناسانىڭ «سەپەرچى 2» ناملىق ئالەم ئۇچقۇرى 1977 ـ يىلى 20 ـ ئاۋغۇستتا ئالەم بوشلۇقىغا چىقىرىلغان بولۇپ، ئۇ ھازىر سائىتىگە 55000 كىلومېتىر ماڭىدىغان سۈرئەت بىلەن قۇياش سىستېمىسىنىڭ چېگرىسىغا قاراپ سەپەر قىلىۋاتىدۇ. يەر يۈزىدىكىلەر ھازىرمۇ ئۇنىڭ بىلەن ئىنگلىزچە Deep Space Network دەپ ئاتىلىدىغان مىكرو ـ دولقۇنلۇق ئالاقە تورى ئارقىلىق ئالاقىلىشىپ تۇرىۋاتىدۇ.

بۇ پائالىيەتتىكى ماڭا ئەڭ تەسىر قىلغان، ۋە مېنىڭ مەزكۇر يازمىنى تەييارلىشىمغا تۈرتكە بولغان ئىش، ناسا دەك بىر چوڭ ۋە مۇھىم ئورۇننىڭ بىر ھازىرمۇ ھايات كىشىنى قوشقان زور تۆھپىسى ئۈچۈن خاتىرىلىشىدىن ئىبارەت. مەن ھېسابلاپ باقسام، بىزنىڭ ئىدارىدە 400 نەپەر خادىمنى يىغىپ، بىر سائەت مۇشۇنداق پائالىيەتنى ئۆتكۈزسە كەم دېگەندە 24000 دوللار چىقىم بولىدىكەن. بىزنىڭ ئىدارىمىز بىر ياشاۋاتقان خادىم ئۈچۈن شۇنچە كۆپ چىقىم تارتىپ، مۇشۇنداق بىر پائالىيەتنى ئۆتكۈزۈشكە رازى بولۇپتۇ. مەن ھازىرغىچە ئۆلۈپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ تۆھپىسىنى خاتىرىلىگەننى كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان ئىدىم. بۇ مېنىڭ ھايات ئادەمنى خاتىرىلىگەننى تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈم (ياكى بۇرۇن كۆرگەن ياكى ئاڭلىغان بولسامۇ ھازىر ئېسىمدە قالماپتۇ). مەن بۇ پائالىيەتكە قاتنىشىپ، مۇشۇنداق پائالىيەت ئۇيغۇر دىيارىدىمۇ بەك زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. دۇنيادىكى تەرەققىي تاپقان ئەللەردىكى مىللەت ياكى خەلقلەرنىڭ ئىلغار سەۋىيىسىگە يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن ئۇيغۇرلار بۇنىڭدىن كېيىن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار ناھايىتىمۇ كۆپ، باسىمسا بولمايدىغان مۇساپىمۇ ناھايىتى ئۇزۇن. مەن ئۇيغۇرلار ئىچىدىن چىققان ھەر ساھەدىكى چوڭ تۆھپىكارلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن مۇئەللىم ئۇچرىغان تەقدىرگە داۋاملىق ئۇچراپ قالماسلىقىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىمەن. ئالاھىدە تۆھپە قوشقان زاتلىرىمىزنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى ئارقىلىق ياش ـ ئۆسمۈرلەرنى يېتەكلەش ۋە ئۇلارنى رىغبەتلەندۈرۈش پائالىيەتلىرىنىڭ كەڭ تۈردە ئېلىپ بېرىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

مەزكۇر يىغىننىڭ «سوئال ـ جاۋاب» قىسمىدا ئىدارىمىزدىكى بىر خادىم ستون ئەپەندىمدىن «كەلگۈسىدە ئالەم تېخنىكىسى ساھەسىدە ئىشلەشنى نىشانلاۋاتقان ياشلارغا قانداق تەۋسىيىلىرىڭىز بار؟» دەپ سورىغاندا، ستون ئەپەندى «ياشلار ئۆزلىرىنى فىزىكىلىق قۇرۇلما، تېخنولوگىيە، ئىنسانىي ماھارەتلەر ۋە بىلىم قاتارلىق 5 ساھەدە يېتىلدۈرۈشى كېرەك»،

دەپ جاۋاب بەردى (جەمئىي 5 ساھەنى تىلغا ئالغان ئىدى، مەن قالغان بىرىنى يېزىشقا ئۈلگۈرەلمەي قالدىم). مەن يۇقىرىدىكى 4 ساھەنى مۇنداق دەپ چۈشەندىم:

--فىزىكىلىق قۇرۇلما: راكېتا، ئالەم ئۇچقۇرىنىڭ شەكلى ۋە تۈزۈلۈشى، ئالەم ئۇچقۇرىدىكى ئانتېنننىڭ شەكلى، دېگەنگە ئوخشاش نەرسىلەر

--تېخنولوگىيە: مارسقا ئادەم ماڭدۇرۇش تېخنىكىسى، ئاستېروئىدلار (كائىنات ئۇچار تاشلىرى) نى تۇتۇپ، ئايغا ئاپىرىش تېخنىكىسى، دېگەندەك نەرسىلەر

--ئىنسانىي ماھارەتلەر: ئالەم ئۇچقۇچىسىدىن تەلەپ قىلىنىدىغان ماھارەتلەر، مارسقا قونۇدىغانلاردىن تەلەپ قىلىنىدىغان ماھارەتلەر، دېگەندەك نەرسىلەر

--بىلىم: كائىنات ھەققىدىكى يېڭى بىلىملەر، ۋە كائىناتنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەكشۈرۈش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان بىلىملەر، دېگەندەك نەرسىلەر.

مەزكۇر يىغىلىشتا سۆزگە چىققانلار ئىمكانقەدەر يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنى كۈلدۈرۈپ تۇرۇپ سۆزلەشكە تىرىشتى. بولۇپمۇ ستون ئەپەندى دىرېكتور بولغان ۋاقىتتا مۇئاۋىن دىرېكتورلۇق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن بىر پېشقەدەم خادىم ئۆزىنىڭ ستون ئەپەندىمنىڭ ئەقلىنى، بىلىمىنى ۋە ئىش قىلىش ماھارىتىنى ئۆگىنىۋېلىش ئۈچۈن ھەر خىل ئىشلارنى سىناپ باققانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتتى. ئۇ قىزىقچىلىق قىلىپ، ئۆزى سىناپ باققان 2-ئىش ھەر كۈنى ئۇخلىغاندا ياستۇقنىڭ ئاستىغا 4-5 كىتابنى قويۇپ قويۇپ، شۇ ئارقىلىق ئۆز بىلىمىنى ئاشۇرۇش بولغانلىقىنى سۆزلەپ، ئېكرانغا ئۆيىدىكى بىر كارۋات بىلەن بىر ياستۇقنىڭ رەسىمىنى چىقىرىپ قويدى. ھەمدە «مەن مەزكۇر رەسىمنى تارتىشتىن بۇرۇن كۆرپە قېپى بىلەن ياستۇق قېپىنى يېڭى قاپلارغا ئالماشتۇردۇم. شۇڭا باشقىچە خىياللارغا پېتىپ كەتمىسەڭلارمۇ بولىدۇ»، دەپ ھەممەيلەننى كۈلدۈرۈۋەتتى.



3 ـ رەسىم: دوكتور ئېدۋارد ستون ۋە مەن (2016 ـ 1 ـ 25 ـ كۈنى تارتىلغان).

ئىزاھات: «ج پ ل» دېگىنىمىز بىزنىڭ ئىدارىنىڭ ئىنگلىزچە «**Jet Propulsion Laboratory**» دېگەن ئىسمىنىڭ باش ھەرپلىرى. ج پ ل مەمۇرىي ياكى باشقۇرۇلۇش جەھەتتىن دۇنياغا داڭلىق خۇسۇسىي ئالىي مەكتەپ «كالىفورنىيە تېخنولوگىيە ئىنستىتۇتى» غا، قىلىدىغان ئىشى ۋە خىراجەت مەنبەسى جەھەتتىن ناسا غا قارايدۇ. كالىفورنىيە تېخنولوگىيە ئىنستىتۇتىدىن 2015 ـ يىلغىچە نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن كىشىلەرنىڭ سانى 34 نەپەر **[2]**. ج پ ل ناسانىڭ 10 مەركىزى ئىچىدىكى ئەڭ چوڭى بولۇپ، قىلىدىغان ئىشىنىڭ خاراكتېرى ۋە كۆلىمى نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۇ ناسانىڭ مېڭىسىگە ئوخشايدۇ. «دەۋر ئالىي مائارىپى» **(Times Higher Education)** دەپ ئاتىلىدىغان بىر نوپۇزلۇق خەلقئارالىق تەشكىلاتنىڭ باھالىشىدا، دۇنيادىكى داڭلىق ئالىي مەكتەپلەر ئىچىدە كالىفورنىيە تېخنولوگىيە ئىنستىتۇتى 2012 ـ يىلدىن باشلاپ ئىزچىل تۆردە دۇنيا بويىچە 1 ـ ئورۇندا تۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ (خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى 2011 ـ يىلى 1 ـ ئورۇندا ئىكەندۇق) **[3]**.



4 ـ رەسىم: «سەپەرچى 2» نىڭ ئالەم بوشلۇقىدىكى بىر كۆرۈنىشى (سىزىلغان رەسىم).

## پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:


[1] https://en.wikipedia.org/wiki/Édward_C._Stone
[2] https://en.wikipedia.org/wiki/California_Institute_of_Technology
[3] https://www.timeshighereducation ... #!/page/0/length/25

# قەغەزگە يېزىلغان نىشان

2016-يىلى 3-ئاينىڭ 18-كۈنى

ياشلارنىڭ ئۆز ھاياتى ئۈچۈن تۇرغۇزۇلغان نىشانى بار بولۇشىنىڭ مۇھىملىقىنى كۆپلىگەن ئۇكىلار بىلىدۇ. بۇ ھەقتە مەنمۇ بۇرۇن بىر قانچە پارچە يازما تەييارلىدىم. 1979-يىلى ئامېرىكا خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش ئىنستىتۇتى بىر تەتقىقات تۈرىنى ئېلىپ بارغان بولۇپ، ئۇنىڭدا شۇ يىلى خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى ئىگىلىك باشقۇرۇش ئىنستىتۇتىدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلاردىن «سىز ئۆزىڭىزنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن ئېنىق، قەغەزگە يېزىلغان نىشانلارنى تۇرغۇزدىڭىزمۇ، ھەمدە ئۇلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش پىلانلىرىنى تۈزدىڭىزمۇ؟» دەپ سورالغان. ئاشۇ قېتىملىق تەكشۈرۈش ئارقىلىق بايقىلىشىچە، پەقەت 3 پىرسەنت ئوقۇغۇچىلارنىڭ قەغەزگە يېزىلغان نىشانلىرى ۋە پىلانلىرى بار بولغان؛ 13 پىرسەنت ئوقۇغۇچىنىڭ نىشانلىرى بار بولغان، ئەمما ئۇلار ئۆز نىشانلىرىنى قەغەز يۈزىگە يېزىپ چىقمىغان؛ ھەمدە قالغان 84 پىرسەنت ئوقۇغۇچىلارنىڭ كونكرېت نىشانلىرى بار بولمىغان.



1-رەسىم: نىشانغا يېتىش.

ئارىلىقتا 10 يىل ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، تەتقىقاتچىلار ھېلىقى ئوقۇغۇچىلار بىلەن قايتا كۆرۈشۈپ، ئۇلار بىلەن سۆھبەتلەشكەن. ھەممە بۇ قېتىم ئىگىلىگەن ئەھۋاللارغا قاتتىق ھەيران قالغان: ھېلىقى نىشانلىرى بار بولغان 13 پىرسەنت ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھازىرقى يىللىق مائاشى ھېلىقى نىشان تۇرغۇزمىغان 84 پىرسەنت ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھازىرقى ئوتتۇرىچە يىللىق مائاشىدىن بىر ھەسسە كۆپ ئىكەن. ھېلىقى قەغەزگە ئېنىق نىشانلار ۋە ئۇلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ پىلانلىرىنى يېزىۋالغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھازىرقى يىللىق مائاشى بولسا قالغان 97 پىرسەنت كىشىنىڭ مائاشىنى بىرلەشتۈرگەن ۋاقىتتىكى كىرىمدىن 10 ھەسسە كۆپ ئىكەن.

مۇۋەپپەقىيەتنىڭ مۇشۇنداق ئېنىق دەلىللىرى بار تۇرسىمۇ، مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئېنىق، ئۆلچىگىلى بولىدىغان، ۋاقىت چەكلىمىسى بار بولغان نىشانلارنى تۇرغۇزۇپ تۇرۇپ ياشىمايدۇ.

يۇقىرىدىكى ئەھۋاللار مارك مەككورمەك (Mark McCormack) نىڭ «خارۋارد ئىگىلىك باشقۇرۇش ئىنستىتۇتى سىزگە ئۆگەتمەيدىغان نەرسىلەر» دېگەن كىتابىدا بايان قىلىنغان.

«نىشانلار» دېگەن داڭلىق كىتابىدا، برايىەن ترېيسى (Brian Tracy) سىزنىڭ ئۆز ھاياتىڭىزدا ئىستەيدىغان ئىشلارنى تېپىپ چىقىش، ھەممە ئاشۇ ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ پىلانلىرىنى تۈزۈپ چىقىشنىڭ ئۇسۇللىرىنى بايان قىلىدۇ. ھەممە ئۇ كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن نىشان تۇرغۇزماسلىقىنىڭ 4 چوڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرىدۇ:

(1) ئۇلار نىشاننىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتمەيدۇ. سىز كۆپىنچە ۋاقتىڭىزنى بىللە ئۆتكۈزىدىغان كىشىلەر، مەسىلەن، ئائىلە ئەزالىرى، دوستلىرىڭىز، سەپداشلىرىڭىز قاتارلىقلارنىڭ ئېنىق نىشانى يوق بولىدىكەن، سىزنىڭ ئېنىق نىشانىڭىزمۇ يوق بولۇشىنىڭ ئېھتىماللىقى ناھايىتى كۈچلۈك بولىدۇ.

(2) ئۇلار نىشانلارنى قانداق تۇرغۇزۇشنى بىلمەيدۇ. بەزىلەر بەك ئاددىي نىشانلارنى تۇرغۇزىدۇ. ئۇلار ئەمەلىيەتتە ھەممە كىشىلەر ئۈچۈن ئورتاق بولغان خىياللاردىنلا ئىبارەتتۇر. يەنە بىر تەرەپتىن، نىشان دېگىنىمىز ئېنىق بولۇشى، قەغەزگە يېزىلغان بولۇشى، كونكرېت بولۇشى، ۋە ئۆلچىگىلى بولىدىغان بولۇشى كېرەك.

(3) ئۇلار مەغلۇپ بولۇشتىن ئەنسىرەيدۇ. مەغلۇبىيەت ئازابلىق ئىش، ئەمما ئەڭ چوڭ مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىش ئۈچۈن چوقۇم بىر قىسىم

مەغلۇبىيەتلەرنى ئۆز بېشىمىزدىن كەچۈرمىسەك بولمايدۇ. «مەن مەغلۇپ بولۇشۇم مۇمكىن»، دەپ ئەنسىرەپ، ئۆزىمىزنى نىشان تىكلەشتىن توختىتىپ قويۇشتىن ساقلىنىڭ.

(4) ئۇلار رەت قىلىنىشتىن ئەنسىرەيدۇ. كىشىلەر كۆپىنچە ۋاقىتلاردا «ئەگەر مەن مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىسام، باشقىلار مېنى تەنقىدلەيدۇ»، دەپ ئەنسىرەيدۇ. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇلى سىز نىشانىڭىزنى باشقىلارغا دېمەسلىك. باشقىلار پەقەت سىز ئۆز نىشانلىرىڭىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بولغاندىن كېيىن سىزنىڭ نەتىجىلىرىڭىزنىلا كۆرسۇن.

بۈگۈندىن كېيىنكى ھاياتىڭىزدا ئۆزىڭىز ئۈچۈن كۆڭۈلۈك نىشان تۇرغۇزۇش ۋە ئۇلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى بىر ئادەت قىلىۋېلىڭ. بارلىقىڭىزنى ئۆزىڭىز ئىستەيدىغان ئىشلارغا مەركەزلەشتۈرۈڭ. ئۆزىڭىز ئىستىمەيدىغان ئىشلار ئۈچۈن كۈچىڭىزنى ئىسراپ قىلىشتىن ساقلىنىڭ. بىر نىشان قوغلاشقۇچى بولۇشقا قاتتىق ئىرادە باغلاپ، شۇ بويىچە قاتتىق تىرىشىپ، ئۆزىڭىز ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم بولغان ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا تەۋرەنمەي مېڭىڭ.

## پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:


Study about goals at Harvard MBA program, 1979.
http://www.lifemastering.com/en/harvard_school.html

# چۈشكەن ئىنكاسلاردىن تاللانمىلار

## بۇيرۇلغان ياردەم ۋە تىرىشچانلىق

(1) ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم بىلىمخۇمار ئاكا. جاپا چەكتىڭىز هارمىغايسىز، بۇيازمىنى دىيارىمىزدىكى بارلىق مۇسۇلمان، مۇسۇلمان ئەمەس قېرىنداشلارنىڭ ئەستايدىللىق بىلەن ئاز دىگەندە بىر قىتىم ئوقۇپ چىقىشىنى چىن دىلىمدىن ئۈمۈت قىلىمەن. nakix

(2) بۇ تېما بىلىمخۇمار ئاكىمىزنىڭ بارلىق تېمىلىرىنىڭ بىر خۇلاسىسى دىسەك ئوشۇق كەتمەيدىكەن، بۇ يەردىكى ئاچقۇشلۇق مەسلە مۇسۇلمانلار قانداق قىلىپ ئۆزىنىڭ دىنىي ئېتقادىنى تەرەققىي قىلىش يۈكسىلىشىنىڭ پايدىلىق ئامىلغا ئايلاندۇرۇشتا. dadil

(3) ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئاللاھ ئىشلىرنى ئاسانلىق بەرسۇن، مانا بۇ بىز ھەربىر ئۇيغۇر بىلىشكە تىگىشلىك ساۋات، ھەممە ئىشنى ئاللاھ بىرىدۇ، ئاللاھنىڭ ئۇرۇنلاشتۇرشى دەپ ھەممىگە شۈكرى قانائەت قىلىپ ئولتۇرماي، قولىمىزدىن كىلىشچە ئاللاھتىن مەددەت تىلەپ تىرشايلى، ئىزدىنەيلى. شۇ ئارقىلىق ئۆزىمىزنى، مىللەتنى كۈچلەندۈرەيلى قېرىنداشلار. dolanogli

(4) ئەمىلىيەتتە، كۈچلەنگەن قەۋملەرنىڭ كۈچلىنىشىدىكى ھالقىلىق ئامىللارنىڭ قايسى ئىكەنلىكىنى كۆپچىلىك ھەر ھالدا بىرەر قۇر چۈشىنىدۇغۇ دەيمەن. ئارتۇق سۆزلەش ھاجەتسىز. تەبىئەت ۋە تەبىئەت بىلىملىرى بولسا ھەقىقى تۇردىكى خۇدانىڭ كالامىدۇر.

مېنىڭچە بولغاندا خۇدا ھېچكىمگە ياردەم قىلمايدۇ. ئىشلار پەقەت قانونىيەت ئاساسىدا يۈرىشىدۇ .

خۇدا مەۋجۇتلۇقنى ئۇنىڭ ئايلىنىش قانونىيىتى بىلەن بىرلىكتە ياراتقان، دىمەك قانونىيەت بېكىتىلىپ بولۇنغان، گەرچە خۇدا قۇدرەتلىك بولسىمۇ، قانونىيەتلەرنى بۇزۇپ مەلۇم ئۆزگىرىشلەرنى ھاسىل قىلالىسىمۇ

بىراق مەۋجۇدىيەتنىڭ ئايلىنىش قانونىيىتى بولسا مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا خۇدانىڭ ۋەدىسىدىن ئىبارەت بولۇپ ھېساپلىنىدۇ، شۇنداق ئىكەن ياراتقۇچىمىز ۋەدىسىنى بۇزمايدۇ، ھەم بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا خۇدانىڭ ئىنسانلارنىڭ پائالىيەتلىرىگە ئارىلىشىپ «ياردەم قىلىشى» ياكى «زىيانكەشلىك قىلىش» دەك ئەھۋاللارنىڭ يۈز بېرىشى تامامەن مۇمكىن بولمايدىغان ئىش. يەنى مۇنداقچە ئېيتقاندا خۇدا قانونىيەت بىكىتكەندە بەزى ئېھتىماللىقلارنى ئالدىن ئويلىيالماي قېلىپ ۋاقتى سائىتى كەلگەندە شۇ ئىشقا قارىتا مەلۇم ئۆزگەرتىش ئېلىپ بارمايدۇ. دىمەك خۇدا مەۋجۇتلۇقنى يارىتىپ بولغاندىن كىيىن ھىچنىمىگە ئارىلاشمايدۇ. قانونىيەت بىكىتىلگەندە ھەر خىل سەۋەپلەردىن كېلىپ چىقىدىغان ھەر خىل نەتىجىلەرنىڭ تۈرلۈك ئېھتىماللىقلىرى تولۇقى بىلەن نۇقسانسىز ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

بىز خۇدانىڭ كالامىنى ئوقۇيدىغان ئىلىم پەن بىلىملىرىنى تىرىشىپ ئۆگەنسەك ئۇ ھالدا بۇ مۇقەددەس كىتاپنى ئوقۇيالايمىز، بۇ كىتاپنى ئوقۇيالىساق قانونىيەتنى چۈشىنىمىز، قانونىيەتنى چۈشەنسەك خۇدانىڭ قۇدرىتىنى ھەقىقى مەنىدە ھىس قىلىمىز. خۇدانىڭ قۇدرىتىنى ھىس قىلساق ھىدايەتكە ئېرىششكە ئىنتىلىمىز!!1_sanghun

(5) سالام بىلىمخۇمار ئاكا:

ئەجرىڭىزگە رەھمەت. «مۇسۇلمان» دىگەن ئاتالغۇنى ئۇيغۇرچىدا «پاكلانغان كىشى» دەپ تەرجىمە قىلساق بولىدۇ، بۇ يەردىكى پاك زات چوقۇم ئەقلاقى ئەقلى ۋە جىسمانى جەھەتلەردە كامالەتكە يەتكەن ياكى شۇنىڭغا يۈزلەنگەن كىشىدۇر. ئىسلام-تېنچلىق دىمەكتۇر. شۇڭا بەزى كىشىلەرنىڭ ياپونىيە قاتارلىق ئەللەرنى «مۇسۇلمان دەپ نامى يوق ئەمما تېنچلىققا ئېرىشكەن » خەلق دىگىنى توغرا.

دىمەكچى ئەقلاقى، ئەقلي ۋە جىسمانى تەرەپلەردىن كامالەتكە يەتكەن كىشى جەمىيەت ئۈچۈن قىممەت يارىتالايدۇ، ئاجىز-ئورۇقلارغا قارىيالايدۇ (بىز زاكات دەيمىز ھە)، يۇقۇرى بىلىم سەۋىيەسى، تەپەككۇرى بىلەن ھەقىقەتنى تونۇيدۇ، تونۇتىدۇ.(شۇڭا پەيغەمبەرلەرنىڭ (خەۋەر يەتكۈزگۈچى) سايىسى ئالىملاردا بولۇدۇ ...) دەل مۇشۇنداق كىتاۋى گۈزەل ئەخلاق ئىگىلىرى ئاللاھنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىدۇ. بۇنداق كىشىلەرنى ھەر قانداق كىشى ھەر قانداق جەمىيەت ئەتىۋالايدۇ. بۇ خىل كىشىلەر بىزدە

قانچىلىك، تەرەققىي قىلغان ئەللەردە قانچىلىك مۇشۇ نىسبەتنى بىلسەكلا كىمنىڭ تەرەقى قىلىشقا ئەڭ لايىق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز.
osumluk

(6)سانغۇن ـ 1 نىڭ يۇقۇرىدىكى ئىنكاسىنى پەن بىلەن ئىسلام دىنى، ئاللاھ بىلەن ئىنسانلار جۈملىدىن مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ خېلى يورۇق شەرھىيسى دېيىشكە بولىدۇ. 1. ئاللاھنى تونۇش تەبىئەت ۋە جەمئىيەت قانۇنىيەتلىرىنى تونۇش ۋە تەدبىقلاش ئارقىلىق ۋايىغا يەتمىسە، بۇنداق كىشىلەرنىڭ ئۇ دۇنيالىقى ياخشى بولۇپ كېتىشى ناتايىن. رېئال بەختچۇ؟ ئۇ، قارىغۇلارچە ئۇرۇنۇشلار تۈپەيلىدىن مۇھتاجلىق ، خورلۇققا ئورۇن بەرمەي قالمايدۇ. 2. تەبىئەت ۋە جەمئىيەت قانۇنىيەتلىرىنى تونۇش ۋە تەدبىقلاش بىلەنلا بولۇپ، ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىنى ئېتىراپ قىلمىسا، بۇنداق كىشىلەرنىڭمۇ ئۇ دۇنيالىقى ياخشى بولۇپ كېتىشى ناتايىن. 3. زامانىمىزدىكى بەزى تۈركۈم ـ توپلارنىڭ چېھرىدىكى بەختىيارلىق، تەبەسسۇم بىلەن بەزى تۈركۈم ـ توپلارنىڭ چېھرىدىكى بىچارىلىق، سۇلغۇنلۇقنىڭ سەۋەپلىرىگە قارىتا سانغۇن ـ 1 نىڭ ئىنكاسىدىن ئورۇنلۇق، دەل جاۋاپ چىقىدۇ. دەپ قارىدىم . ‹كىتاپ ‹ئىمىزدىكى خاسلىققا ئىگە، شۈڭلاشقىمۇ تارىخىيلىقى شەكسىز بولغان نەسىھەت ۋە تەلەپلەرنى ئۆزىنىڭ شارائىتىغا ـ ماكانى ۋە زامانىغا ، ئوبيېكتىغا قارىمايلا تەدبىقلاشقا ئۇرۇنۇش› كىتاپ ‹ئىمىزنىڭ ھەقىقى روھىدىن، ئەقلىدىن ئايرىلغان نادانلىق، كۆلپەتلەرگە سەۋەپ بولغان، بولغۇسى ئەجەللىك خاتالىق دىمەي تۇرالمايمىز. (parangqi)

(7)رەھمەت بىلىمخۇمار ئاكا ئۆزلەنىڭ مۇنداق ئېسىل نادىر تېمىلىرىنى ئوقۇمىغىلى ئۇزۇن بوپتۇ ، يىراق ئوكيانلارنىڭ نېرىدا تۇرۇپمۇ يەنىلا نىقاتلىق ھىدايەت ئۈستىدە تىنىمسىز تىپچەكلەۋاتقان ئۇيغۇر قېرىنداشلار ئاللا رىزاسى ئۈچۈن توختىماي قىزغىنىپ سوقىۋاتقان يۈرەكلىرىگە ئاپىرىن! بولدىلا گەپنى قىسقىلا قىلسام بۇرۇندىن تارتىپ چوڭلاردىن ئاڭلاپ ئۇدۇن بولۇپ كېلىۋاتقان، يارىتىش مەندىن يارىلىش ئۆزەڭدىن» دېگەنگە بەك جانلىق مىساللار بوپتۇ. دېمىسىمۇ تىرىشچانلىق بولمىسا ھېچ ئىش ۋۇجۇتقا چىقمايدۇ، بۇ ئەڭ ئەقەللىي ساۋات . تېمىدا ئەسكەرتكەندەك ئەلۋەتتە مۇسۇلمان دېگەن بەش ۋاق ناماز، بەش پەرز

بلەنلا كۇپايىلەنسە ھەقىقىي مۆئمىن ھېسابلانمايدۇ، ئۇنىڭدا تۇرلۇك مەسىلىلەرگە نىسبەتەن توغرا تاللاش ھەل قىلىش چارىسى ئەلۋەتتە كېرەك قىلىنىدۇ. yagurqak

(8) ئاللاھ قەلبىڭىزگە بەرىكەت بەرسۇن. ھەق جانابى ئاللاھ «يارىتىش مەندىن يارىلىشىڭ ئۆزۈڭدىن». روس ماقال-تەمسىلى: «ھەركىم ئۆز تەقدىرىنىڭ تۆمۈرچىسى » . يۈسۈپ خاس ھاجىپ :

بىر دانا توختىماي قىلاتتى خىتاب،
بىلىمسىز كىشىلەر ئەما ھەم بىتاب.
سورىدىم مەن ئەملەشنىڭ دورىسى نىمە؟،
ئۇ دىدى: كىتابتۇر، كىتابتۇر، كىتاب. mirwan

(9) تولىمۇ تەئەججۈپ ۋە ئەپسۇسلىنىش تۇيغۇلىرى ئىچىدە شۇنى دىمەكچىمەنكى: تۈرلۈك ئىدىيە، دۇنيا قاراشلار، تۈرلۈك ئېقىملار ئۆستۈنلۈك تالىشىۋاتقان ھازىرقى دەۋرىمىزدە ئۇيغۇرلارمۇ رمۇشۇ ئېقىمغا ئەگىششى كېرەكمۇ؟ نىمە ئۈچۈن پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى ، پۈتكۈل دۇنيانى زىلزىلىگە سالغۇدەك يېڭى ئىدىيە ، يېڭى دۇنيا قاراشلار ئۈستىدە ئىزدەنمەيمىز؟

تارىخ بىزگە شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، پەقەت يېڭىلىق ياراتقۇچىلار، ئۆزىنى ئىسلاھ قىلغۇچىلارلا تېز سۈرئەتتە غالىپلارغا ئايلانغۇچىلاردۇر.

خۇددى كۆپىنچە قېرىنداشلىرىمىز ئىيتقاندەك، دىنىي چاقىرىق ۋە دىنى ئىدىيەلەر ھەقىقەتەن كىشىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدىغان بولسىمۇ، لېكىن ئىنسانلار جەمىيتىنىڭ ھازىرقى رىئاللىقىدىن ئالغاندا مەلۇم دىنى ئىدىيەنى ئىنسانلارنىڭ ئورتاق دۇنياۋى شۇئارىغا ئايلاندۇرۇش مۇمكىن بولمايدىغان ئىش، ھەر قايسى دىنلار ئەينى تارىخى شارائىتتا ئۆزىنىڭ تارىخى ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ بولدى. قىممەتلىك ۋاقتىمىزنى باشقىلار تەرىپىدىن مەخسەتلىك ياكى مەخسەتسىز ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئەنئەنىۋى دۇنيا قاراش ياكى دىنى ئىدىيەلەر ئارىسىدىكى ئۈستۈنلۈك تالىشىش كۈرەشلىرىگە ئىسراپ قىلماسلىقىمىز، پۈتۈن زىھنىمىزنى ئەقلى قۇۋۋىتىمىزنى ئىشقا سېلىپ ئەڭ يېڭى، ئەڭ ئىلغار ئەڭ زامانىۋى دۇنيا قاراشلار ئۈستىدە ئىزدىنىشىمىز كېرەك.

ئىنساننىڭ ئىنتىلىدىغىنى خاتىرجەم قەلب، ئازادە روھ. ئىنسانلار ئۆزى ياشاۋاتقان ماددى دۇنيانى ئۆزگەرتىشكە قادىر بولالىغان بولسىمۇ بىراق روھى دۇنياسىدا تېخى چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولغىنى يوق. ئىنسانلار تېخى ئەمدىلەتىن روھىيەت ئالىمىنىڭ ئىگىز ھەم قېلىن سېپىل تاملىرىنىڭ ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈشلىرىگە يىراقتىن نەزەر سالماقتا.1 ـ yan'ghun

(10) ھۆرمەتلىك ئەركىن مۇئەللىم، تالاش ـ تارتىش قىلىش، بەزى چۈشۈنەلمىگەن مەسىلارنى ئوتتۇرغا قويۇش بىزنىڭ ئىسلام دىنىغا قارشى ئىكەنلىگىمىزنى، بۇ دىنىدىن چىقىپ كېتىش خىيالىمىزنىڭ بارلىغىنى بىلدۇرمەيدۇ، بۇنى سىزمۇ بىلىسىز، ماقالىدا ئەكىس ئەتتۇرۇلگەن ئاساسى لوگىكا ـ ـ ـ مۇسۇلمانلار ئۇز ئارزۇسى ۋە غايىسى ئۈچۈن ئەڭ زور تىرىشۋانلىق كورسەتكەندىلا، بۇ تىرىشچانلىقنىڭ نىشانى ھەققانى بولسا، بۇنىڭغا ئاللاھنىڭمۇ ياردەم قىلىش مۇمكىنچىلىگىنىڭ بارلىغى شەرھىلەنگەن، بىزنى بەكلا قائىل قىلدىغىنى ھەم ھۆرمىتىمىزنى قوزغايدىغىنى سوزىڭىزگە ئوخشمايدىغان پىكىرلەرنى بەرگۈچىلەرگە ھەرگىز قوپال سۆزلەر بىلەن رەدىيە بەرمەيسىز، بۇ بىزنىڭ ھەم نۇرغۇن تورداشلارنىڭ ئۇلگە قىلىشقا تېگىشلىك تەرىپىakim888 .

## تىرىشچانلىق ۋە ئىبادەت

(11) ئەتىگەندە ئۇسسۇزلۇقۇمنى قاندۇردىغان تىمىدىن بىرنى ئۇقۇۋالدىم. رەھمەت سىزگە بىلىمخۇمار ئاكا كوپ رەھمەت.ئاللا ئەجرىڭىزنى بەرسۇن، ئۇ دۇنيا ھەم بۇ دۇنيا ئەزىز قىلسۇن، قىلغان خىزمەتلىرىڭىزنىڭ تىخمۇ ئۇتۇقلۇق بۇلىشىنى ئاللاھتىن تىلەيمەن. ئامىن. akaxman

(12) ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، بىلىمخۇمار ئاكا! تولىمۇ چۈشىنىشلىك ئېسىل بىر يازما بوپتۇ، نۇرغۇن بىلىمگە ئىگە بولدۇم، رەھمەت سىزگە، ھەر زامان ئامان بولۇڭ!Kamile

(13) ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئۇستاز. الله سىزگە رەخمەت قىلغاي. الله سىزگە رەخمەت قىلغاي. الله سىزگە رەخمەت قىلغاي. الله تائالا ئىشلىرىڭىزغا بەركەت ئاتا قىلغاي. الله تائالا تېنىڭىزنى سالامەت، ئۆمرىڭىزنى ئۇزۇن ھەم خەيرلىك قىلغاي، ئىلمىڭىزنى زىيادە، ئائىلىڭىزنى بەختلىك قىلغاي. الله تائالا ئىمانىڭىزنى كامىل قىلغاي. دەرگاھىغا ئىمانىڭىز بىلەن بارغىلى نىسىپ قىلغاي. ئامىن .

الله سۇبھانە ۋەتائالا بۇ تېمىڭىزنى ئوقۇغانلىكى كىشلەرنى توغرا چەشەنچە ھاسىل قىلىپ، توغرا بولغان بىلىم ئېلىش يولىنى ، توغرا بولغان تۇرمۇش ئادىتىنى، توغرا بولغان كىشىلىك مۇناسىۋىتىنى يېتىلدۈرۈشنى نىسىپ قىلغاي، ئامىن . «مەن نېمە ئۈچۈن مۇسۇلمان بولدۇم؟» دېگەن سۇئالغا يېتەرلىك جاۋاب تېپىپ، كۆزى ئوچۇق ياكى ھەممىنى تولۇق كۆرۈپ تۇرغان شەرت ئاستىدا ئاللەنى تونۇغىلى نىسىپ قىلغاي، ئامىن. شۇنداقلا الله بىزنى يىراقنى كۆرەلەيدىغان، ياشاشنىڭ توغرا يوللىرىنى تاپالايدىغان كىشلەردىن قىلغاي، ئامىن . اللەقا ئامانەت .
obzorqi

(14) نىمە دىگەن ئىسىل مەزمۇن، ئاجايىپ ئىسىل ھىكمەت. مۇشۇنداق ياخشى مەزمۇنلار ئادەمنىڭ كاللىسىنى ھەقىقى ئاچىدۇ.
رەخمەت ئۇستاز، قولىڭىزغا دەرت بەرمىسۇنel1886 .

(15) بىر يۈرەككە تەسىر قىلغىدەك يازما ئوقۇدۇم. ھارمىغايسىز.
arkak007

(16) ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم بىلىمخۇمار ئاكا، يېڭى يازمىڭىزنىغا تەشەككۇر، تىنىڭىزنىڭ سالامەت ئىشلىرىڭىزنىڭ ئۇتۇقلۇق بۇلۇشىنى تىلەيمەنchunki .

(17) ئەسسالامۇئەلەيكۇم بىلىمخۇمار ئاكا، يازمىڭىزغا كۆپ تەشەككۇر! 1ـ قىسىم ماقالىڭىزغا قىرىنداشلانىڭ قالدۇرغان ئىنكاسى ۋە ئويغان ئەپەندىنىڭ لىكسيەسىدىن كۆپ نەرسىلەرنى بىلىۋالدىم. ئالالاھ خالىس قىلىۋاتقان بۇ ئىشلىرىڭىزغا ئەجىر بەرگەي! ئالالاھ ھەممىمىزنى توغرا يولدا مۇستەھكەم قىلغاي، ئامىن !Optimistic

(18) ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! ھۆرمەتلىك ئەركىن سىدىق ئاكا ئېسىل يازمىلىرىڭىز بىلەن بىزنى مول بىلىملار ۋە ئۇچۇرلار بىلەن تەمىن ئەتكەنلىكىڭىزگە كۆپ تەشەككۇر، ئاللا ئەجرىڭىزنى بەرسۇن. turankaxkari

(19) ئاللاھ كاتتا ئەجىرلەرنى ئاتا قىلسۇن! يازما تېخىمۇ چۇشىنىشلىك، سىڭدۇرۇشلۇك يېزىلىپتۇ. بەزىبىر كاللىسى ئېچىلمىغان، دىللىرى قاساۋەتلىشىپ كەتكەن، ھەق بېلەن ناھەق ئوتتۇرىسىدا تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالغانلارنىڭ دىللىرىغا مەلھەم بولغۇسى .ahm0996

(20) خۇلاسە: ئىسلام دىنىدا بىر مۇسۇلمان چوڭ گۇناھلاردىن يىراق تۇرۇپ، ناماز، زاكات، روزا، ھەج پەرھىزلىرىنى ئادا قىلىپ ئەڭ تۆۋەن ئۆلچەم سىزىقىنىڭ ئۇستىدە ياشىسا بولۇۋېرىدۇ. ھېچ كىم «ئەگەر جەننەتكە كىرمەكچى بولساڭ، ئەڭ تۆۋەن ئۆلچەم بويىچە ياشىساڭ بولمايدۇ» ، دېيەلمەيدۇ. بىراق، ئاللاھ بىر قىسىم كىشىلەرگە باشقىلارغا قارىغاندا نېمەتنى كۆپرەك بەرگەن. يەنى، بىر قىسىم كىشىلەر ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە باشقىلارغا قارىغاندا كۆپرەك ئېرىشكەن،ئاللاھ ئۇلارغا پۇرسەتنى كۆپرەك بەرگەن بولۇپ ئاللاھ ئۇلاردىن چوڭراق ئۇمىۇتنى كۇتىدۇ.بۇنداق ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە كۆپرەك ئېرىشكەن،باشقىلارغا قارىغاندا تېخىمۇ كۆپرەك ئىشلارنى قىلىشقا پۇرستى بار بولغانلارمۇ مۇسۇلمانلىقنىڭ ئەڭ تۆۋەن ئۆلچىمى بويىچە ياشىسا ئاللاھ ئۇلاردىن تولۇق رازى بولمايدۇ. دىمەك،مەن مۇسۇلمانمەن دىگەن ھەر بىر ئادەم ئاللاھ بەرگەن بارلىق ئىمكانىيەتلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ ۋاقتىنى قەدىرلەپ تېرىشىپ ئۇگۇنۇپ،ياخشى ئىشلەپ ئائىلىسى، يۇرتى، خەلقى، ئىنسانىيەت ئۇچۇن كۆپرەك ياخشى ئىشلارنى قىلغاندىلا ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولىدۇ..... قىسقىسى، ئىسلامىزىملىق كىشىلىك ھايات قارشىنىڭ مەركىزى -- ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش ۋە ئىنسانلارغا ياخشىلىق قىلىش.....رەھمەت . yaqup

(21) بىلىمخۇمار ئەپەندىمدىن ئاللاھ رازى بولسۇن، ئەسەرلىرىنىڭ ئۇزۇلۇپ قالماسلىقىنى ئۇمىد قىلىمەن.muzart

(22) ھۆرمەتلىك «sword001» قېرىندىشىم، مەن سىزنىڭ ماڭا بولغان ئىشەنچىڭىزدىن سۆيۈندۈم، ھەم شەرەپ ھېس قىلدىم. رەھمەت!

تۆۋەندە مەن سىز ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەر ھەققىدە قىسقىچە توختۇلۇپ ئۆتەي. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ھەققىدە مەخسۇس تەما تەييارلاپ يوللاشنى پىلان قىلىۋاتقان. ئاللاھ بۇيرىسا كېيىنچە ئۇمۇ مۇمكىن بولۇپ قالار.

(1) دىننى پەننىي نۇقتىدىن تۇرۇپ چۈشىنىش ۋە چۈشەندۈرۈش مەسىلىسى. ئىسلام دىنىدا راتسىئوناللىققا چۈشىدىغان ئۇقۇملار كۆپ بولۇپ، ئۇلارنى ئىنسان ئەقلىگە ياكى پەنگە تايىنىپ تۇرۇپ چۈشەنگىلى ۋە چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن، كائىنات بىر چوڭ پارتىلاشتىن كېيىن پەيدا بولغانلىقىنى پەن ۋە ئىسلامنىڭ ھەر ئىككىسى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئىسلامدا راتسىئونالىقتىن تاشقىرى (super_rational) نەرسىلەرمۇ كۆپ بولۇپ، ئۇلارنى ئىنسان ئەقلى بىلەن چۈشەنگىلى ياكى چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ. مەسىلەن، جەننەتنىڭ قايەرگە جايلاشقانلىقىنى ھېچ كىم دەپ بېرەلمەيدۇ. مۇسۇلمانلار نېمە ئۈچۈن ھەر كۈنى 4 ۋاق ياكى 6 ۋاق ناماز ئوقۇماي، 5 ۋاق ناماز ئوقۇشى كېرەكلىكىنى ھەچ كىم بىر راتسىئونالىق تەرىقىسىدە چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. تەرەت ئېلىش قائىدىسىمۇ ھەم شۇنداق. بۇنداق پەرھىزلەرنى ئىمان ئېيتىپ، ئىسلامغا كىرگەن ئادەم شۇ بويىچە قوبۇل قىلىدۇ. ئامېرىكىدا جۈمە نامىزىغا كىرىپ ناماز ئوقۇيدىغانلار ئىچىدە ئىنژېنېر، ئادۇكات، دوختۇر قاتارلىق يۇقىرى ئۇنۋانلىق كەسپىي خادىملار خېلى كۆپ. ئۇلار ئۆز كەسپى بىلەن شۇغۇللانغاندا كەسپىي قالىپىنى كىيىۋالىدۇ. مەسچىتكە كىرگەندە بولسا دىنىي قالىپىنى كىيىۋالىدۇ. ئۇلار ئۈچۈن بۇنىڭدىن باشقا ئامال يوق. مەلۇم بىر ئىسلام زىيالىيسىنىڭ ھېسابلاپ چىقىشىچە، قۇرئاندا جەمئىي 350 دانە پەننىي ئۇقۇم بار ئىكەن. شۇڭلاشقا سىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەلىپىڭىزنى ئەينەن ئورۇنلىغىلى بولمايدۇ. مەن پەن بىلەن دىننى بىرلەشتۈرگىلى بولىدىغان ئىشلاردا كۈچىمىنىڭ يېتىشىچە بىرلەشتۈرۈپ چۈشەندۈرۈشكە تىرىشىۋاتىمەن.

سىزنىڭ «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەقىل سەۋىيىسىنى بەك تۆۋەن مۆلچەرلىۋالماسلىقىڭىزنى ئۈمىد قىلىمە» دېگەن گېپىڭىز پۈتۈنلەي ئارتۇقچە گەپ بولۇپ قاپتۇ.

(2) سىزنىڭ ئۆزىڭىزنىڭ دىنىمىزغا تۇتقان پوزىتسىيىڭىز ھەققىدىكى بايانلىرىڭىزدىن سىزنىڭ دىنىمىزنى ھەقىقىي تۈردە چۈشىنىشكە قىزىقىدىغان بىرسى ئەمەسلىكىڭىزنى ھېس قىلدىم. مەن سىزنىڭ تاللىشىڭىزغا ھۆرمەت قىلىمەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مېنىڭ سىزدىن كۈتىدىغان ئۈمىدىم، ئۆزىڭىز بىلمەيدىغان نەرسە ئۈستىدە ھۆكۈم چىقارماڭ. مەن سىزنىڭ كەلگۈسىدە مۇشۇ ئىشقا تۇتقان پوزىتسىيىڭىزدە بىر ئۆزگىرىش بولۇشىنى ئارزۇ قىلىمەن. پۈتۈن دىنلارنىڭ ئىچىدە ئىسلامغا ئوخشاش باشقىلارنى ئويلاشقا، ۋە ئۆزگە جەڭ ئېلان قىلىشقا چاقىرىدىغان باشقا بىر دىن يوق. ئەمما، مەن يۇقىرىدىمۇ دەپ ئۆتۈپ كەتكىنىمدەك، دىندا ئىنسان ئەقلى بىلەن چۈشىنىش مۇمكىن بولمايدىغان نۇرغۇن نەرسىلەر بار. بۇنى ئاللاھ قۇرئاندىمۇ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان. شۇڭلاشقا بۇ جەھەتتە ئەڭ ياخشىسى قۇرۇق ئاۋارە بولمىغان ياخشى.

(3) مەن سىزنىڭ ئۆزىڭىز خىلىدىكى كىشىلەر بىلەن «دىنىي قېلىپتىكى ياشلار» نىڭ پەرقى ھەققىدىكى بايانلىرىڭىزدىن سەل ئۈمىدسىزلەندىم. سىز ۋە مەن مەلۇم جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا «ئىشتىن سىرتقى دەۋەتچىلەر» بولۇپ ھېسابلىنىمىز. يەنى، بىز باشقىلارغا تەسىر كۆرسىتىش ئۈچۈن، شۇ ئارقىلىق باشقىلاردا ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتىمىز. ئاشۇنداق دەۋەتچىلىكنى ئۈنۈملىك قىلىشنىڭ 1-شەرتى، بىز دەۋەت قىلىۋاتقان كىشىلەرگە ھۆرمەت قىلىش. ئەگەر بىز ئۆزىمىزنى ئۇلاردىن ئۈستۈن قويىۋېلىپ ئىش قىلساق، ئېرىشىدىغان نەتىجىمىز ئاساسەن نۆل بولىدۇ.

(4) مېنىڭ يازمىلىرىم بەزى ياشلارغا تەسىر قىلىپ، ئۇلارنى دىنغا مايىل قىلىپ قويۇشى. بۇ ئىشتا مۇنداق ئىككى تەرەپ بار. ئۇنىڭ بىرى، مەن ھازىرغىچە باشقىلارنى دىنغا مايىل قىلىش مەقسىتىدە بىر نەرسە يېزىپ باقمىدىم. ئۇنىڭ يەنە بىرى، قۇرئاندا بىر ئادەمنىڭ دىنغا كىرىش ياكى كىرمەسلىك ئىشىدا مۇنداق بىر مەزمۇن بار: پەقەت ئاللاھ يېتەكلىگەن كىشىلەرلا دىننى قوبۇل قىلىدىغان بولۇپ، ئۇنداق كىشىلەرنى باشقا ھېچ قانداق ئادەم توسۇپ قالالمايدۇ؛ ئاللاھ يېتەكلىمىگەن كىشىلەرنى باشقا بىرەر ئادەم دىنغا كىرگۈزەلمەيدۇ. مەن بۇ ئۇقۇمغا «بىر ھەقىقەت» دەپ ئىشىنىمەن. دېمەك، مەندە سىز ئەنسىرىگەن ئىشنى قىلالايدىغان قابىلىيەت مەۋجۇت ئەمەس. مېنىڭ ئوقۇغان زىيالىيلارنى دىن ھەققىدە بىر قىسىم بىلىم ھاسىل قىلىپ، شۇ ئارقىلىق ئوقۇش سەۋىيىسى تۆۋەن

خەلقىمىزنى دىن جەھەتتە توغرا يېتەكلەشكە چاقىرغانلىقىم راست. خەلقىمىزگە دىنىنىڭ توغرىسىنى ئۆگەتمىسەك، ئۇلار دىنىنىڭ چالىسىنى ياكى خاتاسىنى ئۆگىنىۋېلىپ، بەزى ناچار ئىشلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇنى ھەممىمىز كۆرۈپ تۇرىۋاتىمىز.

ئىنسانلار 3 خىل ئېھتىياج بىلەن يارىتىلغان: (1) فىزىكىلىق، جىسمانىي، ياكى ماددىي ئېھتىياج. (2) ئىلاھىي ياكى روھىي (sipiritual) ئېھتىياج. (3) ئەقلىي (intellectual) ئېھتىياج. ھەممە ئىنسانلار ئۈچۈن 1-ئېھتىياج ئاساسىي جەھەتتىن ئورتاق بولىدۇ. ئەمما، 2- ۋە 3- ئېھتىياجنىڭ ھەر بىر ئىنساندىكى تەقسىمات مىقدارلىرى ئوخشىمىغان ئىنسانلارغا قاراپ ئوخشاش بولمايدۇ. سىز تىلغا ئالغان 1-خىلدىكى ياشلار روھىي ئېھتىياجى كۈچلۈكرەك بولغانلارغا كىرىدۇ. ئىككىنچى خىلدىكى ياشلار بولسا ئەقلىي ئېھتىياجى كۈچلۈكرەك بولغانلىرىغا كىرىدۇ. ئەسلىدە ئىنسانلارنىڭ 2- ۋە 3-ئېھتىياجلىرى بىر-بىرىنى چەتكە قاقمايتتى. ئەسلىدە بىر-بىرىنى تولدۇراتتى. ئەمما مېنىڭچە ھازىر ئىسلام دىنىنى چۈشەنمەسلىك، ياكى توغرا چۈشەنمەسلىك تۈپەيلىدىن سىز تىلغا ئالغان 1-خىل ۋە 2-خىلدىكى ياشلار ۋۇجۇتقا كەلدى. مەن ھازىر ئاشۇ ئىككى خىل ياشلارنىڭ ئوتتۇرىسىكى ئارىلىقنى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىۋاتىمەن. ئاللاھ بۇيرىسا بۇ نۇقتىنى سىز بۇنىڭدىن كېيىن يەنىمۇ ياخشىراق چۈشىنىپ قالىسىز.

مېنىڭچە ھازىر يەر شارىدىكى مۇسۇلمانلار دۇنياسىدا يۈز بېرىۋاتقان ناچار ئىشلارنى دىن كەلتۈرۈپ چىقارغان ئەمەس. ئۇنى ئىنسانلار كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئاساسىي جەھەتتىن ئۆزلىرىنى «مۇسۇلمان» دەپ ئاتىۋالغان، ئەمما «مۇسۇلمانلىق شەرتلىرى» گە ئاساسەن توشمايدىغان كىشىلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئاشۇ كىشىلەر ناچار ئەھۋاللارنى ھازىرمۇ كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتىدۇ. ئامېرىكىدا شەخسىي دۇكىنى بار «مۇسۇلمانلار» كۆپ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسمى يالغانچىلىق قىلىپ، ھۆكۈمەتكە باج تۆلىمەيدۇ. ئۇلاردىن «نېمىشقا باج تۆلىمەيسەن؟» دەپ سورىسىڭىز، «كاپىرلارغا باج تۆلىمىسە گۇناھ بولمايدۇ»، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئەمما ئاشۇنداق جاۋاب بەرگەن بەزى كىشىلەرنىڭ دۇكانلىرىدا پىۋە بىلەن ھاراق سېتىلىدۇ.

مەن مۇنداق ئويلايمەن: ئەگەر ئاللاھ بىر كۈنى ئىسلام دىنىنى ھازىرقى مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدىن ئېلىۋېلىپ، ئۇنى ياپونلارغا بەرسە،

ياپونلارنىڭ قولىدا بۇ دىندىن هازىرقى بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشمايدىغان نەتىجە چىقىدۇ. سەۋەبى، (2) ياپونلاردا ئىسلام دىنىنى توغرا ۋە تولۇق چۈشەنگۈدەك ئەقىل بار. بۇ ئەقىلنىڭ خېلى كۆپ قىسمى ئۇلارنىڭ ئۇزۇن مۇددەت يولغا قويۇلغان يۇقىرى سۈپەتلىك مائارىپىدىن كەلگەن. (2) ئۇلاردا دىنىنى توغرا ئېلىپ ماڭالايدىغان يۇقىرى سۈپەتلىك ئاڭ بار. (3) ئۇلاردا ئىسلامدا تەلەپ قىلىنغان ئەخلاقىي ئۆلچەملەر ئاساسىي جەھەتتىن تولۇق. مېنىڭچە ئاللاھ ئەسلىدە مۇسۇلمانلاردىن ئىسلام دىنىغا خۇددى ياپونلار ئۆز ئەجداتلىرىنىڭ روھىغا ئېتىقات قىلغاندەك ئېتىقات قىلىشنى تەلەپ قىلغان. مۇسۇلمانلاردىن ئاخىرەتنى ئۇنتۇلۇپ قالمىغان ئاساستا بىر ئىناق، ئادىل، ئەركىن، ۋە هۆرلۈككە تولغان جەمئىيەت بەرپا قىلىپ، ئۆزىدىكى بارلىق ئەقىل، بارلىق يۇشۇرۇن قابىلىيەت ۋە باشقا بارلىق ئىمكانىيەتلەرنى تولۇق ئىشقا سېلىپ، شۇ ئاساستا ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا تۆهپە قوشۇپ تۇرۇپ ياشاشنى تەلەپ قىلغان. ئەمما مېنىڭچە هازىرقى مۇسۇلمانلار ئاللاهنى رەنجىتتى. ئىسلامنىڭ يۈزىنى تۆكتى. باشقا هەممە ئىشلارنى بىر تەرەپكە قايرىپ قويغان تەقدىردىمۇ، ئاللاھ بىر، قۇرئان بىر ۋە پەيغەمبىرىمىز بىر بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەگەر هازىرقى مۇسۇلمانلاردا يۇقىرىراق ساپا بار بولغان بولسا، ئۇلار ئەقىل ئىشلەتكەن بولسا، هەرگىزمۇ هازىرقىدەك ئۇنچىۋالا كۆپ گۇرۇھ-مەزهەپلەرگە بۆلۈنۈپ كەتمەيتتى. بىر-بىرىنى ۋەيران قىلىش ئىشى تېخىمۇ يۈز بەرمەيتتى.

ئويغان مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر دۇنيانى ئوبدان كۆزىتىپ باقىدىغان بولساق، قاتتىق ئىزدىنىپ، ئىسلام دىنىنى تولۇق ۋە توغرا چۈشەنگەن كىشىلەر ئىچىدە ئىسلام دىنىنى تاشلاپ، دىنىنى باشقا بىر دىنغا ئۆزگەرتكەن، ياكى دىنسىزلىشىپ كەتكەن كىشىلەرنى ئاساسەن تاپالمايمىز. ئەمما ئىسلام دىنىغا يېڭىدىن كىرگەن، ياكى دىنىنى باشقا دىندىن ئىسلامغا ئۆزگەرتكەن كىشىلەرنى ناهايىتى كۆپ ئۇچرىتىمىز.

هازىر ئۆز ئىچىمىزدىكى دىنىمىز هەققىدە قالايمىقان سۆزلەپ يۈرگەن كىشىلەرمۇ ئاساسەن دىنىمىز توغرىلىق هەقىقىي تۈردە چوڭقۇر ئىزدىنىپ باقمىغان، دىنىمىزنى تولۇق ۋە توغرا چۈشەنمەيدىغان كىشىلەر. مېنىڭچە ئىلىم-پەنگە يۈرۈش قىلىپ، مىللەتنى گۈللەندۈرۈشكە دىنىي ئېتىقاد زىيانلىق ئەمەس، ئەمما بىر ئىنسانپەرۋەرلىككە باي، ئادىل، ئەركىن، ئەخلاقلىق ۋە گۈزەل جەمئىيەت بەرپا قىلىشتا چوقۇم بىر دىنىي ئېتىقات ياكى باشقا بىرەر ئېتىقاد (مەسىلەن، ياپونلارغا ئوخشاش ئەجدادلارنىڭ

روھىغا بولغان ئېتىقاد) بولمىسا بولمايدۇ. پۇلغا ئېتىقات قىلىدىغان كىشىلەر بىلەن تولغان بىر جەمئىيەت ۋاقتىنچە ماددىي جەھەتتىن باياشات ياشاۋاتقاندەك كۆرۈنگەن بىلەن، روھىي جەھەتتىن ئىنتايىن بىچارە كېلىدۇ، ھەمدە ئازراق شامالغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ.

مېنىڭچە بولغاندا سىز تىلغا ئالغان 2-خىلدىكى ياشلار دىنىمىزنى ئازراق بولسىمۇ ھەقىقىي تونۇپ يېتىدۇ، ئۇلار دىنىمىزنى، 1-خىلدىكى ياشلارنى يېتەكلىگىنى ياخشى. مەن خېلى بۇرۇنلا زىيالىيلارنىڭ دىنىي بىلىملەرنى ئۆگىنىپ، بىزنىڭ توۋەن ئوقۇش سەۋىيىسىدە تۇرۇپ قالغان مۇسۇلمان خەلقىمىزگە يېتەكچىلىك قىلىشىنى تەشەببۇس قىلغان ئىدىم. ئاشۇنداق قىلمىغىچە دىنىنىڭ باھانىسىدە كېلىپ چىقىۋاتقان ناچار ئەھۋاللارنى يوقاتقىلى بولمايدۇ.

ۋاقتىم بەك قىس بولغاچقا، ھازىرچە مەن سىزگە مۇشۇنچىلىك جاۋاب يېزىپ تۇراي. ئىنكاسىڭىزنىڭ قالغان قىسمىنى مەن ئالدىرىماي ئوقۇپ، زۆرۈر بولسا مەن يەنە جاۋاب بېرەي. سىز ئوتتۇرىغا قويغان بىر قىسىم مەسىلىلەردە مەن كېيىنچە ئايرىم-ئايرىم يازما تەييارلىماقچى ئىدىم. ئۇمۇ مۇمكىن بولۇپ قالار. (ئاپتور)

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئۇستاز. ۋاقىت ئىچىدىن ۋاقىت چىقىرىپ، بۇ ئىنكاسىڭىزنىمۇ بەك ئەستايىدىللىق بىلەن، ئادەم سۆيۈنگىدەك دەرىجىدە تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە قىلىپ يېزىپسىز. ئۇلۇغ الله ئىگىمىز كىشىلىرىمىزنى چۈشەنگىلى نىسىپ قىلغاي، ئامىن. مېنىڭ ئىلتىماسىمنىمۇ قوبۇل كۆرگىنىڭىزگە رەخمەت. الله سۇبھانە ۋەتائالاغا سېغىنىپ، تېلەكلىرىڭىزگە يەتكۈزىشىنى تىلەيمەن . اللەقا ئامانەت .obzorqi

(23) بارىكاللا ئاكا، روھىمنى قايتا ئويغاتقان ماقالىلىرىڭىزغا، بەك ، بەك سۆيۈندۈم .abaytarim

(24) ھۆرمەتلىك Sword001 قېرىندىشىم،

سىزنىڭ بۇ قېتىم يازغان تەپسىلى جاۋابىڭىزنىمۇ خۇددى بۇرۇنقىدەكلا ناھايىتى سۆيۈنۈپ تۇرۇپ ئوقۇپ چىقتىم، ھەمدە سىزنىڭ ئەستايىدىللىقىڭىزغا يەنە بىر قېتىم قايىل بولدۇم. شۇنىڭ بىلەن بىللە،

سىزنىڭ مەن ئۈچۈن شۇنچە كۆپ ۋاقىت چىقارغانلىقىڭىزنى ئۆزۈمگە بېرىلگەن مەدەت، دەپ چۈشەندىم. رەھمەت!

(1) ئىككىمىزنىڭ نۇرغۇن ئوخشاشلىقىمىز بار ئىكەن. بولۇپمۇ نىيىتىمىز ئوخشاش ئىكەن. مەن ئويلىدىم، ئەگەر بىز يەردە بولغان بولساق، ناھايىتى ياخشى قەلبداش دوستلاردىن بولۇپ قالار ئىكەنمىز.

(2) سىزنىڭ بىر قىسىم كۆز-قاراشلىرىڭىزغا قايىل بولدۇم. يەنە بىر قىسىم كۆز-قاراشلىرىڭىزغا باھا بېرىشكە مەن بىلىم جەھەتتىن ئۆزۈمنىڭ ئاجىزلىق قىلىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. سىزنىڭ ئۇ كۆز-قاراشلىرىڭىزنى مەن بىر مەزگىل ئىزدەنگەندىن كېيىن ئاندىن ياخشىراق چۈشىنەلىشىم مۇمكىن.

(3) مەن ئۆزۈمنىڭ ئالدىنقى ئىنكاسىدا سىزنىڭ ئىسلام ھەققىدىكى بىلىمىڭىزنى تۆۋەن مۆلچەرلەپ قويۇپتىمەن. كەچۈرۈڭ.

(4) مېنىڭ سىز تەۋسىيە قىلغان ساھەلەردىمۇ ئىزدىنىپ باققىم بار. ئەگەر سىز بىلىدىغان ياخشىراق ئىنگلىزچە كىتابلار بار بولسا، ماڭا تەۋسىيە قىلارسىز.

(5) «مىللەت بۇنىڭدىن كېيىن قايسى يۆنىلىشكە ماڭسا ياخشى؟» دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئىزدىنىدىغانلار چوقۇم ھەر ۋاقىت مۇنداق 2 ئامىلنى ئەستىن چىقىرىپ قويماسلىقى كېرەك: (1) مىللەتنىڭ كىملىكىنى ساقلاپ قېلىش. (2) مىللەتكە يېڭى مەسىلە تېپىپ بەرمەسلىك، بولۇپمۇ مىللەتنىڭ يەنىمۇ پارچىلىنىپ كېتىشىگە سەۋەب بولۇپ قالىدىغان ئۇسۇللارنى ئوتتۇرىغا قويماسلىق. قىلغان ئىشىمىز كۆپ سانلىق خەلقىمىز قوبۇل قىلالايدىغان بىر ئىش بولۇشى كېرەك. بولمىسا ئۇنى ئۇنۇمگە ئېرىشتۈرەلمەيمىز. ۋاقىت بىزنى ساقلاپ تۇرمايدۇ.

(6) ئەگەر مۇۋاپىق كۆرسىڭىز ئۆزىڭىز ئىجتىمائىي-پەن ساھەسىدە ئىشلەمسىز ياكى باشقا ساھەدىمۇ، ماڭا شۇنى دەپ بەرگەن بولسىڭىز (ئۇنىڭدىن كۆپ دېمىسىڭىزمۇ بولىدۇ).

(7) ئەگەر مېنى بىر يەردە ئۇچرىتىپ قالسىڭىز، مەن بىلەن كۆرۈشۈپ، ماڭا ئۆزىڭىز ھەققىدە تونۇشلۇق بېرىڭ. مېنىڭ سىز بىلەن چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ، قانغۇچە پاراڭلاشقىم بار.

سىزگە يەنە بىر قېتىم رەھمەت! (ئاپتور)

(25) قارىسام، مەنكى شەمشەر، نەق ئون يىل ئىلگىرى مۇشۇنداق مۇنبەرلەردە ئوتتۇرىغا قويغان ئىلغار كۆز قاراشلارنىڭ توغرىلىقىنى كاللىسى ئويغانغان تورداشلار ئەمدى توغرا تىپىۋاتىدۇ، ھازىر ئوتتۇرىغا قويغان كۆز قاراشلىرىمنىڭ دانا ئىكەنلىكىنى سىلەر يەنە ئون يىلدىن كيىن ھىس قىلىسىلەر، پەقەت، ۋاقتى كەلگەندە سىلەر «ھىچكىم باشقىچە پىكىر بەرمەپتىكەن» دەپ ئاگدا ئارقىدا قالغانلىقىڭلارغا، كەلگۈسى زىيىنىڭلارغا باھانە تاپماسلىقىڭلار ئۈچۈن، مەن بۇ يەردە ئىككى ئېغىز سۆز قىلىپ قويۇشنى مەجبۇريەت دەپ قارىدىم.

سىزنىڭ يازغان يازمىلىرىڭىز ماڭا زور ئىلھام بولدى، ھۆرمەتلىك بىلىمخۇمار ئەپەندى. مەن سىزدىن ئالغان ئىلھام بويىچە، يەنە ئون يىلدىن كيىن، قىران ياشقا يەتكۈچە، «ئېپتىدائى دىنلارغا ئىشەنمەيدىغان، لېكىن ئېتقادلىق كىشىلەرنىڭ ئۆلگىسى» بولۇش ئۈچۈن قاتتىق تىرشىمە. سىلەرگە بىر بىشارەت يەتكۈزۈپ قوياي، ئون-يىگرىمە يىلدىن كيىن، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە، ئىلغار ئادەملەرنىڭ ئۆلگىسى دەل ئاشۇنداق كىشىلەر بولىدۇ. شۇ ۋاققىچە مىنىڭ ئۇشبۇ سۆزلەرنى قىلغانلىقىمنى ئىسىدە تۇتقانلار، مىنىڭ يىراقنى كۆرەر ھۆكۈما ئىكەنلىكىمگە چىن پۈتىسىلەر.»

ئاززاق پو مو دىن ئېتىپ قويدۇقمۇ نىمە؟kukbure128

(26) باغداش توردا تۈنجى قەتىم مۇنداق ئىلمى مۇنازىرنى كۆرشۇم. ھەر ئىككى بىلىم ئەھلىنىڭ قولىغا دەرت كەلمىسۇن. بىلمىڭلارنى نادان ئۇيغۇرلاردىن ئايمىغايسىلەرkandak .

(27) ئەسسالام «asabi» قېرىنىدىشىم،

مەن سىزنىڭ ئىنكاسىڭىزنى ئوقۇپ، مۇنداق بىر قانچە تەرەپلەرنى ھېس قىلدىم:

--سىز سورىغان خېلى كۆپ نەرسىلەرنى مەن بۇرۇن يازمىلىرىمدا دەپ بولغان ئىكەنمەن

--سىز سورىغان بەزى سوئاللارنى مەن مۇۋاپىق كۆرمىدىم

--سىز بايان قىلغان ۋە سورىغان يەنە بەزى نەرسىلەر ماڭا ماس كەلمەيدىكەن

شۇنداق بولسىمۇ، مەن سوئاللىرىڭىزنىڭ ئۆزۈم مۇۋاپىق كۆرگەن قىسمىغا قىسقىچە جاۋاب بېرەي.

مەن دىنىي ئېتىقادى ئىنتايىن كۈچلۈك تۇغقانلىرىم ئارىسىدىكى مۇھىتتا چوڭ بولغان. ئاپامنىڭ دادىسى قۇرئاننى يادقا بىلىدىغان كىشى ئىدى. دادامنىڭ ئىنىسى ئەر-خوتۇن ئىككەيلەن بىر ئۆمۈر تېرە سېتىپ يىغقان پۇلى بىلەن خوسۇسىي يوللار ئارقىلىق ھەج قىلىپ كېلىپ، ھاجى بولغانلار ئىدى. ئاپام ئۆلۈپ كېتىشتىن بۇرۇن كۈنىگە 5 ۋاق ناماز ئوقۇيتتى. بىزنىڭ تۇغقانلارنىڭ كۆپىنچىسى ھازىرمۇ كۈنىگە 5 ۋاق ناماز ئوقۇيدۇ. ئاپام ئىككى قېتىم ھەج قىلىش سەپىرىگە چىقىپ، يېرىم يولدىن قايتىپ كېلىشكە مەجبۇرلانغان ئىدى. دادام بۇرۇن «قارى» بولۇپ، كېيىن ئىچكىرىكى ئۆلكىلەردە كۆپ يىل ئوقۇپ، «ئىنقىلاۋىي كادىر» بولغان ئىدى. قىسقىسى، مەن كىچىكىمدىلا دىنىمىز بىلەن ئۇچراشقان، ئەمما ئۇنى رەسمىي ئۆگىنىپ باقمىغان ئىدىم («مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى» مەزگىلىدە ھېچ كىم دىن ئۆگىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەن ئىدى).

مەن ئۆمرۈمنىڭ خېلى كۆپ قىسمىدا ئۆز-ئۆزۈمدىن «مەن يۇرتىمىزغا ۋە خەلقىمىزگە نېمە ئىش قىلىپ بېرەلەيمەن؟ ھازىر قىلىشقا تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم ئىش قايسىلار؟» دەپ سوراپ تۇرۇپ ياشىدىم. بولسا مېنىڭ «بىرىنچى كىتابىم ھەققىدە» ۋە «ھاياتنىڭ مەقسىتى ۋە قىممىتى ھەققىدە» دېگەن ماقالىلىرىمنى بىر قېتىم ئوقۇپ بېقىڭ:

http://bbs.izdinix.com/thread-65043-1-1.html
http://bbs.izdinix.com/thread-64869-1-1.html

ئۇلاردا سىز سورىغان بىر قىسىم سوئاللارغا جاۋابمۇ بار. بۇنىڭدىن 2-3 يىل ئىلگىرى مەن يۇرتىمىزدا دىنىنىڭ باھانىسىدا يۈز بېرىۋاتقان بىر قىسىم ناچار ئىشلارنى ئاڭلىدىم. ئۇ ئىشلار مەن بۇرۇن كۆرگەن ئىسلامدىن ناھايىتىمۇ پەرقلىنەتتى. ئۇ ئىشلار داۋاملىشىۋەرسە، ئۇيغۇرلاردا ئېغىر دەرىجىدىكى چېكىنىش يۈز بېرەتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۆز-ئۆزۈمدىن «ئىسلامدىكى قانداق مەزمۇنلار ئاشۇنداق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىگە ئېلىپ بارىدىغاندۇ؟» دەپ سوراپ، ئاززاق ئىزدىنىشنى باشلىدىم. ھەمدە ئۆزۈم ئىگىلىگەن، ھەمدە ئۆزۈم «يۇرتتىكىلەر ئاسانلىقچە ئېرىشەلمەيدۇ» دەپ ئويلىغان بى بىر قىسىم بىلىملەرنى ئۇيغۇرچە ماقالە قىلىپ يېزىپ، تورلارغا چىقاردىم. ئۇنداق قىلىشنى ھازىرمۇ ئاززاق داۋاملاشتۇرىۋاتىمەن. مەن ھازىر تەييارلاۋاتقان دىنىي مەزمۇندىكى يازمىلارنىڭ مىقتارى ھەممە

ماقالىلەرنىڭ يېرىمىدىنمۇ ئاز، ھەممە كۆپۈنچە ۋاقىتلاردا ماڭا كەلگەن سوئاللارغا جاۋاب تېپىشنى مەقسەت قىلىۋاتىدۇ. بولسا بۇ نۇقتىغا ئۆزىڭىز ئازراق دىققەت قىلىپ بېقىڭ.

مەن «دىندار» دېگەن شەرەپكە ئازراقمۇ لايىق ئەمەس. بۇ يولدا ئىزدىنىۋاتقان بىرسىمەن. ئىسلام دىنىدا مەن ھېس قىلغان بەزى «قولايسىزلىقلار» مۇ بار. مەسىلەن، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆمرىدە كەم دېگەندە بىر قېتىم مەككىگە ھەجگە بېرىشى بۇنىڭدىن 1400 يىل بۇرۇن، مۇسۇلمانلارنىڭ سانى بىر قانچە مىڭ ياكى بىر قانچە ئون مىڭ ۋاقىتىدا بېكىتىلگەن، ياكى ئاللاھدىن ئايەت بولۇپ چۈشكەن. ئەمما، ئۇ دىنىي پەرھىز مۇسۇلمانلارنىڭ سانى 1.6 ـ 2.2 مىلياردقا يەتكەن، مۇسۇلمانلار دۇنيادىكى 5 چوڭ قىتئەنىڭ ھەممىسىگە تارالغان بۈگۈنكى كۈندە بىر قىسىم قولايسىزلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. مېنىڭ ئۆز ئاپاممۇ شۇ سەۋەبتىن بىر قېتىممۇ ھەج قىلالماي بۇ ئالەمدىن ئارمان بىلەن ئايرىلدى. ئاپامغا ئوخشاش ئارمان بىلەن كېتىپ قالغان مۇسۇلمانلارنىڭ سانىنى مىليون بىلەن سانىغىلى بولىشى مۇمكىن. يەنە بىر تەرەپتىن، ئىسلامدىكى ئاشۇ قائىدە تۈپەيلىدىن، سەئۇدىدىكى پادىشاھ جامائىتى باي بولۇپ چىرىكلىشىپ، ئىسلامنىڭ ئوبرازىغا داغ كەلتۈرىۋاتىدۇ. ھازىرقىدەك ئەھۋالدا، مۇسۇلمانلار ھەج قىلىدىغان ئورۇننى ھەر بىر قىتئەدە بىردىن قىلىپ قويۇش ئىمكانىيىتى بارمۇ؟ مەن ئاشۇنداق مەسىلىلەر ئۈستىدىمۇ ئويلىنىمەن، ۋە ئىزدىنىمەن. ئەمەلىيەتتە ئاللاھ ئاشۇنداق ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان مېخانىزمنىمۇ يارىتىپ قويغان ئىكەن. مەسىلەن، ئىسلام دىنىدىكى بىر قىسىم ئىشلارنى پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمان ئۆلىمالىرىنىڭ بىردەك قارار قىلىشى بىلەن ئۆزگەرتكىلى بولىدىكەن. ئەمما، كىشىلىك ساپانىڭ تۆۋەنلىكى ۋە كىشىلىك ساپادىكى پەرقلەرنىڭ چوڭلىقى تۈپەيلىدىن، ھازىر مۇسۇلمانلار ئىنتايىن كۆپ گۇرۇھلارغا بۆلۈنۈپ كەتكەن بولغاچقا، يۇقىرىدىكىدەك بىر ئىش ھازىرچە ئاساسەن مۇمكىن ئەمەس.

مېنىڭ مەقسىتىم مۇنبەرلەردىكى باشقا نۇرغۇن قېرىنداشلارنىڭكى بىلەن ئوخشاش: مىللەتنىڭ كۈنىنى ياخشىلاش ۋە مىللەتنى كەلگۈسىدە روناق تاپقۇزۇش ئۈچۈن قولىمىزدىن كېلىدىغان ئىشلارنى قىلىپ تۇرۇپ ياشاش. مەن ئاشۇنىڭغا ئوخشاش قېرىنداشلىرىمىزنىڭ سانىنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىپ مېڭىشىنى تولىمۇ ئۈمىد قىلىمەن.

يېقىندىن بۇيان تورلاردا «ئىسلامنىڭ ئۇيغۇرلارغا بولغان زىيىنى» ھەققىدە گەپلەر سەل كۆپىيىپ قېلىۋاتىدۇ. مەن بىر تەبىئىي-پەنچى بولغاچقا، بۇنداق ئىشلاردا ئابستراكىت بايانلارنى ياخشى كۆرمەيمەن، بەلكى پاكىتلارنى ياخشى كۆرىمەن. مېنىڭچە ھازىر يۇرتتىكىلەر دىنغا مايىل كىشىلەر بىلەن دىنغا مايىل ئەمەس كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا بىر ئادىل ۋە باراۋەر ئورۇندا تۇرۇپ بەس-مۇنازىرە ئېلىپ بارىدىغان شارائىتقا ئىگە ئەمەس. بولۇپمۇ سىياسەتنىڭ ئۇزلىرىگە پايدىلىق بولىشى بىلەن دىنغا مايىل ئەمەسلەر قورقماي تۇرۇپ بىر قىسىم نەرسىلەرنى يېزىۋاتقان بىلەن، يەنە بىر تەرەپ ئۇنداق قىلالمايۋاتىدۇ. شۇڭلاشقا مەن شەخسەن تورلاردا دىنىي تېمىدا بەس-مۇنازىرە قىلىشنى مۇۋاپىق كۆرمەيمەن. مەنمۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇرلارغا زادى نېمە زىيانلارنى ئېلىپ كەلگەنلىكى ۋە ئېلىپ كېلىدىغانلىقى مەسىلىسىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىۋاتىمەن. مېنىڭ دىن ھەققىدىكى ئىزدىنىشىمنىڭ مەقسەتلىرىنىڭ بىرىمۇ ئاشۇنداق مەسىلىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش. لېكىن مەن ئىزدەنگەنسېرى دىن ئۈستىدە توغرا ھۆكۈم چىقىرىش ئۇنداق ئاددىي ياكى ئاسان ئىش ئەمەسلىكىنى، ئۇنى ناھايىتى كۆپ بەدەل ياكى ئەجىر تەلەپ قىلىدىغانلىقى، ھەمدە ھازىر ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە يۈز بېرىۋاتقان خېلى كۆپ ناچار ئىشلارنىڭ سەۋەبى ئىسلام دىنى ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇنىۋېرسال بىلىم سەۋىيىسى ياكى بىلىم ساپاسىنىڭ تۆۋەن بولۇشى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىۋاتىمەن. ئەمەلىيەتتە پۈتۈن مۇسۇلمان دۇنياسىنى ھازىرقىدەك بىر ھالەتكە ئەكىلىپ قويغان نەرسىمۇ ئەنە شۇ: مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇنىۋېرسال بىلىم سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلىكى، ۋە شۇنىڭدىن كېلىپ چىققان كىشىلىك ساپانىڭ تۆۋەنلىكى. ساپاسى تۆۋەن خەلققە بىر دانە گۆھەر بەرسىڭىز، ئۇلار ئۇنىڭدىن بىر تال تاشنىڭ ئورنىدا پايدىلىنىدىغان گەپ ئىكەن. شۇڭلاشقا مەن گۇناھنى ئىسلامغا ئارتىۋاتقان قېرىنداشلارغا ئىزچىل تۈردە يامان ئەھۋالنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىنسان ئاملى بىلەن دىنىي ئامىللارنى ئايرىپ چىقىشنى، مەسىلىلەرگە بۇ ئىككى ئاملنى پەرقلەندۈرگەن ئاساستا قاراشنى تەشەببۇس قىلىپ كېلىۋاتىمەن. بۇ جەھەتتە مېنىڭ مەيدانىم ھازىرمۇ ئوخشاش.

شۇڭلاشقا ئۇيغۇرلار ئۈچۈن 1-دەرىجىلىك مۇھىم ئىش **پۈتۈن خەلقنىڭ ئومۇمىي بىلىم سەۋىيىسى ۋە ساپاسىنى ئۆستۈرۈش**. ئۇيغۇرلارنى ماددىي ۋە ئەقلىي تۇرمۇشتا تەرەققىي قىلغان ئەللەر خەلقلىرىنىڭ سەۋىيىسىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن، مائارىپقا تايىنىپ، تەبىئىي-پەن، تېخنولوگىيە،

ئىنژىنېرلىق ۋە ماتېماتىكىنى بارلىق كۈچ بىلەن يۈكسەلدۈرۈپ، شۇ ئاساستا سانائەت بىلەن ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش. بەزى دىنسىز جەمئىيەتتە پۈلدارلارنىڭ سانى تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە كۆپەيگەن بىلەن، ئۇلار ياشاۋاتقان مۇھىت، ئۇلارنىڭ ئىنسانلىق ساپاسى ۋە ئۇلارنىڭ ئەخلاقىي ئۆلچىمى تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە، ھەمدە ئادەمنى چۆچۈتىدىغان دەرىجىدە بۇزۇلدى. ئاشۇنداق ئەھۋالنى بىر خىل دىنسىز تۈزۈلمە ياكى ئىلاھىي ئېتىقادسىز تۈزۈلمە ئاستىدا تۇرۇپ ھەل قىلغىلى بولامدۇ-يوق، بۇنى بۇنىڭدىن كېيىنكى ئەمەلىيەت ئىسپاتلايدۇ. erkin sidiq

(28) مۇنازىرىلەر ناھايىتى مەزمۇنلۇق، ئىسپاتلىق ئېلىپ بېرىلىۋېتىپتۇ، ئىنكاسىمنى خەتكۈچ ھسابىدا يېزىپ قويدۇم، قايتا بىر رەت ئۇقۇپ چىقىشقا تامامەن ئەرزىگۈدەك.

bilimhumarئەپەندىنىڭ بىلىمگە، تىرىشچانلىقىغا، كەمتەرلىكىگە، سالماقلىقىغا يەنە بىر قېتىم قايىل بولدۇم.

Sword001ئەپەندىنىڭ ئونۋىرسال بىلىمى ھەقىقەتەن يۇقۇرى ئىكەن، گەرچە بۇ كىشى ئىسلامنى (جۈملىدىن باشقا بارلىق دىنلارنى) ئىنكار قىلىش پوزىتسيىسىدە بولسىمۇ، ئىشىنىمەنكى ئۆزىنىڭ ھازىرقىدەك تىرىشچانلىقى، ئىزدىنىشلىرىدىن ھامان بىر كۈنى (ھاياتلا بولسا) ئۆزىنىڭ بىر مەزگىل تۇماننىڭ ئىچىدە قالغانلىقىنى ھىس قىلىپ يېتىدۇ.

يەنە بىرى Sword001ئەپەندى ئۆزىگە، ئۆزىنىڭ ھازىرقى بىلىمگە زىيادە ئىشەنگەنلىكتىنمۇ ۋە ياكى ئۆزمەيتۈنلىقىدىنمۇ ئىيتاۋۇر، مەنمەنچىلىك تۇيغۇسى كۈچلۈك ئىكەن. (ئىلگىرىكى سابىق مۇنبەرلەرنىڭ قايىسىدا كۆرگىنىم ئىسىمدە يوق، شەمشەر ئاتلىق بۇ ئەزانى غۇۋا ئىسمگە ئېلىۋاتىمەن).

ھەر ئىككىڭلارنىڭ بىلىمى زىيادە بولغاي، نەتىنجە دەل سىلەرگە ئوخشاش تىرىشقانلارغا مەنسۇپ!yuzarsif

Sword001 (29): تورداش ياخشىمۇ سىز؟!

ئالدى بىلەن ئىزدىنىشڭىزگە ۋە بىلىمىڭىزگە بەركەت تىلەيمەن. تۆۋەندە مەن سىزنىڭ ئەركىن ئەپەندىمنىڭ يازمىسىغا قارىتا يازغان بىر ئىنكاسىڭىزغا ئۆزۈمنىڭ كۆز قارشىنى ئوتتۇرغا قويۇپ باققۇم كەلدى.

Sword001: ئالدى بىلەن ھۆرمەتلىك بىلىمخۇمار ئەپەندىنىڭ زور ھەجىملىك مەزكۇر ماقالىسىنى ۋاقىت ئاجرىتىپ ئۇيغۇر تىلىدا يازغانلىقىغا ھۆرمىتىمنى بىلدۈرىمەن. بۇ ماقالە دىنى تەرەپكە كۆچەپ كىتىپ، رىئال دۇنيادا ياشاش تەس كىلىۋاتقان ئوقۇغۇچى ئىنلىرىمىزگە بەلگىلىك مەنپەئەت بىرىشى مۇمكىن.لىكىن، كاللىسىنى تېخى دىن چىرمىۋالماي، دىنى سىلىقتىن خالى ئەركىن كاللىدا تىرىشىۋاتقان نورمال ئىنىلىرىمىزگە نىسبەتەن، بەزى دىنى تەرغىبات خارەكتىردىكى بايانلارنى كۆرۈپ ئازراق ئەپسۇسلاندىم. چۈنكى «ھەر بىر ئۇيغۇر ئىسلامنىڭ پەرىزلىرىنى ئادا قىلىشى كىرەك» دەپ تەشەببۇس قىلغان ئادەم، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاشۇ پەرىزلەرنى ئادا قىلىشى شۇنچىلىك ئاسانمۇ؟.

سۇئال: ئەركىن ئەپەندىمنىڭ يازمىسىدا مۇشۇنداق ياكى مۇشۇنىڭغا يېقىن تەشەببۇس قايسى قىسمدا بار؟

بۇغرام: بۇ تەشەببۇسنى ئۆزىڭىز زورلاپ كەلتۈرۈپ چىقارغان. ھەم ھەر بىر ئۇيغۇر ئىسلامنىڭ پەرىزلىرىنى ئادا قىلىشى كىرەك ئەمەس. توغرىسى: ئىسلام پەقەت ئىسلامنى ئۆزىگە توغرا دىن دەپ قۇبۇل قىلغان ئۇيغۇرلارغا مۇشۇنداق بولىدۇ.

Sword001: ئۇيغۇرلار ئوقۇغۇچىلار ياشاۋاتقان مۇھىتتا، بولۇپمۇ ئىچكىرىدە ئوتتۇرا ياكى ئالى ئوقۇلدا ئوقىۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن بۇنداق تەشەببۇسلار پىسخىك جەھەتتىن سەلبى رول ئوينامدۇ؟ دىگەندەك سوئاللارنى ئاۋال ئۆزىگە قويىۋتىپ، ئاندىن بىرنىمە دىسىمۇ بولىدۇ. ئالدىراش دەرىس ھەلەكچىلىكىدە يۈرگەن باللار، بولۇپمۇ قىش كۈنلىرى چاڭجىياڭ ئەتراپىدىكى نەم سوغۇق رايونلاردا، تاش بىغىرىنى بەش قىتىم ھۆللەپ، ئالدىراش-تىنەش بەش نامازنى ئادا قىلىش بەزى ئادەملەرنىڭ مىجازىغا ماس كەلگەن بىلەن، بەزى ئادەملەرگە ماس كەلمەي، ئۇلارنى ئەزمە قىلىپ قويىدۇ.

سۇئال: سەلبى رول ئوينىغان بولسا، پاكىت قېنى؟ قانداق سەلبى رول ئويىندى؟ بۇغرام: ناماز ئوقۇش ئۈچۈن چوقۇم ھەر بىر ۋاخ نامازغا تاھارەت ئېلىش كەتمەيدۇ. پەقەت تاھارەتسىز بولسىڭىز ئاندىن تاھارەت ئېلىشىڭىزغا توغرا كىلىدۇ. شۇڭا «تاش بېغىرنى بەش قېتىم ھۆللەپ» دىيىش نامۇۋاپىق.

Sword001: بەزىدە دەرىس ئاڭلاۋاتقاندىمۇ ناماز ۋاقتى بولۇپ قىلىش..-بۇنى قانداق ھەل قىلىدۇ؟..يىغىپ ئىيتقاندا، ئەينى دەۋرىدە

ئەرەپلەرنىڭ بىرلىكى ۋە ئىمپىرىيە چۈشى ئۈچۈن، قەدىمى ئەرەپلەرنىڭ جۇغراپىيىۋى مۇھىتى ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرىلا كۆزدە تۇتۇلۇپ، ئەرەپلەر جەمئىيىتىگە پايدىلىق بولسۇن ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويۇلغان مۇشۇنداق دىنى ئادەتلەرنى نىمىشقا ئىسلاھ قىلمايمىز، دىگەن سوئالنى ئويلىنىپ كۆرگەيسىزلەر.

سۇئال: ئەگەر ئىسلام پەقەت ئەرەبلەرنىڭ تۇرمۇش ئادىتىگە ماس ۋە قولايلىق بولسا، قۇملۇق رايۇندا سۇ قىس شارائىتتا سۇ بىلەن تاھارەت ئېلىش دىگەن پەرىزنى نىمە دەپ چۈشەندۈرسىز؟

بۇغرام: دىن دىگەن دىنغا ئىشەنگەن ئادەمنى ئۆزگەرتىدۇ دەپ ئىشىنىلدىغان نەرسە. دىننى ئەھكاملارنى ئادا قىلالمىسىڭىز دىننى ئۆزگەرتىش كىرەكمۇ ياكى دىنغا ئىشەنگۈچىنىڭ پائالىيتى ۋە ياكى سىز تۇرىۋاتقان مۇھىتنىمۇ؟! مىنىڭ جاۋابىم ئادەمنى ئۆزگەرتىش كىرەك. دىندا ئۆزگەرمەس قائىدىلەرنى ئۆزگەرتسىڭىز ئۇ يەن ئاشۇ «دىن» بولۇۋەرمەيدۇ، بەلكى باشقا بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

Sword001: پەيغەمبەرمۇ ئەينى دەۋىردە قىرىق ياشقىچە ئىسلامغا كىرمەي، بەلكى ئەقىللىق بولغاچقا، ياشلىقىدا دىندارلىق قىلىپ، باش چۆكۈرۈۋالماي، دانالىق بىلەن ئۆزىنى كۈچلەندۈرۈش، ۋە ئىلىم ئىگىلەش يولىنى تۇتقان.

سۇئال: سىزنىڭ دىگەن پەيغەمبىرىڭىز كىم؟ ئىسلام دىگەن دىن ئوتتۇرىغا چىقىشتىن بۇرۇن پەيدا بولغان ۋە «ئىسلام» غا كىرگەن قانداق پەيغەمبەر ئۇ؟

بۇغرام: پۈتۈن دۇنيا جامائىتى (ئەگەر سىز مۇشۇ دۇنيادا بولسىڭىزلا) ئىتراپ قىلغان پاكىت: ئىسلام دىنى  مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قىرىق ياشقا كەلگەندە ئاندىن ۋەھيي كىلىش ئارقىلىق رەسمى ئىنسانلارغا ئاشكارە بولۇشقا باشلىغان.  يەنى قۇرئان سۈرىلىرىدىن بىر بولغان ئەلەق سۈرىسىنىڭ بىرىنچى ئايىتىنىڭ (ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن.) جىبرىئىل ئەلەيھىسالام ئارقىلىق مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيي قىلىنىشى يېڭى بىر دىن (ئىسلام دىنى)  ئىنسانلارغا تارقىتىدىغان دىن بولۇپ تاللانغان.  ئېنىقكى سىزنىڭ يۇقارقى باياىنىڭىزدا نادانلارچە جۆيلۈش بار، پاكىت بۇرمىلانغان.

Sword001: ۋاقىتنى ئەينى دەۋردىكى خىرىستىئان مولللىرى، يەھۇدى تۇغقانلىرى، ئەجەم سودىگەر، ئۇستازلاردىن بىلىم ئىلىش بىلەن

ئۆتكۈزگەن. خۇداكۈيلۈق بىلەنلا ئىش تاڭ ئاتمايدىغانلىقىنى ھىس قىلغاچقا، تۈل ئايال بولسىمۇ ناھايىتى باي ئايالنى نىكايىغا ئېلىپ، ئۆزىگە ئىجدىمائىي ئورۇن ھازىرلىغان. زۆرۈر شارائىتلار ھازىرلىنىپ، پۇرسەت پىشىپ يېتىلگەندە ئاندىن خۇداكۈيلۈقىنى ئاشكارلىغان.مانا بۇلارنىڭ ئۆزىمۇ پەيغەمبەرنىڭ بىزنىڭ ياشلىرىمىز ئۆرنەك قىلىشقا تېگىشلىك دانا خۇسۇسىيەتلەردۇر. نىمە ئۈچۈن ياشلىرىمىزغا پەيغەمبەرنىڭ ئۇلارغا ئوخشاش ياش ۋاقتىدىكى تۇتقان دانا يوللىرى تەشەببۇس قىلىنماي، ھە دىسە پەيغەمبەرنىڭ پىشىپ يېتىلگەن ۋاقتىدىكى ئادەتلىرى سۈننەت دەپ تەشۋىق قىلىنىدۇ، ئەجىبا پەيغەمبەرنىڭ قىرىق ياشقا كىرگىچە بولغان شۇ ھاياتى ئاللانىڭ ئىرادىسى ئەمەسمىدۇ؟

بۇغرام: يۇقارقى ئابزاستىكى سۇئالىڭىزغا مۇنداق جاۋاپ بىرىشنى توغرا تاپتىم. مۇھەممەد پەيغەمبەر ۋەھىي كېلىشتىن بۇرۇن ئاددى بىر ئىنسان. لىكىن ۋەھىي كەلگەندىن كىين ئۇ بىر ئەلچى، يەنى ئىلاھنىڭ ئەلچىسى. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەرنىڭ ئەلچىلىكى ۋەھىي ئارقىلىق ئاشكارە بولغاندىن كىينكى ئىشلىرى ئەلبەتتە سۈننەت بولۇشقا تېخىمۇ مۇۋاپىق. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىنى ئۆرنەك قىلىش ئاقلانىلىك، لىكىن ئۇنىڭغا قالايمىقان بوھتان چاپلاش ئەقەللى بىر ئىنسانىنىڭ ئىشى ئەمەس. مۇسۇلمانلار ئۈچۈن مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ قانچىلىك مۇھىم شەخىس ئىكەنلىكنى بىلگەن بىرىنىڭ يۇقارقىدەك قۇرلارنى يېزىشى شۇ كىشىنىڭ ئەقىلنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىنىڭ ئىپادىسى.

Sword001: مىنىڭچە ياشلىرىمىز ھىچ بولمىسا جەمئىيەتكە چىقىپ، مۇستەقىل ياشىغۇدەك بولغىچە، دىنى تەشۋىقاتلاردىن، بولۇپمۇ دىنى سىلىقلاردىن يىراق تۇرۇشى كىرەك.

بۇغرام: ئىسلام دىنىدا زورلاش يوق. ھىچكىم ھىچكىمنى زورلاپ دىنغا كىرگۈزەلمەيدۇ. ھەتتا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامۇ شۇ. ئاللاھ خالىغان بەندىسىنى ھىدايەت قىلىدۇ. شۇڭا دىننى خالىغان ئادەمگە چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ. جەمىيەتنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن قارىغاندا ئاتا-ئانا ۋە باشقىلارنىڭ ياشلارنى زورلاشقا كۈچى يەتمەيدۇ، ۋە بۇنىڭغا دۆلىتىمىزنىڭ قانۇنىمۇ يول قويمايدۇ. شۇڭا جۇڭگۇچىلىقتا بىرسى بىرسىنى دىنغا زورلايدىغان ئىش يوق. ئەگەر بولسا، كۆزىڭىزنى يوغان ئېچىپ قاراپ بېقىڭ، شۇنداقلارنى ھۆكۈمەت قانداق قىلىۋاتىدۇ.

Sword001: چۈنكى بىز ئۇيغۇرلارنىڭ مىللى ئەخلاق-نىزاملىرىمىزلا ئۇلارنىڭ ياخشى بالا بولۇشىغا يېتىپ ئاشىدۇ.

سۇئال: سىز دىگەن ئۇيغۇرلانىڭ مىللى-ئەخلاق نىزاملىرى قايسىلار؟ قانچىلىك بالا مۇشۇ نىزاملارنىڭ تۈرتكىسىدە ياخشى بالا بولۇپ كەتتى؟ پاكىتچۇ؟

بۇغرام: تارىخقا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇيغۇر دىگەن بىر قەۋمنىڭ دىنسىز ئۆتكەن ۋاقىتلىرىنى تېپىش ناھايتى تەس. ئۇيغۇرلارنىڭ مىللى ئەخلاق ئۆلچىمى مۇئەييەن دەۋىردە مۇئەييەن ئېتقادنىڭ دائىرىسى ۋە تەسىردە بولغان. شۇڭا دىنسىزلىقنى تەشۋىق قىلىشتىن بۇرۇن ئۇيغۇرلانىڭ مىللى ئەخلاق ئۆلچىمى توغرىسىدا ئىزدىنىپ ئاندىن پىكىر قىلىشىڭىزنى تەۋسىيە قىلىمەن.

Sword001: شۇڭا ئۇلار خۇددى پەيغەمبەرنىڭ ياشلىق دەۋرىگە ئوخشاش، ئاۋال ئۆزىنىڭ قەلبىدە نىمىنى توغرا-نىمىنى خاتا دەپ قارايدۇ، بۇ نۇقتىنى بويۇنتۇرۇقسىز ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشى كىرەك. ئاندىن ئۆزى توغرا دەپ قارىغان ئىشنى قىلسا بولىدۇ.

بۇغرام: ئالدى بىلەن بىر نوقتىنى ئېتراپ قىلماي تۇرالمايمىز. ئۇ بولسىمۇ، مۇھەممەد ئەلەيھسالام ئاللاھ تەرپىدىن يېتەكلەنگۈچى. ئۇنىڭ نىمىنى توغرا-نېمىنى خاتا دەپ قارىشى مۇئەييەن يېتەكلەشنىڭ ئاستىدا بولغان. بۇنى ئىنكار قىلالمايسىز ھەقچان. شۇڭا ياشلارغا نىسبەتەن يولنى كۆرسىتىپ قويۇش ئەلۋەتتە كىرەك. ئىنسان ھەرگىزمۇ بىرسىنىڭ ياردىمىسىز ئۆزى مۇستەقىل ھالدا ياشاپ كىتەلمەيدۇ ۋە ئۇنىڭ تەپەككۇرىمۇ تەرەققى قىلالمايدۇ. سىزنىڭ تەپەككۇرىڭىزمۇ شۇ. سىزمۇ بۇرۇنقىلار يازغان كىتابلارنىڭ ئۇقۇش ئارقىلىق مۇشۇنداق بىلىم قۇرۇلمىسىغا ئىگە بولغان. شۇڭا ياشلارنى يېتەكلەش كىرەك. يېتەكلىگەندىمۇ توغرا يولغا يېتەكلەش كىرەك. مەسىلىنىڭ نىگىزى قايسى يول توغرا؟ ۋە نىمە ئۈچۈن توغرا؟ مانا بۇ بىزنىڭ ئويلىنىشقا تېگىشلىك مەسىلىمىز. بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەۋجۇتلۇق ۋە تەرەققىياتىنى ئەڭ ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ تۇرۇپ ئويلاش كىرەك. بۇنى دىمىسەممۇ بىلىسىزغۇ دەيمەن.

Sword001: بولمىسا بەزى خۇراپى ئىدىيىلەر باللارنىڭ كاللىسىغا بەك بالدۇر قىقىلىپ كىتىپ، ئۇلارنىڭ ھاياتىدا پاجىئە كەلتۈرۈپ چىقارمىغاندىمۇ، ئۆمرىنىڭ مەلۇم بىر قىسمىنى ئىسراپ قىلىۋېتىشى مۇمكىن. مىللەتنىڭ كەلگۈسىگە يارامىلىق كىشىلەر بىر قىلىپتىن چىققان

كىسەكتەك تەپەككۇر قىلىدىغان ماتېرىياللاردىن چىقمايدۇ، بەلكى مۇستەقىل پىكىر ئىگىلىرىدىن چىقىدۇ. كىم نىمىنى توغرا تاپسا، شۇنى قىلىشى، ئاتا يۇقىرى چەكتە كاپالەتكە ئىگە قىلىنغانىدىلا ئاندىن ئىجدىمائىيەتتە تەرەققىيات بولىدۇ، تەتۈرگە قاراپ ماڭغاندا بىزنى كۆتۈپ تۇرىدىغىنى پەقەت كىرزىس بولىدۇ. يۇقىرقىلار مىنىڭ شەخسى پىكىرىم، پەقەت ئۆزۈمگىلا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

بۇغرام: يۇقارقى ئابزاستا زىتلىق بار. سىز باشتا ياشلارنى دىنغا زورلىماسلىق كېرەك دەيسىزيۇ، لېكىن بۇ يەردە كىم نىمىنى توغرا تاپسا شۇنى قىلىش دەپسىز. سىزگە دەپ قوياي، سىزنىڭ ئەقلىڭىز قوبۇل قىلالمىغان ئاشۇ ئىسلام دىنىغا ئېتقاد قىلىۋاتقانلارمۇ ئۆزىنىڭكىنى توغرا دەيدۇ. مۇشۇ نوقتىدىن قارىغاندا سىزنىڭ دىنغا ئىشىنىدىغان كىشىلەرنىڭ كەمسىتىدىغانغا ئاساسىڭىز يوق. لېكىن مىللەتنىڭ كەلگۈسىنى ئويلىغاندا توغرا يول پەقەت بىر. يەنى ئېتتىپاقلىق. شۇڭا سىز ئىنكاس يازغاندا، جىق كىتاب ئوقۇغانلىقىڭىزنىڭ پەش قىلىپ ئارتۇقچە كۆچەپ كەتمەڭ. كىتابنى ھەممە ئادەم ئوقۇيدۇ. ئۆزىڭىزچە مەندەك بىرسى يوق دەپ قالماڭ. قولىڭىزدىن كەلسە ئۆگەنگەن بىلىمىڭىزدىن ياشلارغا تىرىكچىلىك يولىنى ئۆگۈتۈپ قويۇڭ، پۇلىڭىز بولسا ئىقتىساد چىقىرىپ ياشلارنىڭ بىلىم ئېلىش يولىنى ئېچىپ بېرىڭ. باشقا ئىنكاسلىرىڭىزغا ۋاقىت چىقىرىپ ئىنكاس قايتۇرىمەن. يۇقىردا سورغان سوئاللىرىمنى ئوبدان ئويلاپ كۆرگەيسىز ۋە تېخىمۇ كۆپرەك ئىزدەنگەيسىز. مەن سىزنىڭ ئېتقادىڭىزغا ۋە تاللىشىڭىزغا ھۆرمەت قىلىمەن. توغرىسىنى بىلگۈچى بىر يىگانە ئاللاھ، ئەگەر خاتا ياكى ئېغىر كەتكەن بولسا ئۆزرە سورايمەن.

ئالدى بىلەن ھۆرمەتلىك بىلىمخۇمار ئەپەندىنىڭ زور ھەجىملىك مەزكۇر ماقالىسىنى ۋاقىت ئاجرىتىپ ئۇيغۇر تىلىدا يازغانلىقىغا ھۆرمىتىمنى بىلدۈرىمەن.بۇ ماقالە دىنى تەرەپكە كۆچەپ كىتىپ، رېئال دۇنيادا ياشاش تەس كىلىۋاتقان ئوقۇغۇچى ئىنىلىرىمىزگە بەلگىلىك مەنپەئەت بېرىشى مۇمكىن.لىكىن، كاللىسىنى تېخى دىن چىرمىۋالماي، دىنى سىلىقتىن خالى ئەركىن كاللىدا تىرىشىۋاتقان نورمال ئىنىلىرىمىزگە نىسبەتەن، بەزى دىنى تەرغىبات خارەكتىردىكى بايانلارنى كۆرۈپ ئازراق ئەپسۇسلاندىم. چۈنكى «ھەر بىر ئۇيغۇر ئىسلامنىڭ پەرىزلىرىنى ئادا قىلىشى كېرەك» دەپ تەشەببۇس قىلغان ئادەم، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاشۇ پەرىزلەرنى ئادا قىلىشى شۇنچىلىك ئاسانمۇ؟.

سوئال: ئەركىن ئەپەندىمنىڭ يازمىسىدا مۇشۇنداق ياكى مۇشۇنىڭغا يېقىن تەشەببۇس قايسى قىسمىدا بار؟

بۇغرام: بۇ تەشەببۇسنى ئۆزىڭىز زورلاپ كەلتۈرۈپ چىقارغان. ھەم ھەر بىر ئۇيغۇر ئىسلامنىڭ پەرىزلىرىنى ئادا قىلىشى كېرەك ئەمەس. توغرىسى: ئىسلام پەقەت ئىسلامنى ئۆزىگە توغرا دىن دەپ قوبۇل قىلغان ئۇيغۇرلارغا مۇشۇنداق بولىدۇ.

Sword001: ئۇيغۇرلار ئوقۇغۇچىلار ياشاۋاتقان مۇھىتتا، بولۇپمۇ ئىچكىرىدە ئوتتۇرا ياكى ئالى ئوقۇلدا ئوقىۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن بۇنداق تەشەببۇسلار پىسخىك جەھەتتىن سەلبىي رول ئوينامدۇ؟ دىگەندەك سوئالالارنى ئاۋال ئۆزىگە قويىۋېتىپ، ئاندىن بىرنىمە دىسىمۇ بولىدۇ. ئالدىراش دەرىس ھەلەكچىلىكىدە يۈرگەن باللار، بولۇپمۇ قىش كۈنلىرى چاڭجىياڭ ئەتراپىدىكى نەم سوغۇق رايونلاردا، تاش بىغىرنى بەش قىتىم ھۆللەپ، ئالدىراش-تىنەش بەش نامازنى ئادا قىلىش بەزى ئادەملەرنىڭ مىجازىغا ماس كەلگەن بىلەن، بەزى ئادەملەرگە ماس كەلمەي، ئۇلارنى ئەزمە قىلىپ قويىدۇ.

سوئال: سەلبى رول ئوينىغان بولسا، پاكىت قېنى؟ قانداق سەلبى رول ئويىندى؟

بۇغرام: ناماز ئوقۇش ئۈچۈن چوقۇم ھەر بىر ۋاخ نامازغا تاھارەت ئېلىش كەتمەيدۇ. پەقەت تاھارەتسىز بولسىڭىز ئاندىن تاھارەت ئېلىشىڭىزغا توغرا كىلىدۇ. شۇڭا " تاش بېغىرنى بەش قېتىم ھۆللەپ» دىيىش نامۇۋاپىق.

Sword001: بەزىدە دەرىس ئاڭلاۋاتقاندىمۇ ناماز ۋاقتى بولۇپ قىلىش. بۇنى قانداق ھەل قىلىدۇ؟. يىغىپ ئىيتقاندا، ئەينى دەۋىردە ئەرەپلەرنىڭ بىرلىكى ۋە ئىمپىرىيە چۈشى ئۈچۈن، قەدىمى ئەرەپلەرنىڭ جۇغراپىيىۋى مۇھىتى ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرىلا كۆزدە تۇتۇلۇپ، ئەرەپلەر جەمئىيىتىگە پايدىلىق بولسۇن ئۈچۈن ئوتتىرىغا قويۇلغان مۇشۇنداق دىنى ئادەتلەرنى نىمىشقا ئىسلاھ قىلمايمىز، دىگەن سوئالنى ئويلىنىپ كۆرگەيسىزلەر.

سوئال: ئەگەر ئىسلام پەقەت ئەرەبلەرنىڭ تۇرمۇش ئادىتىگە ماس ۋە قولايلىق بولسا، قۇملۇق رايۇندا سۇ قىس شارائىتتا سۇ بىلەن تاھارەت ئېلىش دىگەن پەرىزنى نىمە دەپ چۈشەندۈرىسىز؟

بۇغرام: دىن دىگەن دىنغا ئىشەنگەن ئادەمنى ئۆزگەرتىدۇ دەپ ئىشىنىلىدىغان نەرسە. دىننى ئەھكاملارنى ئادا قىلالمىسىڭىز دىننى

ئۆزگەرتىش كىرەكمۇ ياكى دىنغا ئىشەنگۈچىنىڭ پائالىيتى ۋە ياكى سىز تۇرىۋاتقان مۇھىتنىمۇ؟! مىنىڭ جاۋابىم ئادەمنى ئۆزگەرتىش كىرەك. دىندا ئۆزگەرمەس قائىدىلەرنى ئۆزگەرتىسىڭىز ئۇ يەن ئاشۇ "دىن" بولىۋەرمەيدۇ، بەلكى باشقا بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

Sword001: پەيغەمبەرمۇ ئەينى دەۋىردە قىرىق ياشقىچە ئىسلامغا كىرمەي، بەلكى ئەقىللىق بولغاچقا، ياشلىقىدا دىندارلىق قىلىپ، باش چۆكۈرۈۋالماي، دانالىق بىلەن ئۆزىنى كۈچلەندۈرۈش، ۋە ئىلىم ئىگىلەش يولىنى تۇتقان.

سۇئال: سىزنىڭ دىگەن پەيغەمبىرىڭىز كىم؟ ئىسلام دىگەن دىن ئوتتۇرىغا چىقىشتىن بۇرۇن پەيدا بولغان ۋە "ئىسلام" غا كىرگەن قانداق پەيغەمبەر ئۇ؟

بۇغرام: پۈتۈن دۇنيا جامائىتى (ئەگەر سىز مۇشۇ دۇنيادا بولسىڭىزلا) ئېتراپ قىلغان پاكىت: ئىسلام دىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قىرىق ياشقا كەلگەندە ئاندىن ۋەھيي كىلىش ئارقىلىق رەسمى ئىنسانلارغا ئاشكارە بولۇشقا باشلىغان. يەنى قۇرئان سۈرىلىرىدىن بىر بولغان ئەلەق سۈرىسىنىڭ بىرىنچى ئايىتىنىڭ (ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن.) جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيي قىلىنىشى يېڭى بىر دىن (ئىسلام دىنى) ئىنسانلارغا تارقىتىلىدىغان دىن بولۇپ تاللانغان. ئېنىقكى سىزنىڭ يۇقارقى بايانىڭىزدا نادانلارچە جۆيلۈش بار، پاكىت بۇرمىلانغان.

Sword001: ۋاقتىنى ئەينى دەۋىردىكى خىرىستىئان مولللىرى، يەھۇدى تۇغقانلىرى، ئەجەم سودىگەر، ئۇستازلاردىن بىلىم ئىلىش بىلەن ئۆتكۈزگەن. خۇداكۆيلۇق بىلەنلا ئىش تاڭ ئاتمايدىغانلىقىنى ھىس قىلغاچقا، تۇل ئايال بولسىمۇ ناھايىتى باي ئايالنى نىكايىغا ئىلىپ، ئۆزىگە ئىجدىمائىي ئورۇن ھازىرلىغان. زۆرۈر شارائىتلار ھازىرلىنىپ، پۇرسەت پىشىپ يىتىلگەندە ئاندىن خۇداكۆيلۇقىنى ئاشكارلىغان.مانا بۇلارنىڭ ئۆزىمۇ پەيغەمبەرنىڭ بىزنىڭ ياشلىرىمىز ئۆرنەك قىلىشقا تىگىشلىك دانا خۇسۇسىيەتلەردۇر. نىمە ئۈچۈن ياشلىرىمىزغا پەيغەمبەرنىڭ ئۇلارغا ئوخشاش ياش ۋاقتىدىكى تۇتقان دانا يوللىرى تەشەببۇس قىلىنماي، ھە دىسە پەيغەمبەرنىڭ پىشىپ يىتىلگەن ۋاقتىدىكى ئادەتلىرى سۈننەت دەپ تەشۋىق قىلىنىدۇ، ئەجىبا پەيغەمبەرنىڭ قىرىق ياشقا كىرگىچە بولغان شۇ ھاياتى ئاللانىڭ ئىرادىسى ئەمەسمىدۇ؟

بۇغرام: يۇقارقى ئابزاستىكى سوئالىڭىزغا مۇنداق جاۋاپ بېرىشنى توغرا تاپتىم. مۇھەممەد پەيغەمبەر ۋەھيي كېلىشتىن بۇرۇن ئاددى بىر ئىنسان. لېكىن ۋەھيي كەلگەندىن كېين ئۇ بىر ئەلچى، يەنى ئىلاھنىڭ ئەلچىسى. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەرنىڭ ئەلچىلىكى ۋەھيي ئارقىلىق ئاشكارە بولغاندىن كېينكى ئىشلىرى ئەلبەتتە سۈننەت بولۇشقا تېخىمۇ مۇۋاپىق. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىنى ئۆرنەك قىلىش ئاقىلانىلىك، لېكىن ئۇنىڭغا قالايمىقان بوھتان چاپلاش ئەقەللى بىر ئىنسانىنىڭ ئىشى ئەمەس. مۇسۇلمانلار ئۈچۈن مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ قانچىلىك مۇھىم شەخس ئىكەنلىكنى بىلگەن بىرىنىڭ يۇقارقىدەك قۇرلارنى يېزىشى شۇ كىشىنىڭ ئەقلىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىنىڭ ئىپادىسى.

Sword001: مىنىڭچە ياشلىرىمىز ھېچ بولمىسا جەمئىيەتكە چىقىپ، مۇستەقىل ياشىغۇدەك بولغىچە، دىنى تەشۋىقاتلاردىن، بولۇپمۇ دىنى سىلىقلاردىن يىراق تۇرۇشى كېرەك.

بۇغرام: ئىسلام دىنىدا زورلاش يوق. ھېچكىم ھېچكىمنى زورلاپ دىنغا كىرگۈزەلمەيدۇ. ھەتتا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاممۇ شۇ. ئاللاھ خالىغان بەندىسىنى ھىدايەت قىلىدۇ. شۇڭا دىننى خالىغان ئادەمگە چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ. جەمىيەتنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن قارىغاندا ئاتا-ئانا ۋە باشقىلارنىڭ ياشلارنى زورلاشقا كۈچى يەتمەيدۇ، ۋە بۇنىڭغا دۆلىتىمىزنىڭ قانۇنىمۇ يول قويمايدۇ. شۇڭا جۇڭگۇچىلىقتا بىرسى بىرسىنى دىنغا زورلايدىغان ئىش يوق. ئەگەر بولسا، كۆزىڭىزنى يوغان ئېچىپ قاراپ بېقىڭ، شۇنداقلارنى ھۆكۈمەت قانداق قىلىۋاتىدۇ.

Sword001: چۈنكى بىز ئۇيغۇرلارنىڭ مىللى ئەخلاق-نىزاملىرىمىزلا ئۇلارنىڭ ياخشى بالا بولۇشىغا يېتىپ ئاشىدۇ.

سوئال: سىز دېگەن ئۇيغۇرلانىڭ مىللى-ئەخلاق نىزاملىرى قايسىلار؟ قانچىلىك بالا مۇشۇ نىزاملارنىڭ تۈرتكىسىدە ياخشى بالا بولۇپ كەتتى؟ پاكىتچۇ؟

بۇغرام: تارىخقا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇيغۇر دېگەن بىر قەۋمنىڭ دىنسىز ئۆتكەن ۋاقىتلىرىنى تېپىش ناھايتى تەس. ئۇيغۇرلارنىڭ مىللى ئەخلاق ئۆلچىمى مۇئەييەن دەۋردە مۇئەييەن ئېتقادنىڭ دائىرىسى ۋە تەسىردە بولغان. شۇڭا دىنسىزلىقنى تەشۋىق قىلىشتىن بۇرۇن ئۇيغۇرلانىڭ مىللى ئەخلاق ئۆلچىمى توغرىسىدا ئىزدىنىپ ئاندىن پىكىر قىلىشىڭىزنى تەۋسىيە قىلىمەن.

Sword001: شۇڭا ئۇلار خۇددى پەيغەمبەرنىڭ ياشلىق دەۋرىگە ئوخشاش، ئاۋال ئۆزىنىڭ قەلبىدە نىمىنى توغرا-نىمىنى خاتا دەپ قارايدۇ، بۇ نۇقتىنى بويۇنتۇرۇقسىز ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشى كىرەك. ئاندىن ئۆزى توغرا دەپ قارىغان ئىشنى قىلسا بولىدۇ.

بۇغرام: ئالدى بىلەن بىر نوقتىنى ئىتراپ قىلماي تۇرالمايمىز. ئۇ بولسىمۇ، مۇھەممەد ئەلەيھىسالام ئالالاھ تەرپىدىن يىتەكلەنگۈچى. ئۇنىڭ نىمىنى توغرا- نىمىنى خاتا دەپ قارىشى مۇئەييەن يىتەكلەشنىڭ ئاستىدا بولغان. بۇنى ئىنكار قىلالمايسىز ھەقچان. شۇڭا ياشلارغا نىسبەتەن يولنى كۆرسىتىپ قويۇش ئەلۋەتتە كىرەك. ئىنسان ھەرگىزمۇ بىرسىنىڭ ياردىمىسىز ئۆزى مۇستەقىل ھالدا ياشاپ كىتەلمەيدۇ ۋە ئۇنىڭ تەپەككۇرىمۇ تەرەققى قىلالمايدۇ. سىزنىڭ تەپەككۇرىڭىزمۇ شۇ. سىزمۇ بۇرۇنقىلار يازغان كىتابلارنىڭ ئۇقۇش ئارقىلىق مۇشۇنداق بىلىم قۇرۇلمىسىغا ئىگە بولغان. شۇڭا ياشلارنى يىتەكلەش كىرەك. يىتەكلىگەندىمۇ توغرا يولغا يىتەكلەش كىرەك. مەسلىنىڭ نىگىزى قايسى يول توغرا؟ ۋە نىمە ئۈچۈن توغرا؟ مانا بۇ بىزنىڭ ئويلىنىشقا تىگىشلىك مەسلىمىز. بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەۋجۇتلۇق ۋە تەرەققياتىنى ئەڭ ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ تۇرۇپ ئويلاش كىرەك. بۇنى دىمىسەممۇ بىلىسىزغۇ دەيمەن.

Sword001: بولمىسا بەزى خۇراپى ئىدىيلەر باللارنىڭ كاللىسىغا بەك بالدۇر قىقلىپ كىتىپ، ئۇلارنىڭ ھاياتىدا پاجىئە كەلتۈرۈپ چىقارمىغاندىمۇ، ئۆمرىنىڭ مەلۇم بىر قىسمىنى ئىسراپ قىلىۋىتىشى مۇمكىن. مىللەتنىڭ كەلگۈسىگە يارامىلىق كىشىلەر بىر قىلىپتىن چىققان كىسەكتەك تەپەككۇر قىلىدىغان ماتىرىياللاردىن چىقمايدۇ، بەلكى مۇستەقىل پىكىر ئىگىلىرىدىن چىقىدۇ. كىم نىمىنى توغرا تاپسا، شۇنى قىلىشى، ئاڭ يۇقىرى چەكتە كاپالەتكە ئىگە قىلىنغاندىلا ئاندىن ئىجدىمائىيەتتە تەرەققىيات بولىدۇ، تەتۈرگە قاراپ ماڭغاندا بىزنى كۈتۈپ تۇردىغىنى پەقەت كىرزىس بولىدۇ. يۇقىرقىلار مىنىڭ شەخسى پىكرىم، پەقەت ئۆزۈمگىلا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

بۇغرام: يۇقارقى ئابزاستا زىتلىق بار. سىز باشتا ياشلارنى دىنغا زورلىماسلىق كىرەك دەيسىزيۇ، لىكىن بۇ يەردە كىم نىمىنى توغرا تاپسا شۇنى قىلىش دەپسىز. سىزگە دەپ قوياي، سىزنىڭ ئەقلىڭىز قۇبۇل قىلالمىغان ئاشۇ ئىسلام دىنىغا ئىتقاد قىلۋاتقانلارمۇ ئۆزىنىڭكىنى توغرا دەيدۇ. مۇشۇ نوقتىدىن قارىغاندا سىزنىڭ دىنغا ئىشىنىدىغان كىشىلەرنىڭ

كەمستىدىغانغا ئاساسىڭىز يوق. لىكىن مىللەتنىڭ كەلگۈسىنى ئويلىغاندا توغرا يول پەقەت بىر. يەنى ئىتتىپاقلىق. شۇڭا سىز ئىنكاس يازغاندا، جىق كىتاب ئوقۇغانلىقىڭىزنىڭ پەش قىلىپ ئارتۇقچە كۆچەپ كەتمەڭ. كىتابنى ھەممە ئادەم ئوقۇيدۇ. ئۆزىڭىزچە مەندەك بىرسى يوق دەپ قالماڭ. قولىڭىزدىن كەلسە ئۆگەنگەن بىلىمىڭىزدىن ياشلارغا تىرىكچىلىك يولىنى ئۆگۈتۈپ قويۇڭ، پۇلىڭىز بولسا ئىقتىساد چىقىرىپ ياشلارنىڭ بىلىم ئېلىش يولىنى ئېچىپ بىرىڭ. باشقا ئىنكاسلىرىڭىزغا ۋاقىت چىقىرىپ ئىنكاس قايتۇرىمەن. يۇقىردا سورغان سۇئاللىرىمنى ئوبدان ئويلاپ كۆرگەيسىز ۋە ئېخىمۇ كۆپرەپ ئىزدەنگەيسىز. مەن سىزنىڭ ئىتقادىڭىزغا ۋە تاللىشىڭىزغا ھۆرمەت قىلىمەن. توغرىسىنى بىلگۈچى بىر يىگانە ئاللاھ، ئەگەر خاتا ياكى ئېغىر كەتكەن بولسا ئۆزرە سورايمەن. buhram

## دىن ۋە مىللەت

(30) ئەلىۋكسەل ئەپەندى. بۇ ماقالىنى چەتئەللەردىكى ئۇيغۇر توپ بەتلىرىگە يوللىسا ياخشى بۇلار ئىكەن.مەن ئىستانبۇلغا بارغىنىمدا كۆپلىگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتەن ئىچىدىكى توربەتلەرنىڭ كۆرمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلغان ئىدىم.Qisas

(31) ئالدى بىلەن تىما ئىگىسىگە رەھمەت.

بۇ تىما مىنىڭچە بولغاندا ناھايىتى ياخشى يېزىلغان، ھەر بىر ئۇيغۇر قېرىنداشلار چوڭقۇر ئويلىنىپ بېقىشقا ئەرزىيدىغان تىما دەپ قارايمەن .

ئۆزەمگە كەلسەم، مەن بىر ئۇيغۇر. تومۇرۇمدا ئېقىۋاتقىنى ئۇيغۇرنىڭ قېنى. نەچچە مىڭ يىللىق تارىخى جەريانىدا شەكىللەنگەن ئۆزىمىزگە خاس مەدىنيىتىمىز، ئۆرپ-ئادىتىمىز، مىللي خاسلىقىمىز بار. ئېتىقاد مەسلىسىگە كەلسەم ئېتىقادىم ئىسلام.

لىكىن ئۆزەمنى مۇسۇلمان دەپ قارىمايمەن. چۈنكى مۇسۇلمان بەندىسىنىڭ قىلىشقا تىگىشلىك بەش پەرزلىرىنى ئادا قىلالمىدىم.

ئالدىمدا ئىككى بىر مۇسۇلمان ئەرەپ ،بىر ئۇيغۇر بار ،ئۇلار مىنىڭ ياردىمىمگە مۇھتاج، پەقەت بىرسىگىلا ياردەم قىلىشقا بولىدۇ دىيىلسە مەن ئىككىلەنمەي قېرىندىشىم بولغان ئۇيغۇرغا ياردەم قىلىمەن. چۈنكى بىز

تۇمۇرداش. مىنىڭچە بۇ مىللەتچىلىككە كىرمەيدۇ. ئۆز مىللىتىنى سۆيۈشكە كىرىدۇ. baz'ghan.

(32) بىلىمخۇمار ئاكىنىڭ ئىزىنى سىز باسقان ئوخشىمامسىز ؟ئىسمىڭىزنى bilimhumar2دەپ قويۇۋاپسىز. قېرىندىشىم سىزگە سەمىمى تەكلىپ:
جانابى ئەركىنجان سىدىق ئاكىنىڭ مۇبارەك ئاتالغۇ نامىنى قوللانغان ئىكەنسىز ئىسمىغا هۆرمەت قىلىپ شۇ ئىسمىغا ماس هالدا هەر بىر ئىنكاسىڭىزدا ئېهتىياتچان بولۇپ، ئورۇنلۇق، مېغىزلىق، دەلىل-پاكىتلىق ... ئىنكاس يېزىپ قاتتىق دىققەت قىلىڭ! سۆزمەنلەرنىڭ تىل سېلىش ئوبۇكتى بولۇپ قالمىسۇن! بولمىسا bilimhumarدىگەن بۇ مۇبارەك نام قورۇنۇپ قالىدۇ !burkut222

(33) ئەلىۇكسەل ئەپەندىم. ناهايىتى ياخشى تېما يوللاپسىز، قۇمدەك چېچىلماي سېغىزدەك بىرلىشىشنىڭ يۈلىنى كورسىتىپسىز، (سىز ئادەتتىكى ئادەم ئەمەسكەنسىز)، داۋاملىق يېزىپ تۇرۇشىڭىزنى ئۇمۇت قىلىمەن. يەنە بىرسى پوتىن ئەپەندى خىرىستىيان بولسۇن يا نىمە بولسا بولسۇن بۇگۇن ما تېمىدا ئۇرۇنلۇق مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىپتۇ ،قارشى پىكىردىكىلەر بۇگۇنمۇ تىللىساڭلا قاملاشمايدۇ. ئوبدان ئۇقۇپ بېقىڭلار .aptap9

(34) بۇ يەردە پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلامىي ساداقەتمەنلىكىنى ئىشقا سېلىش بىلەن بىللە، ئۇلارنىڭ تەبىقە ساداقەتمەنلىكىنىمۇ تەڭلا ئىشقا سېلىشقا تىرىشىدۇ. يەنى، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەر قۇرەيش تەبىقىسىگە قارايدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى يېڭىدىن مۇسۇلمان بولغان. شۇڭا ئۇلار ئۇچۇن «پەيغەمبەر» گە قارىغاندا «ئابدۇلمۇتەللىپ» يېقىنراق تۇيۇلىدۇ.
مەسىلە دەل بۇ يەردە قېرىندىشىم، بۇ مېنىڭ زېغىرلىغىنىم ئەمەس . هېچكىم ئۆزىنىڭ قايسى مىللەتتىن بولۇشىنى هەم ئاتا ئانىسىنىڭ كىم بولۇشىنى تاللىيالمايدۇ، شۇنداق بولغانىكەن ئەجدادىنى يوققا چىقارغىلى بولمايدۇ، ئەجدادلىرىمىزمۇ بىزنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى، چۈنكى ئۇلار غەيىپنى بىلمەيدۇ ئەمەسمۇ بۇ جەھەتتە

تاللاشمايمىز. ئەمما ھەممەيلەننىڭ قايسى خىل ئېتىقادنى تاللاش ئىختىيارلىقى بولغاچقا ئەجدادلىرىمىزنىڭ خاتا يوللىرى بولغان بولسا بۇنىڭدىن يىراق تۇرىمىز، ئۇلار بىلەن قانداشلىق مۇناسىۋىتىمىز بار، بۇنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ، ئەمما ئەقىدىمىز ئوخشىمىسا شەكسىز رەت قىلىمىز دە . ئۈستىدىكى پارچىدا كەلتۈرۈلگىنى بويىچە بولغاندا ساھابىلەر ئابدۇلمۇتەللىپنىڭ نامىنى ئاڭلاش بىلەن يۈگۈرۈپ كەلدى، ئەمما ساھابىلەر شۇنىڭ بىلەن ئابدۇلمۇتەللىپنىڭ ئېتىقادىدىكى بۇتپەرەسلىككە يېنىپ كەتتىمۇ؟ ئۇنداق ئەمەس، مەسىلە دەل مۇشۇ يەردە، بىزنىڭمۇ ئەجدادلىرىمىز بار، تىلغا ئالىمىز ، ئەمما ئېتىقادى بۇزۇق بولسا لەنەت ئوقۇيمىز ، ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ بۇزۇق ئەقىدىسىگە قايتىپ قالمايمىز ، تېما ئىگىسى قېرىندىشىم بۇ نۇقتىنى چۈشۈرۈپ قويغان. ھەر قانداق ئىش ئەمەلنى قۇرئانغا -سۈننەتكە سېلىپ توغرىسىنى ئالىمىز، خاتاسىنى رەت قىلىمىز، بۇنىڭغا ھېچكىم ئارا تۇرالمايدۇ ھەم سالا قىلالمايدۇ. بىزدە شۇنداق بىر بۇزۇق يولنى تۇتۇۋالغانلار باركى، ئۆزىنىڭ ئەجدادىنىڭ بۇزۇق ئەقىدىلىرىنى ھىمايە قىلىش يولىدا قىلمىغىنى قالمايدىغان، ئاللاھ ياكى پەيغەمبىرى مۇنداق بۇيرىغان ياكى ماۋۇنىڭدىن چەكلىگەن دىسەك جاھىللىق بىلەن ئاتا بوۋامنىڭكىگە ئەگەشمىسەم بولمايتتى دەپ بىلەرمەنلىك قىلىدىغان، بۇلار ئەجدادىنى ئىلاھ قىلىپ ئىبادەت قىلىۋاتىدۇ، بىز بۇنداقلاردىن يىراق تۇرىمىز، مانا بۇ ئەجداد بىلەن ئېتىقاد ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتizbasar375 .

(35) ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم بۇ ماقالىڭىز ناھايىتى ئورۇنلۇق، چىقىپتۇ، مېنىڭچە شۇ چەتئەلدە ئوقۇۋاتقان كىشىلىرىمىزنىڭمۇ ئۆز مىللىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئارزۇسى بار، لېكىن ھازىرقى شارائىت ۋە ۋەزىيەتتە مېنىڭچە ئۇلارمۇ ئامالسىز، ھېلىغۇ چەتئەلدىكى قېرىنداشلىرىمىزكەن، يۇرتىمىزدىكى دىننىي زىيالىيلارمۇ، نۇرغۇن ئىشلارنى قىلالمىدى، نۇرغۇنلىرى موما يەۋاتىدۇ، يەنە نۇرغۇنلىرى ئوبزورچىدەك كىشىلەر تەرىپىدىن ۋاھابى ئاتىلىپ، تۈرلۈك يىغىنلاردىن قۇتۇلالمايۋاتىدۇ، شۇڭا ئۇلارنىمۇ توغرا چۈشىنىش كېرەك،sultan1

(36)كىشىگە ھاقارەت كەلتۈرۈپ تۇرۇپ، ئىسلامىيەت ئۈستىدىكى ھاقارەتكە قارشى چىققۇچىلار ئەمەلىيەتتە ئىسلامغا ھاقارەت

كەلتۈرگۈچىلەردۇر. خۇددى ئىنسىنى تىللىغاننى قارشى تەرەپ ئىنسىنى تىللاش ئارقىلىق ھەل قىلغاندەك بىر ئىش. قۇرئاندا موسا پەيغەمبەرنى فىرئەۋىن قېشىغا ئەۋەتكەن ئاللاھ فىرئەۋنىگە چىرايلىق سۆز قىلىشقا بۇيرىغانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ. ئۆزىنى خۇدا دەپ جار سىلىۋاتقان بىر ئازغۇنغا چىرايلىق سۆز قىلىشنى بۇيرۇۋاتقان يەردە، پىكىر ئورتاقلىقىمىز بولمىدى دەپ ئۆز قېرىنداشلارغا ئاھانەت ياغدۇرۇش، ھەم شۇ ئاھانەت بىلەن ئىسلامنى ئاھانەتتىن قوغداش نە قەدەر مەنتىقسىزلىك. ئىسلام ھېچقاچان سىلەر بىزنىڭ مۇھاپىزەت قىلىشىمىزغا مۇھتاج ئەمەس، شۇ شەكىلدىكى مۇھاپىزەتكە تېخىمۇ مۇھتاج ئەمەستۇر. ئۆزىمىزنى مۇھاپىزەت قىلايلى شۇ يېتەر.

«مىللەت مۇھىممۇ دىنمۇ؟» دىگەن ئەسلى تىگىدىن لوگىكىسىز بىر سوئال. ئاللاھ بىزنى تەبىقە، ئىرق ۋە مىللەتلەرگە بۆلدى. ئۆز مىللىتىدىن تېنىش قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن. ئۇيغۇر بولمىسامۇ مەيلى، مەن مۇسۇلمان دىگەنلەر ۋاقتى كەلگەندە دىنىدىنمۇ تانىدۇ. ئەمدى مەن ئۇيغۇر، مۇسۇلمان بولمىسامۇ مەيلى ۋەياكى مىللىتىم بەكرەك مۇھىم دەيدىغانلارمۇ ئوخشاش ئازغۇن. بىراق، ئۇلارنىڭ ئازغۇن بولۇش ھوقۇقى بولىدۇ. بىز ئۇ ھوقۇقىدىن توسمايمىز. چۈنكى پەيغەمبىرىمىز: «ئىرقچىلىققا چاقىرغان بىزدىن ئەمەس، ئىرقچىلىق ئۈچۈن ئۇرۇش قىلغان بىزدىن ئەمەس، ئىرقچىلىق ئۈچۈن ئۆلگەن بىزدىن ئەمەس» (ئىمام مۇسلىم، ئىمارە 53) دەپ بۇيرىغان.

پەيغەمبىرىمىزدىن شۇنداق بىر سۇئال سورالغان: «كىشىنىڭ ئۆز قانداشلىرىنى، قەۋمىنى سۆيمىكى ئىرقچىلىق بولامدۇ؟» پەيغەمبىرىمىز شۇنداق جاۋاب بەردى: «ياق، بىراق كىشىنىڭ ئۆز قەۋمىنىڭ زۇلۇمىغا ياردەم قىلىشى ئىرقچىلىقتۇر» دىگەن. (ئەھمەد بىن ھەنبەلى رىۋايەت قىلغان)

ئەمدى ئايدىڭ بولغاندۇ ؟ دىنىمىزدا مىللەت سۆيۈش چەكلەنمەيدۇ. بەلكى ئىرقچىلىق قىلىش چەكلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يۇقارقى سوئالدەك لوگىكىسىز تېمىلار ئۈچۈن كاللا ئاۋارە قىلماڭلار قېرىنداشلىرىم. بىزنىڭ قىلمىساق بولمايدىغان نۇرغۇن ئىشلىرىمىز بار. بۇنداق ئاقماس تېمىلارغا ۋاقىت ئىسراپ قىلىپ يۈرمەڭلار، مەندىن تەۋسىيە mustafaoguz!

(37) تىما ئىگىسىگە كۆپ تەشەككۇر. بۇندىن كېيىنمۇ تىمىلىرىڭىز ئۈزۈلۈپ قالمىسۇن. بۇنداق دېيىشىم: بۇ ماقالىڭىزدىن بىر ئىزدىنىشچان ئادەم بولۇپلا قالماي ، مىلەتنىڭ سۆيىدە ئېقىپ ، ئوتىدا كۆيۈپ كېلىۋاتقان ئىنسان ئىكەنلىكىڭىز مەلۇم ، ئىشىنىمەنكى سىزدە ئىتىراپ قىلىنغۇدەك بىلىم ۋە توختاۋسىز ئىزدەنگۈدەك ئىجتاھات بار ئادەم .

ئىنتايىن مەزمۇنلۇق ، ئىسپات ئاساسى بار ياخشى تىما ئىكەن . ئەقلى بار ئادەم بۇ ماقالىنى تۇلۇق بىر قېتىم ئوقۇپ چىقسا قۇبۇل قىلىشقا تىگىشلىك، ئىتىراپ قىلىشقا تىگىشلىك ، ھەقىقەتنى ئاسانلا ھىس قىلالايدىكەن. سىزگە كۆپ رەھمەت قېرىندىشىم. sawda571

(38) ئەلىۋكسەل ئەپەندىمگە تەشەككۇر.

مىللىتىدىن تېنىش دىگەنلىك، قان-قېرىنداشلىرىدىن تېنىش، ئەجدادىدىن تېنىش ، يىلتىزىدىن تېنىش دىمەكتۇر.

ئۆزىنى قارىم ئاتىۋالغان نۇرغۇن ئۇيغۇرلاردا مىللىتىدىن تانىدىغان ئەھۋال خېلە ئېغىر. بۇنداق ئىشلار ئالدىنقى ئەسىرلەردە ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى ئەسىرلەردە بەكلام ئېغىركەنتۇق. بۇ خىل ئەھۋال ھازىرمۇ مەۋجۇت.

بۇ خىل ئەھۋالنىڭ كىلىپ چىقىشى دىنى چۈشەنچىنىڭ كەمچىل بولىشى ۋە دىنى خوراپاتلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپلام قالماي يىنە نەچچە ئەسىرلەپ ئۇيغۇرلار ئۇستىدىن ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزىۋاتقان ھۆكۈمران كۈچلەرنىڭ كۈچەپ يۈرگۈزگەن تەتۈر تەشۋىقات نەتىنجىسى دىسەكمۇ بۇلىدۇ .

دىنىنىڭ ئىنسانلارغا بېرىدىغان بىخەتەرلىك تۇيغۇلىرىنىڭ ھۆلى بوشاپ كەتكىلى نىۋاق. شۇ سەۋەبتىن دىنى بىر ياۋرۇپالىقلار نۇرغۇن مىللەتكە بۆلۈنۈپ كەتتى . ھەتتا قانلىق ئۇرۇشلارمۇ بولدى.

بۇ ئىش ئەرەبلەردىمۇ ئوخشاش بولدى. پەيغەمبەر ۋاپاتىدىن كيىن ھەرقايسى قەبىلىلەر بىخەتەرلىك تۇيغۇلىرىنى يوقاتتى، بىر دىندىكىلەر بىر بىرىدىن ئېھتىيات قىلىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى، گورۇھلارغا بۆلۈندى ھەتتا ئۇرۇش بۇلۇپ قانلار تۇكۇلدى. ئاخىرى شۇ نەرسە ئېنىق بولدىكى دىنى كىملىكتىن بەكەرەك مىللى كىملىكنىڭ نەقەدەر مۇھىملىغى دىنى قېرىنداشلىقتىن بەكرەك مىللى قېرىنداشلىقنىڭ، قان قېرىنداشلىقنىڭ نەقەدەر مۇھىم ئىكەنلىكى ئايان بولدى. ھەر كىم پەقەت قان قېرىنداشلىرى

بىلەن « بىر مىللەت، بىر قەۋم قېرىنداشلىرى بىلەن» بىللە بولغاندىلا ئاندىن ئۆزىنى بىخەتەر ھىس قىلىدىغان بولدى . شۇ سەۋەبتىن نۇرغۇن ئەرەپ قەبىلىلىرى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل دۆلەت بولۇپ شەكىللىنىپ ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ئۆزى ئىگە چىقىشتى . دىن ئۇلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلامىدى . چۈنكى دىننى ياراتقان خۇدا بولغان بىلەن دىننى قوللانغۇچىلار ئىنسانلار ئىدى

مىللەت، قەۋم دىگەن گەپ چىقىپ بولغۇچە بۇنى سەلبىي فاشىست مىللەتچىلىك تەرەپكە بۇراپ پەتىۋا پىچىدىغانلارنىڭ بىر بولسا دىنى بىلىمى چولتا باشقىلارنىڭ تەشۋىقات قۇربانى يىنە بىر بولسا نىيىتى بۇزۇق زەھەرخەندىلەردۇر. ھەر ئىشنىڭ ئىككى يۈزى بولغۇنىدەك مىللەتچىلىكنىڭمۇ سەلبى مىللەتچىلىك ۋە ئىجابى مىللەتچىلىكتىن ئىبارەت ئىككى يۈزى بار. خۇدا ئىنساننى ئەڭ ئاۋال ئۆزىنى سۆيۈشكە ۋە ئۆزىنى قوغداشقا بۇيرىغان. شۇڭا دۇئاغا قول كۆتۈرگەندىمۇ ئەڭ ئاۋال «مېنى مەخفىرەت قىلغىن، ئۆمۈرۈمنى بەرگىن» دەپ باشلايمىز . ھەر ئىشنى ئەڭ ئاۋال ئۆزىمىزدىن باشلايمىز چۈنكى بىز ھاياتلام بۇلىدىكەنمىز قالغان ئىشلارنى قىلىدىغانغا پۇرسەت بۇلىدۇ. دۇئا ئىجابەت بولدى دىگەن گەپ بۇ دۇنيادا ئەڭ سۆيملۈك بولغان ئاتا-ئانىمىزنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا خۇدا پۇرسەت يارىتىپ بەردى دىگەن گەپ بۇلىدۇ ، ئۇرۇق تۇققان خوشنا خۇلۇم ۋە قان قېرىنداش، ئەل جامائەت، مىللەتداشلار بىلەن ھاياتنىڭ پەيزى تەڭ سۈرۈشكە ۋە مۇشاققەتتە تەڭ ھەمدەمدە بۇلۇشقا ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا پۇرسەت يارىتىلدى دىگەنلىك بۇلىدۇ. «تاشمۇ چۈشكەن يىرىدە ئەزىز» دەپ ئىنسان كىمنىڭ ئاھىلىسىدە تۇغۇلغان بولسا ۋە قايسى قەۋمدە تۇغۇلغان بولسا ئەڭ ئاۋال شۇلار ئۈچۈن ئەزىزدۇر .

ئەمىلىيەتتە دىنىنىڭ يادىروسىمۇ ئىنساننىڭ مەنپەتى ئۈچۈندۇر.

خۇدا ئىنساننى ئەڭ ئاۋال شۇ ئىنساننىڭ ئۆزىنىڭ مەنپەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا ئۆزىدىن ئاشقان ھامان ئەتراپىدىكىلەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا بۇيرىدى، ئاندىن يېقىندىكىلەرنىڭ مەنپەتى ئۈچۈن ئاندىن يىراقتىكىلەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا بۇيرىدى. بۇ يەردىكى ئەتراپىدىكىلەر دىگەنلىك دەل بىزنىڭ خوشنا-خۇلۇم، ئەل-جامائەت مىللەتداشلىرىمىزنى كۆرسىتىدۇ. يېقىن ۋە يىراقتىكىلەر باشقىلارنى كۆرسىتىدۇ. شۇنداق تۇرۇپ بەزەن ئۇيغۇرلاردىكى

ئۆزىنى ۋە ئۆز مىللىتىنى ئۇنتىغان ھالدا مىللەت ئاتلاپ باشقىلارنىڭ كەتمىنىنى چاپىدىغان ھەتتا ئۆز مىللىتىنى تاشلاپ ياتلار تائىپىسىگە تەۋە بولۇۋالىدىغان ياكى دۆرىۋالىدىغان ئىشلار قانداقتۇر مۇسۇلماندارچىلىقتىن ئەمەس بەلكى خۇراپىلىقنىڭ ياكى دۆتلۈكنىڭ دەل ئۆزىدۇر.

مىللەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقانلارغا سەلبى مىللەتچىلىك قالپىقىنى كىيدۈرۈش ئۈچچىغا چىققان رەزىللىك بوپلام قامماي يىنە ئۆزىنىڭ ئىش قىلماسلىقىغا، يارىماسلىقىغا باھانە ئىزدەشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. شۇنىڭدەك مىللەتنىڭ نامىنى سۈيئىستىمال قىلىپ خۇپپىيانە مەخسەتلىرى ئۈچۈن تىمىسقىلاپ يۈرگەنلەر خۇددى دىنى تونغا ئورۇنىۋېلىپ ئاۋامنى سېتىپ خەجلەۋاتقان مۇناپىقلاردىن پەرقسىزدۇر.

يىنا دەپ كەلسەك گەپ جىق بوپ كەتكىدەك .

قىسقىسى، مۇسۇلماندارچىلىق قارىغۇلارچە دورامچىلىق ئەمەس. مۇسۇلماداچىلىق پەقەت بەش پەرىزى ئورۇنداپ قۇيۇشلام ئەمەس .

بۇ دۇنيانىڭ جەننىتىنى قولغا كەلتۇرمەي تۇرۇپ ئۇ دۇنيانىڭ جەننىتىنى تاما قىلىش يارىماسلارنىڭ ئىشىدۇر . بۇنداقلار خۇدانىڭ ئالدىدىمۇ يارىماسلاردۇر .SATAN

(39) ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! ئەزىز قېرىندىشىم! بۇ قىممەتلىك يازمىڭىزدىن ئالەمچە سۆيۈندۈم، جەنابىي ئاللاھ ئۆمرىڭىزنى ئۇزۇن، تىنىڭىزنى مەڭگۈ سالامەت قىلغاي، ئامىن!abdulquddus

## باشقا تېمىلار

(40) رەھمەت، ئەلىۋكسەل قېرىندىشىمىزنىڭ يازمىللىرى بىر-بىرىدىن يېقىشلىق، ئۇسسىغان يەرگە يارىدۇ ... بىزگە مۇشۇنداق ئاتا-ئانىلار ئاۋال ئۆزىنى تەربىيەلەپ پەرزەنتلىرىمىزگە ياخشى ئۈلگە بولۇش توغرۇسىدىكى يازمىلار بەكرەك لازىم.yaqup

(41) رەھمەت سىزگە، يازمىڭىز ماڭا بەك تەسىر قىلدى، خىزمەت ئالدىراشلىغىنى باھانە قىلىپ، باللىرىمغا تازا ۋاقىت چىقىرالمىغان ئىدىم. ئەمدىلىكتە باللار ئالدىراش، تېلىفوندا ئويۇن ئويناىدۇ، پاراڭلىشاي دىسەم

ئۇلارغا گېپىم خوشياقمايدۇ، بۇ يازمىگىزنى ئوقۇپ خاتالىغىمنى تونۇدۇم، لېكىن هازىردىن باشلىسام بۇ هالەتنى ئۆزگەرتەلەمدىم؟mihrlikzimin

(42) « مەشرەپ» بۇ بىر ئۇلۇغ داستان! ئەجداتلىرىمىز بۇ داستان ئارقىلىق ئۆزۈنى بېيىتقان ۋە تاكامۇللاشتۇرغان، مەشرەپ سېنىڭ قىلدەك ئىنچىكە تاغدەك يوغان ئىشلارغىچە تۇرمۇش هادىسلىرىنى ئۆگۈتىتتى دەرس بېرەتتى، ئادەم بولۇش يولى هەتتا مەسىلەن قولغا سۇ ئېلىش، دەستىرخان سېلىش، پىيالىغا چاي قۇيۇش، مېڭىش-تۇرۇش، گەپ -سۆز قىلىش ... لەرنى ئۆگۈتەتتى. شۇڭا ئەجداتلار جاپالىق كۈنلەردىمۇ بىر -بىرىنىڭ قەدرىگە يېتىپ ئىنسان قېلىپىدىن چىقىپ كەتمىگەن، زامانغا تۇرمۇشقا مۇهاببەت باغلىغان، ئىنسان-ئادىمىلىككە مۇهەببەت باغلىغان، ... هازىرقى باللارغا دەستىرخان سالدۇرۇپ باقىن، چاي قۇيدۇرۇپ باقىن، مەشراپ نىمە؟ دەپ سوراپ باقىن ... جاهاننىڭ تەرەقىياتى بىزنى نەگە سۆرەپ ئاپىرىدىكىن ؟ ewral_etigida

(43) بەك ياخشى تىما بوپتۇ. رەهمەت.

باللارغا ئەڭ ياخشى تەربىيە ئاتا ئانىلار هەممىدە ئۈلگە بولۇش،بولۇپمۇ باللار ئالدىدا سوز هەركەرلەرگە دىققەت قىلىش، مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەۋزەل دەپ، مىڭ تەربىيە قىلغان بىلەن ئەمىلىيىتىمىزدە باللار ئالدىدا كىچىك سەۋەنلىك سادىر قىلساق شۇ ئىش هەركىتىمىز باللارغا چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ.sultan777

(44)ئىسىل ماقالە بوپتۇ، بىز سەل قارىغان نۇرغۇن ئىشلارنىڭ ئەسلىدە ئىلمى هەل قىلىش يوللىرى بار ئىكەن...

ئەلىۋكسەل ئەپەندىگە تەكلىپ ئاخىردىكى › يېپىش سۆزى ‹دىگەننى › خاتىمە ‹ياكى › خاتىمىسى ‹دەپ ئالسىڭىز بولىدۇ ..بۇ بىرە ئەسەر ياكى ماقالىنىڭ ئاخىرلاشتۇش سۆزى ياكى خۇلاسىسى دىگەننى بىلدۈرىدۇ. b@bur

(45) هەر كىم ئەڭ ئاۋال ئۆزىنى ياخشى يىتىشتۇرۇپ چىقالىسا ئاندىن باشقا ئىشلارمۇ تەبىئىلام يۈرىشىدىكەن. ئۆزىنى يىتىشتۇرۇپ

چىقامىغانلارنىڭ باشقىلارى يېتىشتۇرۇپ چىقالىشى مۇمكىن ئەمەس .
Kokkoz

## بىز نېمىشقا دوستلارغا موھتاج؟

(46) «سادىق دوستلىرىڭ بولسۇن، سايىسىدا سالقىندايسەن. چۈنكى، سادىق دوستلار ھۇزۇرلۇق ۋاقىتلاردا سېنىڭ زىنىنىتىڭ، قىيىنچىلىق ۋاقىتلىرىڭدا قورالىڭدۇر» qim_qim .

(47) ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم،بىلىمخۇمار ئاكا! بۇ يازمىدىن دوستلۇق توغرىلىق تېخىمۇ كۆپ بىلىمگە ئىگە بولدۇم،رەھمەت سىزگە!ھەر ۋاقىت ئامان_ئېسەن، سالامەت بولۇڭ!Kamile

(48) ئۇنىۋېرسىتتا ئوقۇۋاتقان چاغدا كىشىلىك مۇناسىۋەت ھەققىدە دەرس بېردىغان مۇئەللىم ،

دوستلۇق دېگەن نېمە ؟ دەپ سوئال سورىغان ئىدى، شۇ چاغدا ئىككى سىنىپ ئوقۇغۇچىلار ھەرخىل جاۋابلارنى بەرگەن، مەن قول كۆتۈردۇم، ئوقۇتقۇچى ماڭا ئىشەرەت قىلىپ سۆزلەشكە رۇخسەت قىلدى. مەن دېدىمكى:

____ دوستلۇق بولسا مىللەت ، دىن، ئىرق، قىتئە ئايرىمايدىغان كىشلەر بىلەن كىشلەر ئارىسدىكى ئالاقە مۇناسىۋىتىدۇر،دوستلۇق پايدىلىنىشنىڭ، مەنپەئەتنىڭ ۋاستىسى ئەمەس بەلكى ئۇ ئادەملەر ئارىسدىكى ئەڭ گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئەڭ سەمىمي قەلبىنىڭ مۇجەسسىمى. مۇئەللىم دىدىكىم: ۋۇي سىز گەپ قىلماي بېشىڭىزنى ئىچىگە تۇرغان بىلەن خېلى ياخشى سۆزلەيدىكەنسىزغۇ! ساۋاقداشلار چاۋاك چالدى، kuxlan،

(49) دوستلار ھەقىقەتەنمۇ بىزنىڭ ئوڭ سول قانىتىمىز،ئۇلاردىن ئايرىلساق جەمئىيەتتە پەرۋاز قىلالمايمىز. ئالالاھ ھەممىمىزنى يارامىلىق ھەم سادىق دوستلار بىلەن مۇكاپاتلىغاي،ئۆزىمىزنىڭمۇ يارامىلىق ھەم سادىق دوستلاردىن بولۇشىمىزغا مەدەتكار بولغاي .ashqin

(50) كۆپ تەربىيۋى ئەھمىيىتى بار تىما بوپتۇ...بىلىمخۇمار ئاكىمىزغا كۆپ رەھمەت

مەن ھەر خىل مىللەتلەردىكى دوستلۇق پەرىقلىق بۇلامدۇ، قانداق دەپ ئويلاپ قالىمەن.

مېنىڭ بۇرۇن بىرگە ئوقۇغان ئۇيغۇر دوستلىرىم بار، غەرەزسىز دوستلۇق، ئىقتىسادى ئورنىمىز، جەمىيەتتىكى ئورنىمىز قانداق بۇلىشىدىن قەتتىينەزەر، ئارلىقىمىز ئۇزاق بولسمۇ ئالاقىلىشىپ، مۇمكىن بولسا ياردەملىشىپ ئۆتىمىز. خەنزۇلاردىنمۇ بار، پەقەت يىلدا بىرەر قېتىم ئالاقىلىشىپ ئەھۋال سورىشىپ قويىمىز، ياردەم سوراش مۇمكىن ئەمەس... 4 يىل بىر ياتاقتا يېتىپ سىردىشىپ، ئالى مەكتەپ تۈگەتكەن كۈنى چامادان سۆرەپ چىقىپ كېتىۋېتىپ «ئاغىنىلەر، مەن ماڭدىم..ئۆزەڭلەرنى ئاس...»دەپ بولغىچە، قاراپمۇ قويماي «ئو... خوش» دەپ قويغىنى يادىمدىن چىقمايدۇ...

ئەنگلىيلىكلەردىن دوستلىرىم بولغان، ئۇلار مەنپەئەت ئۈستىگە قۇرۇلغان دوستلۇق دەپ قارايمەن، دەسلەپتە شۇنداق يېقىن، ئىچ قۇيۇن تاش قۇيۇن سىرداش بۇلۇپ كېتىمىز، مەنپەئەت ئەمەلگە ئاشمايدىغان بولسا، ياكى مەنپەئەت مۇناسىۋىتى تۈگىگەن بولسا ئۇلارنىڭ پوزىتسيىسى شۇ ھامان ئۆزگىرەيدۇ، چىرايدىنلا ھېس قىلالايمەن، ئەتىسىدىن باشلاپ ئۇلارنى تاپالمايمەن.

تۈركلەردىن دوستلىرىم بولغان، ئەمما سىياسى، ئىدىئولوگىيلىك كۆز قارىشىمىز ئوخشاش بولغانلىقى ئۈچۈنلا بىز سىرداش، قىزغىن دوستلاردىن.... كۆز قارىشىمىز پەرىقلىق تۈركلەر بىلەن دوستلىشىش تەس...

بىر يەھۇدى پروفېسور بىلەنمۇ دوست بۇلۇپ باققان، باشقا دۆلەتكە كېتىشتىن بۇرۇنقى ئاخىرقى پروجېكتىغا ھەپتە ئاخىردا بىر نەچچە كۈن ياردەم قىلدىم، ۋە ماڭا مىڭ دوللار بېرىشى كېرەك ئىدى، ھەمكارلىشىش جەريانىدا شۇنداق يېقىن دوست بۇلۇپ كەتتۇق، سىرداشتۇق، غەملىرىمىزنى تۆكۈشتۇق، پروجېكتى تەستىقلاندى، مەن پۇلنىڭ ئىشنى ئۇنتۇپ كېتىپتىمەن، ئەمما 3 ئايدىن كېيىن ماڭا مىڭ دوللارنى بەردى، دە يوقاپ كەتتى، تېلېفونغا، ئۇچۇرغا، ئېلخەتكىمۇ جاۋاپ يوق، بىر نەرسە تەلەپ قىلمايتىم ، پەقەت ياخشى تۇرىۋاتامدۇ، ئەھۋال سورىماقچى ئىدىم...

ھىندىستانلىقلاردىنمۇ دوستلىرىم بولۇپ باققان، ئەمما ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن مەندىن بىر مەنپەئەت كۈتۈۋاتقاندەكلا ھېس قىلىمەن... ھەر قېتىم دوستلۇقۇم مۇشۇنداق ئەھۋالغا دۇچ كەلسە يۈرىكىم بىر قېتىم ئاغرىيدۇ bugra47 .

(51) ئەركىنجان ئاكا ئالدى بىلەن ئاللاھتىن سىزگە سالامەتلىك، خاتىرجەملىك،ئۇزۇن ئۆمۈر، تەتقىقاتىڭىزغا ئۇتۇق ۋە ئامەت تىلەيمەن! سىز مېنىڭ نەزىرىمدىكى كەلگۈسى ئۇيغۇرنىڭ «نوبىل مۇكاپات ساھىبى» لىرىنىڭ بىرى !!!

ھازىرمۇ مۇنبەردە باركەنسىز، ھازىر ئۈرۈمچى ۋاقتى چۈشتىن كېيىن 2:15بوپتۇ سىز تۇرغان ئامرىكىدىكى شەھەردە يېرىم كېچە2:00 بولغاندۇ ؟سىز نىڭ كومپيۇتېرىڭىز ئوچۇق قالدىمۇ ياكى تېخىچە ئۇخلىمىدىڭىزمۇ؟ بەزى كۈنلىرى سىزنىڭ ۋاختىڭىز يېرىم كىچىدە ئۇخلىمىغانلىقىڭىزنى كۆرىمەن ...ئىش قىلىپ سالامەتلىكىڭىزدىن ئەنسىرەۋاتىمەن !!! ياخشىراق ئارام ئېلىڭ !

مەقسەت: رەسمىدىكى ئامرىكا لوس-ئانجىلىستا ياشاۋاتقان قېرىنداشلىرىمىزنى كۆرۈپ ئالەمچە سۆيۈندۈم! ئۇيغۇر تىل-يېزىقى گەرچە ئامرىكا زىمىندا ھۆكمەت تىل-يېزىقى قاتارىدا قوللۇنۇلمىسىمۇ، سىزلەرنىڭ باللىرىڭلارغا، نەۋرىللىرىڭلارغا ئۇيغۇر تىل-يېزىقى ئۆگۈتۈش ئەھۋالىڭلار قانداقراق؟ ئامرىكىدا تۇغۇلۇلغان ئۇيغۇر باللار ئەشۇنداق يىغىلىشلاردا ئانا تىلدا سۆزلەش ئىقتىدارى ياخشىمۇ؟

توي -تۆكۈنلەرنى ئۇيغۇر مۇقام-ناخشا ئۇسسۇللىرى بىلەن يۇرۇتىنكىدەك ئۆتكۈزەلەمسىلەر، شەرىت-شارائىت يار بىرەمدۇ؟

ئامرىكىدىكى ئاق تەنلىكلەر ئامرىكىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنى ئانتوروپولوگىيە (تاشقى چىراي-قىياپەت) نوقتىسىدىن ئاق تەنلىك قاتارىدا ئۆز كۆرەمدۇ ياكى رەڭلىك ئىرىق كۆرەمدۇ؟ (ئەلۋەتتە ئۇيغۇرلاردىكى قىسمەن موڭغۇلوئىتلىق چىراي ئالاھىدىلىكنى ھىساپقا ئالمىغاندا) Yalmawuz_er

(52) ناھايىتى ياخشى تىما بوپتۇ، مەن نىمىدىگەن بىچارە بىرمۇ دوستۇم يوق، ئۆزەمغۇ ئەسكى بالىمۇ ئەمەس ياكى بىرە ئەيىپىممۇ يوق باشقىلار بىلەن بەك ئالاقە قىپ كەتمىگەچكە دوستۇم يوق، ئاساسلىق

قانداق ئالاقە باغلاشنى بىلمەيمەن، كوچىغا چىقىپ كىم مەن بىلەن دوس بولىدۇ دەپ تولاي دەپ قالىمەن بەزىدە،ياشلارنىڭ ئىككى ئۈچ بولۇپ مىڭىشقىنىنى كۆرۈپ بەزىدە ھەۋىسىم كەپ قالىدۇ ،ھەتتا بەزىدە تويۇم بولسا يىگىت قولداش بولغىلى ئاغىنە تاپالماي يۈرەمەنمۇ دەپمۇ قالىمەن .
bagdax571

(53) ئادەملەر! ئەتىراپىدىكى كۈندۈلۈك تۇرمۇشىدا، ئۆز - ئارا سالام - سائەت قېلىشىدىغان يىراق - يېقىندىكى كىشىلىرى بىلەنلا، ئۆزىنىڭ ئادىمىيلىك قەدىر - قىممىتىنى ھەقىقىي ھېس قىلىپ يېتەلەيدۇ .
دوستلار ئارا ، دوستلۇقىمىزنى قەدىرلەيمەن !
بېشىمىزغا كۈن چۈشكەندە، ئۆز-ئارا دوستلارچە ياردەمدە بولىشىمىزنى، خۇشاللىق-قايغۇلىرىمىزدا ھەم ئورتاق ھەمدەمدە بولىشىمىزنى چىن كۆڭلۈمدىن ئۈمۈد قىلىمەن !Yillarsiri

(54)مېنىڭ دوستۇم كۆپ ئەمەس، پەقەت 5-6 لا... ئەمما دوست دىگۈدەك دوست....
بىر بىرىمىزنى ھۆرمەت قىلىمىز، باشقىلارنىڭ ئالدىدا بىر بىرىمىزنىڭ يۈزىنى، ئىناۋىتىنى كۆتۈرىمىز، گەپ قىلمىساقمۇ، ئارلىقىمىز يىراق بولسىمۇ بىر بىرىمىزنىڭ نىمە ئىش قىلىۋاتقىنىنى، بىرەر مەسلىگە قارىتا كاللىسىدا نىمە ئويلاۋاتقىنىنى بىلىمىز، ياردەملىشىشكە گەپ كەتمەيدۇ، ئەمما بىر بىرىمىزنىڭ سىنىت چاغلىق پۇلىمىز بىر بىرىمىزنىڭ گەدىنىدە قالمايدۇ، دوستۇم كۆڭلى يېرىم بولسا مېنىڭ ئىچىم ئېچىشىدۇ، مەن خوشال بولسام ئۇلار بىلەن سۆزلىشىمەن... يىراققا كەتسەك ئايلاپ يىللاپ كۆرۈشەلمىسەكمۇ ئۇلارنىڭ نىمە قىلىۋاتقىنىنى، قانداق تۇرىۋاتقىنىنى ، قىيىنچىلىقى بارمۇ يوق، تۇرمۇشى خوشالمۇ ئەمەسمۇ ھەر ۋاقىت بىلىپ ، ئۇلار ئۈچۈن دۇئا قىلىپ تۇرىمەن.murat47

(55)ھەقىقى دوست گويا ئازاپلىنىپ ياش تۆككەندە، ئىللىقلىق بىلەن يېشىمىزنى سۈرتەلەيدىغان، يىقىلىپ چۈشكەندە دەررۇ كېلىپ يۆلىيەلەيدىغان، خاتالاشقان ۋاقىتلىرىمىزدا بىزنى يار لېۋىدىن تارتىۋالالايدىغان قولدۇر.

لېكىن ھەممىلا ئادەمنىڭ ياخشى دوسلىرى بولىشى ناتايىن، بىر تونۇشۇم ماڭا 30 دەك دوستۇم  بار، لېكىن بىرىگىمۇ ئىچ سىرىمنى ئېيتالمايمەن دېگەن ئىدى، بەزىلەر قارىماققا دوسلىرى بەك جىقتەك كۆرۈنسىمۇ، ئەپسۇس! بىرمۇ  ھەقىقى دوستى  بولمايدىكەن. دېمەك ھەقىقى دوستلىرىنىڭ بولىشىمۇ چەكسىز بەخت .

ئەركىن سىدىق ئاكا، سىزگە كۆپ تەشەككۇر، سىزنىڭ ئەھمىيەتلىك ئەسەرلىرىڭىزنى ئوقۇش پۇرستىگە ئېرىششىمۇ بىز ئۈچۈن بەخت .huxruy

(56) ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئەركىن سىدىق ئاكا ياخشىمۇ سىز؟ مەنكى يىزا ئوقۇتقۇچىسى مۇھەممەتتىن سىزگە سالام بولسۇن!  ئۇتۇقلىرىڭىزدىن يازمىللىرىڭىز ئارقىلىق خەۋەردار بولدۇق،  ئوقۇغۇچىللىرىمنىڭ سىزنىڭ ئوڭوشسىزلىقلىرىڭىزنىمۇ بىلگۇسى بارئىكەن، مۇمكىن بولارمۇ؟   ئاللاغا ئامەنەت خوش .uyghurqqbaq

(57) 15 ئايلىق تارىخى بار بىر دادا بولۇش سۈپىتىم بىلەن بۇنداق بىر تېمىنىڭ يوللانغانلىقىدىن خۇشال بولدۇم.dilshat007

## نېمشقا يامانلىقلار يۈز بېرىدۇ؟

(58) ناھايىتى ئىلمىي، ئىنتايىن چۈشىنىشلىك ماقالە بوپتۇ. مەن قاتتىق ئېچىنىدىغان بىر ئىش بار ئۇ بولسىمۇ قاتناش ۋەقەسى. قالايمىقان ماشىنا ھەيدەپ ئادەم ئۆلتۈرىدىغانلار بۇ ماقالىنى تەپسىلىي ئوقۇپ چىقسا بولىدىكەن. يۇرتىمىزدا قاتناش ۋاستىلىرىنى قالايمىقان ھەيدەپ بىگۇناھ ئادەملەرنى ئۆلتۈرىۋەتكەن، قاتناش ۋاستىلىرىنى خاتا ھەيدەپ خەقنىڭ ماشىنىسىنىڭ ئاستىغا كىرىپ ئۆلۈۋالغان ئادەملەر بەك كۆپ. بۇ بىر ئويلىنىشقا تېگىشلىك مۇھىم بىر تېما. ئۆزىمىز ساقلىنىشقا تېگىشلىك ئىشلاردىن چوقۇم ئۆزىمىز ساقلىنىشىمىز كېرەك.ablimit007

(59)بىلىمخۇمار ئاكىمىزنىڭ بۇ يازمىسى ئۇزۇندىن بېرى زىدىيەتلىك سۇئاللارغا دىلغۇل بۇلۋاتقان كۇڭۇل ئاسمىنىمنى پاللىدە يورۇتتى، تەپەككۇر تۇلپارىڭىز مەڭگۇ ھارمىغاي ئاكا، سىزگە كوپ تەشەككۇر!turan

(60) ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، بىلىمخۇمار ئاكا! بىز ئۈچۈن قەلەپ تەۋرىتىۋاتقان ئەجرىڭىزگە رەھمەت! نۇرغۇن بىلىمگە ئىگە بولدۇم؛ تېنىڭىزگە ساقلىق، تۇرمۇشىڭىزغا خاتىرجەملىك تىلەيمەن!Kamile

(61) ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم بىلىمخۇمار ئۇستاز! تەربىيىۋى ئەھمىيەتلىك ئىسىل ماقالىلەرنى ئۈزۈلدۈرمەي ئېلان قىلىپ بىز ئۇيغۇر مۇسۇلمانلارغا ھەقىقى ئۇستازلىق رولىنى ئويناپ دەردىمىزگە داۋا رەنجىمىزگە شىپا بولۇپ كېلىۋاتقانلىقىڭىزغا كۆپتىن كۆپ رەھمەت! ھەرئىككىلا دۇنيادا ئىگەم ئەجرىڭىزنى بەرگەي !راست دىگەندەك ئەسىر سۈرىسىدە؛ «بىر بىرىگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىشقان، بىربىرىگە سەۋرنى تەۋسىيە قىلىشقان كىشىلەردىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى زىيان ئىچىدە» دىگەن مەزمۇنلار بار. ئاللاھ بىزگە سىزدەك ئۇستازلارنى كۆپرەك نىسىپ قىلغاي!arturan

(62) ئەسسالامۇ ئەلەيكوم ئەركىن سىدىق ئاكا، يازمىڭىزغا تەشەككۈرلەر بولسۇن !!!!!

يۇقۇرقى ماقالىڭىز ھەققەتەن چۈشىنىشلىك، ئادەمنىڭ ئەقلى قۇبۇل قىلغىدەك، قايىل قىلىش دەرىجىسى يۇقرى بولغان بىر ماقالە بوپتۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھسالامنىڭ بىر ھەدىسىدە :«تۆگىنى باغلا، ئاندىن ئاللاغا تەۋەككۈل قىل» دىيلگەن. بۇ يەردە تۆگىنى باغلاشتىن ئىبارەت مەشغۇلات ئەلۋەتتە ئىنساننىڭ ئىلكىدە بولۇپ ،تۆگىنى باغلىمايلا ئاللاغا تاپشۇرۇش، ساغلام ئەقىلگە مۇخالىپ بولۇپلا قالماي ئەلۋەتتە سەۋەپ تەقدىرنى كەلتۈرۈپ چىقىرشى مۇمكىن، يەنى تۆگىنىڭ باغلانمىغانلىقىدىن كېلىپ چىققان بىر قانچە ھادىسلەر يەنى  تۆگە يۈتۈپ كىتىش، تۆگە باشقىلارنى زەخملەندۈرۈپ قويۇش، باشقىلارنىڭ زىرائىتنى مەلۇم دەرىجىدە زىيانغا ئۇچۇرتىش قاتارلىق ئىشلار كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. ئەگەر شۇنداق بولدى دەيلى بۇ ئەلۋەتتە ئىنساننىڭ خاتالىغى بولۇپ، ئاللا بۇيرۇمىغان، يەنى ئالدىدىن  ئورۇنلاشتۇرغان ئىش ئەمەس. ئەگەر ئىنسان تۆگىنى ياخشى ئارقان بىلەن پۇختا باغلاپ ئاللاغا تەۋەككۈل قىلىغان بولسىمۇ يەنلا يۇقۇرقىدەك ئىشلار تاساددىبى يۈز بەرگەن بولسا يەنى تۆگە ئارقاننى چىشلەپ ئۈزۈۋىتىپ  يۇقۇرقىدەك زىيان-زەخمەتلەر كېلىپ چىققان بولسا، ۋەياكى ئارقانغا بوغۇلۇپ  ئۆلۈپ قىلىش قاتارلىق ئىشلار يۈز بەرسە بۇ

ئەلۋەتتە ئاللاھدىن كەلگەن تەقدىر ھېساپلىنىدۇ، چۈنكى ئىنسان قولدىن كەلگىنىنى قىلدى ۋە ئۆزىنىڭ تاقىتى يېتىدىغان ئىشلارنى قىلدى ...

ئەركىن سىدىق ئاكامغا ۋە ئائىلە تاۋاباتلىرىغا ئاللادىن ئامانلىق ۋە ئاسايىشلىقنى تىلەيمەن panidunya.

(63)ھۆرمەتلىك بىلىمخۇمار ئاكا، رەھمەت سىزگە، مەن سىزنىڭ ئىش ئىزلىرىڭىزدىن بەكمۇ تەسىرلىنىمەن ھەم ئۆزەمگە ئۈلگە قىلىشقا تىرىشىمەن. سىز خۇددى ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئەپەندىمدەك ھەممە ساھەدە تىنىمسىز ئىزدىنىدىغان، تەپەككۇرى ئالغا كەتكەن ھەممە كىشى قەدىرلەشكە تېگىشلىك بىزنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك ئالىمىمىز. ئەزىز تېنىڭىز سالامەت بولسۇن bighubarim.

(64) ئەركىن ئەپەندىگە يېزىلغان خەتنى ئوقۇپ، قەلبىم كۆپ ئازاپلاندى، مەنمۇ شۇنىڭغا ئوخشاپراپ كېتىدىغان بىر قىسمەتكە دۇچ كېلىپ، تولۇق ئەسلىمگە كېلىپ بولالمىغان بىر بەندە. مەن سەبىر قىلىشنى شۇندىن كېيىن ئۆگەندىم ۋە سەبىرنىڭ ھەقىقى مەنىسىنى چۈشەندىم. بېشىغا ئېغىر مۇسىبەت يەتكەن ئاشۇ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش قېرىنداشلىرىمغا ئاللاھتىن سەبىرلەر تىلەيمەن. سەبىر دېمەك -بۈيۈك ئەجىر دېمەككەن.

قۇرئاننى، ھەدىسلەرنى ئوقىماي تۇرۇپ چۈشەنگىلى بولمايدىغانلىقىنى بەك كېيىن تونۇپ يەتتىم. ئۆزۈمچە دىنغا تۈرلۈك سوئاللارنى قويۇپ، مۇنازىرىلەر قىلىشىپ، تەپەككۇرىمدىن پەخىرلىنىپ ياشىغان شۇ زامانلارنى ئويلىسام، ھەقىقەتەن يەڭگىلتەكلىك قىلغانلىقىمنى، تەنتەكلىكىمنى ھېس قىلىپ ئۈيىلىمەن.

قۇرئاندىكى ئايەتلەرنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ بەلگىلىك ماكان ۋە زاماندا، بەلگىلىك ۋەقە ۋە ھادىسىلەرگە مۇناسىۋەتلىك ھالدا پارچە-پارچە چۈشۈرۈلگەنلىكىنى، جىبرىئىل ئەلەيھىسسەلامنىڭ ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدىن ھازىرقى كىتاپ ھالىتىدە بىر پۈتۈن قۇرئاننى كۆتۈرۈپ كېلىپ، پەيغەمبىرىمىزگە ئۆگەتمىگەنلىكىنى، قۇرئاننىڭ بىز چۈشەنمىگەن تەرەپلىرىنىڭ يەنە ھەدىسلەر ئارقىلىق يېشىلگەنلىكىنى قەلبىمىز قانائەت تاپقىدەك دەرىجىدە بىلمىگىچە، خىيالىمىزغا كەلگەنچە سۆزلەش، ئۆزىمىزنى بىلەرمەن چاغلاپ خاتا يەكۈنلەرنى چىقىرىشتىن ساقلىنالمايدىكەنمىز.

بىر ئادەمنىڭ توغرا، دۇرۇس بىر ئىنسان بولىشى ياكى سالىھ بىر مۇسۇلمان بولىشى ئالدى بىلەن ئاللاھنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق بولىدىكەن. بۇ، نوقۇل تىرىشچانلىق بىلەنلا ئەمەلگە ئاشىدىغان ئىش ئەمەسكەن. «قەلبلەرنىڭ ئاچقۇچى ئاللاھنىڭ قولىدا» دېگەن ئىكەن پەيغەمبىرىمىز. قەلب تۈزەلمىگىچە، ئىنسان تۈزەلمەيدىكەن.

بۇ تەپسىردىكى تەقدىر قارىشى، يەنى بەندىنىڭ ئىدارە قىلىشقا ئۆزىنىڭ قۇربىتى يەتمەيدىغان ئىشلارنىڭ تەقدىردىن ئىكەنلىكى، ئۆز سەۋەنلىكى ياكى خاتالىقى تۈپەيلى يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ ئۆزىدىن ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى قاراشلارنى بىلىۋېلىش ھەقىقەتەن مۇھىمكەن. بىراق، ئىنسان بەزىدە بۇ ئىككى خىل يەكۈنگە ئۈيغۇن كەلمەيدىغان ھادىسىلەرگىمۇ دۇچ كېلىشى مۇمكىن. تەقدىر سىرلىق بىر قىسمەت. ئۇنىڭغا يېشىم بېرىشمۇ بەك تەس. پەيغەمبىرىمىزمۇ بۇ ھەقتە بەس-مۇنازىرە قىلىشنى چەكلىگەنىكەن.

ھەدىسلەردە ئۇزەيىر پەيغەمبەر ھەققىدە بىر مەلۇمات بار. يەھۇدىلار بۇ پەيغەمبەرنى «ئاللاھنىڭ ئوغلى» دەپ سۈپەتلەيدىكەن. ھەدىسلەرگە كۆرە، پەيغەمبىرىمىز تەقدىر مەسىلىسىدە ئۇزەيىر پەيغەمبەرنىڭ ئاللاھ بىلەن بولغان دىئالوگىنى مىسالغا ئېلىپ، ئۇنىڭ تەقدىر توغرىسىدا ئاللاھتىن ناھايىتى كۆپ سوئاللارنى سورىغانلىقى، مۇنازىرە قىلىشقا ئۇرۇنغانلىقى، ئاقىۋەتتە ئاللاھنىڭ ئۇنى پەيغەمبەرلەر تىزىملىكىدىن ئۆچۈرۈپ تاشلىغانلىقىنى تىلغا ئالغان. (قايسى ھەدىس ئىكەنلىكى ئېنىق ئېسىمدە يوق، ئەمما مەزمۇنى توغرا). يەنى، تەقدىرنى چۈشىنىش پەيغەمبەرلەرگىمۇ نېسىپ بولمىغان.

ھەدىسلەردە يەنە مۇنداق بىر مىسالمۇ بار (مەزمۇنى):

مۇسا پەيغەمبەر جەننەتتە ئادەم ئەلەيھىسسەلامغا شۇنداق تاپا-تەنە قىلىدۇ:

_ ئەگەر سەن جەننەتنىڭ چەكلەنگەن مېۋىسىنى يېمىگەن بولساڭ، جەننەتتىن قوغلىنىپ زېمىنغا ھەيدەلمەيتىڭ، بىزنىڭ ئۈممەتلىرىمىزمۇ بۇگۈنكىدەك ئېغىر كۈنلەرنى كۆرمەيتى...

ئادەم ئەلەيھىسسەلام شۇنداق سورايدۇ:

_ مېنىڭ تەقدىرىم لەۋھۇلمەھپۇزغا مەن يارىلىشتىن قانچىلىك بۇرۇن يېزىلغان؟

مۇسا ئەلەيھىسسەلام جاۋاپ بېرىدۇ:
_ 40 يىل بۇرۇن.

بۇ مىسالدىن تەقدىر ھەققىدە خېلى بىر نەرسىلەرنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ. بىراق تەقدىر ھەققىدىكى بەس-مۇنازىرىلەردىن پايدا چىقمايدىغانلىقىغا شاھىدمىز. ھەدىسلەرنى تولۇق ئوقىغانلار شۇنداق بىر مىسالنى بىلىدۇ: بىر ئادەم ئۆمۈر بويى كاپىرنىڭ ھاياتىنى ياشايدۇ، ئەمما تەقدىرىگە پۈتۈلگىنى بويىچە مۇسۇلمان پېتى قازا قىلىدۇ.
يەنە بىر ئادەم ئۆمۈر بويى مۇسۇلمان سۈپىتىدە ياشايدۇ، ئەمما كاپىر بولۇپ ئۆلىدۇ. Mollazeydin.

(65) ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ھۆرمەتلىك مۇنبەر ئەھلى! مەن ئالدى بىلەن مۇشۇ يازمنى تەييارلاپ بىزگە سۇنغان ئەركىن سېدىق ئاكىمىزغا رەھمەت ئېيتىمەن.
ئەمدى مەن جىددى ئايدىڭلاشتۇرۋالماقچى بولغان بىرې ئىشنى يەنى ( مۇشۇ تىمىغىمۇ مۇناسىۋەتلىك بولغان) سىلەردىن سۇرايمەن. مۇنبەرداشلارنىڭ بۇلۇپمۇ قانۇن ساھەسىدىكى قېرىنداشلارنىڭ سەمىمى جاۋاپ بېرشىنى سۇرايمەن.
خۇتەندە ئۇندىدار بىر يىلدەك ئېچىلماي بىر ئايدەك بولدى ئېچىلدى. بىراق نۇرغۇن كىشىلەر ئاۋارىچىلىقتا ئۇچىراشتىن قورقۇپ ئۇندىداردىن كۆزى قىيمىغان ھالدا خوشلاشتى. يەنە بەزىللىرى دەككە-دۈككىدە ئىشلىتىپ كېلىۋاتىدۇ.
سالۇنلارنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ ھەر خىل ئاگاھلاندۇرۇش مەزمۇندىكى ئۇچۇرلارمۇ، يەنى (ئاللاھقا ئامانەت! ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن! دەۋزەخ-جەننەت) دىگەنگە سۆز-ئىبارىلەر تور سۇزگۈچ ئارقىلىق بايقىلىدۇ. بۇنىڭ سانى بەش قېتىمغا يەتسە توپ تاقىلىپ توپتىكى ھەممە كىشى تەكشۈرۈلىدۇ، دىگەنگە ئوخشاش ئاگاھلاندۇرۇش مەزمۇدىكى ئۇچۇرلار تارقىلىپ يۈرىدۇ. تېلېپۇنلىرىمىزدا قۇرئان، ھەدىس، ياكى شىرىن بۇلاق، ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش قانۇنلۇق نەششىر قىلىنغان كىتاپلارنىڭ ئېلىكترون نۇسقىسىنىغۇ قەتئىي ساقلىغىلى بولمايدۇ.
بىر بىرىمىز بىلەن خوشلاشقاندا ئاللاھقا ئامانەت دەيدىكەنمىز. ياكى بىر كىشى ياخشىلىق قىلسا ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن دەيدىكەنمىز. سىلەرچە

بۇ نۇرمال ئىشمۇ؟ ياكى قانسىزمۇ؟ كۈنۈپ قالغاندىكىن يۇقارقى سۆزلەرنى كۆپۈنچىمىز دەيدىكەنمىز. ياكى ئۇنىڭ ئورنىغا پارتىيەگە ئامانەت! پارتىيە رەھمەت قىلسۇن! پارتىيە گۇناھىڭنى مەغپىرەت قىلسۇن ! دەيمىزمۇ؟ ياكى كۈنۈپ قالغىنىمىز بۇيىچە دىدارلاشساق بولاۋېرەمدۇ؟ ماۋۇ ماقالىنى سەل قورقۇمسىراپراق ئۇقۇدۇم. سىلەرنىڭ زاڭلىق قىلماي توغىرا جاۋاپ بىرشىڭلارنى سورايمەن. ئۇنىڭدىن كىيىن ماۋۇ ماقالىنى ئىلكىتاپقا ئايلاندۇرۇپ ساقلاش ياكى باشقىلارغا ھەمبەھىر قىلىشنى ئويلىشىمەن. hanjar0903

(66) ناھايىتى ياخشى ماقالىكەن، تەغدىر توغرىسىدا ياخشى چۈشەنچىگە ئىگە بولدۇم. تەغدىرگە ئىشىنىمەن دەپ ئۆزىمىزنىڭ كونتىرول، ئىجرا قىلىش دائىرىمىز ئىچىدىكى ئىشلاردىن مەسىلە كۆرۈلسە ھەممە ئىشنى دەغدىرگە يۈكلەپ قويساق بولمايدۇ. بىلىمخۇمار ئەپەندىمگە رەھمەت. sultan777.

(67) ئەسسالامۇ-ئەلەيكۇم، بىلىمخۇمار ئاكا! خەلقىمىز ئۈچۈن مىھنەتسىز تەۋرىنىۋاتقان قەلىمىڭىزگە بەرىكەت تىلەيمەن!tarim2006

(68) ئەسساللامۇ ئەلەيكۇم ئەركىن ئاكا! مەن ئۆزۈكسىز تۈردە سىزنىڭ يازما ماقاللىرىڭىزنى كۆرۈپ تۇرۋاتىمەن. نۆۋەتتە سىزدىن ياردەم سورىماقچى ئىدىم .1-ئوقۇتقۇچۇمنىڭ تاپشۇرقى بويىچە بۈگۈنكى ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى مەشھۇر ئىلىم ئەھلىلىرىنى تېپىش، تونۇشتۇرۇش تاپشۇرقى بىرىلگەنىدى. مۇئەللىمىنىڭ ئۇيغۇرلار ئىچىدىن چىققان، ھازىر ھايات ئىلىم ئەھلى،ئەتقىقاتچى ۋە مۇتەخەسسىلەردىن كىملەرنى بىلىسىز، دىگەن سوئالىغا مەن ۋە ساۋاقداشلار تولىمۇ يېتەرسىز جاۋابلارنى بەردۇق. «چەتئەلدىكى نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار» ناملىق يازمىڭىز بىر نەچچە كۆپ بۆلەكلەرگە بۆلۈنۈپ ئېلان قىلىنغاچ مېنىڭ توپلىشىمغا قۇلايسىز بوپ قالدى. 2-بۇ مېنىڭ سىزنىڭ نامىڭىزنى ئاڭلىغاندىن بۇيانقى تۇنجى پىكىرلىششىم،كۆپرەك يول كۆرسىتىشىڭىزگە موھتاجمەن. 3-بۇ يەردىكى ئەتقىقاتچى مۇتەخەسسىلەرنىڭ ئىلمىي نەتىجىللىرىدىن نېمىشقىكىن تولىمۇ ئاز خەۋەر تېپىۋاتىمىز. مۇنبەر ئەزالىرىنىڭ بىلىدىغانلىرى

مىنىڭكىدىن كۆپ. مۇشۇ ھەقتە ماتىريال بىلەن تەمىن ئەتسكەن دېگەن ئۇمىدىمىمۇ بار.jawabi

(69)ئەتىگەندە قايماق چاي بىلەن ئەجەپ ھوزور بەردى ئاكىمىزنىڭ يازمىسىyaruk .

(70) سىزنىڭ جەننەتنىڭ ئورنى توغرىسىدىكى ماقالىڭىزدىن دىھقانلار ئوقۇشلۇقىدىكى جەننەتنىڭ يوقلىقى توغرىسىدىكى گەپلەرنى چۈشەنگەندەك بولدۇم.kuy2015

(71)بىلىمخۇمار ئاكا بۇ ماقالىڭىز ناھايتى ئىلمىي، تەپسىلى،چۈشۈنىشلىك يېزىلىپتۇ. رەھمەت. ھارمىغايسىز!karakulagga

(72) قايسىڭلاردا بىلىمخۇمار ئاكىنىڭ تەرجىمىھالى بار مەن نەچچە قېتىم ئوقۇپ بەك كۆپ ئىلھامغا ئىگە بولغان ئىدىم، يەنە ئوقۇي دىگەن مەندە يوق بولۇپ قالدى، بار بولسا يوللاپ بەرسەڭلەر بىر نەرسە سوۋغات قىلىمەنokya116 .

(73) جەمئىيىتىمىزدە ئاق كۆڭۈل ھەم تىرىشچان ئەمما ئىقتىسادىي جەھەتتە نامرات كىشىلەر ئاز ئەمەس. بۇ ئەھۋال ھەقىقەتەنمۇ ئادەمنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدۇ.نىيىتى دۇرۇس،ھەم يىل بويى جاپالىق ئەمگەك بىلەن ئۆتىدۇ،لېكىن نامراتلىق قالپىقىنى چۆرىيەلمەيدۇ. ئەجىبا ئاللاھ شۇنداق ئادالەتسىزمۇ؟ ئەلۋەتتە ئۇنداق ئەمەس. مىنىڭچە، ئىنسان ئاق كۆڭۈل، تىرىشچان بولۇشى كېرەك، لېكىن بۇنىڭ بىلەن قانائەتلىنىپ قالماي يەنە بېرىلىپ ئىلىم ئىگىلىشى، ئۆز كەسپىدە يۇقۇرى ماھارەتمۇ يېتىلدۈرۈشى كېرەك. شۇنداق بولغاندا ئاندىن ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ، نامراتلىق قالپىقىنى چۆرۈپ تاشلىيالايدۇ. چۈنكى ئەقىل- پاراسەت ئىنساندىكى ئەڭ كاتتا ئەۋزەللىك، بۇ ئەڭ كاتتا ئەۋزەللىكنىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرمىغاندا، ئادەم ئادەمدەك ياشاش سالاھىتىدىن مەھرۇم بولۇپ قالىدۇ.ashqin

(74) «بۇيرۇلغان ياردەم ۋە تىرىشچانلىق بەدرى ئۇرۇشىدىن ئويلىغانلىرىم» ناملىق ماقالىڭىزنى ئەتىيازدا بىزنىڭ مەكتەپتىكى ئوقۇرمەنلەر كۇلۇبىنىڭ مۇنبەر پائالىيىتىدە مەخسۇس مۇھاكىمە قىلغان ھەمدە نەق مەيداندا قۇرئان كەرىمنى ئېچىپ شۇ سۈرىنى بىر ئوقۇپ چىققانتۇق. ئاللاھ بۇيرىغان ناماز قاتارلىق ئىبادەتلەرنى قىلىپ قويۇش بىلەنلا ياخشى مۇسۇلمان بولغىلى بولمايدۇ. تىرىشچانلىق ئارقىلىق بۇيرۇلغان ياردەمنى قولغا كەلتۈرىشىمىز كېرەك. شۇ ماقالىنى ماۋۇ يازمىغا باغلاپ چۈشەنگەندە تېخىمۇ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.Achyol

(75) ئۇستازنىڭ تېمىلىرىنىڭ پەندە-نەسىيەت خاراكتېرى «بوستان» ، «گۈلۈستان» ۋە « قابۇسنامە» لاردىن قېلىشمايدۇ. رىيال تەربىيۋى ئەھمىيەتكە ئىگە. دەۋرىمىز ياشلىرىنىڭ ئىدىيە جەھەتتىن ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە نەزىريۋى ئاساس بولغۇسى. ئۇستازغا مەڭگۈلۈك ئۇتۇق تىلەيمەن. الله رەخمەد قىلغاي .obzorqi

## نام-ئاتاق، كىشىلىك تۇرمۇش ۋە مەجبۇرىيەت

(76) رەھمەت! ئەركىن ئاكا ، تولۇق ئوقۇپ چىقتىم. ماڭا بەك ياردى. ئۇلۇغ ياراتقۇچىمىز سىزنىگە تېخىمو زور نەتىجىلەرنى ، تېنىڭىزنىڭ سالامەت بولىشىنى ئاتا قىلغاي ! روزا ھېيتىڭىزغا مۇبارەك! ئائىلىمىزدىن سىزنىڭ ئائىلىڭىزگە سالاملار بولسۇن!!!desertstorm

(77) بىلىمخۇمار ئاكا:

باشقا مۇنازىرىلەرگە ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا ئارلىشىپ خەت چىقارمىغان ئىدىڭىز، ئەمما بۇ قېتىمقى مۇنازىرە سىزنىڭ ھەم بىزنىڭمۇ ئويلىغان يېرىڭىز، يېرىمىزدىن قىيىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئىككى قېتىم يازما چىقىرىپ كۆڭلىڭىزنى ئىپادە قىلدىڭىز. مەن يېقىندا تۆھمەتكە قالغۇچى تەرەپنىڭ جەمئىيەتشۇناسلىق سالاپىتى بىلەن ئاشپەز تورىدا تەييارلانغان بىر سىننى كۆردۈم. ئۇ ياقنىڭمۇ تەشەببۇسىدا نورمال بولغان مۇنازىرىدە چوقۇم بەدەل كېتىدۇ، ئەمما بۇ بەدەل قانداقتۇر نامەرتلەرچە، ئىلىم ئەخلاقىنىڭ نومۇسىغا تەككەن ئاساستا داۋاملاشتۇرۇلسا بۇنىڭغا ئېچىنىش كېرەك، دەپ

كېلىپ دەل سىز ئېيتقىنىڭىزدەك قېتىمدا ئۇ ياققا كەتكۈزۈپ قويغان تەرىپىنى كۆرسىتىپ بەرگەن ئىككى نوقتىنى تولىمۇ سەممىي تىلغا ئالدى ۋە «مەن كەتكۈزۈپ قويغان 2% گېپىم ئۈچۈن ئەپسۇس؛ىنىمەن، ھەم كەچۈرۈم سورايمەن، ئەمما 98% گېپىمدا چىڭ تۇرىمەن »دەپ ئېيتتى. گەرچە قارشى تەرەپنى ئامال بار چۆكۈرۈۋېتىش ، ئورا كولاش خاراكتېرىنى ئالغان قىلىقلاردىن يەتكۈچە زېرىككەن ، كۆڭلىمىز زېدە بولغان بولسىمۇ، ھېيتلىق چىقىرىلغان شۇ سىنىنى كۆرۈپ سۆزلىگۈچىگە ھۆرمىتىم ئېشىپ قالدى.

قانداقلا بولمىسۇن، سۆزلىگۈچىمۇ مۇنازىرە ئەۋجىگە چىقىپ ئىختىلاپقا يۈزلىنىپ قالسا چوڭ زىيالىيلارنىڭ قۇلاق يۇپۇرۋالماي ئەپلەشتۈرۈشنىڭ موھىملىقىنى ، ياكى ئىلمىي ئۇسۇل بىلەن مۇنازىرىگە قاتنىششى كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى. دەل ئېيتقىنىڭىزدەك سىز بۇ مۇنازىرىگە ئىپادە بىلدۈردىڭىز (ئەلۋەتتە يىراقتا تۇرۇپ) . بىئارام بولغا يېرىم ئۇيغۇرنىڭ باشقا زىيالىيلىرى نېمە ئۈچۈن لىللا نوقتىدىن ئىككى ئېغىز پەلسەپە، ياكى مۇنازىرە ئەخلاقى ئۇستىدە گەپ قىلمايدۇ ياكى گەپ قىلمىدى؟ توغرا بۇلار ئارىسىدا ئۆزىلىرىنى قاتتىق تۇتۇۋېلىش، بىر-بىرى بىلەن ئارلىق ساقلاشلار بار. بىر تويغا بىللە بارسا بىر ئۇستەل ئارلىق قويماي ئولتۇرمايدۇ. ئاما جامائەتنى پىكرى نوقتىدىن ، تەپەككۇرغا، يېڭى بىلىشكە يېتەكلەشتە مۇنازىرە تېمىسى قاچان چىققان بولىشىدىن قەتئىي نەزەر گورۇھ شەكىللىنىشتىن بۇرۇن ياكى كېيىن بىرەرسىنىڭ ئەپچىل چىرە بىلەن چىش يارماسلىقى قانداق ئىش؟ بۇنىڭدا كىمنىڭ مەسولىيىتى بار؟

مەن بۇ ئىشلارنى دېيىش ئارقىلىق بىراۋنى كۆرسىتىش ياكى ئەيىپلەش نىيىتىم يوق. ھۆرمەتلىك بىلىمخۇمار ئۇستازىمۇ قانداقتۇر پوپاڭ سالغىنىم ئەمەس. ئەمما مەۋجۇتلۇققا قاراپ ئېچىم سىقىلدى. ئاخىرىدا سىزنىڭ ھېيتىڭىزنى مۇبارەكلەيمەن. سالامەتلىك، خاتىرجەملىك تىلەيمەن. سېغىنىشلىق سالاملار بىلەن يوللىرىڭىزغىمۇ قارايمەن.Nadiruf

(78) ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئەركىن سىدىق ئاكا! سىز باشلىق ئائىلىڭىزدىكىلەرنىڭ روزى ھېيتىغا مۇبارەك بولسۇن! ئېسىل يازمىلىرىڭىز ئۈزۈلمىگەي،رەخمەت سىزگە!Kamile

## دوست تاللاشتا بىلىشكە تېگىشلىك مۇھىم ئىشلار

(79) قۇتلۇق كۈندە يەنە بىر مەنپەئەتلىك يازمىدىن بىرنى ئوقۇدۇم. ئۇستازنىڭ ئەمگىكى دىلىمنى سۆيۈندۈردى.iltebir107

(80) ھەر بىرىمىز بۇ دۇنيادا ئۇرۇق تۇققان، دوست يارەنسىز تەنھا ياشاپ كىتەلمەيمىز. شۇڭا دوست تۇتۇشقا ئەھمىيەت بىرىشىمىز لازىم. بۇ توغۇرلۇق بىلىمخۇمار ئاكىمىز ياخشى بىر دوست تۇتۇش ئۆلچەملىرىنى بىزگە سۇنۇپتۇ. مەنمۇ بۇم قاراشلارغا قوشۇلىمەن. رەھمەت.sultan777

(81) بىلىمخۇمار ئاكىمىزنىڭ ھارماي-تالماي ئىزدىنىپ بىزلەرگە ياخشى ئەسەرلەرنى تەقدىم قىلغىنىغا كۆپ تەشەككۈر ئېيتىمەن. sulayman03

(82) ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك ئۇستاز، خەلقىمىزنىڭ پەخىرلىك ئوغلانى ئەركىن ئاكا تېچلىقمۇ، قانداق ئەھۋالىڭىز، مەن ئەزىزانە شىنجاڭدىكى ئوقۇرمىنىڭىز، مەن خىلىدىن بىرى نامىڭىزنى ئاڭلاپ كىلىۋاتقان بولسامۇ لىكىن ئەھمىيەتسىز،، تۇترۇقسىز تۇرمۇش، خىزمەت ئالدىراشچىلىقى تۈپەيلىدىن نادىر يازمىلىرىڭىزدىن ۋە ماقالىلىرىڭىزدىن خەۋەرسىز ياشاۋىتىپتىكەنمەن، يىقىندا تونۇشقىلى ئانچە ئۇزۇن بولمىغان ئەمما پىكىر قاراش، ئارزۇئارمانلىمىز بىر يەردىن چىقىدىغان بىر ناتىۋان قىرىندىشىمنىڭ تەۋسىيسى بىلەن سىزنىڭ بىر قانچە يازمىلىرىڭىزنى ئوقۇدۇم بۇ يازمىلىرىڭىزدىكى كىشىلىك قەدىر-قىممەت، ياشاشنىڭ مەنىسى ۋە ئەھمىيتى، ئادىمىيلىك توغرىسىدا كىشىنى ئالغا ئۈندەيدىغان، ھايات بوسۇغىسىدا تىڭىرقاپ قالغان ياشلىرىمىزنىڭ توغرا يولىنى تېپىۋىلىشىغا تۈرتكە بولىدىغان، ھازىرقى دەۋرىمىز خەلقىنى تەقەززا قىلىۋاتقان بىر نىشان كۆرسەتكۈچىسىز، يول كۆرسەتكۈچىسىز بوشلۇقنى تولدۇرۇپ چاڭقاق دىللارنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرىدىغان مول ھوسۇللۇق مەزمۇنلار مىنى خۇشال قىلدى، سۆيۈندۈم ھەم ئۆزۈم بەھىرلەندىم شۇنداقلا ئۆزۈمنىڭ مۇشۇ ياشقا كەلگۈچە نىمە ئۈچۈن ياشاۋاتقانلىقىم، قانداق ياشىغانلىقىم، نىملەرنى قىلغانلىقىم، ئەسلى نىمە ئۈچۈن ياشىشىم كىرەكلىكى توغرىسىدا

يېڭىباشتىن ئويلىنىشقا سۇئال قويدۇم. گەرچە سىزگە تەشەككۈر سۆپىتىدە ئىپادىلىمەكچى بولغان كۆڭلۈمنى ئورۇنلۇق سۆزلەر بىلەن ئوتتۇرىغا قويالمىغان بولساممۇ، سىزنىڭ يات يۇرتتا خەلقىمىز ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈۋاتقان روھىڭىزغا ئاپىرىن ئېيتماي تۇرالمايمەن، ئاپىرىن سىزگە! تېخىمۇ مول هوسۇللۇق بولۇڭ، ئاللاھ ئىگەم تېنىڭىزنى سالامەت، دىلىڭىزنى خۇش قىلغاي!qalikuxi1

## «هۆرۈنلۈق» ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى تېمىلارغا چۈشكەن ئىنكاسلار

(83) توغراق يېشىدا ياشاڭ، بىلىمخۇمار ئاكا، ھەر بىر يازمىڭىز بىزگە ئۆزگىچە بىر زوق بېغىشلايدۇ. ئۆزىڭىزنى، كۆزىڭىزنى ئاسراڭ ئاكا. بىز سىزگە پەقەت تور يۈزىدىلا ھەشقاللا ئېيتالايمىز. hasritim

(84) مۇنبەرگە سىزنىڭ تىمىڭىزنى ئوقۇش ئۈچۈنلا كىرىمەن، ئاللاھ رازى بولسۇنGulbilig .

(85) تېلېۋىزورنى يىراقتىن باشقۇرىدىغان كونتروللىغۇچ- بۇ نەرسىنى هازىر تىزگىنەك دەپ ئاتاۋاتىمىز.yalghan

(86) سىزگە كۆپ رەھمەت ئەركىنكا!!! «تارتىنچاقنىڭ رىسقى كەم» دىگەن گەپنى، چوڭلاردىن كۆپ ئاڭلايتتىم. بەزەن ۋاقىتتا قېلىن بولىمەن دەپ بوپبۇلغىلى بولمايدىكەن. ئۆزىمىزنىڭ بەدىنى ئۆزىمىزگە بويسۇنماي، يۈزلەر تارتىشقاندەك بولۇپ، تىللار كالۋالىشىپ دىگەندەك. يۇقارقى ئۇسۇلنى سىناپ باقساق بولغۇدەك .emet

(87) ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئەركىنكا ... قانداق ئەهۋالىڭىز؟ سالامەتلىكىڭىز ياخشى، ئىشلىرىڭىز ئۇتۇقلۇق كىتىپ بارامدۇ؟ مەنمۇ باغداشتىكى سىزنىڭ ئوقۇرمەنلىرىڭىزدىن بىرسى. ئۆزەمچە ئويلاپ قالدىم بولسا بىزنىڭ يۇرتىمىزدىكى ئالىي بىلىم ئېلىش ئورۇنلىرىدا سىزدەك ئۇستازلار بولغان بولسا ئىدى، بۇنداق دەپ بىزنىڭ ئوقۇتقۇچى- ئۇستازلىرىمىزنى چەتكە قاققىنىم ئەمەس، ئۇلارمۇ سىزگە ئوخشاش ھەم

ئۇستاز. ياشلىرىمىزنى توغرا يولغا باشلاپ، ئىرادىسىنى چىڭقىتىپ ياخشى نەتىجە قازانسا ساۋابىمۇ سىزگە تەڭ بولىدۇ. گەپنىڭ قىسقىسىنى قىلسام: بىزدىن قوسقىڭىزدىكى بىلىملىرىڭىزنى ئايىماي، سىزدىن سورالغان سۇئالغا سىز ئاشۇ قىممەتلىك ۋاقتىڭىزنى چىقىرىپ توغرا، ئېنىق، قىممەتلىك جاۋاپ بەرگىنىڭىزگە 1000000 مەرتەم رەھمەت دىسەكمۇ ئازلىق قىلىدۇ. بىزگە بەرگەن شۇ بىلىملىرىڭىز، توغرا يولىلىرىڭىز، تەلىم-تەربىيلىرىڭىز ئۈزۈلۈپ قالمىغۇسى .Baharilim

(88) مىنىڭ ئامىرىكىلىق بىر مالىمىم بۇلىدىغان، ئۇ مالىم ئاقسۇ شەھرىگە كەلگەندە بىزنى« ئۆزەڭلارنى تۆۋەن كۆرۈش خاھىشى بەك كۆپكەن، ۋىجدانىڭلارغا خىلاپ بولمىسلا قىلىۋىرىڭلار» دىگەن ئىدى، ئۇ چاغلاردا پىيادىلەر يۈلى ئايرىلمىغان بولىسىمۇ يەنىلا يولنىڭ چىتىدە ماڭاتتى، بىز ھەيران قالغان. babur-7

(89) ئەسسالامۇ ئەلەيكوم ئەركىن سىدىق ئاكا يازمىڭىزگە تەشەككۈر!!! ھەقىقەتەن بىلشكە تېگىشلىك مەزمۇنلار ئىكەن .تۈنۈگۈن «مەدەنىيەت بوستانى» پىرۇگىرامىسىدا ئىنتىرنىت دۇنياسى توغرىسىكى تەرجىمە قىلىنغان پىلاستىنكا ۋە ئىرپان شىركىتىنى قۇرغۇچى لىدىرنى زىيارەت قىلىش جەريانىدا، بىر ئىشتىراك قىلغۇچى «مەن ئىنگىلىز تىلىنى بىلمىسەممۇ، يەنە باشقا نەرسىلەرنى بىلمىسەممۇ ئۈرۈمچىدە ياشىيالايمەن، ئەمما ئىنتىرنەت ئىلمىنى بىلمەي بۇ يەردە ياشىمىغىلى تەس» دىگەن مەزمۇندا سۆز قىلدى. مەن بۇ ھەقتە خىلى ئويلاندىم، دىمىسىمۇ ئاددىسى بانكىدا پول ئىلىش ۋە قويۇشتىن تارتىپ، تىجارەت ۋە باشقا ساھالەرگىچە ئىنتىرنەت تېخنىكىسى ئۈزىنىڭ مۇھىم رولىنى كۆرسىتىپ كەلمەكتە، بولۇپمۇ سىز يىل بىشىدا تەكىتلىگىنىڭىزدەك بۇ يىلنى «كومپيۇتىر تېخنىكىسى ئۆگىنىش يىلى» قىلىش تەكلىۋىڭىزنىڭ تولىمۇ ئورۇنلۇق ،تەخىرسىز ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتتىم. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن سىز ۋە گۈلەن ئۇستاز ئىككىڭلەرگە سەممى رەھمىتىمنى بىلدۈرۈمەن، ۋەتەن خەلق سىلەردىن بەكلا رازى .panidunya

(90) رەخمەت بىلىمخۇمار ئاكا، بىزگە يول كۆرسەتكىنىڭىزگە رەخمەت، مەنمۇ بۇندىن كېيىن ماقالە ئەسەرلەرنى يازسام مۇشۇنداق رەسىم،

پىروگراما، خەرىتە، قاتارلىق تېخنىكىلاردىن پايدىلانسام بولغۇدەك دەپ ئويلىدىم ئۆزەمچە .xemer

(91) ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم بىلىمخۇمار ئاكا، ئائىلىڭىز خاتىرجەم تېنىڭىز سالامەت بولسۇن، قىرىندىشىمىز پىداكارغىمۇ سالامەتلىك ۋە خاتىرجەملىك تىلەيمەن، mac كومپيۇتىرلىرىدا ئىشلەتكىلى بولىدىغان بىر تۈرلۈك يۇمتاللار بار، ئادەتتە كۆپرەك ئىشلىتىدىغانلىرىمىزدىن بىرى دەل mind maple، بىلىمخۇمار ئاكىمىز سىزغان 3- رەسىم بىلەن 5- رەسىمنى مۇشۇ دىتالدىن پايدىلىنىپ سىزساق نەچچە مىنۇت كىتىشى مۇمكىن، ئىشلىتىش تېخىمۇ راھەت ۋە قولاي، پۇۋىر پويىنت مەشغۇلاتىغا قارىغاندا تېخىمۇ قىسقا ۋاقىتتا كۆزلىگەن ئۈنۈمگە يېتەلەيمىز .caliskan

(92)ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم ئەركىن سىدىق ئاكا رەخمەت سىزگە، سىزنىڭ مىللىتىڭىز ئۈچۈن قىلىۋاتقان بۇ ئەجىرلىرىڭىزدىن ئۇزۇق ئىلىپ، سانسىزلىغان ياراملىق ئوغۇل-قىزلىرىمىز چىقىشىا شەكسىز ئىشىنىمەن ۋە تىلەيمەن. ئۇلۇغ ئاللاھ سىزگە رەخمەت قىلغاي .kalbahar

(93) ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئەركىنكا! بۇ يازمىڭىزغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتىم، تولۇق ئوقۇپ بولالمىدىم. ئەمما تولۇق ئوقۇپ چىقىپ ھەزىم قىلىمەن. تۈنۈگۈندىن بېرى توردىن ئالتە رەڭلىك قالپاق تەپەككۇر ئۇسۇلى توغۇرلۇق يازمىلارنى ئىزدىگىنىمدە يۇقىردا سىز يوللىغان سۈرەتلەرنىمۇ كۆرگەن ئىدىم. بۈگۈن قارىسام شۇ سۈرەتلەرنى يوللاپسىز، لىكىن ئالتە رەڭلىك قالپاق تەپەككۇر ئۇسۇلىنىڭ سېخىمىسى يوق ئىكەن. يېقىندا ئۆز تۈرك شىركىتى كارخانىچىلارغا ئالتە رەڭلىك قالپاق تەپەككۇر ئۇسۇلى توغۇرسىدا دەرىس سۆزلەيدىكەن، ئەمما مەن ئارلىق يىراق ۋە ئىقتىساد سەۋەبلىك بۇ دەرىسكە قاتنىشالمايمەن. توردىكى ماقالىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ چۈشىنىشكە ئورۇنغان بولسامۇ لىكىن بۇنداق ژانىردىكى ماقالىلارنى تەرجىمە قىلىپ چۈشەنمەك مەن ئۈچۈن بەكلا تەس توختىدى، بۇنىڭغا راۋۇرۇس تەرجىمانلار كەتكىدەك. مۇشۇ ئالتە رەڭلىك قالپاق تەپەككۇر ئۇسۇلى كارخانىلار ئۈچۈن تەدبىر بەلگىلەشتە قالتىس ئۈنۈملۈك دىيىلىۋاتىدۇ. ئەگەر ۋاقتىڭىز يار بېرىپ قالسا مۇشۇ تېمىدىمۇ

ئازراق قەلەم تەۋرەتكەن بولسىڭىز. بۇ ئېغىرچىلىقىم ئۈچۈن سىزدىن ئەپۇ سورايمەن.motiwalar

ۋەئەلەيكۇم-ئەسسالام ئۇكام! سىزنىڭ تەلىپىڭىزنىڭ تۈرتكىسىدە مەن بۇرۇن تەييارلىغان «ئويلاشنىڭ 6 قالپىغى» دېگەن بىر پارچە ماقالىنى ئايرىم تېما قىلىپ يوللاپ قويدۇم. ياخشى تەكلىپىڭىز ئۈچۈن سىزگە كۆپ رەھمەت!erkin sidiq

(94) رەسىم شەكىللىك جەدۋەللەشتۈرسە چۈشۈنۈش ئاسان بولىدىكەن. بىلىمخۇمار ئەپەندىم ئىلىم پەن جەدۋىلىدىن بىرەنى تۈزۈپ تىما يازسىڭىز بەك ياخشى بولىتى. مەسىلەن، ئىلىم-پەن قانداق تۈرلەرگە بۆلىنىدۇ، بۆلۈنگەن تۈرلەرنىڭ ئۆز-ئارا مۇناسىۋىتى قانداق. بۆلۈنگەنلەر يىنە قانداق كىچىك تۈرلەرگە بۆلىنىدۇ دىگەندەك. خۇددى مەكتەپلەردە دەرىسلىكلەر تەبىئى پەن ۋە ئىجدىماھى پەن دەپ بۆلۈنگەنگە ئوخشاش . تەبىئى پەنمۇ يىنە نۇرغۇن پەنلەرگە بۆلىنىدۇ . ئىجدىماھى پەنمۇ يىنە نورغۇن بۆلىنىدۇ. مۇشۇلارنى ئانىڭدەك رەسىم شەكىللىك قىلىپ يۇقۇرىدىن تۆۋەنگە شاخچىلىتىپ تىزىپ جەدۋەللەشتۈرۈپ ئاندىن بۇ بۆلۈنگەن ھەرقايسى كاتىگورىيگە تەۋە بىلىملەرنىڭ ياكى پەنلەرنىڭ پەيدا بولۇش جەريانى، تەتقىقات ئوبيېكتى ۋە باشقىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قاتارلىقلار يازما شەكىلدە چۈشۈندۈرۈلسە. بۇ بىلىمدىن ئىبارەت ئۇقۇمنىڭ ھازىرقى زامان ئىنسانلىرىنىڭ نەزىرىدىكى دائىرىسىنى نىسبەتەن بولسىمۇ چۈشىنىۋالغان بولاتتۇق. رەسىم شەكىللىك قىلىپ چۈشەندۈرۈشنىڭ ئۈنىمى ياخشىكەن. ھەممە ئادەم بىر قاراپلام چۈشۈنەلىگۈدەك Kokkoz .

ۋەئەلەيكۇم-ئەسسالام قېرىندىشىم! مەن بۇرۇن ھازىرغىچە ۋۇجۇتقا كەلگەن ئاساسي پەنلەرنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ چىقىشنى ئويلىغان. ئەمما ئۇنىڭغا تېخىچە يېتىشىپ بولالمىدىم. مەن سىزنىڭ بۇ تەكلىپىڭىز ئۈستىدە بىر ئاز ئويلىنىپ باقاي. ئەگەر چەت ئەلدىكى ئۇكىلار ئىچىدىن بۇ ئىشنى قىلىپ بېقىشنى خالايدىغانلار بار بولسا، تولىمۇ ياخشى بولاتتى. يەنى، بۇ ئىشنى قىلالايدىغان ئۇكىلار چەت ئەلدە خېلى كۆپ، دەپ ئويلايمەن. ئاخىرىدا ياخشى تەكلىپىڭىز ئۈچۈن سىزگە كۆپ رەھمەت!erkin sidiq

(95) ھەقىقەتەن جەۋھەر ماقالە ئىكەن. پايدىلىنىشچانلىقى ئىنتايىن يۇقۇرى ئىكەن. شۇنداقتىمۇ تېما ئاپتورى ھەر بىر تۈرلۈك ھېكمەتكە بىردىن مىسال ئالسا، ئالغاندىمۇ رايۇنىمىزنىڭ ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ.ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان مىساللارنى قىسقا-قىسقا ئالغان بولسا ياشلارنىڭ چۈشىنىشى، ئۆزلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرىشىدە يۈكسەك ئەھمىيەتكە ئىگە بولاركەن. شۇنداقتىمۇ مەن خېلى كۆپ پاخپاق-پاخپاق كىتابلارغا قارىغاندا يۇقۇرىقى تېمىنى ئىنتايىن يۇقۇرى ئىلمىي ۋە پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە دەپ قارايمەن. چۈنكى خېلى كۆپ كىتابلىرى مىز يۇقرىقى تېمىچىلىك ئەقلى نەپ يەتكۈزەلمەيدۇ. ماقالىنى ساقلىۋالدىم. ئەجىر ئاپتورغا، يېڭى پاراسەت چەتئەللىكلەرنىڭ ھەقىقىي ئىجادىي تەپەككۇر يۈرگۈزەلەيدىغان ئىلغارلىقىغا،ئۆتكۈرلىكىگە مەنسۇپ. ezizheytkun

(96) رەھمەت قېرىندىشىم، كۈندىلىك تۇرمۇش، خىزمەتلەردە ئۆزىمىزگە ئۈلگە قىلساق بولىدىكەن . ھارمىغايسىزbazghan .

(97) ھەقىقەتەن پايدىلىنىش قىممىتى بار تېمىكەن ھارمىغايسىز داۋاملىق مۇشۇنداق ئېسىل يازمىلىرىڭىز ئۈزۈلۈپ قالمىغاي، بىي ئېسىل يازمىنى ھەتتا مېنىڭ شاتاتلىرىممۇ قىزىقىپ كۆرمەكتە .Weliyop

(98) مانداق تېمىلار ھەممىنى سۆيۈندۈرىدۇ ئەمەسمۇ؟ بۇ تېما نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئۆزگىرىشىگە سەۋەپ بولىشىمۇ مۇمكىن.baturkarahan

(99) ئادەمنىڭ ھاياتىدا ئەڭ مۇھىم بولغىنى ئادەمنىڭ دونيا قارىشى ۋە كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى مانا بۇلار ئادەمنى يا بەختلىك قىلىدۇ يا خار قىلىدۇ . كۆزىتىشلىرىمگە قارىغاندا ئادەمنىڭ سىرتقى قىياپىتى ئانچە مۇھىم ئەمەسكەن ئەڭ مۇھىمى ئادەمنىڭ روھى ئىكەن روھى كۈچلۈك ئادەم ئۆزىنىمۇ باشقىلارنىمۇ تىزگىنلىيەلەيدىكەن،باشقىلارنىڭ تىزگىنلىشىگە ئۇچرىمايدىكەن. شۇنچە گۈزەل نازىنىنلارنىڭ قامەتلىك يىگىتلەرنىڭ بەتبەشرە مەخلۇقلارنىڭ ئالدىدا كۈچۈكلىنىپ يۈرگىنىنى كۆرۈپ ئادەمنىڭ

روهى ،ئېتقادى ۋە شۇنىڭدىن كەلگەن غوروری ئىنسان ئۈچۈن ھەممىدىن مۇھىملىقىنى چوڭقۇر ھىس قىلدىم.sezgvr

(100) ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، تولىمۇ ياخشى تېمىدىن بىرنى ھۇزۇرىمىزغا سۇنغىنىڭىزغا كۆپ تەشەككۇر ... ھەر بىرىمىزگە مەنپەئەتلىك بولىشىنى ئۈمىد قىلىمەن .غەلبىنىڭ ئارقىسىدا تەلەي، مۇھىت دىگەنگە ئوخشاش نۇرغۇن تىزگىنلىگىلى بولمايدىغان ئامىللار مەۋجۇت. بۇ ئامىللار بىر قىسىم مەغلۇبىيەتچىلەرنىڭ شاللىنىپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولغان، ئەمەلىيەتتە بۇنداق بولسا توغرا بولمايدۇ. مەغلۇبىيەتچىلەرنىڭ ھەممىسى بەختسىزمۇ؟ ئەجەبا تاغ چوققىسىغا چىققان ئادەم ئەڭ بەختلىكمۇ؟ دادىل قەدەم بىلەن جەڭگە ئاتلىنىش، مىننەتدارلىق تۇيغۇسى بىلەن ئالغا ئىنتىلىش، يېڭىلىق يارىتىشىنىڭ ئۆزىمۇ بىر بەختتۇر ‹ ‹. مانا بۇ خۇاڭ نۇبونىڭ بەختكە بولغان قارىشى ھەم ئۆز تەجرىبىلىرىنىڭ خۇلاسىسىدۇر . BozEr

(101) ئەلىۋكسەل بۇرادەر، ياخشى مەزمۇنلۇق ئەسەردىن بىرنى يوللاپسىز. ئەجرىڭىزگە رەھمەت. سىز دىگەندەك، غالبىيەت، مەغلۇبىيەت تەقدىرلىرى، دۇنياغا كەلگەن ھەر بىر كىشى باسىدىغان قەدەممىدىن ئىبارەت. پايدا مەنپەئەت نوقتىسىدىن ئېيتقاندا، سىز كۆرسەتكەن غەلىبە قىلغۇچى ياكى مەغلۇپ بولغۇچى كىشىلەر ئىنسانلارغا ئۈلگە بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇنداق كىشىلەر، نىمە ئۈچۈن چەتئەلدىلا چىقىدىغاندۇ؟ دەپمۇ ئويلاپ قالىدىكەن كىشى. ئەمما مىنىڭچە، غالبىيەت يەنىلا ئۇزۇن ئۆمىر كۆرگەن، بىر ئائىلىنى 60 يىلدىن كۆپ بىر قىلىپتا باشقۇرغان، بىر ئىككى بالا بولسىمۇ قاتارغا چوشۇپ، كىشىلەرگە ھاجىتىنى چۈشۈرمەي، ئاز بولسىمۇ ھاجەتمەنلەرنىڭ ھاجىتىدىن چىقىپ كەلگەن، ساپ ئېتىقادى بىلەن تېنچ، ئادەم ماھىيەتىگە مۇناسىپ ياشاپ تۇرغانلارغا مەنسۇپ. مۇنداق كىشىلەرنىڭ، بىرەر پۇرسەت بولسىلا تەقدىرى ئاتا قىلغان ئىشلارنى ياخشى قىلالايدۇ دەپ قارايمەن. خۇدايىم، ئالدى بىلەن، ھەممە ئادەمنى ئەقىل بىلەن ياراتقان ئىكەن. بەزىلەرنىڭ ئەقلى يۈگرۈك، بەزىلەرنىڭ قاششاڭ بولۇدىكەن. بۇنى تولۇقلاش ئۈچۈن، ئۇزۇن ئۆمىر كۆرۈش زۆرۆردەك قىلىدۇ. شۇڭا، خۇدايىم، ھەممەيلەنگە ئۇزۇن ئۆمىر ئاتا قىلغاي!

قانداق قىلغاندا، مۇۋاپىق ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگىلى بولىدۇ؟ بۇنىڭ توغرا جاۋابىنى تاپقانلار، ھەممە ئىشلاردا غەلبە قىلغۇچىلاردىن بولىدۇ.jimsary

(102) توغرا ئېيتىسىز، مېنىڭ نەزىرىمدە غەلبە قىلغۇچى ياكى مەغلۇپ بولغۇچى كىشلەر كۈندىن-كۈنگە ئازلاۋاتقاندەك، مۇھىت. تەرەققىياتتىن ئىبارەت غەلبە چاقىرىقى بۇ ئۈلگە ئوبىكتلىرىنى يالماپ،يالماپ يەۋاتقاندەك. نىمە ئۈچۈن بۇ كىشلەر يالماپ،يالماپ يىيىلىپ كىتىدۇ؟مېنىڭچە بىرسى بىزدە بۇ كىشلەرنىڭ سانى بەك ئاز،يەنە بىرسى بىز بۇ غەلبىلەرگەيىلتىزىدىن ئىرىشەلمەيمىز.شۇڭا غالبىيەت ۋە مەغلۇبىيىتمىزنى باشقىلاردىن كۆرىمىز ،خالاس.boztekin

(103) تەشەككۇر! ساقلىۋىلىشقا تېگىشلىك ئېسل تېما. مۇشۇنداق ئۇسلۇبتىكى تېمىلارنىڭ تور يۈزىدە ئازلاپ كېتىشى مېنى بەكلام بېئارام قىلدۇ.busux

(104) يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇر جەمىيىتىدىمۇ، ياخشى ئىشلار كۆپلەپ بارلىققا كەلمەكتە. نۇرغۇن ياشلار تىرىشىپ بىلىم ئىگىلەۋاتىدۇ،ئىگىلىك تىكلەۋاتىدۇ، ئۇيغۇر كارخانىچىلىرىمۇ ھەمكارلىشىپ تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈۋاتىدۇ. يەنە نۇرغۇن كىشلەر خەيرى ساخاۋەت ئىشلىرىنى قىلىۋاتىدۇ. يەنە قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن ئىشلار قىلىنمىغان بولسا، بۇنىڭدىن كېيىن قىلىنىشىغا چوڭقۇر ئىشەنچىم بار. ياش ئۆسمۈرلەرنى تەربىيلەش، غايە تۇرغۇزۇشتا، ياش-ئۆسمۈرلەرجەمىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىدىكى بىلىم ئىگىلىرى ۋە تەسىرى ياخشى زاتلار بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ئۇچرىشىش پۇرستى كۆپرەك بولسا ,ئۇلارنىڭ ئىش ئىزلىرىدىن ئىلھام ئېلىشقا يېتەكلەنسە، تېخىمۇ ياخشى بولاتتى. بىزنىڭ مۇنەۋۋەر ئادەملىرىمىز ئۆزى ئوقۇغان ئوتتۇرا مەكتەپلەردە، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ۋە ئۆزى شارائىت يارىتالىغان يەردىكى ياش ئۆسمۈرلەرگە مۇشۇنداق تەربىيە ئېلىپ بارالىغان بولسا تېخىمۇ ياخشى بولاتتى. ئۇلارنىڭ بۇ تۆھپىسى ياش ئۆسمۈرلەرنىڭ قەلبىدە مەڭگۈلۈك ئابىدە بولۇپ قالغان بولاتتى.gulsin

(105) ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم ئەركىن سىدىق ئاكا رەخمەت سىزگە، يەنە بىر ناھايىتى ئەھمىيەتلىك تەكلىپنى ئوتتۇرغا قويىپسىز،ئەلۋەتتە ھايات ۋاختىدا توكپىكارلىرىمىزنىڭ قەدرىنى، ھۆرمىتىنى قىلساق ئۆزىمىزنىڭ قەدرىنى قىلغان بولاتتۇق. نەغمە-ناۋا ساھەسىدىكىلەرنى چولپانلار دەپ شالىمىزنى ئىقتىپ «چولپان» نىڭ قىممىتىنى چۈشىرىپ، ھەقىقى چولپانلارنى چولپان دەپ ئاتاشقا تىلىمىزمۇ بارمايۋاتىدۇ، ئۇلار بولسا پەننىڭ ھەرقايسى ساھەسىدە بىر ئۆمۈر مىللىتى ئۈچۈن جان كۆيدۈرگەن ۋە كۆيدۈرۋاتقانلار، مانا مۇشۇنداق چولپانلارنىڭ قانچىسنى بىز تونىمىز؟ قانچىسىنى بىلىمىز؟ ئۇلار مىللىتى ئۈچۈن نىمە ئىشلانى قىلدى ۋە قىلىۋاتىدۇ؟ ئۇلارنى بىز ھىلىقى ئاتالمىش چولپانلارنى ئالقىشلىغاندەك ئالقىشلاپ باقتىقمۇ؟ بۇ توغرىسىدا چوڭقۇر ئويلىشىپ بىقىشقا توغرا كىلىدۇ.
kalbahar

# سەلكىن تورى بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبەتكە چۈشكەن ئىنكاسلاردىن تاللانمىلار

ئىلاۋە: مەن يېقىندا كومپيۇتېرىمدىكى بۇرۇنقى ھۆججەتلەرنى ئىزدەۋېتىپ، تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنى ئۇچرىتىپ قالدىم. ئۇ 2009 ـ يىلى 6 ـ ئايدا مەن يۇرتقا بارغاندا، سەلكىن تورى مەن بىلەن ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزگەن ۋىدېئو سۆھبىتىگە چۈشكەن بىر قىسىم ئىنكاسلار ئىكەن. ئۇ سۆھبەتنىڭ فىلمى شۇ چاغدا ئۇيغۇرچە تورلارغا چىقىرىلغان بولۇپ، مەن چۈشكەن ئىنكاسلاردىن ئىنتايىن ئاز بىر قىسمىنى ساقلىۋالغان ئىكەنمەن. ئەمما ئىنكاسچىلارنىڭ ئىسمى ياكى نامى، ھەمدە ئىنكاسلارنىڭ چىسلاسى قاتارلىقلارنى يېزىپ قويماپتىمەن. شۇڭلاشقا ئۇقۇرمەنلەرنىڭ توغرا چۈشىنىشىنى سورايمەن. ئاشۇ سۆھبەتنىڭ سۆز تېكىستى مېنىڭ «كۆڭۈل كۆڭۈلدىن سۇ ئىچەر» ناملىق 4 ـ كىتابىمدا بار. ئىنكاسلارنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا تۆۋەندىكىسى سەلكىن تورىغا چۈشكەن ئىنكاسلار بولۇشى مۇمكىن.

**(1) مەن بۇ زىيارەت فىلمىنى ھاياجان ئىچىدە كۆرۈپ، ئالىمىمىزنىڭ ھەر بىر سۇئالغا تەمكىنلىك بىلەن، ئەتراپلىق، ئىنچىكە، ئەستايىدىل جاۋاپ بېرىش مېنى تولىمۇ سۆيۈندۈردى. قەلب ساداسىنىڭ بۇ سانى ئالىمىمىزنىڭ خۇش ـ پېئىل، مەسئۇلىيەتچان پوزىتسىيىسى بىلەن ئىنتايىن مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقتى دەپ قارايمەن. مېنىڭ نەزىرىمدە، ئالىمىمىز پەقەت ئۆز كەسپىدىلا ئۇتۇق قازانغان مۇۋەپپەقىيەتچى بولۇپلا قالماستىن، بىرگە ماھىر كۆپكە قادىر، بىلىم قۇرۇلمىسى مۇكەممەل، مىللەتپەرۋەر، ۋەتەنپەرۋەر، ئالىيجاناپ كىشى. ئالىمىمىزنىڭ تېنىنىڭ سالامەت ئىشلىرىنىڭ ئۇتۇقلۇق بولىشىنى تىلەيمەن.**

**(2) ئەركىن سىدىق ئاكىمىزنىڭ پەرزەنتنى قانداق تەربىيلەش توغرۇسىدىكى بەرگەن جاۋابى ناھايىتى ياخشى بولدى. بىر پەرزەنتنى يارامىلىق قىلىپ تەربىيلەش بىر جەريان. ئۇنى ئۇنداق 5 ـ 10مىنۇتتا سۆزلەپ**

تۆگەتكىلى بولمايدۇ. بولسا ئەركىن سىدىق ئاكىمىز، دىيارىمىزدىكى ئۇيغۇرلار نوپۇسىنىڭ 90% نى تەشكىل قىلىدىغىنى دىھقان، شۇڭا بىز دىھقانلارنىڭ ھازىرقى شارائىتتا يىللىق كىرىمىمىز بىر چوڭ ئائىلىنىڭ 5000يۈئەنگە يەتمەيدىغان ئەھۋال ئاستىدا قانداق ئىشلارنى چىڭ تۇتۇش، پەرزەنتلىرىمىزنى مۇشۇنداق تۆۋەن كىرىم شارائىتىدا تەربىيلەشنى نەدىن باشلاش،مۇئەللىمگىلام تايىنىش كېرەكتى دىسەك ئۇلار ئەقىل ئۆگۈتۈش، بىلىم بېرىشنىڭ ئورنىغا تىل ئۆگىتىشنى باشلىۋەتتى، ئۆزلىرىمۇ بىر تەرەپتىن ئۆگىنىپ دەرس بېرۋاتىمىش، شۇڭا ئەركىن سىدىق ئاكا ۋە دىيارىمىزدىكى مىللەتپەرۋەر ئالىملىرىمىز مۇشۇ جەھەتتە يۈرەك قىنىنى ئايىماي، چوڭقۇر ئىزدىنىپ پۈتۈن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىددىيىدە بىرلىككە كېلىپ ئۇيغۇرلار دىيارىنىڭ كەلگۈسى ئىز باسارلىرىنى ئەجداتلىرىمىزغا ئوخشاش، باتۇر، قورقۇماس، ئەقىللىق، شىر يۈرەك، ئەخلاقلىق، ھەق ناھەق تۇيغۇسى بار بولغان ئەۋلاتلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ئامال چارە تېپىپ دىھقانلارنىڭ قۇلقىغا يەتكۈزسە، ئاندىن كەقگۈسىمىزدە ئۈمۈت زور بولار ئىدى،دىھقانلىرىمىز تېخى ئۇخلاۋاتىدۇ.ئۇخلىتىۋاتقان سەۋەپكە قارىتا بالدۇرراق دورا تېپىپ چىقسىكەن دەيمەن. ئاخىردا ئەركىن سىدىق ئاكىمىزنىڭ تېنىگە سالامەتلىك،ئىشلىرىغا ئۇتۇغلۇق تىلەش بىلەن بىرگە،دىيارىمىزدا ئەقىدىسىنىڭ چوڭقۇر يىلتىز تارتىشىغا تەييار بىز.

(3) سۆھبەت بەك ياخشى چىقىپتۇ، ئالىمىمىز ئەركىن سىدىق ئەپەندىنىڭ قىممەتلىك ۋاقتىنى چىقىرىپ بىز ياشلارغا نۇرغۇن پايدىلىق ئۇچۇرلارنى يەتكۈزگىنىگە چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن، شۇنداقلا بۇندىن كېيىنكى ئىشلىرىنىڭ تېخىمۇ ئۇتۇقلۇق، باسقان ھەر بىر قەدىمىنىڭ ئۇتۇقلۇق بولۇشىنى چىن قەلبىمدىن تىلەيمەن!

### ئالىمىمىز ئەركىن سىدىق ئەپەندىگە

ئىشەنگىن ئەي زات
غەلبە مىۋىلىرىڭدىن
يايرىدى ھەممە دىل
جۆر بولۇپ ئاڭا
شاتلاندى ئانا تىل
ئارمانلىرىڭ چېچەكلەپ
ئىزىڭدىن ئۈنەر ئىزباسارلار

قەلبىمىزگە پۈككەن نى نى ئارزۇلار
تىلەكلىرىڭ يەردە قالمايدۇ
بىخ ئۈرۈپ تىلەكلىرىڭدە
ئىلىم پەندىن ياساپ قانات
پەرۋاز قىلىپ ئۇچىدۇ كۆكتە
چۈنكى بىزگە مەدەت بەرگەن
ئەڭ سۆيۈملۈك بىر ئىنسان
سىز بىر ئۇلۇغ پەرىشتە!

(قاملاشمىسىمۇ يېزىپ باقتىم!)

(4) ھاياجانلىق مىنۇتلارنى يەنە ئەسكە سالدى ماۋۇ تىما، ئالىمىمىزنىڭ ھەر بىر سۇئالغا تەمكىنلىك بىلەن، ئەتراپلىق، ئىنچىكە، ئەستايىدىل جاۋاپ بىرىش مىنى تولىمۇ سۆيۈندۈردى. قەلب ساداسىنىڭ بۇ سانى ئالىمىمىزنىڭ خۇش-پېئىل، مەسئۇلىيەتچان پوزىتسىيىسى بىلەن ئىنتايىن مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقتى دەپ قارايمەن. مىنىڭ نەزىرىمدە، ئالىمىمىز پەقەت ئۆز كەسپىدىلا ئۇتۇق قازانغان مۇۋەپپەقىيەتچى بولۇپلا قالماستىن، بىرگە ماھىر كۆپكە قادىر، بىلىم قۇرۇلمىسى مۇكەممەل، مىللەتپەرۋەر، ۋەتەنپەرۋەر، ئالىيجاناپ كىشى. ئالىمىمىزنىڭ تىنىنىڭ سالامەت ئىشلىرىنىڭ ئۇتۇقلۇق بولىشىنى تىلەيمەن. يەنە دىدارلىشىش نىسىپ بولغاي! ئاللا خالىسا.

(5) مەنمۇ ئەركىن ئاكىدەك بىر ساخاۋەتچىنىڭ ياردىمىدە بۇ يەردە ئوقۇۋاتىمەن، ماڭا ئوخشاش يېنى 10 نەچچە قېرىنداشلىرىمىز ئوز مىللىتىگە بۇنچۇلا كۆيۈندىغان مىللەتنىڭ پەرزەنتى بولغىنىمىزدىن ئالەمچە پەخىرلىنىمىز...ئاللاھ نىسىپ ئەتسۇن بىزلەرگىمۇ شۇنداق ئەھمىيېتلىك مەنىلىك ياشاشقا!!! ياشا قېرىنداشلىرغا مۇھابىەت بەرگەنلەر!!!

(6) ئۆز مىللىتىنىڭ ئالىملىرىدىن پەخىرلىنىشنى بىلىشمۇ بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى بىلدۈرىدۇ . م. ئازات ئەپەندى :«ئەركىن سىدىق ئۇيغۇرلارنىڭلا ئەمەس، پۈتكۈل تۈرك خەلقىنىڭ پەخرى» دېدى . ئەركىن سىدىق بىر مىليارىت خەلقتىن چىقمىدى، بەلكى 10مىليون ئۇيغۇردىن چىقتى ... پۈتكۈل خەلق سىنىڭدىن پەخىرلىنىدۇ ئاكا!!

(7) ئەركىن سىدىق ئاكىنىڭ تېنىگە سالامەتلىك تىلەيمەن، ھەم بۇ سورۇننى ئۇيۇشتۇرغان بارلىق داستىرغان ئېگىلىرىگە چوڭقۇر تازىملار بولسۇن، رەھمەت! چاقناش ئالدىدا تۇرغان فۇرقان شېركىتىنىڭ دىرېكتورى مەتتىمىن بۇرادەرنىڭ، ئاكىمىزغا تون كەيدۈرگەنلىكى بىز بورتالالىقلارنىڭ ئاسان قولغا كەلمەيدىغان شۆھرىتى ! رەھمەت سىزگە!

(8) ئاخىرى تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن مىنۇتلار يىتىپ كەلدى ... چۈشۈرۈۋاتىمەن، بىۋاستە ئېچىلمىدى ...

ئالىمىمىز ئىشتىراك قىلغان ئۇشبۇ سورۇنغا نەقەدەر داخىل بولغۇم بار ئىدى-ھە! مۇبارەك زات بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ ئىككىلىك سالىمىمنى، چىن كۆڭلۈمدىن رەھمىتىمنى بىلدۈرىۋالغان بولسام ئىدىم ... ئەپسۇس _ ئاللە خالىسا ئۇ كۈنلەرنىمۇ نىسىپ قىلار! ئەركىن سىدىق ئاكىنىڭ مەڭگۈ ئىلىم كانىدا نۇرلىنىشىنى، تىنىنىڭ سالامەت، ئائىلىسىنىڭ بەخت نۇرلىرىغا چۆمۈلۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

(9) ئالدى بىلەن ئالىم ئەركىن سېدىق ئەپەندىمنىڭ ئالدىراش ۋە جىددىلىك ئىچىدىن پۇرسەت چىقىرىپ سەلكىندە ئىلمى سەيلى-سۆھبەتتە بولغانلىقىدىن سۆيۈنىش ئىچىدە مىڭلارچە تەشەككۇر ئېتىمەن. ئالىمنىڭ مۇبارەك تېئىنىگە سالامەتلىك، تەتقىقاتلىرىغا مول ھوسۇل-بەرىكەت ۋە ئۇتۇق تىلەيمەن!

مۇشۇ دەقىقىدە، مۇنداق بىردىل بايانىمنى ئېيتىپ ئۆتۈشنى لايىق كۆردۈم، ئۇ بولسىمۇ ئەركىن سېدىق ئەپەندىمنىڭ ۋەتەن ئەھلى بىلەن بولغان رىئال ئارلىقى يىراق، تەتقىقاتى تەبىئى پەن ۋە قۇرۇلۇش پەنلىرى ساھەسىدە بولسىمۇ، يەنە ئاتاھىتەن ۋاقىت چىقىرىپ ناخشا ئۇسۇلغا بىھۇشلۇقتىن تويۇنۇپ تاشقان، ئىلىم-پەندە قەھەتچىلىكتىن دىللىرى قاغجىراپ تەپەككۇرلىرى قاتمالىقتا چىكىگە يىتىۋاتقان كىشىلىرىمىزنى مەنىۋي گادايلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش يولىدا تېنىمسىز ئىزدىنىپ، ئۆزىنىڭ تەپەككۇر دۇردانىلىرىنى ئىنتېرنىت ئارقىلىق بولسىمۇ ئۆز قەۋمىگە سېخىلەرچە سوغا قىلىپ، قەلىپ ۋە روھلارنى بىر بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ، ياشلىرىمىزغا ئۈمىت ۋە ئىشەنچ بىغىشلاپ كىلىۋاتقانلىقىدەك ئىنسانپەرۋەرلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مىللەتپەرۋەرلىك روھىدىن ھەمدە «بىلگىنىڭنى ئەلدىن ئايىما!» دەيدىغان دۇنياۋىي بىلگىنلەرگە خاس ئىلمى ۋىجدانى، ئىلمى پەزىلىتى ۋە ئىلمى مەسئۇلىيىتىدىن قاتتىق تەسىرلەنمەي ۋە سەمىمى مىننەتدارلىقىمنى بۈلدۈرمەي تۇرالمىدىم . ھەمدە

مۇشۇنداق بىر بىلىم پاراسەت ۋە پەزىلەت ئىگىسى بىلەن بىر قەۋمدىن بولۇپ قالغانلىقىمدىن سۆيۈنمەي ۋە پەخىرلەنمەي تۇرالمىدىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ، بۇندىن كېيىنمۇ بۇ دۇنياۋىي بىلگىننىڭ بۇ خىل ئىنسانى مىللى بىلگىنلەرچە مەسئۇلىيىتى ۋە بۇرچىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ كىتىدىغانلىقلىرىغا ئالدىن ن كۈۋادىراتلىق تەشەككۇرلارنى بىلدۈرۈپ ئۆتۈمەن. كەمىنە گەرچە تەبىئى پەن ساھەسىدىكى بۇ يۇلتۇزىمىز ۋە پەخىرىمىزدىن بىرى بولغان ئالىم ئەركىن سىدىق ئەپەندىم بىلەنكى سۆھبەتكە يىقىندىن كۆڭۈل بۆلگەن بولسامۇ نەخ مەيداندا دىدارى ئەسرا بولالمىدىم بىراق سۆھبەتئىن باشتىن ئاخىرى خەۋەردار بولۇپ تۇردۇم ، سۆھبەت تەپسىلاتىدىن خەۋەردار تىپىپ تولىمۇ ھاياجانلاندىم ،سۆيۈندىم ۋە ئىلھام ئالدىم.

شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، بۇ قېتىملىق سۆھبەت بەلكىم سەلكىن تورىنىڭ مۇشۇ يىل مۇشۇ كۈنلەردە، جۈملىدىن تور ساھەسىدە قىلغان ئەڭ كاتتا ۋە تولىمۇ ئەھمىيەتلىك خىزمەتلىرىدىن بىرى بولسا كېرەك. بۇنداق خاسىيەتلىك ئىشلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىگەي! پىكرى تىرەن، ئىدىيەسى ۋە قەلبى ئىلىم ئوچاقلىرىدا تاۋلىنىپ ئەقلى پىشقان، ھۆر ئەقىللىق توشقان-يىتىلگەن ئالىملىرىمىزنىڭ سەلكىن ئەقلىي مەدەت بىلەن قوللاپ تۇرۇشىنى ئۆتىنىمىز. شۇ ئەسنادا، بۇ قېتىملىق دۇنياۋىي ئىلىم سەركىسىنىڭ سەلكىدىكى ئىلمى سەيلىسىدىن ئىبارەت ئەھمىيەتلىك ئەمگەك ئۈچۈن مېھنەتسىز ئەجىر قىلغان سەلكىن ئەپەندىمگە مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن بارلىق سەلكىنداشلار نامىدىن ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن ھەمدە سەلكىنگە سالام بىرىشىم ۋە ئۇنىڭمۇ مۇبارەك تەنلىرىگە سالامەتلىك ئىشلىرىغا زور ئۇتۇقلارنى تىلىشىمگە ئىجازەت بەرگەيسىزلەر!

بۇ قېتىمقى ئۇتۇقلۇغ سۆھبەتنى ئۇيۇشتۇرۇش ئۈچۈن خالىس تۆھپە قوشقان باشقا بارلىق مېھنەتكەش ئەزىزلەرگىمۇ سەمىمى سالام يوللايمەن. سەلكىنداشلار دۇنيا تەبىئى پەن ساھاسى جۈملىدىن ئالەم بوشلىقى قۇرۇلىشى پەن-تەتقىقات ساھەسىدە كۆزگە كۆرۈنگەن ئالىم__ ئەركىن سىدىق ئەپەندىم بىلەن ئۇيۇشتۇرۇلغان بۇ سۆھبەتتىن تولىمۇ خوشالمىز؛ بۇ سىنلىق سۆھبەتنىڭ تەپسىلاتىغا تەشنامىز، كۆرۈشكە ئالدىراۋاتىمىز؛ مۇ شۇ مىنۇتلاردا يەنە بىر قېتىم ئالىمنىڭ مۇبارەك تېنىنگە سالامەتلىك تەتقىقاتلىرىغا مول ھوسۇل ۋە بەرىكەت تىلەيمىز!

(10) سەلكىننىڭ بۇندىن كېيىنمۇ داۋاملىق تۇردە تىرىشىپ شارائىت ھازىرلاپ تەبىئى پەن ۋە پەلسە ساھەسىدىكى ئىلىم سەرخىللىرى ۋە چولپانلارنى سەلكىنگە جەم قىلىپ نوقۇل ھالدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ۋە ناخشا ـ ئۇسسۇل ئارقىلىق كىشلەرنى «تەربىيەلەش» تىن پەلسەپە ۋە تەبىئى پەنلەر ئارقىلىق روھنى تازىلاپ ۋە تاۋلاپ، ئەقلنى ھۆر قىلىپ ۋە بىلەپ،تەپەككۇرنى جانلاندۇرۇپ، ئىلمى جاسارەتنى ئۇرغۇتۇپ، بىلىمدە يىڭىلىق يارىتىشقا ئىلھام ۋە مەدەت بېرىپ، باش شۇجى خۇ جىنتاۋ ئوتتۇرىغا قويغان «مۇستەقىل يىڭىلىق يارىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىختىراۋىي دۆلەت قۇرۇش» چاقىرىقىغا پائال ئاۋاز قوشۇپ، خەلقىمىزنى كىلاسسىك بىر ناخشا ـ ئۇسسۇل، بېيىت ـ قوشاقچى مىللەتتىن زامانىۋىي پەن ـ تېخنىكا مىللىتى بولۇشقا ۋە يەنە ھىسياتچان جىسمانىي مىللەتتىن پاراسەتلىك ئەقلىي مىللەت بولۇشقا قاراپ يۈرۈش قىلىشقا يىتەكلەش جەھەتتىكى زامانىۋىي كۆزنەك، ئۇچۇر پىرىستانى ۋە ئىلىم مۇنبەرلىك رولىنى، باشلامچىلىق ـ سەركىلىك رولىنى يەنىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇشىنى چىن ۋە سەممىي ئۈمىت قىلىمەن.

(11) مۇنبەر باشلىقىغا كۆپتىن كۆپ رەخمەت. مەن شۇنچىلىك خوش بولدۇم ،چۈنكى بۇ تېما ياشلىرىمىزنىڭ ئويغىنىشىغا زور دەرىجىدە ئىلھام بېرىدىغان تولىمۇ ئەھمىيەتلىك ئىش (تېما) بوپتۇ. بىز پەقەت ئۆزىمىزنىلا ئويلىساق بەلكىم كەلگۈسىدە دۇنياغا داڭلىق ئالىم ،تەتقىقاتچى ۋە ياكى مەشھۇر زاتلاردىن بولالىشىمىز مۇمكىن بىراق ئۆمرىمىزنىڭ ئاخىرىدا ھېس قىلىدىغىنىمىز يەنىلا ئەڭ چوڭ ئايرىلىش يەنى ئادىمىيلىك خۇسۇسىيەتلىرىمىزدىن ئايرىلغىنىمىز بولۇپ قالىدۇ. مەن شۇنى ھېس قىلىپ يەتتىمكى ئۇيغۇر ئالىمىمىز ئەركىن سىدىق ئەپەندى يالغۇز بىزنىڭ مۇۋەپپىقيەت قازىنىش يولىمىزدىكى باشلامچى بولۇپلا قالماي بەلكى رېئال تۇرمۇشىمىزدا ئاددىمدەك ياشاشقا ئۈندەيدىغان ئۈلگىمىز. چۈنكى ئۇنىڭدىن مۇۋەپپىقيەت قازىنىشنىڭ نىملىكىنى كۆرۈۋېلىپلا قالماي يەنە ئۇنىڭدىكى مۇھەببەت، ئىنتىلىش ۋە يۈكسەكلىكنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز قىلىدىغان ۋە بىز قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئىشلار تېخى كۆپ .

(12) ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! بارلىق تورداشلار، ھەممىڭلارنىڭ ئىشلىرىڭلارنىڭ ئۇتۇغلۇق بۇلۇشىنى چىن قەلبىمدىن تىلەيمەن! بۈگۈن تور يۈزىدە مۇبارەك ئالىمىمىز، يىتۈك ئوغلان ئەركىن ئەپەندىمنى كۆرۈپ ھەقىقەتەن ھاياجانلىنىپ كەتتىم. ساۋاقداشلىرىم بىلەن بىر يەرگە

كەلسەكلا پەخىرلىنىش، ئىچىمىزگەپاتمىغان خوشاللىق بىلەن تىلغا ئالىدىغان بۇ ئالىمىمىزنىڭ مەن ئويلىغاندىن كۆپ بىلىملىك ۋە يۈكسەك پەزىلەتلىك كەڭ مەلۇماتقا ئىگە زات ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئالىمىمىزغا بولغان ھۆرمىتىم تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى. ئىلگىرى «جەڭگە ماھىر، ھۈنەرگە ئۇستا» ئاتالغان، ھازىر «ئۇسسۇلغا ماھىر، گەپكە ئۇستا» ئاتىلىپ قېلىۋاتقان مىللىتىمىز خۇددى بۇگۈنكى تارىم ئانا ئۆزقوينىدائىلگىركىدەك دولقۇنلاپ ئاقىدىغان تەڭرىتېغىنىڭ ئەركەك سۇلىرىغا تەشنا بولىۋاتقان ئۇشبۇ كۈنلەردە،سىزدەك تىرىك «مەھمۇت قەشقىرى» نىڭ چاقناپ تۇرۇشى بىزلەر ئۈچۈن زور مەدەت بۇلۇۋاتماقتا، سىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئويغۇر جەمىيتىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىللەرنى ئەتىراپلىق، ئەمەلي ئوتتۇرىغا قۇيۇشىڭىز مىللىتىمىزنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن تۈرتكىلىك رول ئويناۋاتماقتا،شۇنداقلا دىيارىمىزنىڭ سۈيىنى ئىچىپ، تۇزىنى يەپ تۇرۇپ مىللىتىمىزدىكى مەۋجۇت بۇلۇپ تۇرىۋاتقان، جىددى ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىللەرگە كۆز تىكەلمەيۋاتقان زىيالىلىرىمىزغا سىگنال بولماقتا. ھۆرمەتلىك ئەركىن ئاكا! ھەممىمىز سىزنىڭ بۇندىن كيىنكى ئىشلىرىڭىزنىڭ تېخىمۇ مۇۋاپىقيەتلىك، سىز ياساۋاتقان تېلېسكوپىڭىزنىڭ كائىناتتىكى تىلسىماتلارنىڭ سىرىنى تېزىراق ئېچىپ، ئۇلۇغبېگ رەسەتخانىسىنى جاھان ئەھلىگە يەنە بىر قېتىم تۇنۇتىشىڭىزغا چوڭقۇر تىلەكداشمىز! توغراق يېشىدا ياشاڭ.

(13) ئەركىن سىدىق ئاكىمىزنىڭ ماڭا ئەڭ تەسىر قىلغان بىر يىرى بەكلا كىچىك پىئىل، خۇشچاخچاق، ئەستايىدىلكەن، قىلچە ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش، ھاكاۋۇرلۇق يوق، گەپ - سۆزلىرىمۇ جايىدا، ئانا تىلنىمۇ شۇنداق راۋان سۆزلەيدىكەن، ئۆز مىللىتىمىزدىن چىققان ھەقىقى بىلىم ئىگىسى بىلەن سۆھبەتتە بولۇش بىز ئۈچۈن تولىمۇ ئەھمىيەتلىك ۋە ئۇنتۇلغۇسىز بولدى، بىر قىسىم مەسلىلەرگە شۇ كەسپىنىڭ ئەھلىدىن تەلىم ئالسا ئادەمنىڭ كاللىسى ئېچىلىپ، ھەقىقى جاۋاپقا ئېرىشىدىكەن. شۇ كۈنكى سۆھبەتكە قاتناشقان ياشلىرىمىزنىڭ قىزغىنلىقىدىن ئۇلارنىڭ ئىلىم ئەھلىگە، ئۆز ئالىملىرىمىزغا بولغان چەكسىز ھۆرمىتىنى كۆرۈپ يەتتىم، ئەگەر ۋاقىت يار بەرگەن بولسا شۇ كۈنكى سۆھبەت بەلكىم كىچىچە داۋاملاشسىمۇ كۆپچىلىك ھارغىنلىق ھىس قىلماسلىقى مۇمكىن ئىدى. ئەركىن ئاكىمىزنىڭ سۆزلىرىدىن نەق مەيداندىكى ياشلىرىمىز زور ئىلھام ۋە

روهى ئوزۇق ئالدى، ئىشىنىمەنكى، سۆھبەتنى تەپسىلى كۆرگەن ھەرقانداق بىر ئۇيغۇرمۇ بىزگە ئوخشاش ھىسياتتا بولغۇسى !

(14) ئەركىن ئاكىمىزغا تولىمۇ قايىلمەن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىل پەرزەنتى، ئۇلۇغ ئىشلار ئۇچۇن ئاتلانغان ئوغلان. سەلكىن شىركىتىنىڭ زىيارىتىدىن تولىمۇ خۇرسەن بولدۇم، گۈليار ئەتلەس كىيىپ تولىمۇ چىرايلىق بولۇپ كىتىپتۇ ئەنە! مانا سەلكىنكامۇ تەسىرلىنىپ ئىنكاس يىزىپتۇ ، شۇنداق، ئالىم ئەركىن سىدىق ھەممىمىزنىڭ پەخرى، ئۇنىڭ ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن بولىشىنى تىلەيمەن !

(15) سوھبەتنىڭ ئەملى ئەھۋالىنى قاچانمۇ كورگىلى مۇيەسسەر بۇلارمىز دەپ ئىنتىزار بولغان ئىدىم. ئاخىرى كورۇشكە مۇيەسسەر بوپتۇق. ئالدى بىلەن سەلكىن باشقۇرغۇچىلىرىنىڭ كورسەتكەن ئەجرىگە كوپ رەخمەت ئېيتىمەن. بۇ سوھبەت ئارقىلىق نۇرغۇن يېڭى ئۇقۇملارغا ئىگە بولدۇم . بۇلۇپمۇ بۇ هورمەتكە سازاۋەر ئالىمىمىزنىڭ قەيسەر ئىرادىسى ھەرقانداق خاپا ـمۇشەقەتلەرگە باش ئەگمەي ئالغا ئىلگىرلەش روھى . مەسىلىلەرگە بولغان توغرا تەپەككۇر توغرا پىكىر يۇرگۈزۈشى توغرا دۇنيا قارىشى ئادەمنى ھەقىقەتەن هاياجانغا سالىدىكەن. ئالىم بۇلاي دىسەڭ مەكتەپكە بار ... ئادام بۇلاي دىسەڭ مەشرەپكە بار. دىگەندەك خەلقىمىزنىڭ ھىكمەتلىك ماقال تەمسىللىرىگە ئوخشاش. كىچىگىدىن تارتىپلا مەكتەپكە ھىرىسمەن بۇلۇش، ئىلىم ـمەرىپەتكە ھىرىسمەن بۇلۇش. نۇرغۇن جاپا مۇشەقەتلەرنى تارتىپ بېشىدىن ئوتكۇزۇپ، نۇرغۇن بىلىملەرنى ئۇگۇنۇپ بۇگۇنكىدەك نەتىجىلەرگە ئېرىشىش جەريانىدىكى سەرگۇزەشتىلىرى ئادەمنى ھەقىقەتەنمۇ تەسىرلەندۇرمەي قالمايدىكەن. شۇڭا بۇگۇنكى ياشلىرىمىزمۇ بۇ قەيسەر ئالىمىمىز ... ۋە بىلمىگەنلەرنىڭ ئۇستازى بىلگەنلەرنىڭ بەرناسى بولغان قەيسەر ئىرادىلىك ئۇستازىمىزنى ئۇلگە قىلىپ، ئىلىم مەرىپەت ئۇگۇنۇشكە ھىرىسمەن بۇلۇپ، ناچار ئىللەتلىرىمىزنى ۋاختىدا ئوزگەرتىپ، غەپلەت ئۇيقىسىدىن تېزرەك ئويغۇنۇپ، مىللىتىمىزنىڭ كەلگۇسى ئورنىنى تىخىمۇ مۇستەھكەملىسەك. ئەۋلاتلار ئۇچۇن بىر مۇئىلىك باغ قالدۇرالىغان بۇلىمىز دەپ قارايمەن. ئالىم بولغىن ياكى ئۇگەنگۇچى بولغىن ياكى، ئاڭلىغۇچى بولغىن. ياكى ئىلىم ئاشىقى بولغىن. بەشىنچىسى بولمىغىن. بەشىنچىسى بولساڭ ھالاك بۇلىسەن.

(16) بۇ فىلىمنى كۆرۈپ ئولتۇرۇپ ۋاقتىنىڭ قانداق تېز ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى بىلمەي قاپتىمەن. بۇ فىلىمنى توردا تارقىتىش خۇددى ئۇسساپ، چاڭقاپ كەتكەن ئۇيغۇر مىللىتىگە سەلكىن شىركىتى بىر ئىستاكاندىن سۇ بەرگەندەكلا ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ياخشى ئىش بوپتۇ. سەلكىن شىركىتىنىڭ مۇشۇنداق ئەھمىيەتلىك سۆھبەتنى ئۇيۇشتۇرۇپ، بىزنى، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنى مۇشۇ سۆھبەت مەزمۇنىدىن خەۋەردەر قىلغىنىغا رەھمەت. خۇدايىم شىركىتىڭلارنى تېخىمۇ روناق تاپقۇزسۇن. شۇنداقلا ئەركىن سىدىق ئاكىمىزنىڭ قىممەتلىك ۋاقتىنى چىقىرىپ، سۆھبەت-زىيارەتنى قوبۇل قىلىپ، سورىغان سوئاللارغا ئەستايىدىللىق، تەمكىنلىك ۋە خۇش پېئىللىق بىلەن جاۋاپ بەرگەنلىكىگە، بىزگە سەمىمي پىكىر-تەكلىپلەرنى بەرگەنلىكىگە تېخىمۇ كۆپ رەھمەت ئېيتىمەن. «رەھمەت سىزگە ئەركىن ئاكا، رەھمەت سەلكىن شىركىتىنىڭ قۇرغۇچىلىرى».

(17) سەلكىن شىركىتىنىڭ قۇرغۇچىلىرى سىلەرگە رەخمەت.شۇنداقلا ئەركىن سىدىق ئاكىمىزنىڭ قىممەتلىك ۋاقتىنى چىقىرىپ، سۆھبەت-زىيارەتنى قوبۇل قىلىپ، سورىغان سوئاللارغا ئەستايىدىللىق، تەمكىنلىك ۋە خۇش پېئىللىق بىلەن جاۋاپ بەرگەنلىكىگە، بىزگە سەمىمي پىكىر-تەكلىپلەرنى بەرگەنلىكىگە تېخىمۇ كۆپ رەھمەت ئېيتىمەن. ئۇيغۇر مىللىتىدىن ئەركىن سىدىق ئاكىمىزدەك ئوغلانلار كوپلەپ چىققان بولسا،بىز بۇگۈنكىدەك خارلانماس بولغۇيىتۇق.جۈملىدىن ئۇزۇممۇ ئەركىن ئاكىمىزنىڭ سۆزلىرىدىن زور ئىلھام ۋە روھى ئوزۇق ئالدىم ھەم رەخمىتىمنى بىلدۇرۇش ئوچۇن سەلكىن مۇنبىرىگە تىزىملاتتىم.

(18) ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم سەلكىن ئەھلى، مەن پەخىرلىك ئالىمىمىز ئەركىن سىدىق ئەپەندى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەت خاتىرىسىنى كۆرۈپ، ئالىمىمىزنىڭ ئىنسانى پەزىلىتىدىن ھەم ئىلمىدىن شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆز خىزمىتىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلغاندىن سىرت قىممەتلىك ۋاقتىنى ئاجرىتىپ، مىللى مائارىپ ھەم مەدىنى تەرەققىياتىمىز، ھازىرقى ئۇيغۇر جەمىيىتى دۇچ كېلىۋاتقان خىرىس ھەم ئۇنى يېڭىشتا بىز يۈزلىنىشكە تېگىشلىك مەسىلىلەر توغرىسىدا ناھايىتىمۇ ئەتراپلىق ئىزدىنىپ نۇرغۇن ئىسىل يازمىلىرى ئارقىلىق بىزگە توغرا يول كۆرسىتىپ كېلىۋاتقانلىقىدىن ئالەمچە سۆيۈندۈم، بۇ سۆھبەت خاتىرىسى ماڭا ئۈمۈد ھەم ئىشەنچ ئاتا قىلدى، ئۆزەمنىڭ نىمىلەرگە كۈچۈم يېتىدىغانلىقى، ئەتراپىمدىكى

كىشىلەرگە قانداق ئىشلارنى قىلىپ بېرىش ئىمكانىيىتىم بارلىقى توغرىسىدا ئەستايىدىل ئويلىنىشىمغا تۈرتكە بولدى، قەلبىم ئۈمىد نۇرىغا تولغاندەك بولدى. بۇ سۆھبەت خاتىرىسىدىن بەكلا زور ئىلھام ئالغانلىقىم ئۈچۈن، توردىن چۈشۈرىۋېلىپ، ئەتراپىمدىكى كىشىلەرگە كۆچۈرۈپ بەردىم، تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ سۆھبەت خاتىرىسىنى كۆرۈپ مەنپەتكە ئېرىشىشىگە تىلەكداشمەن. ئالىمنىڭ «بىلىمنىڭ زاكىتىنى بېرىش كېرەك» دىگەن سۆزى مېنى بەكمۇ قايىل قىلدى. ئالىمنىڭ ئەزىز تېنىگە سالامەتلىك، ئۆمرىگە بەرىكەت، ئائىلىسىگە بەخت يار بولسۇن

سەلكىن مۇنبىرىگە ئەزا بولغانلىقىمدىن بۇگۈن ھەقىقى سۆيۈندۈم، سەلكىن تورىنىڭ ناھايىتىمۇ ئەھمىيەتلىك سۆھبەت ئېلىپ بېرىپ بىز بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرگەنلىكىگە كۆپتىن كۆپ رەھمەت ئېيتىمەن،

(19) بۇ قېتىمقى پائالىيەتنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى نەدە دىگەندە رۇھى مەدەنىيىتىمىز چۈشكۈنلۈككە يۈزلىنىۋاتقان مۇشۇنداق بىر پەيتتە ،بۇ پائالىيەت مۇشۇ پائالىيەتنى كۆرگەن ھەر بىر ياش ئۈچۈن بىر رۇھى ئۇزۇق، ئۈمۈد ۋە ئىشەنچ. مىنىڭ بىر تەكلىبىم شۇكى، مەيلى توغرا بولسۇن ياكى خاتا بولسۇن، مۇشۇ سۆھبەت ئۈستىدىكى ھەر بىر مەزمۇن ئۈستىدە سەلكىن تورداشلىرى بىر قېتىملىق مۇنازىرە ئېلىپ بارسا. چۈنكى بۇ سۆھبەتنىڭ مىللەتكە بولغان قىممىتى ۋە رولىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇش، ۋە كېڭەيتىش ئۈچۈن شۇنداق قىلىش تۇلىمۇ زۆرۈر. شۇنداق قىلغاندىلا بۇ سۆھبەت مەزمۇنىنى تېخىمۇ ئۆزلەشتۈرگىلى، قەلبىلەرگە تېخىمۇ سىڭدۈرگىلى بولار ئىدى. ئەگەر بۇنداق قىلمىغاندا ئىشىنىمەنكى بۇ سۆھبەت كۆپ بولغاندا بىر ئاي بولا بولماي نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئىسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كىتىدۇ. ياكى بولمىسا قىزىقماس بولۇپ كىتىدۇ . چۈنكى بىزنىڭ ھازىرقى رۇھى ھالىتىمىزدىن ئېلىپ ئېيتقاندا بۇنداق پائالىيەتلەرنىڭ بىزگە نىسبەتەن ئۆزلىشىشى ناھايىتى سۇس. چۈنكى بىز شۇنىڭغا كۆنۈپ كەتتۇق ۋە كۆنۈپ كەتمەكتىمىز. ئەركىن سىدىق ئاكىغا تەشەككۇر .ئۇيغۇر مىللىتىدىن ئۇيغۇر مىللىتىگە سالاملار بولسۇن .

(20) كىچىكىپ بولسىمۇ كۆرۈپتىمەن، بەك ھاياجانلاندىم. شۇنچە ھۆرمەتكە سازاۋەر ئالىمىز تۇرۇپ شۇنچىلىك كىچىك پېئىل-ھە!؟ بۇ ئالىمىزنىڭ ئالدىدا بىزنىڭ يۇرتلاردىكى ھاكاۋۇر كەنت باشلىقى يېزا باشلىقى دىگەنلەر نىمىتى، شۇنچە تەكەببۇرلۇق قىلغۇدەك!؟ سەلكىن مۇنبىردىكىلەرگە رەھمەت!

(21) ئەركىن سىدىق ئۇيغۇرلارنىڭ پەخرى . ئۇرۇمچىلىكلەرگە خىتاب، دېگەن تېمىنى تاقاپ قۇيۇپسىلەر ... شۇ يەرگە يازىدىغان ئىنكاسنى مۇشۇ يەرگىلا يازاي؛ مانا مەن ئۇرۇمچىلىك مانا مەن ئەركىن ئاكا بىلەن كۆرۈشتۇم (چوڭ بازادا) خاتىرە سۇرەتكىمۇ چۈشتۇم. مەن ئەركىن ئاكىغا بىرەر چوڭراق پائالىيەت قىلايلى دېگەن (بارلىق چىقىمىنى شەخسەن ئۈزۈم چىقىراتتىم) لېكىن ئۇ ئاكىمىزنىڭمۇ قىينىلىدىغان يېرى بار، بەزەن بىرلەر ئۈنىڭغا 7 دىن ئارتۇق كىشى يىغمايسەن دېگەن. قالغان گەپنى دېمىسەممۇ كاللىسى بار ئادەم بىلەلەيدۇ. ھەممە گۇناھ ئۇرۇمچىلىكتىمۇ ئەمەس، ئۇرۇمچى كوچىلىرىدا كېتىپ بارغانلارنىڭ ھەممىسىلا ئۇرۇمچىلىك ئەمەس، چوڭ بازادا يۈرگەنلەرنىڭمۇ ھەممىسى ئۇرۇمچىلىك ئەمەس، چوڭ بازاغا بېرىپ ئۇ ئاكىمىز بىلەن 5 مىنۇت ئەتراپىدا مۇڭداشتىم، شۇنچە كۆپ ئۇيغۇرلىرىمىزدىن بىرەسى كېلىپ سالام قىلىپمۇ قويمىدى. چۈنكى نادان ئۇيغۇرلىرىمىز بۇ ئالىمىمىزنى تونۇمايدۇ ئەركىن ئابدۇللا، ئابدۇللا ئابدۇرېھىمنىلا تونۇيدۇ. مەن ئۇ ئاكىمىزغىمۇ دېدىم 90% ئۇيغۇرلىرىمىز ھېلىھەم نادانلىق قالاقلىق ئىچىدە، بەزەن بىرلەر ئونىۋېرسىتېتلارنى پۈتتۈرۈپمۇ يەنىلا نادانلىقنى يوقۇتالمىدى. ئۇيغۇرلارىمىزنىڭ ھالى شۇنچىلىك،شۇڭا ئۇلار ئالىملىرىمىزنى تونۇمايدۇ، ئۆز نەسلىنى ئۆز مىللىتىنى تونۇمايدۇ. ھەممە گۇناھ ئۇرۇمچىلىكتە ئەمەس ... ئەركىن ئاكىنىڭ تېلفۇن نومۇرى مەندە بار؛ چىن كۆڭلىڭىزدىن ھال ئەھۋاللىشاي دېسىڭىز مەن ئېيتىپ بېرەي.

(22) ئەركىن سىدىق ئەپەندىم بىز ئۇيغۇرلارنىڭ پەخرى! بۇ ئالىمنىڭ ئەسەرلىرى تولىمۇ ئىلغار ئىدىيلىك ئەسەرلەر، مەن بەك ياختۇرىمەن.

# ئەركىن سىدىقنىڭ قىسقىچە ئوقۇش ۋە خىزمەت تارىخى

- 1958: ئاقسۇدا تۇغۇلغان
- 1971 ـ 1965: ئاقسۇ شەھەرلىك 4 ـ باشلانغۇچتا ئوقۇغان
- 1976 ـ 1971: ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان
- 1978 ـ 1976: ئونسۇ ناھىيىسىدە «قايتا تەربىيە» ئالغان
- 1983 ـ 1978: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا باكالاۋۇرلۇقتا ئوقۇغان
- 1984 ـ 1983: شاڭخەي قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىلىم ئاشۇرغان
- 1985 ـ 1984: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچى بولغان
- 1988 ـ 1985: ياپونىيەدە ئوقۇپ، تەتقىقات ئېلىپ بارغان
- 1990 ـ 1988: ئامېرىكا كالىفورنىيە شتاتى ئۇنىۋېرسىتېتىدا ماگىستىرلىقتا ئوقۇغان
- 1995 ـ 1990: كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتى (Davis) تە دوكتورلۇقتا ئوقۇغان
- 1997 ـ 1995: كالىفورنىيەدىكى «ساندىئا دۆلەت تەجرىبىخانىسى» دا دوكتور ـ ئاشتى بولغان
- 2004 ـ 1997: كالىفورنىيە كىرىمنىي جىلغىسىدىكى ئۈچ شىركەتتە ئىشلىگەن
- 2004 ـ ھازىرغىچە: كالىفورنىيە لوس ئانژېلىس رايونىدىكى NASA مەركىزى JPL دە ئىشلەۋاتىدۇ

Erkin Sidiq Yazıları 7. Kitap
YAŞAMA DAİR BİLGİYE DAYALI ÖNEMLİ ÖĞÜTLER

**ERKİN SİDİQ (AMERİKA)**
erkinsidiq@gmail.com

Yayınlandığı Dil-Alfabe: Uygurca – Arap Alfabesi

Editör: Abdulaziz BEŞTOĞRAK
Yayına Hazırlayan ve Mizanpaj: Pidakar
Kapak: Motto Project

İrtibat: Abdulaziz BEŞTOĞRAK
(05378112235 whatsapp)
**Tedbir Ltd.** www.tedbirltd.com

**Yayınevi:**
Tedbir Dış Ticaret Danışmanlık Tercüme
Eğitim Hizmetleri ve Turizm Limited Şirketi

**Yayıncı Sertifika No:** 34532

Yenidoğan Mahallesi, Numunebağı Caddesi
Fatih İş Merkezi, 74/84, Kat 5, Bayrampaşa, İstanbul
Tel/Fax: +90 212 347 5039 GSM: +90 537 811 2235
www.tedbirltd.com Email: tedbirltd@gmail.com

**Baskı ve Mücellit:**
Han Basım Yayın Matbaacılık Sanayi ve Ticaret Anonim Şirketi
No. 42, Atatürk Cad., Yarımburgaz, Küçükçekmece, İstanbul

ISBN: 978-605-82940-2-8
Yayıncı Sertifika No: 34532

1. Baskı 2017 Şubat
1000 Adet

*ESER'in telif hakları ESER SAHİBİNE aittir,
içeriği izinsiz kopyalanamaz,
kaynak gösterilerek alıntı yapılabilir.



ئۆگەنگۈچى دېگەنلىك ئۆگىنىشكە بەل باغلىغان بىر ئادەمنى كۆرسىتىدۇ.

بىر ئوقۇغۇچى سائەت-سائەتلەپ كىتاب ئوقۇشنى ۋە ئۆگىنىشنى خالايدۇ، ھەمدە باشقى ئەرىيىلەنگەن روھى دۇنيانىڭ مەڭگۈ ئۆگىنىش يادىسى ولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. بىزنىڭ مەكتەپتىكى ئوقۇشىمىز ئاياقلاشقاندىن كېيىنمۇ بىز ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇرۇشىمىز كېرەك. چۈنكى، بىر ئادەمنىڭ تەلىم ئېلىش جەريانى ئۇنىڭ ھاياتى ئاخىرلاشقاندىلا ئاندىن ئاخىرلىشىدۇ.

بىلىم ھاياتلىقنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇ بىر ئادەمنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرىدۇ.

ئۇنى ئىگىلەشنىڭ پەقەت بىرلا يولى بار: مەسئۇلىيەت ۋە تىرىشچانلىق.

ئۆگىنىش بىر چىراغ بولۇپ، بىز ئۇ ئارقىلىق ئۆزىمىزنىڭ ئۆتمۈشىنى ئوقۇيالايمىز، ھەمدە ئۆزىمىزنىڭ كەلگۈسىنى يورۇتالايمىز.

كىتابلار بىلىم ئارقىلىق تەمىن ئېتىلىدىغان پۇرسەتلەر ئارقىلىق ئۆز دۇنياسىنى كېڭەيتەلەيدىغان كۈچ-قۇدرەتكە ئىگىدۇر.

(ئاپتورنىڭ ئوغلى دىلشات ئەركىن 2005- يىل 14- ئاپرېل كۈنى ئامېرىكىدىكى ئۆزى ئوقۇۋاتقان ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مىشان-شەرەپ جەمئىيىتى نىڭ قۇرۇلۇش مۇراسىمىدا قىلغان ئەمرىك ئۇتقىنىڭ بىر قىسمى)

ISBN 978-605-82940-2-8

9 786058 294028 >